ماخمۇت مۇھەممەت



# ھېسام ھەققىدە قىسسە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئارزىگۈل مۇختەر

# ھېسام

## ھەققىدە قىسسە

ISBN 7-228-08807-7
9 787228 088072 >

ISBN7-228-08807-7
(民文) 定价:22.00 元

ماخمۇت مۇھەممەت

# ھېسام ھەققىدە قىسسە

( رومان )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

图书在版编目(CIP)数据

伊萨木传奇故事/马合木提·买买提著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2004.6
ISBN 7—228—08807—7

Ⅰ.伊…　Ⅱ.马…　Ⅲ.传记文学—中国—当代—维吾尔语（中国少数民放语言）Ⅳ.125

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 050501 号

责任编辑 ：阿依古丽·阿西木
责任校对 ：艾加古丽·吐尔逊
封面设计 ：阿姿古丽·木合塔尔

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　14.375 印张
2001 年 6 月第 1 版　　2004 年 6 月第 1 次印刷
印数：1—3,000

ISBN7—228—08807—7　定价:22.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى:  ئايگۈل ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى:  ھەجەرگۈل تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  ئارزىگۈل مۇختەر

# ھېسام ھەققىدە قىسسە

ئاپتورى:  ماخمۇت مۇھەممەت
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئە چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى: 14.375
2004 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2004 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1—3,000
ISBN7—228—08807—7
باھاسى: 22.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




ئاپتور ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارى ھەسەن قۇربان بىلەن سۆھبەتتە

# مۇندەرىجە


1 . چاقچاقچىلار كوچىسى ........................ 1
2 . يېڭىياچە لەتىپىلەر ........................ 7
3 . شاما قىلىۋېتىمىز ........................ 13
4 . «قىزىل بىنا» دىكى سۆھبەت ........................ 19
5 . ھەدېمەيلا زىياپەتكە بېرىش ........................ 25
6 . قۇربان قىزىقچى ........................ 32
7 . بالا شۇم ........................ 39
8 . ھېسام، تاڭگا يەمسەن؟ ........................ 45
9 . مەدرىسىدىكى يىللار ........................ 51
10 . يەنە شۇ بابتا... ........................ 58
11 . كىچىك ناغرىچى ........................ 65
12 . «ئەرزىنىگە ساتىمەن» ........................ 72
13 . مەھەللە مەشرىپى ........................ 79
14 . ۋاپۇرۇش بازىرىدا ........................ 87
15 . كۆز تەگمىسۇن، چىرايلىق ئوغلۇم! ........................ 94
16 . چاقچاق مەكتىپى ........................ 101
17 . سەييارە چاقچاقچى ........................ 108
18 . قوشنىسىنى ئەدەپلەش ........................ 115
19 . سەنئەتكە ھەۋەس ........................ 122
20 . ھېسام روللاردا ........................ 129
21 . ھېسام ۋە زىكرى ئەلپەتتا ........................ 137
22 . دەريا بويىدا ........................ 146

23. ئېمىشقا ئۆيلەنمەيسەن، ھېسام .................... 154
24. بەڭگىلەر ئارىسىدا .................... 163
25. خەيرسىز سەپەر .................... 171
26. سەلىم جامال سۆزلەيدۇ .................... 179
27. ساقالغىمۇ كۈيە چۈشىدىكەن .................... 185
28. بۆشۈكلۈك ئۆمەك .................... 193
29. دېھقان ئۆيىدىكى چاقچاق .................... 201
30. ھېسام تارقىلىپ كەتتى .................... 209
31. گەمىدىكى كۈنلەر .................... 216
32. ھېسامنىڭ ئىلتىماسى .................... 223
33. مۈنچىچى بولدى .................... 229
34. زېرىكىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن .................... 236
35. خەتتات نازارەتچىسى .................... 244
36. ھېسام پوچى بىلەن ھاسان نوچى .................... 251
37. يەنە شۇ ماۋزۇدا... .................... 258
38. بالىلىقا قايتىش .................... 265
39. ساتىراشخانىدا .................... 272
40. ئامان بولۇڭ، دادىخان .................... 280
41. قۇلاقنى ئوخشىتىش .................... 287
42. ھېسام ۋە ئابلاخان كىپى .................... 294
43. ئۆيلىنىش .................... 302
44. كاتەكتىكى تېلېفون .................... 312
45. ئۇنتۇلماس ئالداش بايرىمى .................... 320
46. تاشكۆۋرۈكتىكى بەزمىدە .................... 328
47. ھېسام ھەققىدە قوشاقلار .................... 336
48. ھېسام پۇل خەجلىدى .................... 345
49. ھېسام ۋە روزى ئابدۇۋەلى .................... 350
50. جەنۇب قوشاقلىرى .................... 357

51. هېسام لاپچى ........................................ 365
52. ئۆچكە قوتىنىغا كىرىپ قالدۇقمۇ.............................. 377
53. هېسامنى تالىشىش .................................. 385
54. هېسام ۋە تېيىپجان ئېلىيوف ........................... 394
55. سەپەر كۆلكىلىرى...................................... 404
56. چاقچاق ۋارىسلىرى ................................... 416
57. يەنە شۇ خۇسۇستا...................................... 426
58. قۇتلۇق كۆن ........................................... 438
ئاخىرقى سۆز ............................................ 447

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# 1. چاقچاقچىلار كوچىسى

1968 ـ يىل، ئاۋغۇست كۈنلىرى، غۇلجا.

كۈن بويى ئوچۇق تۇرغان ئاسمان نامازشامغا يېقىن بىردىنلا تۇتۇلۇشقا باشلىدى. مەغرىبتىن سوققان ئىزغىرىن شامال بارغانسېرى ھۇشقىيتقىلى تۇردى. كۈندۈزدىكى پىژغىرىم تومۇز ئەمدىلىكتە بىمەھەل كەلگەن كەچ كۈز ھاۋاسىغا ئورۇن بوشاتتى. كۈزلەكتە قويلىرىنى يىغالماي يۈرگەن ئاۋارە مالچىنىڭ قامچىسىغا ئوخشاپ، ھايال ئۆتمەي تاراسلاپ چۈشكەن يامغۇر كوچا ـ كويلاردا تېخىچە قاڭغىرىپ يۈرگەن شالاڭتاياق ئادەملەرنىمۇ پايپاسلىتىۋەتتى. باشلانغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغان ئەنسىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن يۈرەكزادە بولۇشقان كىشىلەر شۇ تاپتا مۇنۇ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۆزگەرگەن ئەنسىز ھاۋادىنمۇ، بىلەكلىرىگە قىزىل لاتا باغلىغان «جۇسادۇي» (بازار تەكشۈرگۈچىلەر) دىن قاچقان تىجارەتچىلەردەك قېچىپ، ھەركىم ھەرتامانغا ـ ئۆزىنىڭ پاناھگاھ كۆلبىسىگە قاراپ يۈگۈرگىلى تۇردى.

ئەنە شۇ يۈگۈرگەكلەر ئارىسىدا، چۈشتىن كېيىنكى ئىسسىق ھاۋادا كىيىۋالغان يالاڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە، مەيدىسىگە چاپلاپ بىر نەرسىنى تىقىۋالغان ۋە ئۇ نەرسىنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن چىڭ بېسىپ يامغۇردىن قوغداۋاتقان ئون ئالتە ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان سەلىم ئىسىملىك قاتاڭغۇر بالا «ھەرەمباغ» مەھەللىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى قەدىمىي مەسچىت لەمپىسىگە ئاراڭلا كېلىۋالدى. يامغۇردىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى ھۆل بولغان، ئۆزىمۇ سۇغا چۈشكەن چۈجە خورازدەك شۈمشەيگەن بولسىمۇ، چىرايىدىن خۇشاللىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

شۇ خۇشلۇق ھالىتىدە سەلىم ھېچكىم يوق كوچىنىڭ

ئۇياق ـ بۇيىقىغا ئەنسىزلەرچە قارىۋېتىپ، يامغۇردا قارا رەڭگە
كىرگەن كۆل رەڭ كۆڭلىكىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى تۈگمىسىنى
يېشىپ، قويىنىدىكى «گۆھەر»نى ئاۋايلاپ ئالدى. «ھۆل بولۇپ
كەتمىگەندۇر» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئۇنىڭ قولىدا
ئوزاقى يىلى داغدۇغىلىق كىتاب كۆيدۈرۈشلەردىن مۆجىزىدەك
ئامان ـ ئېسەن قالغان، يېشىل مۇقاۋىلىرىغىچە بېجىرىم، ساپ-
ساق، قېلىن بىر كىتاب — «نەسرىدىن ئەپەندى ھەققىدە قىس-
سە» تۇراتتى.
سەلىم ئەڭ ئامراق نەرسىسىگە قارىغان ئادەمدەك بىر ھېس-
سىياتتا قولىدىكى رومانغا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن شۇ تاپتا
بارلىق غەم ـ غۇسسە، كۆڭۈلسىزلىكلەر؛ مۇنۇ ئەنسىز ھاۋامۇ،
ھاۋادەك ئەنسىز ۋە سۈرۈن جەمئىيەتمۇ، شۇ سۈرۈن جەمئىيەت-
نىڭ «ئىلتىپاتى» بولغان، «ئوغچى» قالپىقى بار پېشقەدەم
زىيالىي ئاتىسى تۇپەيلى ئائىلىسى مىڭلاپ ئائىلىلەر قاتارىدا تارتى-
ۋاتقان سورۇقچىلىقلارمۇ بىر پەسكە ئۇنتۇلدى. ئۇ بۇ رومانىنى
ھەرەمباغ مەھەللىسىگە ئارىلىقى خېلى يىراق بولغان «دۆڭمەھەل-
لە»دىن، ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان باشلانغۇچ ئىستېداتىدىن زوق-
لىنىدىغان ئۇستازى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆزىگە ئەدەبى-
يات دەرس بەرگەن ـ ھازىرقى «قارايىپ» ئوقۇتقۇچىسىدىن
ئەكەلگەنىدى.
— كىتابنى كۆز قارىچۇقىڭدەك ئاسرا! ئۇنتۇما، بۇ كىتاب
باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ خىزمەت كۆرسىتىمەن دەپ يۈرگەنلەرنىڭ
قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن. مەن بۇ كىتابنى جېنىمنى ئالقىنىمغا
ئېلىپ قويۇپ ساقلاپ قالغان. ئوقى سەلىم، مەن بىلىمەن بۇ
كىتاب ساڭا كۆلكە ھەمدە زوق بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆپ نەرسى-
لەرنى ئۆگىنىسەن، ئامانچىلىق بولسا كەلگۈسىدە ئۆزۈڭمۇ مۇ-
شۇنداق، خەلقنى كۈلدۈرىدىغان كىتاب يازامسەن تېخى! —
سېنىڭ مەشىق يازمىلىرىڭدا ھەجۋىي ئامىللار كۆپ، لېكىن ئاۋ-
ۋال ئۆگەن، كۆپ ئوقى! كۆزۈمگە تىكىلىپ قارايسەنغۇ، شۇنداق
چاغلار كېلەرمۇ دەيسەندە؟ — كېلىدۇ، ياخشى كۈنلەر كېلىدۇ،

«ئاينىڭ ئون بەشى قاراڭغۇ، ئون بەشى يورۇق...».

ئەزەلدىن كۆپ كۈلمەيدىغان، مىختا، چىڭ تەنلىك، بوغداي ئۆڭ مۇئەللىم، كۆزلىرىنى خىيالچان قىسىپ، سەلىمگە «نەسردىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە»نى ئىككى قوللاپ سۇندى ۋە بايىقى، كۈلكە ھەققىدىكى سۆزلىرىنى تەكرارلىدى:

— يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ئادەملەرگە شادلىق ئاتا قىلىش، شادلىق كۈلكىلىرى ئىچىدە ئۇلارنى ھاياتنى سۆيۈشكە يېتەكلەش، سەنچۇ، كەلگۈسىدىكى يازغۇچى سەلىم جامال، كىشىلەرگە كۈلكە بېغىشلايدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشنى ئارمان قىل. كۈلكىسىز ھايات ـ ھاياتمۇ!...

سەلىم چىراغ يورۇقىدا كىتابنى دېرىزە تەكچىسىگە قويدى. ئۇنىڭ بىر ئائىلىنى باقىمەن دەپ كەچ كىرگۈچە يالاڭ ئاياغ ھالدا سامانلىق لاي دەسسىگەن جاپاكەش ئاتىسى ۋە باشقىلار بالدۇرلا ئۇيقۇغا غەرق بولۇشقانىدى. ھالبۇكى، كاتەكتەك تار، ئادەمسىز قالغان ئاشخانا ئۆيدە، يەتتىنچى لامپىنىڭ يورۇقىدا، ئۆزى تىزلىنىپ ئولتۇرغان دېرىزە تەكچىسىدە سەلىم ئۈچۈن مەنىلىك ھايات ئەمدى باشلانماقتىدى. بالا ھېرىسلىق كۆزلىرىنى مۇقاۋىنىڭ ئۈستىگىرەك تىكتى ۋە ئوقۇدى: «لېئونىد سولوۋيوۋ». ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مۇشۇ كىتابتەكلا سىرلىق، چاڭگا چاچ ـ ساقاللىق، چىرايى سىرلىق ۋە ھەيۋەت بىر دانا ئادەم جۆسۇنلەندى. ئۇ ئادەم جەزمەن مۇنۇ مۇقاۋىدا ئېشەككە قىيپاش مىنىپ تۇرغان، چىرايى يېقىملىق نەسىردىن ئەپەندى بىلەن دۇنيانى بىرگە ئارىلىغان، خەقلەرنى ئەڭ كۆپ كۈلدۈرگەن، ئەمما ئۆزى زىنھار كۈلمەيدىغان ئادەم.

سەلىم رومانىنىڭ مۇقاۋىسىنى ئاۋايلاپ ئاچتى. تىتۇل، مۇندەرىجىلىرىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن كىتابنى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ كەتتى.

لېئونىد سولوۋيوۋنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئويناق، ئاجايىپ قىزىقارلىق جۈملىلەر، ئابزاسلار، بەتلەر ئۇنى بىلمىدۇرمەيلا ئۆز باغرىغا تارتىپ ئەكىرىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتتى.

ئۈچىنچى ھەپتىگە ئۆتكەن تۇنجى كۈنى سەلىم ئەمدى كىتابىنىڭ ئەڭ قىزىقارلىق جايلىرىنى ئارىلاپ، يەنە قايتىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. جازانىخور جەپەر، باغداتلىق ئالىم غۇسەين غۇسلىيە، ئاغابېك، بىر كۆزلۈك ئوغرى، ئەخمەق پادىشاھ... ۋاي - ۋۇي، نەسرىدىن ئەپەندى قانچىلىك توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئەلگە زۇلۇم سالغان كۈشەندىلەرنى ئەخمەق ئېتىپ، ئاۋام قەلبىدە ھەم دانىشمەن، ھەم قەيسەر، ھەم قىزىقچى سۈپىتىدە ياشاپ قالالىغان ۋە ياشاپ كەلمەكتە ھە؟! مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە جاراڭلاتقان، لېئونىد سولوۋيوۋ تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان ئۆلمەس ناخشىسى.

«مەن نەسرىدىن ئەپەندى ئۆز - ئۆزۈمگە خوجىمەن، راست ئېيتىمەن، يالغىنى يوق، ھېچقاچاندا ئۆلمەيمەن.» شۇنداق، ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ، مەيلى ئۇ باتۇر بولسۇن ياكى ئۇ سۆز چېچەنى بولسۇن، نامىنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن، يىللاردىن - يىللارغا، دەۋرلەردىن - دەۋرلەرگە تىلغا ئېلىنىپ، ھاياتتەك ياشىشى ئۈچۈن ھامان بىر سەۋەبكار، بىر خالىس پىداكار بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولى، ئۇسۇلى قەلەمگە ئېلىش، شۇ شەخسنىڭ شەجەرىسىنى كىشىلەر ئەسلىگۈدەك قىلىپ خاتىرىلەش، تارىخ بەتلىرىدە قالدۇرۇش. سەلىم ئورۇققىنا مۇشتلىرىنى ئېڭىكىگە، جەينىكىنى سولوۋيوۋنىڭ قېلىن رومانىغا تىرىگىنىچە دېرىزىدىن قاپقاراڭغۇ تالاغا، جىمىرلاپ تۇرغان، قادىلىپ قارىغانسېرى تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلارغا تىكىلىپ خىيالغا چۆمدى...

سەلىمنىڭ ئېسىگە شۇ ئەسنادا شۆھرىتى نەسرىدىن ئەپەندى بىلەن بىرگە تەرىپلىنىدىغان، چوڭلار تىلغا ئالىدىغان سەلەي چاققان، موللازەيدىن ئىسىملىك ئۆز ئانا دىيارى، ئۆز خەلقى، مىللىتى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان، ئەل ئارىسىدا سۆز ماھىرلىقى، ئەقلى، قەيسەرلىكى بىلەن نەسرىدىن ئەپەندىدەك شەرەپلىك ياشىغان قىزىقچى، لەتىپىچىلەرنىڭ نامى، سىيماسى كەل-

دى. ئۇ يەنە ئالمىزار يۇرت باغرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياشاپ ئۆتكەن، بەزىلىرى ھازىرمۇ ياشاۋاتقان سۆز چېچەنلىرىدىن باۋخان كور، غوپۇر دىڭخۇلۇ، تۇرسۇن تىيىپ، قۇربان، موللا مەتيا خەلپىتىم، ئىسمايىل، روزى توخۇ... قاتارلىقلارنىڭ ئىسىم ـ شەرىپلىرىنى كۆڭۈل ئەينىكىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئىسىملارنى ئۇنىڭ ئەدەبىيات دەرسى ئۆتىدىغان ياشلىقىدا بىر تالاي شېئىرلارنى يازغان ۋە شۇ شېئىرلاردىكى توغرا كېسەر پىكىرلىرى تۇپەيلى ئەدەپ يېگەن پاراڭچى، قىزىقچى تەبىئەتلىك ئاتىسى ئېيتىپ بەرگەنىدى. جامال ئەپەندى بۇ قىزىقچىلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئۆتكۈر، ھەجۋىيلىكى باي لەتىپە، چاقچاقلىرىنى ئىنتايىن كۆپ يادقا بىلەتتى، ئەمما دائىم لەتىپە، چاقچاقلارنىڭ ئىگىسىنى ئالماشتۇرۇپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ قىزىقچىلىق ئەلپازىدا «بوپتىلا، بەربىر ھەممىسى بىر ئۇيغۇرنىڭ تىل بايلىقىغۇ»-دەپ ئۆزىنى ئاقلىغاندەك بولاتتى. سەلىمنىڭ يادىغا شۇ پاراڭ يىلىمدەك چىڭ ئورناپ كەتكەنىدى.

دېرىزىدىن ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرغان سەلىم ئەمدىلىكتە سامان يولى دائىرىسىدىكى يۇلتۇزلارغا ئايرىم سەپسەلىشقا باشلىدى. خىيالىدا بىر قاتار قىزىقچى، لەتىپىچىلەرنىڭ ئىسمى، سىيماسى ئايلىناتتى. يېقىندىن بېرى غۇلجىدا لوڭگىدىلا قېلىپ، يەنە بىر قىزىقچى پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئەتىسى ـ ئاخشىمى خەقلەر شۇ قىزىقچىنىڭ يېڭىياچە لەتىپە، چاقچاقلىرىنى بىر ـ بىرىگە دېيىشىپ، يەتكۈزۈشۈپ، غەمكىن كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشاتتى. سەلىم شۇ تاپتا سامان يولىدىكى ئۆزىگە ئەڭ يېقىندەك سېزىلگەن بىر يۇلتۇزنى ئۆزىچە ئاشۇ يېڭى قىزىقچىغا تەققاسلىدى.

شۇ تەرىقىدە ئۇ قانچىلىك ئولتۇردى، قانچىلىك خىيال قىلدى، سامانيولىنى قانچىلىك كۆزەتتى، نامەلۇم، بىر چاغدا شېرىن ئۇگدەك غالىب كەلدى. سەلىم بېشىنى «نەسرىدىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە»گە قويۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى...

سەلىم ئاسمانغا ئىككى قولىنى قانات قىلىپ كېرىپ، ئۇ-

چۈپ چىققانمىش، سامانيولى ئىلى دەرياسى بويىدىكى، ئالمىزار باغلار بىلەن چۈمكەلگەن ئازادە تاشكۆۋرۈك مەھەللىسىمىش. سامانيولىدىكى يۇلتۇزلار يۇلتۇز ئەمەس، بىر - بىرىدىن چېۋەر چاقچاقچىلارمىش. ئۇلار ھەرخىل قىياپەت، ھەرخىل چاقچاقلىرى بىلەن مۇشۇ ئالمىزارلىق مەھەللىنىڭ ئوق كوچىسىنى ھەممە ئادەم بىر كېلىشكە، بىر كۆرۈشكە تەشنا «چاقچاقچىلار كوچىسى» غا ئايلاندۇرغانمىش....

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 2. يېڭىياچە لەتىپىلەر

قاتتىق يامغۇردىن كېيىن، يەر ـ جاھان خاماندىن قايتقان ئۇلاقتەك بىر سىلكىنىۋالغاچقىمۇ، يېپيېڭىك بولۇپ قالدى. سەلىم بارمىغىلى ئىككى كۈن بوپقالغان بايكۆل تۈگمىنىگە ئىشلەگىلى باردى. بۇ يەردە ئۇنىڭ سوپۇلاق ئىسىملىك چوڭ دادىسى ئىككى تاشلىق تۈگمەن ھەيدەيتتى. جامال ئاكا ئوغلىنىڭ مەكتەپتىكى «ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق» ھەرخىل ئىسيان كۆتۈرۈش تەشكىلاتلىرىغا قاتنىشىپ قېلىپ، ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكى ئۈچۈن سەلىمنى قېيناكىسىنىڭ تۈگمىنىدە يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلارغا ياردەملىشىشكە «تۇتۇپ» بەرگەنىدى.

مەكتەپ قويىنىدىن، ساۋاقداشلىرىدىن ئايرىلىش دەسلەپتە سەلىمگە ئېغىر تۇيۇلدى، بىراق كۆپ ئۆتمەيلا تۈگمەن ئۇنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتىۋالدى.

بۇ جاي رومانتىك مىجەزگە باي بۇ «كىتاب سارىڭى» (بۇ سوپۇلاق تۈگمەنچى سەلىمگە تەقدىم قىلغان نام ئىدى) غا ئاجايىپ يېقىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتمىشتىن دومىلاپ كەتكەن (ئۆزىنىڭ تەبىرى) سوپۇلاق تۈگمەنچى گەپچىلىكى، شەيرانىلىقى بىلەن كۆپلەرگە مەلۇم كىشى بولۇپ، يېقىن ئارىدىكىلەر ئەتەي ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ، قىزىق گېپىنى ئاڭلايمىز دەپلا ئۈگۈتلىرىنى تۈگمەن ئاتلاپ مەشەگە ئەكىلىشەتتى. تۈگمەندە ئىشلىگەننىڭ يەنە بىر پايدىسى ھەپتە، ئون كۈندە سەلىم بىرەر پۇت بۇغداي، قوناق ئۇنىنى ئۆيىگە بىكارلىق كۆتۈرۈپ كېلەتتى.

چۈشكىچە ئۈگۈتنىڭ تايىنى بولمىدى. سەلىم تۈگمەننىڭ سۆگەن بېشىدىكى كىچىككىنە ئارقا ئىشىكىدىن ئۆستەڭ بويىغا چىقتى. ئۇ يەردە سوپۇلاق قايسى ۋاقىتلاردىدۇر ئۆزىنىڭ بەستىدەك قوپال ۋە مىقتا قىلىپ ياساپ قويغان ياغاچ ئورۇندۇق بار

ئىدى. قەلبى ئاخشامقى چۈش تەسىرىدىن تېخىچە دولقۇنلىنىپ تۇرغان سەلىم قولىدىكى سېرىق، قاتتىق مۇقاۋىلىق خاتىرىنى ئېچىپ، ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

سەلىمنىڭ يادىغا يەنە ئاخشام كۆرگەن چۈشى كەلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ چۈش ئىدى. تاشكۆۋرۈك مەھەللىسىنىڭ ئاساسىي ئوق كوچىسىغىلا ئوخشايدىغان سامانيولىدا ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپ كۆرگىنى — سۇر ئېشىكىگە قىپاش مىنگەن نەسرىدىن ئەپەندى بولدى. ئەپەندىمنىڭ مۇرىسىدىكى قىزىل جىيەك تۇتۇلغان خۇرجۇنىنىڭ ئىككى بېشىدا نۇرغۇن بالايى — بەتەرلەر تاشقىنلاپ تۇرغۇدەك. سەلىم بۇلارنى لەتىپىلەر دېگۈدەكمىش. ئەپەندىمنىڭ كەينىدىن بۇرۇتلىرى تازىمۇ قايرىلما ۋە ئۇزۇن سەلەي چاققان راۋاب قوشىقىنى بولۇشىغا ياڭرىتىپ، راۋاب سازىغا تەڭكەش قەدەم بىلەن كېلىۋاتقۇدەكمىش.

سەلەي چاققانىنىڭ كەينىدىنلا سىلىق تەۋرىنىپ بىر مەپە يېتىپ كەپتۇ. سەلىمگە كىمدۇر بىرى، قارا، مەپىنىڭ ھارۋىكىشى تۇرپانلىق قىزىقچى موللا زەيدىن دېگۈدەك، سەلىم سەپسېلىپ قارىسا، مەپىگە قوشۇلغىنى بىردە ئاتقا، بىردە شەھەرنىڭ قازىسىغا ئوخشارمىش. سامانيولى كوچىسىدا، يەنى سەلىمنىڭ چۈشىدە ئايان بولغان چاقچاقچىلار كوچىسىدا يەنە بىر توپ ئادەم كۆرۈنگۈدەك ھېلىقىلار سەلىمگە خېلى ئىتتىك ماڭغاندەك كۆرۈنسىمۇ، پەقەتلا يېتىپ كېلەلمىگۈدەكمىش. توساتتىن، خېلى ئۇزاپ كەتكەن نەسرىدىن ئەپەندى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىنلەر بىرى ئېشىكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، يەنە بىرى راۋابىنى چېلىشتىن توختاپ، ۋە يەنە بىرى قوڭغۇراقلىق مەپىسىنى توختىتىپ، كەينىگە قايرىلىپ «ھېسامىدىن، سىلە قەيەردە، ئىتتىك ماڭسىلا، بىزگە يېتىشىۋالسىلا» دەپ توۋلاپتۇدەك. سەلىم ھەيران بولۇپ ھېلىقى يېتىپ كېلەلمەيۋاتقانلار توپى تەرەپكە قارىغۇدەك بولسا، توپ ئارىسىدىكى بىرى سەل پۈتلىشىپ، دەلدەڭشىپ، ئەمما تازىمۇ ئىتتىك مېڭىپ، ئىككى قولىدا چاقچاقتىن ياسالغان ئىككى رەڭدار گۈلدەستىنى كۆتۈرۈپ، بايىقىلار-

www.uyghurkitap.com

دىن ئۇزاپ، بۇ تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقۇدەكمىش. سەلىم شۇ چاغدىلا، خۇددى ئوڭىدىكىدەكلا تەپەككۇر قىلىپ، ھېلىقى يې-تىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاتىسى جامال ئەپەندى ئىسىملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن ئالمىزارلىق چاقچاقچىلار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ-دەك.

دەل شۇ چاغدا ھېلىقىلارمۇ تۇشمۇ تۇشتىن «ھېسام، ئىت-تىك ماڭ، بوش كەلمە!»، «ھېسامىدىن، قورقماي بارىۋەر، ھەممە چاقچاقلىرىمىز سېنىڭ»، «چاقچاقچىلار كوچىسىنىڭ يۈ-زىنى چۈشۈرۈۋەتمە ھېسامكا!»... دېگەندەك گەپلەرنى ياڭرىتىش-قانمىش...

سەلىم تاڭ يورۇقىدا ئويغىنىپ كەتتى. قاتتىق كىتابقا قوي-غان بېشى، نېپىز كىگىزگە تىزلانغان پۇتلىرى تازىمۇ ئاغرىپ كەتكەنىدى. خىيالىدا تېخى ھېلىلا كۆرگەن چۈشى ئەلەڭگىپ تۇراتتى. «ھېسام، ھېسامىدىن، ھە، بۇ ئاخشام مەن ئىسمىنى يادىمغا ئالالمىغان، سېرىق تاشلىق خاتىرەمگە ‹بىر قىزىقچى› دەپ لەتىپە — چاقچاقلىرىنى خاتىرىلىگەن ئاشۇ قىزىقچى شۇ، ئاشۇ ‹شاما قىلىۋېتىمىز› دېگەن پاراڭ بىلەن مەشھۇر بوپكەتكەن تورپانىيۈزلۈك مۇنچا باققۇچى... ئەجەب ئىش، ئۇنىڭ ئىسمى چۈشۈمدە ئايان بولدى — ھە!»، سەلىم ئاخشام ئاپىسى سېلىپ قويغان ئورنىغا كېلىپ، سوزۇلۇپ يېتىپ، مانا شۇلارنى ئويلى-دى. ئۇ غايىبقا، تىلسىماتقا، چۈشكە تۇرۇپلا ئىشىنەتتى، يەنە تۇرۇپ ئىشەنمەيتتى. چۈنكى ئۇ ئۆسمۈرلۈك يېشىدىن تېخى ھالقىپ كەتمىگەنىدى.

مانا ھازىر سەلىم سوپۇلاق تۈگمەنچى چىرايلىق ئۆستەڭ بويىغا ياساپ قويغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئاخشام چۈشىدە كۆرگەن، سەل دەلدەڭشىپ ماڭىدىغان يېڭىياچە قىزىقچىنىڭ ئۆزى «يېڭىياچە لەتىپىلەر» دېگەن سەرلەۋھە ئاستىدا خاتىرىلەپ قويغان قىزىق گەپلىرىنى يېڭىۋاشتىن كۆزدىن كەچۈرمەكتە. بۇ «لەتىپىلەر»نى ئۇ ئۆيىدە، مەھەللە دوقمۇشىدا، تۈگمەندە ئاڭلى-غانىدى. قىزىقسىنىپ، ئۆزى بولىدىكەن دەپ قارىغانلىرىنى ئە-

دەبىي مەشىق ئۈچۈن تۇتقان خاتىرىسىگە رەتلەپ، ماۋزۇ قويۇپ كۆچۈرگەن، ئۇنىڭدىن باشقا نېمىنى ئويلىمىغانىدى. مانا شۇ تاپتا ئۇ مەزكۇر خاتىرىدىكى 19 قىزىق گەپنى، يەنى «لەتىپە»نى بىر - بىرلەپ، قايتا ئوقۇپ چىقتى، خۇددى يېڭىدىن ئاڭلىغاندەك نەچچە قېتىم كۈلدى.

بۇ قىزىق گەپلەردىن بەزىلىرىنى شۇ تاپتا ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشساق، ئارتۇقچە كەتمەس:

△ بىر كۈنى بىر قىزىقچى ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئورمانغا ئوۋغا چىقتى. كەچتە ئۇلار ئورماندا قونۇپ قالماقچى بولدى. ھېلىقى ئىككىسى:

— قورقۇۋاتىمىز، يىرتقۇچلار كېلىپ قالماس — ھە، — دېيىشتى.

— سەن قورقساڭ بۇ ياقتا يات، — دېدى قىزىقچى شۇ چاغدا ۋە بىرىنچى ئاغىنىسىگە ئوڭ ياقنى كۆرسەتتى، — سەن قورقساڭ بۇ ياقتا يات، — دەپ ئىككىنچى ئاغىنىسىگە سول ياقنى كۆرسەتتى، ئۆزى بولسا:

— مەن يىرتقۇچتىن قورقمايمەن، شۇڭلاشقا ئوتتۇرىدا ياتىمەن، — دېدى.

△ بىر قىزىقچىنىڭ ئۇدۇل ئىككى چىشى يوق ئىدى. بىر مەشرەپتە بىراۋ ئۇنى شاڭخو قىلىپ:

— ئاداش، يوق چىشىڭنىڭ ئورنىغا تام سوقۇۋالساڭ بولغۇدەك، — دېگەنىدى، ھېلىقى قىزىقچى:

— بولىدۇ، مەنمۇ گېلىمغا قۇرۇلۇش سالاي دەۋاتقان، — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

— ۋاي، بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى شاڭخوچى، — ئۇنداقتا، گېلىڭدىكى قۇرۇلۇشتا كۈندە بەزمە قۇرىدىكەنمىز دە!

— بەزمەڭلار تازا قىزىغاندا، «ئۆھۆ»لا دېسەم، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى ئەۋرەزدە كۆرىسىلەردە، — دېدى قىزىقچى شۇئان.

△ بىر قىزىقچى سەپەرگە چىقىپ، يولدا بىر دەڭدە قونماقچى بولدى.

— بىر كېچە ياتسالىڭ ئىككى سوم، — دېدى دەڭچى.

— مەن چوڭ خورەك تارتمايمەن، كىچىككىنى تارتىمەن، بىر سوم بەرسەم بولار، — دېدى قىزىقچى گەپ ئوينىتىپ. دەڭچى تېرىكتى:

— چوڭ - كىچىك خورەكلىرىڭ بىلەن كارىم يوق، ئىككى سوم بېرىسەن!

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى قىزىقچى، — چوڭ خورەكنىڭ يېرىمىنى تارتاي، بىر سوملۇق تارتىپ بولۇشۇمغىلا ئويغىتىۋېتىڭ، دەڭدىن كېتىمەن.

△ بىر قىزىقچى سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ يۈرگىنىدە، ئۆمەك باشلىقىنى تولا ئوخشاتقىنى ئۈچۈن سەت كۆرۈنۈپ قالدى. باشلىق ئۇنى ئۆمەكنىڭ مۇنچىسىغا قاراشقا تەيىنلىدى.

بىر قېتىم شۇ باشلىق مۇنچىغا چۈشمەكچى بولۇپ كېلىۋىدى، قىزىقچى ئەتەي ئۇنى سوغ خانىغا كىرگۈزۈپ قويدى. بىر چاغدا باشلىق مۇزلاپ — تىترەپ چىقىپ، قىزىقچىغا ۋارقىرىدى:

— ھەي دەلدۈش، باشلىق مۇنچىغا كەلسە، ناچىرىغا چۈشەمدۇ؟

— ۋاي باشلىقىم، — دېدى قىزىقچى دەرھال، — سەنئەتچى تۆۋەنگە چۈشسە مۇنچىچى بولامدۇ؟

△ بىر قىزىقچى دائىم مەست كىشىدەك سەنتۈرۈلۈپ ماڭاتتى. بىر ئولتۇرۇشتا ئۇ جىق ئىچىپ قويدى، ئاغىنىلىرى ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئەپكېلىپ قويدى.

— ۋاي بالام، تازا ئىچتىڭمۇ نېمە، مەست ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپلا ماڭىسەنغۇ، — دەپ ۋايسىدى قىزىقچىنىڭ كىچىك ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ.

— راست دەيسىز كىچىك ئاپا، — دېدى قىزىقچى شۇ

چاغدا، — ئىچسەڭمۇ، ئىچمىسەڭمۇ دائىم مەست ئىدىڭغۇ دېمەسىز[1]!

سەلىم ئۆزى توپلىغان قىزىق پارچىلارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، تۈگمەن بېشىدا بىر ھازاغىچە كۈلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ «يېڭىياچە لەتىپىلەر» نى داۋاملىق توپلاش، كۆپەيتىش ئويى كېزىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدىلىكتە، بولۇپمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسى، ئەس - يادىنى چۇلغىۋالغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى جەزمەن «نەسىردىن ئەپەندى ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئاجايىپ قىزىق كىتابنى ئوقۇش ۋە ئىلھاملىنىشتىن ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق. ئاخشامقى چۈشچۇ؟! دەرھەقىقەت، بۇ كارامەت چۈش ياش بالىنىڭ قەلبىدە بىر ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىشقا بولغان تىلەك، ئىرادىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. سەلىمنىڭ يادىغا ئۇستازىنىڭ «سەنمۇ كەلگۈسىدە خەلقنى كۈلدۈرىدىغان بىر كىتاب يازامسەن تېخى، جاپاكەش خەلقىمىزگە كۈلكە، مەدەت كېرەك!» دېگەن سۆزلىرى كەلدى.

«يازىمەن، ھازىردىن باشلاپ يازىمەن، كەلگۈسىنى كۈتۈپ نېمە كەپتۇ!» سەلىم ياغاچ ئورۇندۇقتىن دەس تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ قولىدا كېيىنكى، باشلانغۇسى مۇبارەك ئەمگىكىنىڭ خېمىرتۇرۇچى — 19 يېڭىياچە لەتىپە خاتىرىلەنگەن سېرىق تاشلىق خاتىرە تۇراتتى. ئىرادىنى مۇجەسسەملىگەن بىر چاقچاق شۇ ھامان سەلىمنىڭ كاللىسىدا يالت ئەتتى، — زامانىمىزنىڭ نەسىردىن ئەپەندىسىنى، ھايات ئەپەندىنى يازىمەن، يارىتىمەن! شاما قىلىۋېتىمەن!...

---

① يۇقىرىقىلار ھېسامىنىڭ غۇلجىدا ئەڭ دەسلەپ تارقالغان چاقچاقلىرى.

www.uyghurkitap.com

# 3 . شاما قىلىۋېتىمىز

ئۇقۇرمەنلىرىمىز سەلىمىنىڭ سىرىق تاشلىق خاتىرىسىدىكى «يېڭىمىياچە لەتىپىلەر» نىڭ ھېسام قۇربانىنىڭ دەسلەپكى چاقچاقلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. مەزكۇر قىسسەنىڭمۇ ھېسام ھەققىدە ئىكەنلىكى ئۇلارغا مەلۇم. شۇڭا ئاۋۋال ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ: «ھېسام دېگەن بۇ ئادەم زادى قاچاندىن تارتىپ، قەيەردە، قايسى قىزىق گەپلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈندى ياكى جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى تارتتى؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاپ بېرىشنى لايىق كۆردۈم:

1930 ـ يىلىنىڭ خەيرلىك بىر كۈنىدە، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەڭ قەدىمي مەھەللىلىرىدىن بىرى بولغان شەھەر ئىچى ئوردا مەھەللىسىدىكى تىجارەتچىلىك بىلەن جان كەچۈرىدىغان قۇربان ئاخۇننىڭ ئۆيىدە نان يەيدىغان يەنە بىر ئادەم كۆپەيدى. بۇ دۇنياغا تازىمۇ ئاچچىق ۋە قەغىش يىغلاپ چۈشكەن ئوغلىغا قۇربان ئاكا «ھېسامىدىن» دەپ ئىسىم قويدى. ھېسامىنىڭ ياۋاش ئانىسى ۋە قۇربان ئائىلىسىگە يېقىنلا يەردە ئۆيى بار ئىنىكئانىسى، ئىرىم ـ سىرىملارغا باي، ۋات ـ ۋات خۇرسىماخان كېيىنكى ۋاقىتلاردا پات ـ پاتلا ھېسامنىڭ دۇنياغا تۆرەلگەن پەيتلەردىكى ئاچچىق يىغىسىنى تىلغا ئېلىپ: «يائاللا، ياخشىلىقتا جورىغاي، بۇ بالا بىرسى يانپىشىدىن چىمدىۋالغاندەك ئەجەب يىغلاپ كەتكەن — ھە! بۇ دۇنيادىكى تارتقۇلۇقلىرىغا يىغلىغان بولمىغاي، ئىلاھىم!» دەيتتى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ئەلگە مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان ھېسام قۇربان تېلېۋىزور ئىكرانىدا كۆرۈرمەنلەرگە: «مەن تۇغۇلغاندا بىر قېتىم يىغلاپتىكەنمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن زادىلا يىغلاپ باقمىدىم» دېگەنىدى.

ھېسام ئون يېشىغا قەدەم قويغاندا قوربان ئاكىنىڭ يادىغا

ھېسامنى ساۋاتلىق قىلىشنىڭ زوروۇرلۇكى كەلدى. سەۋەبى ھېسام تولىمۇ زېرەك، شىتىلە ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئۇ ئاتىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغانىدى. قۇربان ئاكا ۋە ئۇنىڭ بىر قورساق ئاكىسى ئىسمايىل شاپشاڭمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ خېلى تونۇلغان قىزىقچىلىرىدىن ئىدى. بۇ ھەقتە كېيىنچە ئايرىم پاراڭلىرىمىز بار.

— قۇربان، ھەي قۇۋان قىزىق، مۇنۇ ھېسام دېگىنىڭ سېنى كىيىپلا چىقامدۇ نېمە، ئىچىدە بىر ئوتى بارغۇ، بۇنىڭ! ئەيتاۋۇر مۇشۇ بالاڭنى ئۈچ - تۆت يىل بولسىمۇ ئوقۇتۇۋەت. سەن بىلەن بىزدەك ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى ئاپىرىدىغان ئادەم بوپقالمىغاي!

شۇنداق قىلىپ، ئون يېشىدىن ئون تۆت يېشىغىچە ھېسام شەھەر ئىچى بەيتۇللا مەدرىسىدە خەت - ساۋاتىنى چىقاردى. ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا: «نەچچە يىل ھەپتىيەكنى غاجىدى» . ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئاتىسىنىڭ زورى بىلەن كىچىككىنە تۇرۇپلا ئۇششاق تىجارەتكە قەدەم قويدى.

— ھەي ھېسامكا، تاڭگا يېگىنىڭ كېپكېتىپ مەدرىسىدىن قېچىپ چىقىپتىكەنسەنغۇ، — دەپ چاقچاق قىلغانلارغا ھېسام كېيىنچە:

— ھە، تاڭگا يېگىلى قاچمىساق، مەكتەپتە خەلپەتتىن پالاق يەيدىغان گەپ! — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

— پالاقتىن نەچچە يۈزنى يېگەن بولغىيدىڭ، بىرەرىمگىنىمۇ يە؟

— ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن، سانىماي يەۋەرگەن! ھە، قانداق ئىبراھىم، سەن خەتلەپ ماڭغانمۇ؟ سەنغۇ تىلەپ تاپقان نېنىڭنىمۇ تىزىملاپ ماڭىدىغان نەرسە!

ئون تۆت يېشىدا زىما تاڭگا سانىقاندىن باشلاپ، تاكى 50 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە جان باققۇدەكلا تىجارەت بولسا شۇغۇللىنىپ، تۇرمۇشنىڭ تالاي غەلۋىرلىرىدە تاسقالغان، پىشقان ھېسام يىگىرمە ياشقا كەلگەندە ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىق تالانتى

www.uyghurkitap.com

بىلەن مەھەللە سەنئەت ئۆمىكىدە، كېيىنچە بولسا، ۋىلايەتلىك ئۆمەكتە تەكلىپ بىلەن روللارغا چىقىپ يۈردى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئارتىس قوبۇل قىلىنغاندا، ۋىلايەتلىك ئۆمەكتىكى شتاتلىق بىر نەچچە ھەقەمسايىلىرى ئۇنى غۇلجا ناھىيىلىك ئۆمەككە تونۇشتۇردى. «ساقالغىمۇ كۆيە چۈشىدىكەن — ھە؟» دېگەن مەشھۇر چاقچىقىنى ھېسام شۇ ئۆمەكتە قىلغانىدى. مۇبادا، 1961 ـ يىلىغا كەلگەندە غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن تارقىتىۋېتىلمىگەن بولسا، بەلكىم ئۇنىڭ ساقىلىغىمۇ نۇرغۇن قېتىم كۆيە چۈشكەن بولار ئىدى.

غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئاشۇ يىللاردىكى بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن، بىر ـ بىرىدىن جىددىي ھەرىكەتلەر ئېسەنكىرەتكەن ئادەملەر قاتارىدا ھېساممۇ رىجىم ئاستىدا غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى، گەمە قاتارلىق يېزىلىرىدا ئەمگەك قىلدى. يېشىنىڭ ئۇلغىيىشى، كەچۈرمىشلىرىنىڭ موللىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ چاقچاقچىلىق ماھارىتىمۇ ئەنە شۇ دەۋرلەردە بارغانسېرى ئېشىپ، ئۆزى چاقچاقتا پىشىپ باردى. ھېسام ئۆزىدە تۇغما بار بولغان سەنئەت ماھارىتى ۋە سۆزگە چېچەنلىكى، ھازىر جاۋابلىقىنى بىرلەشتۈرۈپ بارغانلا يېرىدە كۈلكە پەيدا قىلالاتتى، سورۇنلاردا كىشىلەرنى تېلىققۇچە كۈلدۈرەتتى. گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە يەنە بىر نەرسىنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەك، ھېسام سەبىي مەزگىلىدە بىر قېتىملىق تەپلىك قاتتىق ئاغرىقتىن كېيىن، ئۇنىڭ جىسمانىي قۇرۇلۇشىدا، بولۇپمۇ مېڭىش ـ تۇرۇشىدا بىر ئۆزگىرىش، بىرخىل ئاجىزلىق پەيدا بولغانىدى. بۇ قىياپەت ئۇنىڭ ئۆمۈر يولىغا سىجىل ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ھەيران قالارلىق ئىش، بۇ جىسمانىي ئاجىزلىق كېيىنچە ھېسامنىڭ چاقچاقچىلىقىغا بېزەك، ئالاھىدىلىك بولۇپ قوشۇلۇپ، كىشىلەر نەزىرىدە ھەتتا ئۇنىڭ مېڭىشىدىنمۇ كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بولدى.

— ھېسام، ھاراق تاپساڭغۇ ئىچەرسەن، بولمىسا قانداق

قىلارسەن؟ — كىشىلەر تالاي قېتىم ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى.
هېسام پىسەنت قىلماي:

— ئۆزەمنىڭ مېڭىشىم بولىۋېرىدۇ، — دەپ جاۋاب قايتۇرانتى.

يەنە بىر قېتىم، ئۇ ئازراق ئىچكىنىگە قاتتىق مەست بوپكەتكەن بىر مەھەللىلىك بۇرادىرىگە:

— هەي، ئىچكەن تۆت رومكا هارىقىڭغا قېيناتاڭنىڭ ئالدىدا يېقىلىپ يۇرۇپسىنا، مەندەك ماڭالىساڭ ئىچ، جۇمۇ! — دەپ چاقچاق قىلغانىدى.

هېسام هەققىدىكى تەرجىمھال تۇسىنى ئالغان بايانىمىزنى ۋاقتىنچە مەشەدە توختىتىپ، مەزكۇر ماۋزۇيىمىزدىكى ئەسلىي گەپكە كېلەيلى.

تۇرپانىيۇزى، گەمە قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن - نۇرغۇن قىزىق ئەسلىمە، چاقچاقلارنى قالدۇرغاندىن كېيىن، 1966 - يىلى كەچ كۇزدە هېسام يېقىن دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ سۇيلەشى بىلەن غۇلجا شەهىرىگە، ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەهەر ئىچىدىكى ئوردا مەهەللىسىگە كۇدە - كۆرپىسىنى ئېلىپ، بىراقلا قايتىپ كىردى. بۇ — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان تەلۋە هەرىكەت تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان چاغلار بولغاچقا، هېسام ماكانلاشقان يېزىدىكىلەر قالايمىقانچىلىقتا ئۇنى ئويلىغۇدەك بولۇشمىدى، هەتتا كۆپچىلىك يېزىلىقلار «هېسام خوي قىلدى» دېيىشتى. بىراق، ئوردا مەهەللىدىكى «خىزمەت گۇرۇپپىسى» هېسامنىڭ بۇ «باشباشتاق» لىقىنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

— هېسام، ئاڭلىساق سىنى غۇلجا ناهىيىسىدىن ئېقىپ كىردى دەيدىغۇ؟ — دەپ سورىغانىدى بىر قېتىم خىزمەت گۇرۇپپا مەسئۇلى تەهدىت ئاۋازدا. هېسام هازىر جاۋابلىقى بىلەن دەرهال ئىنكاس قايتۇردى:

— يوقسۇ، كادىر ئەپەندىم، مەن ئېقىپ كەلمىدىم، توپادەك بىلەن مېڭىپ كەلدىم!

ئوردا مەهەللىسىدىكىلەر هېسامنىڭ قەدىم مەهەللىسىگە يې-

ىنىپ كىرگىنىدىن خۇشال بولۇشتى. «ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن» قولۇم - قوشنىلار ئۇنى بەس - بەستە ئۆيلىرىگە چاقىرىشتى. ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ دالدىراق يېرىدە ئولتۇرۇپ ئويۇنىنى ئويناۋېرىدىغان، مازارلىقتىمۇ چاقچىقىنى قويمايدىغان غۇلجىلىقلار شۇ كۈنلەردىمۇ ساز - ناخشا، مەي - شاراپلىق ئولتۇرۇشلىرىنى ئاستىرتىن داۋام قىلىشاتتى. ئەمدىلىكتە بۇنداق سورۇنلار ھېسامنىڭ ھازىر جاۋاب چاقچاقلىرى بىلەن تېخىمۇ قىزىيدىغان بولدى.

— ھېسامكا، ئاخشاملىقتا بىزنىڭكىگە دىككىدە كىرە، مەھەللىدىكى بالىلار بىر دەم - يېرىم دەم ئولتۇرايلى دېيىشىدۇ.

— ھېسام، يەكشەنبە كۈنگە بىرەرىگە ماقۇل دەۋەتمە جۇمۇ، ئويۇنىمىز بار.

بەزىدە شىركەيىپ، تۇرگۇن يىگىتلەر ھېسامنى يېرىم كېچىلەردە ئىسسىق ئورۇنىدىن تارتىپ چىقىشاتتى:

— جۇرەۋاي ھېسامكا، يەرنى تىڭشاپ يېتىۋەرمەي!

— چوڭ - كىچىك خورەكلىرىڭنى كىيىن تارتىۋال، ھازىر مەمەت سىدىقنىڭكىگە بارىمىز.

بۇ، ھېسام چاقچاقتا راسا پىشىپ، يېتىشىپ كېلىۋاتقان يىللار ئىدى. ئاشۇنداق كەچكى ئولتۇرۇشلاردا ئۇنىڭ قىلغان ھەربىر چاقچىقى ئەتىسىلا ئۇردا مەھەللىسىگە، شەھەر ئىچىگە، ئاندىن پۈتۈن غۇلجا شەھىرىگە تارقىلاتتى. يېقىن - يىراقتىكى سەھرالاردىن چاي - تۇزغا كىرگەن دېھقانلار بۇ چاقچاقلارنى تاشلەپكىدە، بويىنى كېسىكتە، خەنزۇ بازىرىدا ئاڭلاپ، سودىلىقلىرىغا قوشۇپ مەھەللىلىرىگە ئەپچىقىپ كېتەتتى.

ئۇردا مەھەللىسىدىكى شۇنداق سورۇنلارنىڭ بىرىدە، مەھەللە قىزىقچىسى، سابىر دېگەن يىگىت ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتلاي دېدىمۇ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ھېسامكا، گەمە دېگەن بۇغداي ئوخشايدىغان يەر، ئۇ يېزىدا نەچچە يىل تۇردۇڭ، ئوما ئورۇشنى بىلمىدىغانسەن، يا بولمىسا چوكانلار قاتارىدا باغ باغلاپ يۈردۈڭمۇ؟ — ھېسام

ئۆزىگە تىكلىنىۋاتقان تەھدىتنى سەزدى، ئولتارغان يېرىدە بىر ئۆرەدەپ، سابىرغا جاۋاب قايتۇردى:
— نېمە دەيدۇ ماۋۇ... ئۇما دېگىنىڭنى شاما قىلىۋېتىمەنا ـ ۋاي، ئاكاڭ ئۇما ئۇسۇرىغانىدا باغ باغلايدىغانغا ئۆزۈڭ چۈشەمسەن ـ يا؟!
ئۇنىڭ گېپىگە كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئۆي ئىچىنى بىر ئالدى. ھېسامىنىڭ ھەر گېپىگە كۈلۈشكە تەييار تۇرغان مەھەللە يىگىتلىرىگە «شاما قىلىۋېتىمەن» دېگەن سۆز قالتىس تەسىر قىلغاندى. شۇكۈنكى ئولتۇرۇش تارقالغۇچە ھەممە چاقچاق «شاما قىلىۋېتىمىز» نىڭ ئۈستىدىلا بولدى. ھېسامىمۇ بۇ ئوخشىتىشنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ قالتىس كەلتۈرۈۋەتتى.
نەچچە كۈنگە قالمايلا بۇ چاقچاق ئەڭ بازارلىق چاقچاق بولۇپ نە ـ نەلەرگە تارقىلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 4 . «قىزىل بىنا»دىكى سۆھبەت

ئوقۇرمەنلىرىمىز «شاما قىلىۋېتىمىز»نىڭ بايانىدىن خەۋەر تېپىۋاتقان مەزگىلدە، قەلبىگە بىر كاتتا ئارماننى پىلان قىلىپ يازغان سەلىمىمىز سوپۇلاق تۈگمەنچى ئېيىقتەك بەستىگە ئوخشىتىپ مىقتا ياساپ قويغان ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆزى ئىلگىرى سىرىق تاشلىق خاتىرىسىگە پۈتكەن يازمىلارنى داۋاملىق ئوقۇماقتا ئىدى.

«يېڭىياچە لەتىپىلەر» دەپ سەرلەۋھە قويۇلغان 19 قىزىق گەپنىڭ قاتارىدا ھېسام ھېلىقى كۈنى ئوردا مەھەللىدىكى ئولتۇرۇشتا «گىرانات پارتلىغاندەك» (سابىر دېگەن ھېلىقى چاقچاقچى يىگىتنىڭ سۆزى. «ئاخشام ھېسامكام گىرانات پارتلىغاندەك دەھشەت بىر چاقچاق قىلىۋەتتى جۇمۇڭلار» دېگەنىدى ئۇ ئەتىسى بەيتۇللانىڭ ئالدىدا، توغرا كۆۋرۈكتە، ئالما بازاردا ۋە باشقا بىر نەچچە يەردە، پوچتىكەشتەك تىز كىزىپ يۈرۈپ!) قىلىۋەتكەن «شاما قىلىۋېتىمەن» دېگەن چاقچىقىمۇ بار ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر سەلىم بۇ چاقچاقنى بىرلىكتىن كۆپلۈككە ئۆزگەرتىپ خاتىرىلىگەنىدى. بەلكىم ھەرەمباغقا ياكى بايكۆل تۈگمىنىگە مەزكۇر چاقچاق شۇ تەرىقىدە يېتىپ كەلگەندۇر. لېكىن، بۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئاشۇ چاقچاقنىڭ ئىلھامى بىلەن سەلىم كېيىنكى بەتلەرگە يېزىپ قالدۇرغان «شاما» تېمىسىدىكى بىر نەچچە ئەدەبىي مەشىقلەردۇر.

بىز ئالدىنقى بابتا ھېسامنىڭ قىزىق گەپلىرىنىڭ ئوردا مەھەللىسىدىن چىقىپ، پۈتۈن شەھەرگە، ھەتتا ئەتراپتىكى ناھىيىلەرگىچە تارقىلىشقا باشلىغانلىقىنى يېزىپ ئۆتكەنىدۇق. دەرۋەقە گەپ دېگەننىڭ تۇتقۇسى، تورالغۇسى بولمىغاچقا، ھېسامنىڭ ھازىر جاۋابلىق بىلەن ئۇشتۇمتۇت دەۋەتكەن چاقچاقلىرى باشقى-

لارنىڭ ئېغىزى بىلەن تارالغاچقا، بۇ چاقچاقلارنى باشقىلارغا يەتكۈزگۈچىلەرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆز يانلىرىدىن ئاز تولا «مەبلەغ» قوشاتتى، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىرەر ئادەم ھېسامنىڭ ئۆ-زىدىن «ھېسامكا، پالانى چاقچاقنى قالتىس كەلتۈرۈۋېتىپسەن جۇمۇ» دېسە، ھېسام ئۆزىمۇ ھېلىقى چاقچاقنى نەدە دېگەنلىكىنى تولا ھاللاردا ئەسلىيەلمەيتتى پەقەت ئېرەنشىمىگەندەك «ھە··· چاقچاق دېگىنىڭنى شاما قىلىۋېتىمىز ئۇكا» دەپ قوياتتى. تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ «سەلىم ئۇكا، پوكونى چاقچاقنى مەن نەدە دېگەن؟» دەپ سوراپ قويىدىغىنىمۇ بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا شۇ ۋەجىدىن.

ھېسامنىڭ چاقچاقلىرى ئەنە شۇ تەرىقىدە گاھ تۈزىلىپ، گاھ بۇزۇلۇپ، پۆپەك ياساپ تارقالغاچقا، ئۇنى ھەرخىل، ھەر ساھەدىكى ئادەملەر ھەر ئىشقا تەتبىقلاپ ئىشلەتكەچكە، دەل «شاما قىلىۋېتىش» ئىبارىسىمۇ ئەينى يىللاردا ھەرخىل مەنىلەردە، ھەر قىسما مۇددىئالاردا ئىشلىتىلگەنىدى.

سەلىمنىڭ قۇلىقىغا بۇ چاقچاق بىر نەچچە مۇھەببەتتە مەس-ئۇلىيەتسىز يىگىت تەرىپىدىن يەتكەچكە، ئەدەبىياتقا تولىمۇ ھە-ۋەسمەن بۇ بالىنىڭ سىرىق تاشلىق خاتىرىگە پۈتۈلگەن، ئەڭ دەسلەپكى ئەدەبىي مەشىقلىرى بولغان «شاما»، «كەشپىيات»، «شامىلارنىڭ سۆھبىتى» قاتارلىق كىچىك ھېكايىلىرى «شاما قىلىۋېتىمىز» دېگەن چاقچاقتا زوقلىنىشتىن خېلى يىراق، لې-كىن نېمىلا بولمىسۇن بۇھال سەلىمنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاش، رەتلەش قىزغىنلىقىغا تەسىر كۆر-سىتەلمىدى. پەقەت، كۆپ يىللار ئۆتۈپ، ئۇ ئۆزى تۈزگەن «ھېسام چاقچاقلىرى» نامىدىكى قاتارى توپلاملاردىن مۇشۇ چاق-چاققا ئورۇن بەرمىدى، خالاس!

باشقىلار قانداق شاما قىلسا قىلسۇن، ئىشقىلىپ ھېسام شۇ كۈنلەردە چاقچاق قىلغانسېرى ئېچىلىپ، ئېچىلغانسېرى چاقچاق-نى «شاما قىلىپ»، تۆت ئەتراپىنىڭ، ئاۋامنىڭ دىققىتىنى بارغان-سېرى تارتماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سورۇنلىرىمۇ شەھەر ئىچى، ئوردا

www.uyghurkitap.com

مەھەللىدىن ئاتلاپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆت پۇچمىقىغا كېڭەيدى.

ئەمدىلىكتە، تۆت ئادەم توپلانغان بىرەر دوقمۇش، بىرەر سورۇندا ھېسامنىڭ گېپى جەزمەن بولاتتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، ھېسام يەنە بىر ئالامەت قىزىق گەپ قىپتۇ، تېرموس توغرۇلۇق.

— ھېسام دېگىنىڭ كىموي ئۇ؟

— شۇ بىزنىڭ ھېسامچۇ، شەھەر ئىچلىك.

— ھە، ھېلىقى، مانداق ماڭىدىغان دەلدۈشما؟

— دەلدۈش دېمەۋۇي، ئاڭلاپ قالسا شاما قىلىۋەتمىسۇن!

— پاھ، موم دېگىنە!

— ھېسام - ھېساملا دەيسىلەر، نەچچە ۋاقنىڭياقى نەدە قاپتىكەن ئۇ؟

— شۇ تۇرپانىيۇزىدە مۇنچا بىقىپ يۈرۈپتۇ.

— كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە گېزىت سانجىغىنى شۇ مۇي، ئانداقتا...

يەنە بىر سورۇنلاردا ھېسام توغرۇلۇق مۇنداق پاراڭلارمۇ بولاتتى.

— شۇ ھېسام دېگىنىنى بىر كۆرۈپ باقساق - ھە؟

— تەكلىپ قىلساق چىقارمۇ، بەش - تۆت كۈن يۈرسە، كۆرۈۋالساق.

— ۋاھ، كېلىدىغان بولسا جاغىستايلىقلارنىڭ ۋاڭپارىنى چىقىرىدۇ چاقچاق بىلەن!

— بوش كەلمەيمىزۇي داڭگال، بىزنىڭ سىدىق مولۇنىمۇ چاقچاقتا يامان. ماراپ تۇرۇپ پاچىقىدىن كوپلا ئالىدۇ ھېسامدۇنۇڭنىڭ .

— ھەيتاڭاي، بۇ ھېسام دېگەننى تەسلىم يامان نېمە دەيدۇ چاقچاقتا.

— شۇ ئەمەسمۇ، شۇنچىلىك يېرى بولمىسا، چاقچاقچىسى ئاختامىدىكى داڭگالدىن تولا ئىلى ئالەمدە شۇ تەمتىلەپ ماڭىدىغان ئۇزۇپ چىقامدۇ؟

دەرۋەقە، شۇ كۈنلەردە سەلىمدىمۇ ھېسامنى بىر كۆرۈش ئارزۇسى تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭ توپلىغان چاقچاقلىرىدىن قارىغاندا ھېسام دېگەن بۇ ئادەم ھەم يوغان، ھەم ئاپئاق چاچ — ساقاللىق، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچە، چىرايىدىن ھەييار كۈلكە كەتمەيدىغان بىر ئادەم بولۇشى كېرەك ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئوخشىتىش ھەر قانداق نېمىنى مۇبالىغىلاشتۇرىدىغان سوپۇلاق تۈگمەنچىنىڭ ئاغزىدىن چىققانىدى.

— ئىشقىلىپ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، جۇمۇ ئۇ، — دېگەنىدى سوپۇلاق ئۇستام، — يە دىككىمدە بېرىپ بىر كۆرۈپ كېلەمسەن ئۇ ھېسام چاقچاقنى، ئەنىغۇ ئوردا مەلە دېگەن، ھەرەمنىڭ يولى ئەمەس!

يېڭىدىن - يېڭى چاقچاقلارنى چاپسانراق توپلاش، مولliتىش ئىستىكى ئاخىر سەلىمنى شەھەر ئىچى مەھەللىسى تەرەپكە قەدەم باستۇردى.

— پىرام① بەيتۇللانىڭ ئالدىغا بېرىپ «ھېسام چاقچاقنىڭ ‹قىزىل بىنا› سى قايسى؟» دەپلا سوراۋەرگىن. ئاڭلىسام ئۇ چاقچاق، ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ كەلگەنلەر تاپالماي قالمىسۇن دېگەندەك ئۆيىنىڭ تېشىنى قىزىل سىرلىۋالغانمىش.

سەلىم سوپۇلاق تۈگمەنچىنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈپ، قىزىل كۆۋرۈك ئۆستىڭىنى بويلاپ كونسۇلخانا (كونسۇل باغ دەپمۇ قويۇلاتتى) تەرەپكە ماڭدى. كىنو كۆرگىلى ماڭغان ئادەم كىنو بېلىتىنى ئېلىۋالغاندەك، ئۇمۇ ھېسامنى ئىزدەپ ماڭغىنىدا «يېڭىياچە لەتىپىلەر» كۆچۈرۈلگەن ھېلىقى سېرىق تاشلىق خاتىرىنى ئېلىۋالغانىدى. شۇنداق قىلغاچقا ئۇنىڭغا بىر خىل خاتىرجەملىك، ئىشەنچ تۇيغۇسى ھەمراھ ئىدى.

سەلىم شەھەر ئىچى — سۇدەرۋازا تەرەپكە ئىلگىرى بىر نەچچە قېتىم دوختۇرخانىغا بارغاندا ئۆتكەنىدى. بەيتۇللا مەسچىتى بىلەن دوختۇرخانا ئارىلىقىنى ئۇ ئىككى قېتىم تەپسىلىي

---

① ئۇدۇل

www.uyghurkitap.com

ئارىلاپ مېڭىپ يول چېتىدىكى بىر ئۆيگە نەزىرىنى تىكتى. باشقا ئۆيلەردىن پەرقلىق، تالا تېمى قىزىل، جىگەررەڭ، يەنە قىزىل، يەنە جىگەررەڭ قىلىپ يول ـ يول سىرلانغان، پاكار، توپا تاملىق ئۆي ئۇنىڭغا غەلىتىلا، كۈلكىلىك كۆرۈندى. «مۇشۇ ئۆي ھېسامكامنىڭ بولسا، ئۆيىمۇ چاقچاقچىمۇ نېمە ئۇ ئادەمنىڭ» دەپ كۈلكىسى قىستىغىنىچە ئويلىدى سەلىم.

— ھاي ئۇكام، ھېسامكامنى ئولتۇرۇشقا چاقىرىپ كەلدىڭما، بىزنىمۇ قوشۇۋېتە!

چاڭگىدە ئاڭلانغان بۇ ئاۋازدىن سەلىم ئەندىكىپ كەينىگە قارىدى. چىرايى كۈلۈۋاتقاندەكلا پۈرۈشۈپ تۇرىدىغان، ئاددىي، ئەمما رەتلىك كىيىنگەن بىر يىگىت كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

سەلىم مەڭدىگەندەك دۇدۇقلىدى:

— ھېسامكام… ھېسامكامنىڭ مۇشۇما ئۆيى؟

— ئۆزۈڭ تېپىپ كېلىۋېلىپ، يەنە مەندىن سورايسەنغۇ، قېنى باغىمىڭ؟ — ھېلىقى كىشى كۈلۈۋېدى، چىرايى تېخىمۇ پۈرۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭغۇچە ئۇ سەلىمنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانىدى، — مەنمۇ ھېسامكامنىڭ يېنىغا كەلگەن، جۈر، بىللە كىرىمىز.

سەلىم ئەمدى تارتىنمىدى، بۇ يىگىت ئادەم بىر كۆرسىلا كىشىگە كونا تونۇشلاردەك تۇيغۇ بېرىدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

ئىككى سائەتلەردىن كېيىن سەلىم «قىزىل بىنا» دىن كۆڭلى پەيدەك يەڭگىللەپ، كۈلكە چىراي چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ سەپىرى ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولدى. «خۇدا دېگەن قولىغا، ئەكىلىپ بېرەر يولىغا» دېگەندەك، بايىقى كۈلۈمچان كىشى (سابىر ئىسىملىك مەھەللە چاقچاقچىسى) ئۇنىڭغا تولىمۇ دەل ۋاقتىدا، خەيرلىك ئۇچرىغانىدى. ھېسامنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا، سەلىمنىڭ قولىدىكى سىرىق تاشلىق خاتىرىگە لاپپىدە قارىۋېتىپ:

— ھېسامكا، سېنى يازىدىغانغا مۇخبىر باشلاپ كەلدىم، — دەپ چاقچاقنى باشلىدى ئۇ.

ئاندىن كېيىنكى گەپلەر ئىنتايىن تەبىئىي يۈرۈشتى. سا-بىرجاننىڭ چاقچىقىدىن يۈرەكلەنگەن سەلىم ھېسامغا ئۆزى ھەق-قىدە تونۇشلۇق بەردى ۋە مەقسىتىنى ئېيتتى. زىرەك ھېسام بالىنى مەدەتلەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا قالغان گەپلىرىنىمۇ قىلغۇزدى. سابىرجانمۇ ئۇدۇللۇق چاقچاق بىلەن پاس چىقىرىپ، سۆھبەتنى راۋانلاشتۇردى.

— قالتىس ياخشى ئىشنى ئويلاپسەن ئۇكا، ئىسمىڭ نېمە-دا، ھە، سەلىمجان، ھېسامكام بولسا ئۆزىنىڭ چاقچىقىنى ئۆزى يازالمايدۇ... ئىسمىڭنى تەتۈر قىيناپ ئارانلا يازىسەنە، ھېسامكا، بىرىنچى سىنىپتا يەتتە يىل ئوقىغاچقىمۇ... ھا... ھا، شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ چاقچاقلارنىمۇ ھېسامكامغا توقۇپ يازىۋەر. ئەم-مالىكىن، كېيىن چاقچاقنىڭ پۇلىنى بۆلۈشەلمەي يۈرمەيلى ھە، بولدى، خىجالەت بولما ئۇكا، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، مېنىڭ ئىسمىم سابىر...— ئۇخلاپ قوپقاندىكى سابىرجان ئۇخلاپ قوپقان-دىكى چىرايىڭنى دەۋەتمەمسەن ئۇكىمىزغا، — ھېسام مەنىلىك چاقچاق قىلدى. سابىرجان پات - پاتلا ئىككى مۇشتۇمى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلايدىغان ئادىتىنى يەنە بىر تەبىئىي قايتىلاپ، چىرايىنى تازىمۇ پۈرۈشتۈرۈپ، كۈلدى.

— ھە، سابىر چاپاق، بولدىمۇ، تويدۇڭمۇ؟

سەلىم قىزىقسىنىپ كۈلۈۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ جىمى كۈلكە، چاقچاقلارنىڭ ئارىسىدا قالغاندەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىگى ئادرېسى

## 5 . ھەدىمەيلا زىياپەتكە بېرىش

جاھاندا ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇ. گاھىدا كۈتكىنىڭگە ھەر قانچە قىلساڭمۇ يېتەلمەيسەن، گاھىدا بولسا، قارايسەنكى، چۈشـ ـتىن ئاۋال خىيال قىلساڭ، چۈشتىن كېيىنلا ئويلىغىنىڭ ئالـ ـدىڭدا ھازىر بوپقالىدۇ. ھايات تاسادىپىيلىقلارغا ئاشۇنداق باي.

سەلىمنىڭ ئىزگۈ نىيىتىگە يارىشا، ئۇنىڭ ئىشى دەسلەپتىنـ ـلا ئوڭۇشلۇق باشلاندى.

بىز تېخى «قىزىل بىنا» دا سەلىم ھېسام قىزىقچى بىلەن قانداق كۆرۈشتى ۋە نېمىلەرنى دېيىشتى، بۇلار ھەققىدە سۆزلىـ ـمىدۇق. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ پاراڭغا مانا ئەمدى قۇلاق سالغاي.

بويتاقلارغا خاس قالايمىقان، خىرە ۋە نەم ئۆيدە سەلىمنىڭ كۆرگىنى ئۆزى دائىم قىياس قىلىپ يۈرگەن ھېسام ئەمەس، بەلكى ئاددىي، كۆرۈمسىز بىر ئادەم بولدى. مۇبادا، سابىرجان ھېلىقى كىشىگە «ھېسامكا، سىزنى يازىدىغان مۇخبىر باشلاپ كەلدىم» دېمىگەن بولسا، سەلىم ئالدىدىكى بۇ كىشىنىڭ ھېسام ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشەنمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا جاپا چەككەن، يۈزىنى پىشىغا ماس كەلمىگەن ھالەتتە يول - يول قورۇق باسقان، كۆزلىرى سەل غىلايراق، بۇرنى ئىلمەك، ئادەمـ ـگە تىكىلىپ قارىمايدىغان ئورۇق، ئۇستىخانلىق بىر ئادەم تۇراتـ ـتى. ھېسامنىڭ كىيىملىرىمۇ ئىنتايىن ئاددىي ھەم ھېلى توزۇپ كېتىدىغاندەكلا كونا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى شۇ يىللاردا مودا بوپكەتكەن كەرەشىنۋاي چىبەرقۇت شىم - تۇجۇركا تولىمۇ كەڭ ۋە لاۋلاق بولۇپ، سابىرجاندەك ھېچنېمىدىن يانماس چاقچاقچى يىگىتلەر بۇ شىم - تۇجۇركا توغرىلىق ھېسامغا تالاي قېتىم چاقچاق قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى:

— ھېسامكا، مۇشۇ كىيىم ئۆزۈڭنىڭمۇ؟

— ئۆزۈمنىڭ بولماي، ئاۋۇ كىراكەش چوڭ داداڭنىڭمىدى؟

— يا ئەمدى دەيمىنا، ئۇچاڭدا چەڭزىگە مىشكاپ ئارتىپ قويغاندەك تۇرۇپتىچۇ.

— ھېسامكا، كىيىمىڭ ئۆزۈڭگە ئالامەت يارىشىپتۇ جۇمۇ!

— يارىشىدۇ - دە، ئۆزىمىز قېيىمبەگ خوجامدەك كېلىشكەن تۇرساق!

ھېسام سابىرجاننىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئادىتىچە ئانچە ئېرەنشىمىگەندەك سەلىم بىلەن قول ئېلىشىپ ئامانلاشتى. باياتىن ھېسامنىڭ چىراي - تۇرقىدىن بىر قىسما تۇيغۇغا كېلىپ قالغان سەلىمنىڭ ئەمدىلىكتە بۇخىل ئىلمان كۆرۈشۈش تۇپەيلى كۆڭلى لاسسىدىلا بولۇپ قالدى. ھېسام ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، كۆزى باشقا تەرەپتە ئىدى (ھېسام بۇ ئادىتىنى ئۆمۈرۋايەت ئۆزگەرتمىدى). سەلىمدىكى بۇ كەيپىياتنى زېرەك سابىرجان دەررۇ سېزىۋالدى.

— رەنجىمە ئۇكا، ھېسامكام ئاشۇنداق قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايغا قارايدىغان ئادەم، بولمىسىغۇ كۆزى ساق، — دېدى ئۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېسام دەررۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتىۋە:

— بىز دېگەن ئىككى ئىشنى بىرلا قىلىدىغان ئادەم، — دېدى. كۈلگىنىدە ئۇنىڭ قورۇق چىرايىدا يول - يوللار تېخىمۇ كۆپەيدى.

قىزىق ئىش، ھېسام بىرلا چاقچاق قىلىۋېدى، سەلىمنىڭ يېتىرقىشى خېلىلا يوقاپ، كۆڭلى سەل كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزى دىدىللىشىپ قالدى. ئۇ ھېسامغا تىكىلىپ قاراپ، «بۇ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىك ئادەمكەن» دەپ ئويلىدى.

خۇددى سەلىمنىڭ خىيالىنى تەستىقلىغاندەك ھېسام ئەستايىدىللىق بىلەن سەلىمدىن سورىدى:

— ئۆيىڭىز قەيەردە، ئۇكا؟

www.uyghurkitap.com

— ھەرەمباغدا، مەسچىتنىڭ يېنىدا.
— كىمنىڭ بالىسى سىز؟
— جامال ئەپەندىنىڭ.
— ھەرەمباغ مەكتەپتىكى جامال ئەپەندىمما، ئېگىز، دارا-
زا؟ — ھېسام «ئېگىز» دېگەن سۆزگە ئىككى قولىنى كېرىپ،
شۇنداق بىر تەبىئىي قىزىق ھەرىكەت قىلدىكى، سەلىمىمۇ، سا-
بىرجانمۇ كۈلۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلگىنىگە قاراپ، ھېسام تېخى-
مۇ قىزىق بىر نەچچە ھەرىكەت قىلدى.
— ۋايۋۇي ئۇكا، ئۆزىمىزنىڭ بالىسى ئىكەنسىزغۇ، دادى-
ڭىز بىلەن بىز كونا تونۇش، جامال ھاپىز دېسە تونۇمايدىغان
ئادەم يوققۇ غۇلجىدا. قول خوجەخمەت بىلەن ھۆۋەيدانىڭ ھۆك-
مەتلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇسا، يىغلىتمۇۋېتىدۇ-دە ئادەمنى،
دادىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭ جۇمۇ. بولتۇر تورپانيۇزىگە ھاك
تاش تەرگىلى چىققىپتىكەن، ئارۇپ سەپرانىڭ ئۆيىدە بىر ئاخشام
ھۆكۈمەتىنى ئاڭلىغانتۇق.
— كۈلمەي ئاڭلىدىڭما؟ — سابىرجان ئىككى مۇشتۇمىدا
كۆزلىرىنى ئىتتىك ئۇۋۇلىۋېتىپ، گەپ ئارىلىدى.
— تولا قالايمىقان گەپ قىلما ھوي، سەن ئەمەس، مەزىنا-
خۇنۇم پەشتاقتا ئەزان ئېيتسا «ئېچىلىپ» دەپ ئۇسۇل ئوينايدى-
غان! ھېسام سابىرجانغا ھۇجۇم باشلىدى. سابىرجانمۇ بوش
كەلمىدى:
— سەن ئەمەس، مەزىناخۇنۇم ئۆگزىدە ئەزان ئېيتسا، چۇ-
شەلمەي قورقۇپ يىغلاۋاتىدۇ دەيدىغان.
ھېسامىمۇ جاۋاب ياندۇردى:
— سەن ئەمەس، «نېمە بوپتۇ؟» دېگەنلەرگە مەزىناخۇنكام
لەگلەك ئۇچۇرۇپتىكەن، دەككىسى ئۇلجا كېتىپتۇ، — دەيدىغان!
سابىرجانمۇ قايتارما زەربە بەردى:
— سەن ئەمەس، ئۆزۈك ئېيتقان يالغان گەپكە ئۆزۈك
ئىشىنىپ، لەگلەك ئۇلجا ئالىمەن دەپ ساي مەلىگە چاپىدىغان!
...

سەلىم تېلىقىپ كۈلدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق ئىتتىك ھازىر
جاۋاب چاقچاقنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ھېسام چاقچاق قىلغاندا
مۇنۇ سابىرجانغا ئوخشاش ئۇنچىلا چىڭقىلىپ، كۈچەپ كەتمەيت-
تى. گەپ قىلغاندىكى چىراي ئىپادىسىنىڭ ئۆزى بىر قىزىق
يۇمۇر ئىدى. سەلىم بۈگۈن ئۆزىنىڭ تارتىنچاقلىقىنى يېڭىپ،
دىدىللىق بىلەن شەھەر ئىچى مەھەللىسىگە ھېسامنى ئىزدەپ
كەلگىنىدىن خۇشال بولدى. باشتا ئېيتقىنىمىزدەك ئۇنىڭ ياخشى
نىيىتىگە يارىشا، ئوشۇقى ھەدېمەيلا ئالچۇ چۈشمەكتىدى.
— توختا ھەي سابىر، ماۋۇ بالا… ئىسمىڭىز نېمىدى؟
سەلىمجان — ھە؟ ، ماۋۇ سەلىمجان شۇنچە يەردىن مېنىڭ چاق-
چاقلىرىمنى يازىمەن دەپ كەپتۇ، سېنىڭ بىلەن بىز كۈندە بار
ئادەم، ئەتىگەندە كۆزۈڭنى ئېيتمايلا تالاغا چىقساڭ مېنى تاپ-
سەن، — ھېسام گېپىنىڭ، چاقچىقىنىڭ ئاخىرىنى سابىرجانغا
تەگكۈزۈپ شۇنداق دېدى بىر چاغدا.
— نېمە دەۋاتىسەنەي ھېسامكا، باياتىن بارغۇ، ئىككىمىز-
نىڭ جىمى چاقچىقىنى خاتىرىلەپ بولدى بۇ بالا، ھەرەمباغدىن
بوش ئادەم چىقمايدۇ جۇمۇ، بۇ بىرگەپ. ئىككىنچى گەپ،
سېنىڭ چاقچاقلىرىڭ ئاقئۆستەڭنىڭ سۈيىگە ئوخشايدۇ، بىر چې-
لەك ئالغانغىلا تۈگىمەيدۇ. سەلىم ئىنىمىز بۈگۈن مانا سەن
بىلەن تونۇشتى. چاقچىقىڭنى مانا ئەمدى، بۇنىڭدىن كېيىن يازى-
دۇ، ماۋۇ سېرىق دەپتىرى يەتمەيدۇ تېخى. ياخشى ئىشنى ئويلاپ-
سەن ئۇكا، بايمۇ دېدىمغۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ھېسامكامنىڭ
پېشىنى چىڭ تۇت. ھېسامكام سورۇنلۇق ئادەم، بۇنىڭ چاقچىقى-
مۇ شۇ سورۇندا چىقىدۇ، «قىزىل بىنا»نى كۆرۈۋالدىڭ، ۋاق-
تىڭ چىقسىلا كېلىۋەر. داۋۇتجاننىڭ ئىسكىرىپكىسىدەك ھېسام-
كامنىڭ قولتۇقىدىن ئايرىلما. ھېسامكا، گېپىم قانداق؟
باياتىن بىر سابىرجانغا، بىر سەلىمگە غىلام ـ غىلام قاراپ،
ئۆزىگىلا خاس بىر قىزىق تۇرقىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ھېسام
دەررۇ بېشىنى لىڭشىتتى.
— سابىرجان روشەن گەپ قىلدى، كۆزىڭىزنى يوغان ئې-

چىپ ئاڭلاڭ، ھە!

— بۇ يەرلىرىنى يازمايسەن جۇمۇ، — سابىرجان كۆزىنى بىر چىمقىپ، ئاندىن ئۇۋۇلىۋەتتى، — مانا بۇ ھېسامكامنىڭ چىدىماس ۋايزەك چاقچاقلىرى.

سەلىم چاقچاقتىكى بۇ ئىككى «رەقىب» كە زوقلىنىپ كۇلۇشتىن باشقىنى بىلمەيتتى.

— راستلا ھېسامكا، باياتىن ماۋۇ گەپلەر بىلەن بولۇپ، تاس ئۇنتۇيدىكەنمەن. ھېلىقى ئولتۇرۇشىمىز ئەتە بولىدىغان بولدى جۇمۇ. پازىل پاخپاقنىڭكىدە، چاقچاقنى يېزىشقا ئەتىلا كىرىشمىسەن ئۇكا، ئەتە مۇشۇنداق ۋاقتىدا مەشەگە، ھېسامكامنىڭ ئۆيىگىلا كەلگىن، بىللە بارىمىز. قەلەم ـ قەغىزىڭنى ئالغاچ كەل. قانداق دېدىم؟

سەلىم خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. ئۇنىڭغۇچە ھېسام سۆز قاتتى:

— ئەتە چاقچاق قىزىيدۇ جۇمۇڭ ئۇكا، روزى توخۇ، ساتتار، ئىبراھىملارمۇ كېلىدۇ. بىر تۇتۇشۇپ باقىمىزدە!

— چاقچاقلىرىڭ پايپاسلاپ كېتىدىكەندە، — سابىرجان پەيتىنى كەتتۇرمەي ھېسامغا تېگىشتى.

— ئۇخلىماي ئاڭلاپ ئولتۇر جۇمۇ، سەن ئۇخلىساڭلا چاتاق! — ھېسام ھەر بىر چاقچاق قىلغاندا ئىشلىتىدىغان ئادىتى بويىچە بىگىز بارمىقىنى سابىرجانغا تەڭلەپ، چاقچاققا چاقچاق قايتۇردى.

سەلىم شۇ كۇنى كېچىچە بىردەم چۈشىدە ھېسام بار سورۇننى كۆرۈپ، بىردەم ئويغىنىپ كېتىپ كۇندۇزدىكى پاراڭلارنى ئويلاپ، تۈزۈكرەك ئارام ئالالمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ سابىرجان تەكلىپ قىلغان سورۇنغا بېرىش ـ بارماسلىقتا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. باراي دېسە، شۇنچىلا كۆپ ئادەم بار سورۇنغا بېرىشتىن ئۇيۇلاتتى، بارماي دېسە، ھېسام ۋە باشقا چاقچاقچىلارنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى ئاڭلىيالماي قېلىش تولىمۇ ئەپسۇسلۇق

ئىش. سەلىم كۆپ ئويلاندى، ئويلاۋەردى. ئاخىرى قىزىقىش ۋە
ئىزگۈ پىلان غالىب كەلدى. ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇ ئۆيىدىن
چىقاردىا ئاتا ـ ئانىسىغا «بۈگۈن ئۈگۈت كۆپ، تۈگمەندە قونۇپ
قالىمەن» دەپ قويدىدە، يۈرىكى دۈپۈلدىگەن هالدا شەھەر ئىچى
مەھەللىسىگە يول ئالدى.

سەلىم قورۇنۇپ، مىخبىر خىيال قىلىپ كەتكەنلىكى ئەكسىـ
چە، كېيىنكى ئىشلار تولىمۇ سىلىق، كۆڭۈللۈك بولدى. دوخـ
تۇرخانا كوچىسىدىكى باققال پازىلباينىڭ ئۆيىگە شەھەر ئىچىنىڭ
سۆزمەنلىرى يىغىلغانىدى. باشتا هېچكىم سەلىمگە دىققەت قىلـ
مىدى. ئۇ بىر چەتتە، يوغان كىيىم ئىشكاپىنىڭ دالدىسىدا
قورۇنۇپ ئولتۇراتتى. چاقچاقلار هەدىمەيلا باشلاندى. شۇ زامانـ
لارغا نىسبەتەن خېلىلا مول زىياپەت ھەممەيلەننىڭ ئىشتىھاسىنىـ
مۇ، كەيپىياتىنىمۇ ئېچىۋەتكەنىدى. «ئىلى چەمبىرەك» دېگەن
هاراقنىڭ ئاغزى كەينى ـ كەينىدىن ئېچىلىپ تۇراتتى. تۆردە،
سازەندىلەر بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرغان هېسام تاماقنى ئانچە
يېمەي، هاراقنى سۇدەك ئىچەتتى، ئىچكەنسېرى ئاغزى تېخىمۇ
ئېچىلىپ، هېچكىمگە گەپ بەرمەس ئىدى. ئۇ ھەر بىر گېپىنى
تۈگىتەر ـ تۈگەتمەي تازىمۇ چوڭ ساراي ئۆينى «ۋەيت» لىگەن
دۈر ـ دۈر كۈلكە ئاۋازى قاپلايتتى.

— هېسامكام ئالامەت يېتىلدى جۇمۇ، — دېدى ئاتايىن
سەلىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سابىرجان بۇنچىلا چوڭ چاقچاق
سورۇنىنىڭ ھەشەمىتىدىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالغان بالىنىڭ قۇ-
لىقىغا پىچىرلاپ، — ئاغزى ئېچىلمىدى تېخى، سەل تۇرۇپ
كۆرىسەن. بولمىدىكەن دېگەنلىرىڭنى بىر باشتىن مۇنۇ سېرىق
تاشلىق خاتىرەڭگە تىركەۋەر. قىسقا، مېغىزلىق يېرىنى، ئۆزەڭ
كېيىن چۈشەنگىدەك قىلىپ... بىراق، ئەتە «ئىسسىقىدا» رەتلىـ
ۋال، بولمىسا ئۇنتۇپ قالىسەن.

سابىرجان ئوقۇتقۇچى ئىدى، شۇڭا كۆپ نەرسىلەرگە كاللىـ
سى ئاجايىپ ئىتتىك ئۆتەتتى. بۇنى سەلىممۇ نەچچە قېتىم هېس

قىلىپ ئۆلگۈردى. ئۇ يىگىتنىڭ چاقچاقچىلىق خۇسۇسىيىتىنى بولسا، ئوقۇرمەنلىرىمىزمۇ سېزىپ بولۇشتى.

ئۇ كۈنى سەلىم مېھماندوست ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە غىزانى كۆپ يېمىدى، ئەمما چاقچاقنى قانغۇچە ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ھېسام چاقچاقلىرىنى رەسمىي توپلاش مەشغۇلاتى ئەنە شۇنداق باشلاندى.

www.uyghurkitap.com

# 6. قۇربان قىزىقچى

ۋ. گ. ياننىڭ «چىڭگىزخان» ناملىق رومانىنى ئوقۇغان كىشىلەرگە خارەزم شاھ زامانىدا ئۆتكەن قۇربان قىزىقچى دېگەن بىر يىگىت مەلۇم. لېكىن، بىزنىڭ بۇ يەردە سۆزلىمەكچى بولغان ئادىمىمىز 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، غۇلجا شەھىرىنىڭ سۇدەرۋازا مەھەللىسى ئەتراپىدا ياشاپ ئۆتكەن قۇربان ئىسىملىك چاقچاقچى، قىزىق تەبىئەتلىك بىر ئاددىي ئادەم، ئۇ دەل زامانىمىزدىكى چاقچاقچى ھېسام قۇرباننىڭ ئاتىسى قۇناخۇن ئاكا.

بۇغداي ئۆڭ، بوي ـ تۇرقى خىپچە، قاملاشقان قۇربان رېھىمنىڭ كۆپ ئۆمرى تېرىچىلىك بىلەن ئۆتتى. خەت ـ ساۋاتى بولغاچقا ئاردا بىر مەزگىل ئۇچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى مالىيە سىستېمىسىدىمۇ ئىشلىگەنىدى. خۇش تەبىئەتلىك، قىزىقچى، سالام ـ ساھەتى جايىدا بۇ ئادەمنى ھەممە كىشى ياخشى كۆرەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەيلى جاللاپ بازىرىغا — شۇ زامانلاردىكى بېدە بازىرى ياكى تۆپىدەڭگە ماڭغاندا بولسۇن ياكى مالىيە بۆلۈمىدىكى ئاددىي خىزمىتىگە جۆنىگىنىدە بولسۇن، مەھەللە ئىچى ۋە يول بويىدىكى ئۇچرىغانلا ئادەم ئۇ تۇپەيلى بىر كۈلۈۋالاتتى، سەۋەبى قۇناخۇن تېرىچى (كىشىلەر ئادەتتە ئۇنى شۇنداق ئاتايتتى) يول يۈرسە بىكار ماڭماي ئۇچرىغانلا ئادەمگە، ھەتتا ئۇچرىغانلا كالا ـ موزاي، قوي، ئىت ـ ئېشەككە ئۇمۇ يەتمەي تېخى دەل ـ دەرەخلەرگە سالام بېرىپ، پاراڭ قىلىپ ماڭاتتى.

— ھە، ئىتۋەگ، يېتىپ كەتتىڭىز؟ بۇگۈن ئىش ـ ئوقەت يوقما؟

— ھوي قوياڭكا، قۇشخانىدىن قېچىپ چىقتىڭىزمۇ نېمە، ھەجەپ يۇگرەكلەپ ماڭىسىزغۇ؟

— ھە، ھەشتەرخىندە، تۇنۇگۇن تۇرغان جايىڭىزدا تۇرۇۋەر-
دىڭىز؟
بۇنداق ۋاقىتلاردا قۇناخۇنىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئۇنىڭ قىزىق گېپىنى ئاڭلايمىز دەپ ئەتەي ئەگىشىۋالىدىغانلار، بولۇپمۇ كىچىك باللار كەم بولمايتتى. باللار، ئۆزىچە سۆزلەپ ھەم كۈلۈپ، بىكاردىن - بىكارغا قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ، ئېگىلىپ ھايۋانات ھەم دەل - دەرەخكە سالام قىلىپ ماڭىدىغان بۇ ئادەمدىن ھەر زامان ھەزەر ئەيلەپ، ئەمما قىزىقىشلىرىنى باسالماي داۋاملىق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشاتتى. گاھىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەن - سىرەنلىرى كۆرگەنلىرىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئۆيلىرىگە چاپاتتى.

— ئاپا، ئاپا، ھېلىقى ئادەمچۇ، يەنە مۇشۇككە سالام قىلىدى.

— قايسى ئادەمۇي ساقام؟

— ھېلىقىچۇ، خالتا كوچىدا ئۆيى بار، ھەراست، مېنىڭ ئاغىنەم ھېسامىنىڭ دادىسى.

— ئوۋۋاش، ئاشۇنداق ئىسەرى بار ئادەم ئۇ، يېقىن بارما!

— نەدىكى گەپنى قىلىپ يۇرسەنوي خوتۇن، كاللىسى ئالامەت جاڭ - جاڭ ئىشلەيدىغان ئادەم ئۇ. بولمىسىزە تېرىچىلىك قىلغان يېرىدىن بىراقلا مالىيە ۋازارىتىگە ئەكىتەتتىمۇ؟ چاقچاق قىلىدىغان بولسا ئاكىسى ئىسمايىل ئىككىسى بىر مەشرەپنى سورايدۇ.

— شۇ، مۇنۇ بىزنىڭ مۆلۈك بىلەن ئاغىنە بىر بالىسى بارغۇ شۇ قۇربان جاللاپنىڭ، ھېسامىدا ئېتى، ئەۋۇ كۇنى ئوينىپ بىزنىڭ ھويلىغا كىرىپتىكەن، قارىسام سويۇپ چاپلاپ قويغاندەك دادىسىغىلا ئوخشايدۇ. شەيتانلىقى تېخى! ئۇمۇ بىر كۇلدۇرگە بولامدىكىنتاڭ...

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ، «بولىدىغان بۇغداي كۆكىدىن مەلۇم» دەپ...

قۇربان رېھىمنىڭ ئاتىسى رېھىمئاخۇن ئاتۇشتىن بولۇپ،



www.uyghurkitap.com

هاللىق بىر ئائىلىدىن تەۋەللۇت بولغانىدى. ئائىلىسى ئاساسەن چارۋا بىلەن ھەپىلىشەتتى. جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق بولىدىكەن، تەقدىر نېسىپ قىلىپ بىر چاغلاردا رېھىمئاخۇن تاغ كەينىگە ئۆتۈپ جاھاندارچىلىق قىلىش كويىدا ئىلىغا چىقتى ۋە نەچچە يەرلەردە، خىلمۇ خىل ئىش ـ ئوقەت بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر غۇلجا شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. قۇربان تېرىچى غۇلجىدا تۇغۇلدى. مۇنبەت، ھاۋالىق زېمىن ئۇنى خۇش تەبىئەتلىك، قىزىقچى مىجەزلىك ئەر قىلىپ ئۆستۈردى. ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ چارۋا ـ مال بىلەن ھەپىلىشىش تەقدىرىگە ۋارىسلىق قىلمىدى، ئەمما چارۋا ـ مال بىلەن يېقىنراق، مۇناسىۋەتلىكرەك ئىشقا — تېرىچىلىككە باغلاندى. ھال ـ كۈنى قەدىر ئەھۋال ئۆتسىمۇ ئازادە، توق ـ بېسىق مۇھىت ئۇنى خۇش چاقچاق، كۆلكىگە يېقىن ئادەم قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۇ بۆلۈكەيلىك سادda، ياۋاش مەزلۇم ھەسەلخان ئىسىملىك قىزغا ئۆيلەندى. ئاينىتقۇدەك چارۋا ـ مېلى بولمىسىمۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن سەككىز پەرزەنتلىك بولدى. تۆت ئوغۇل، تۆت قىزنىڭ ئىچىدە ھېسام تۇنجى پەرزەنتى ئىدى. بالا تۇغۇلۇشىدىنلا سەل ئاجىز بولسىمۇ، زېھنى ئوچۇق، ئۆتكۈر ئىدى. ئۈچ ـ تۆت ياش ۋاقتىدىلا ئادەم ئويلىمىغان قىلىقلارنى قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ھەيران قالدۇراتتى. ئۆمرى قازان بېشىدا ئۆتكەن مۆمىن ئايال ھەسەلخان پات ـ پاتلا بالامغا قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ تىلى تەگمىگەي دەپ، تارانچى ئادىتى بويىچە ئادراسمان ئۈشتۈپ ئىسرىق سالاتتى.

— مۇنۇ قۇربان تېرىچىنىڭ شۇمى ھېسام تەكشى بالا ئەمەس جۇمۇ، — دەپ قويانتتى مەھەللىدىكىلەر پات ـ پات.

قىزىقچىلىق قۇربان تېرىچىگە قاچانلاردىن تارتىپكىن، تەبىئىي بىر خۇسۇسىيەت بولۇپ سىڭىشكەنىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، قۇرباننىڭ بىر قورساق ئاكىسى ئىسمائىلمۇ مەشرەپلەرگە گەپچىلىك شەرىپى بىلەن تەكلىپ قىلىنىپ تۇرىدىغان قىزىقچىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇ زامانلاردىن تارتىپ غۇلجا

شەھىرىدە مەھەللە ـ مەھەللە بويىچە ھەرخىل مەشرەپلەر ئۈزۈل-
مەي داۋاملىشىپ تۇراتتى. ئۇزاق قىش كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك
مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان مەشرەپ ئەھلىلىرى ئۆز ياش ـ قۇراملى-
رى بويىچە ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، مويسىپىتلار مەشرەپلىرىگە
بۆلۈنەتتى. خەلق ئەزەلدىن سازەندە، ھاپىز (ناخشىۋەن)، قى-
زىقچىلارنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئەتىۋارلايتتى. شارابسىز،
بەڭسىز، ئەدەپ ـ ئەخلاق دائىرىسىدە قىزىيدىغان ۋە نۆۋەت بىلەن
چۆرگىلەيدىغان بۇنداق مەشرەپلەرنىڭ تۆرىدە ھەر دائىم ئىسمائىل
ۋە قۇربانلار كەم بولمايتتى. مەشرەپ ئەھلى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا
تىكىلىپ، ھازىرلا باشلىنىدىغان ھازىر جاۋاب چاقچاق جېڭىگە
كۈلكە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشاتتى.

گاھىدا ئىسمائىل بىلەن قۇربان، ئاكا ـ ئۇكا ئۆزئارا تۇتۇ-
شۇپ قالاتتى.

— ھە قۇربان، ئاڭلىسام بۈگۈن تېرە بازىرىدا بىر ئوغلاقنى
تۆت قېتىم تارتقۇشلاپسەنغۇ؟

— ئۇ سېنىڭ مال بازىرىڭ ئەمەس، قىردىن كەلگەن مالچە-
نى كوملايدىغان، بىر ئوغلاق تېرىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويغىنىم
راست.

— سەنچۇ، ئىككى تەڭگىنى ئارتۇق بېرىمەن دېسە، ئوغلاق
تېرىسىنى بېشىڭغا يېپىپ مەرەيدىغان نېمە.

— مەنغۇ مەرەيدىكەنمەن، سەن ئىككى ئارىدىن پۇل ئۈندۈ-
رىمەن دەپ ئوغلاقنىڭ ئانىسىدەك تاقلاپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتى-
سەندە!

سازغا نۆۋەت تەگمەي، چاقچاق ئوغلىقىنى تارتىشىش، سا-
ئەتلەپ داۋاملىشىپ كېتەتتى. تەمبۇر ـ دۇتارنى نەچچە قېتىم
ساز قىلىپ، تەڭشەپ بولغان سازەندىلەر مەشرەپ ئەھلى-
نىڭ دۇر ـ دۇر كۈلكىسى ئارىسىدا تاپا ـ تەنە قىلاتتى:

— بولدۇي ئوغلاقنىڭ دادىلىرى، تولا ئۇسۇشۇۋەرمەڭلار.

— رېھىماخۇننى چارۇچى دەۋاتاتتى، مۈشۈ ئىككى تېكىنى
بىقىپتىكەندە!

— هاي ـ هاي، «ئەجەم» سوۋۇپ كەتتى.
— هوي زىكرى، باشلاۋەرگىنە!
بازار كۆڭلىرى جاللاپ بازىرىدا قۇربان تېرىچى بار يەر ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. ئاخشىمى يالغۇز مېڭىپ قورقسىمۇ ناخشا ئېيتىدىغان غۇلجىلىقلار تېرىكچىلىك غېمىدە يۈرگىنىدىمۇ سودىسىغا چاقچاقنى ئارىلاشتۇراتتى.
— قۇربانوي، مۇنۇ تېرىنى ۋالاقىدە بىر كېسىۋەتكىنە.
— توغرىسىغا كېسەيمۇ، ئۇزۇنىغىمۇ؟ — كىيىمىدىن تېرە پۇراپ تۇرغان قۇربان تېرىچى كۈلۈمسىرەپ پەيدا بولاتتى.
— ئۆزۈڭ بىر نېمە قىلىۋەتسىنا، ماۋۇ ئاداش ئاسمانغا ئاستىغۇ مۇنۇ پوق تېرىسىنى!
قۇربان تېرىچى ئېڭىشىپ، ئۆسۈك ساقال يۈزىنى ئەستايىدىل پۈرۈشتۈرگىنىچە يەردە ياتقان تېرىگە سەپسېلىپ قارايتتى، ئۆرۈپ - چۆرەتتى.
— مۇشۇ قوينى ئۆزۈڭ سويغانمۇ ئۇكا؟ — دەپ سورايتتى ئۇ كېيىن تېرە ئىگىسى — ياشقىنە ئادەمدىن.
— هە، ئۆزۈم سويماي.
— ئاران ئالتە يېرىنى كېسىپسەنە، ئاشلىسا ئىككى پوپۇش چىقار بۇ تېرەڭدىن، قانچە سورىدى بۇ ئادەم؟
—تۆت ياماق سورىدىم، تويى بوپكەتتى تېرىسىنىڭ، — خېرىدار ئالدىراپ سۆز قىستۇردى.
— سەن شۈك تۇر، نىكاهىنى ئۆزۈم قىلىمەن. هە ئۇكا، راست تويى بوپكېتىپتۇ تېرەڭنىڭ، بېرەمسەن يە بازار ئايلىنىپ باقامسەن؟
— ئازراق قاتسۇن.
— هەي، مۇشۇمۇ خېلى يەردىن كەپتۇ، ئازراق قاتقىنا، مۇنۇنى قات، — قۇربان تېرىچى چاپىنىنىڭ ئۇزۇن يېڭىدىن بىر تال يىرىك بارمىقىنى يېرىم چىقىرىپ خېرىدارغا تەڭلىدى، — بولدى مەنمۇ چاي ئىچمەي، ئاله! سېنىڭ ئۆيۈڭگە بارغان ئادەمغۇ ئۇسساپ ئۆلەتتى ئەزەلدىن!

www.uyghurkitap.com

گاھى كۆڭلىرى قۇربان تېرىچى مال بازىرىدىمۇ پەيدا بوپقالاتتى.

— ھە قۇربان، ئۆلۈك تېرە بار يەردىن تىرىك تېرە بار يەرگە كەپقاپسەنغۇ؟ — بۇ ئەلۋەتتە ئىسمائىل ئىدى.

— ئاڭلىسام گوتۇغا تېرە يېپىپ كەلسە نەسىللىك قوچقار دەپ سودا قىلىپ يۈرۈپسەن، شۇ قوچقىرىڭنى بىر كۆرەي دەپ كەلدىم.

ئاكا ـ ئۇكا ئىككى قىزىقچىنىڭ ئۆپچۆرىسىگە ئالارمەنمۇ، ساتارمەنمۇ قىستاپ يېقىنلىشاتتى. بىر پەسكە مال بازىرىمۇ، مال ـ ۋارانلارمۇ، جاھان غېمىمۇ ئۇنتۇلاتتى. بۇ يەردە ھازىر كۈلكە ھۆكۈمران ئىدى.

— ئاپلا، كىچىككىنە قاپسەندە، ئۇ جاڭۋا قوچقار ھازىر خۇدىيەر يۈزىگە بېرىپ بولدى، بەيگىگە چۈشمەكچى ئونياردا.

— ۋاھ، بەيگىگە چۈشەمدۇ، يە ئۇ قوچقىرىڭنىڭ مۈڭگۈزىنى ئونيار يۈزى مەسچىتىنىڭ ئۆگزىسىگە قويۇپ، ئاسارئەتىقە قىلامدۇ؟

چاقچاق قىزىغانسېرى ئالىمان تېخىمۇ يىغىلاتتى. ئاكا ـ ئۇكا چاقچاق ئارىلاشلا يەنە سودىغا كىرىشىپ كېتەتتى. مال بازىرىدا دەللال تولا بولسىمۇ، شۇ تاپتا ساتارمەنلەر ماللىرىنىڭ بويىنىغا باغلاقلىق ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى رازى ـ رەغبەتلىك بىلەن قىزىقچى قېرىنداشلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈشەتتى.

بىر يىللىرى قۇربان تېرىچى (بۇ ئۇنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان چاغلىرى ئىدى) سانايىنەپىسەنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ئارىلىشىپ قالدى. بىر قېتىملىق ئويۇن قويۇلغىنىدا ئۇ بىلەت يىغىدىغان ئىشىك تۈۋىدە ئويۇنغا كەلمەكچى بولغان بىر ئاغىنىسىنى ساقلاپ تۇراتتى، ئەپسانە چاقچاقنى تولا قىلىدىغان بىر مەھەللىلىكى سىرتتا تۇرۇپ ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

— ھەي قۇناخۇن، ماۋۇ ئىشىكتىكى گۆيۈڭلارغا گەپ قىلىڭلار، مېنى كىرگۈزۈۋەتسۇن!

قۇربان تېرىچى ئۈزۈن چەكمەن چاپان كىيىۋالغان ھېلىقى ئەپسانىچىگە قاراپ، سىرلىق كۈلۈمسىرىدى.

— بېلىتىڭلار يوقمىدى؟

— ۋاي، ناي - نايغا پۇل خەجلەپ، بېلەت ئالىدىغانغا ساراڭمىدىم مەن، دەپ قويۇڭلار، كىرگۈزۈۋەتسۇن.

— بولىدۇ، دەپ قويماي، — دېدى قۇربان سىرلىق كۈلۈمسىرىشىنى داۋام قىلغىنىچە، — پېشىڭلارنى كۆتۈرۈپ يېقىن كېلىڭلار!

ئەپسانىچى بىر پەس تېڭىرقاپ تۇردىيۇ، كېيىن قارىداپ كەتتى. كەينىگە ئۆرۈلدىدە، پىرام كېتىپ قالدى.

ئاتىسىنىڭ يېشىدىن تالاي ئېشىپ كەتكەن ھېسام قۇربان ھازىرمۇ مەرھۇم پەدەرىنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى گاھىبىر سورۇنلاردا سۆزلەپ قويىدۇ.

قۇربان قىزىقچى ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى.

www.uyghurkitap.com

# 7. بالا شوم

ئالدىنقى بابىمىزدا بىز ناگىھان بىر نامەلۇم پېرسوناژنىڭ تىلىدىن «بولىدىغان بالا پوقىدىن» دېگەن بەدبۇيىراق بىر ماقالنى قەيت قىلىپ ئۆتكەندۇق. بۇ ماقال ھېسام قۇربانىنىڭ يەسلى، باغچە يېشىدىكى مەزگىللىرىگە تولىمۇ باب كېلىدۇ.

سەلىمجان كېيىنكى كۆنلەردە خاتىرە دەپتىرىنى ھېسامنىڭ ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن ئۇششاق — چوڭ تەپسىلاتلار بىلەن تول-دۇردى. بۇ تەپسىلاتلار ئىچىدە ھېسام ئۆزى سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارمۇ، سابىرجاننىڭ ئېيتقانلىرىمۇ ۋە سابىرجاننىڭ سەۋەبى بىلەن سورۇن، مەشرەپلەردە تونۇشۇپ قالغان روزى توخۇ، سات-تار قورۇق، ئىبراھىم جاھانكەزدى قاتارلىق ھېسامنى بەش قول-دەك بىلىدىغانلار، شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكىلەر دەپ بەرگەن-لىرىمۇ بار ئىدى.

ھېسامنىڭ «ئىغى يوق ئىشتان كىيىپ» يۈرگەن ۋاقىتلىرى-دىن تارتىپ ئۇنى ياخشى بىلىدىغان، كېيىنكى چاغلاردا بەيتۇللا مەدرىسى يېنىدىكى مەكتەپتە ئۇنىڭغا دەرس بەرگەن ئىمىن ئەپەن-دى دەيدىغان ئۇردا مەھەللىلىك ئادەم سەلىمجاننىڭ ئاتىسى جامال غۇجامقۇلى، يەنى جامال ئەپەندىنىڭ بۇرادىرى ھەم كەسىپدىشى ئىدى (ھېسام قىرانىغا يېتىپ، چاقچاقچىلىقتا تونۇلغاندىن كې-يىن «ئۇلپەتچىلىكنىڭ چوڭ ـ كىچىكى يوق» دېگەندەك، گاھ-بىر سورۇنلاردا ئۇستازىغىمۇ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن چاقچاق قىلاتتى. غۇلجا شەھىرىدە ناغرا ئۇستىسى سۈپىتىدە تونۇلغان ئۇ زات گايىدا ئۆزى بىقىۋاتقان قويلىرىنىمۇ «گۆي» دەپ تىللاپ قوياتتى. شۇڭا ھېسام ھازىرغىچە مەرھۇمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا «ئىمىن گۆي» دەپ قويىدۇ).

— ھېسامنى يازاي دەپسەندە، خىلى ئىدرىكىڭ بار بالىكەن-

سەن، — دېگەنىدى ئىمىن ئەپەندى بىر قېتىم بەيتۇللا ئالدىدا
ھېسام بىلەن بىرگە كېتىۋاتقان سەلىمجاننى كۆرۈپ ۋە ھېسامـ
نىڭ ئۇ ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، — بوينۇڭ چوكىـ
دەك، ئاۋاق نېمىكەنسەن، جامال ئەپەندىم نان بېرەمدۇ، بەرمەمـ
دۇ ساڭا؟ بىراق غەيرىتىڭگە ئاپىرىن، ياخشى ئىشقا كىرىشىپـ
سەن، بۇ ھېسام دېگەن گۇي (ھېسام ئىمىن ئەپەندىنىڭ ئالدىدا
ھىجىيىپ تۇراتتى) گەپنى پوك ـ پوك قىلغان بىلەن مەكتەپتە
ياخشى ئوقۇمىغان. قۇربان تېرىچى ئوقۇسۇن، مەندىنمۇ بەتتەر
موللا بولۇپ چىقسۇن دەپ مەكتەپكە تۇتۇپ بەرسە، تەنەپپۇستا
ئادەم كۈلدۈرۈپ، دەرستىمۇ جىم ئولتۇرماي پالاق يەپ، ئاخىر
تاڭگا ساتىدىغانغا چىقىۋالغان. سىيىت نوچىدەك ئۆلۈم خېتىنى
ئۆزى دوتەيگە ئاپىرىدىغان نېمە بۇ. سەن ساۋاب ئىش قىلاي
دەپسەن! يېزىپ قويساڭ، بۇنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئەۋلاد ئوقۇپ
قالىدۇ. سىزمۇ ھېسامكام ھەققىدە بىلىدىغانلىرىڭىزنى سۆزلەپ
بېرىڭا دەمسەن؟ سۆزلەپ بېرەي، قەلەم ـ دەپتىرىڭنى ئېلىپ
ئۆيگە كەل، مانا مۇشۇ ئۆي شۇ. ھېسام دېگەن بۇ كىسپۇرۇچ
گۇيۇڭنى بۆشۈكىدىكى ۋاقتىدىن تارتىپ بىلىمەن، بالا شۇم بولىـ
دىغان بۇ كىچىكىدە...

ھەسەلخان تۇنجى بالىسى ھېسامغا ئامراق ئىدى ۋە باشقا
بالىلىرىغا قارىغاندا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. ھېسامدىن كېيىنـ
كى ئوغلى ھۇسەنمۇ، ئاندىن كېيىنكى قېيۇممۇ، چوكىدەك ئىنىـ
چىكە ھەسەنمۇ، تاتلىق سۆزلەيدىغان قىزى راھىلەمۇ ئۇنىڭ
ياۋاش ـ يۇمشاق كۆڭلىدە ھېسامغا بولغان ھېرىسمەنلىك ۋە
ئايانچىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمەس ئىدى. ھېسامنىڭ سەل تەمتىـ
لەپ، ئۆندەرىگەندەك مېڭىشى ۋە بۇنىڭ ئەكسىچە قىلىق، ھەردـ
كەت، سۆزدە ئۆتكۈر ۋە ئالاھىدە زېرەكلىكى بۇنىڭ سەۋەبى بولسا
كېرەك.

— ھەسەلخان، سىلىنىڭ ھېسام چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ
قويغاندەك قەۋەتلا زېرەك ـ ھە، قارىسام كوچىدا ھەممە ئۇششاق
بالا شۇنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەن، نېمىلەرنى دەيدىكىنتاڭ بايقۇـ

شۇم، ئەيتاۋۇر ئاۋۇ بىزنىڭ ئەلقە بىلەن بەختە تېلىقىپ كۈلگىنى كۈلگەنغۇ، — دەيتتى تەڭنە سوراپ كىرگەن قوشنا ئايال چايناۋاتقان شامىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ.

— كۆز تەگمىگەي ئىلاھىم، تۈنۈگۈن تېرەك مازارغا بېرىپ ژۇرۇڭ باغلاپ، دەم سالدۇردۇم. ھېساتىيىمنىڭ بېشىدىن يېپىيېڭى بىر كەشمىر ياغلىقمىنى تۆت پېتىر توقاچ بىلەن قوشۇپ ئۆرۈپ شەيخىمنىڭ قۇشىنىچىغا بەردىم. سىزنىڭمۇ ئاغزىڭىزغا سەڭگى ـ ساپا غىلمانبۇۋى، ئەشەدە بىر قارا مېڭىڭىز بار.

— ۋاي ئۆلەي، بالىڭىزغا ئەمدى تىكىلىپ قارىماسىمىنا، راست، مېنىڭمىغۇ ئۇدۇمۇم بار، — دەيتتى تەڭنە سوراپ كىرگەن غىلمانبۇۋى.

بۇ چاغدا تۆت ياشلىق ھېسام مەھەللە دوقمۇشىدىكى پارمۇنچىنىڭ يېنىدا، سېدە دەرەخ سايىسىدە تەڭ قۇرام بىرنەچچە بالا بىلەن ئودىكام ئوينىۋاتاتتى.

— ھەي ھېسام، تاشنى ئىككى قېتىم ئۆرەككە چۈشۈرەلمىدىڭ جۇمۇ، ئەمدى بىزگە بىر ھەييارلىق قىلىپ بېرىسەن، — دېدى مۇنچىچىنىڭ سېمىز، سېرىق ئوغلى.

— يەنە بىر ئېتىۋېتەي، — دېدى كۆزلىرىنى شەيرانلىق بىلەن ئوينىتىپ كەڭ قارا شاراۋار ئىشتان كىيىۋالغان ھېسام چاڭىلداپ، — ھەر مەرتەم ئۈچ مەرتەم ئەمەسمۇ.

— ماقۇل دەڭلار، بۇدامۇ چۈشۈرەلمەيدۇ، — دەپ چۇرقىرىدى ياندىكى يەنە بىر بالا.

ھېلىقى «كىچىك ئەۋلىيا» نىڭ دېگىنىدەك، ھېسام بۇ قېتىممۇ سىلىق ساقا تاشنى ئۆزىنىڭ مۇشتۇمى ئارانلا پاتقۇدەك ئورەككە چۈشۈرەلمىدى. ئۇ ھەر دائىم قىزىق بىر ھەرىكەت بىلەن ساقىنى ئۆرەككە چەنلەپ ئاتاتتىيۇ، ئۆزى ساقىدىن ئاۋال ئۆرەك تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالاتتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ھەددىدىن زىيادە كەڭ ئىشتىنىنىڭ رىزىنكىسى بوشاپ كەتكەن بەلۋېغىنى بىر قولى بىلەن چىڭ تۇتۇۋالاتتى. ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلار پاراق ـ پاراق كۈلۈشەتتى.

ئودىكام ئويۇنىدا ئۈتتۆرۈپ قويغان ھېسام ئادىتى بويىچە ئاغىنىلىرىگە ئويۇن قويۇپ بېرىشكە باشلىدى. قىزىقارلىق يېرى ئۇ ئوددىكام ئويۇنىدا، ۋاللەيدە كالامپايلىق قىلغىنى بىلەن قىزىقچىلىق قىلغاندا تولىمۇ جانلىنىپ، ئەپچىللىشىپ كېتەتتى. بۇ دۆرەمۇ ئۇ موزاينىڭ ئانىسىنى ئىزدىگەن ھەرىكىتىنى تولىمۇ ئوخشىتىپ، قىزىقارلىق دورىدى. «تۆمشۇقى»نى ئاسمانغا قىلىپ، ئىنچىكە «مۆرىدى»، پۇتلىرى بىلەن يەرنى تىلغاپ چاپچىدى، بېشىنى ھەر تەرەپكە بۇراپ، ئانىسىنىڭ ھىدىنى «ئىسكىدى»، ئاغزىدىن ئۇغۇز سۈتى تېمىپ تۇرغان سەبىيلەر ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلۈشتى.

شۇ ئارىدا مۇنچىدا راسا يۇيۇنۇپ ـ تەرلەپ، يۈز ـ كۆزلىرى قىپقىزىل بوپكەتكەن بىر ئادەم قېلىن كىيىملەرگە چۈمكەلگەن ھالدا بىر قولىدا سومكا، بىر قولىدا بىر باغلام شىپ ـ شىپ چۆپ كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزى بىردىن قىزىقچىلىق قىلىۋاتقان كىچىككىنە ھېسامغا چۈشتىدە، بىر پەس زوقلىنىپ، جايىدا تۇرۇپ تاماشا كۆردى.

— ھوي، قايسى ئۆينىڭ موزىيى بۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ كىشى بىر چاغدا زوقى كېلىپ.

بالىلار باباراۋەر چۇرقىراشتى:

— ئاۋۇ ئۆينىڭ، قۇربان تېرىچىنىڭ موزىيى بۇ!

ئۇنىڭغۇچە ھېسام موزايلىقتىن ئىستېپا بېرىپ، مۇنچىدىن تەرلەپ چىققان ئادەمگە قىزىقسىنىپ قاراۋاتاتتى.

— چوڭ دادا، قولىڭىزدىكى سۈپۈرگىما؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھېلىقى ئادەمدىن.

— ھە، بەدەن يۇيىدىغان سۈپۈرگە، ماڭا مۇنداق ئۇرۇپ، — ھېلىقى كىشى قولىدىكى چۆپنى ئەت ـ يېنىغا يەڭگىل ئۇرۇپ كۆرسەتتى.

— ھە، مەن تېخى سىزنى مۇنچىنىڭ سۈپۈرگىسىنى ئوغرىلاپ چىقىۋاتامدىكىن دەپتىمەن، — دېدى ھېسام چاڭگىلداپ.

ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— قارا بۇنى، بالا شۇمغۇي بۇ، سۇپۇرگە ئۇنىرىسى دېگەن!

بىر قېتىم، بەلكىم شۇ ئىشتىن بىرەر - يېرىم يىل كېيىن بولسا كېرەك، ھېسام ھويلىسىنىڭ ئالدىدا ئاپتاپ سۇنغىنىچە ئەسنەپ ئولتۇراتتى، مەھەللىلىك بىر ئادەم نېرى ياقتىن كېلىپ قالدى.

— سالامەلەيكۇم! — چاڭگىمدە چىققان ئاۋازدىن، خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان ھېلىقى كىشى چۆچۈپ كەتتى.

— ھوي ھېسامموسەن، باركاللا، چوڭ بوپسەن مانا، چوڭلارغا سالام قىلغۇدەك بوپسەن، — مەھەللىلىك كىشى بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ تۇراتتىمۇ، ئىشقىلىپ ھېسامنىڭ يېنىغا كېلىپ، يىلتىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆتەكنىڭ بىر ئۇچىغا ئولتۇردى. يەنە بىر ئۇچىدا ھېسام چوقچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كىشى كۈلۈمسىرەپ ھېسامنى گەپكە سالدى.

— ھە، ھېسامتاي، سەن باتۇرمۇ، پوقچىمۇ؟

— باتۇر، — دېدى ھېسام پەس ئاۋازدا يەرگە قاراپ.

— ھە ياخشى، قېنى دەپباقە، ئىتتىن قورقامسەن؟

— قورقمايمەن، ئىسمايىل چوڭ داداملارنىڭ ھويلىسىدىكى ئىتتىن قورقمايمەنغۇ.

— ماقۇلە، بۆرىدىن قورقامسەن - قورقمامسەن؟

ھېسام تۇرۇپ كېتىپ، بېشىنى چايقىدى.

— ۋاھ مۇنۇنى! «بىر قويۇم بار، باقامسەن؟»

— باقىمەن، — دېدى ھېسام.

— «بۆرە كەلسە قورقامسەن»؟

— قورقمايمەن، — دېدى ھېسام.

ھېلىقى كىشى ھېسامغا يېقىن كېلىپ، كۆزىگە بىرنى قاتتىق پۈۋ دېدى، ئىلگىرىلىرى بۇ ئويۇننى باللار بىلەن كۆپ قېتىم ئوينىغان ھېسام، كۆزلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن چەكچەيتىپ چوڭ ئېچىپ تۇرۇۋالغانىدى، شۇڭا پۈۋ دېگەندە كۆزى يۇمۇلمىدى.

— مانا قارا، راسلا يامان نېمىكەنسەن جۇمۇ سەن، -

مەھەللىلىك كىشى ئامالسىز ئىككى تەرىپىگە قارىدى ـ دە، بىر نەرسىنى كۆرۈپ قالدى. سەل نېرىدا، كوچا بېشىدا مۇشۇ مەھەللىگە مەشھۇر ئۇسكەك ئۆچكە كېلىۋاتاتتى.

باياتىن بالا بىلەن ئېيتىشقان مەھەللىلىك كىشى غەلىتە بىر كۈلۈمسىرىگىنىچە ھېسامغا قارىدى.

— خوش پالۋان، ئۆچكىدىن قورقامسەن يە قورقمامسەن؟ ھەي، ئۆچكىدىنمۇ قورقمايسەنغۇي دەيمەن؟

كىچىككىنە ھېسام يانغا غىلام ـ غىلام قارىدى. قورقمىدىغان بېشىغا ئىككى پىچاق تاقىۋالغان بۇ ساقاللىقتىن.

بالا لام ـ جىم دېمىدى، بىراق ئورنىدىن لىككىدە تۇردى ـ دە، ھويلا تەرەپكە ماڭدى.

— خوش پالۋان، نەگە؟ — مەھەللىلىك كۈلۈپ سورىدى.

ھېسام پىخىلداپ كېتىۋېتىپ بار ئاۋازى بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— توختاپ تۇرۇڭ ـ ھە، چوڭ دادا، ئاپامدىن سوراپ چىقاي!

www.uyghurkitap.com

# 8 . ھېسام، تاڭگا يەمسەن؟

مىلادىيە 1937 ـ يىلى، باھار، غۇلجا.

ئالدىغا شوينا باغلىق تەنزە ئېسىۋالغان سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى ئوغۇل بالا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن بىرى بولغان سۇ دەرۋازىدا تىزغا يېتەيلا دەپ لىغىرلاپ تۇرغان پاتقاقلىق چوڭ يولنىڭ چېتىدىكى ئەكچىگەن تارغىنا يولدا پۇتلىرىنى ئاستا ـ ئاستا يۆتكىگىنىچە بەيتۇللا مەسچىتى تەرەپكە كەلمەكتىدى. ئۇ پات ـ پاتلا ئىنچىكە بوينىنى چۈجە خورازدەك سوزۇپ، خۇددى بوينىدەكلا ئىنچىكە ئاۋازدا توۋلايتتى:

— زىما... تاڭگا!

ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كۆڭلىدىن دەررۇ كەچكىنىدەك، بۇ دەل قۇربان تېرىچىنىڭ چوڭ ئوغلى، بالا شۇم — ھېسام ئىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئۇزۇن كوچىنى كۈنىگە ئاز دېگەندە ئون ـ يىگىرمە قېتىمچە ئايلىنىپ تاڭگا سېتىپ يۈرگىنىگە بىر نەچچە ئاي بولغانىدى.

ئالدىنقى قىش غۇلجا شەھىرىدە تولىمۇ قاتتىق كەلدى. كونىلار بۇنداق قەھرىتان قىشنى «ئىت يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان يېرىدە توڭلاپ قالغۇدەك» دەپ تەرىپلىشىدۇ. يامان بولغان يېرى، دەل مۇشۇ قىشتا ئون ئادەم چۈشكەن چاننى سۆرەپ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تۇرمۇش يولىدا ئاران ـ ئاران كېتىۋاتقان قۇربان تېرىچىگە قاتتىق سوغۇق ئۆتۈپ يېتىپ قالدى.

قۇربان تېرىچى ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى، بالىلىرى ئارىسىدا ھېسامىدىنىنى خەت ساۋاتلىق قىلىپ ئۆستۈرۈش مۇددىئاسىنى كۆپتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. ئويلىمىغاندا ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىپ، داۋاسىز، شىپاسىز خېلى ئۇزۇن يېتىپ كەتتى. «يېتىپ يېگەنگە تاغمۇ توشماس» دېگەندەك،

ئىش ـ ئوقەتتىن قېلىۋېدى، تۆت كۈندىلا تاغارنىڭ تۈۋى كۆرۈنۈپ قالدى.

— ھېسامدىن بالام، مۇنۇ داۋۇتنىڭ سەنچىلىك ئوغلى، ئاغىنەڭ مولۇت پىكىدەك تۇرۇپ قەندەل سېتىپ ئۆيىگە خېلى پۇت ـ قول بولۇپ يۈرىدۇ، داداڭ بولسا ئاغرىق، سەن بولساڭمۇ ئانچە ـ مۇنچە مىدىرلاپ باقامسەنكىن، — دېدى ھەسەلخان بىر كۈنى كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە. ئانا ئاغزىدا شۇ گەپنى قىلغىنى بىلەن، ئويۇن بالىسى بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانچىمۇ تەندۇرۇس بولمىغان مۇشتۇمدەك ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپ، باغرى ئۆرتەنمەكتىدى.

ھېسام ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىنى دەررۇ چوڭ ئاچتى ۋە بۇرنىنى بىر تارتىۋېتىپ:

— قە... قەندەل ساتىمەنما؟ — دەپ سورىدى جاۋابەن.

ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، مۆمىن ئانىنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېچىشىپ كەتتى. سېنىكىغا سالغان داكا ياغلىقىنىڭ ئۇچىغا كۆزلىرىنى دەممۇ دەم سۈرتكىنىچە:

— جېنىم بالام، يا قەندەل ساتارسەن، يا تاڭگا، پەشمەك ساتارسەن، ئىشقىلىپ ئۆينىڭ چاي ـ تۇزىغا بولسىمۇ ئارا بول. داداڭمۇ مۇنداق يېتىۋەرمەس، ئايىغىدىن شامال ئۆتۈپ قالار. داداڭ ئىش ـ ئوقەتكە كىرىشىپ كەتسە، سېنى مەدرىسىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ.

ھەسەلخان سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھېسامنى باغرىغا تارتتى.

ھېسام بولسا يېشىغا لايىق شوخلۇقى ۋە مىجەزىگە يارىشا شەيتانلىقى بىلەن چاڭىلداپ سۆزلەپ، ئانىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— يىغلىما ئاپا، مېنى مولۇتقا ئوخشاش ساتىدىغان قەندەللىرىنى شورۇۋېلىپ ساتىدۇ دەپ يىغلاۋاتىسەنغۇ دەيمەن، مەن ئۇنداق قىلمايمەن، بولدى، ئىشەنمىسەڭ ئەمىسە پەشمەك ساتاي.

ئانا چىن كۆڭلىدىن بېرىلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق كۈلمىگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولغان ئىدى.

قۇربان تېرىچى ئوغلىغا ئەپلىك قىلىپ تەنزە ياساپ بەردى. شەھەر ئىچىدىكى ئابلىكىم قەندەل ئىسمىلىك كۆپكە مەشھۇر قەندەلچى بىلەن كېلىشىپ ھەر كۈنى ھېسامغا يا پەشمەك، يا تاڭگا، يا بولمىسا قەندەل (نۆۋەتلەشتۈرۈپ) نېسى بېرىدىغانغا پۈتۈشتى. ئەمدى سۇ دەرۋازىنىڭ كوچىلىرىدا ھېسامنىڭ ئىنچىكە، ئايرىمچە ئاۋازى ئۈزۈلمەي ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى.

— ئاۋۇ تاڭگاچى بالىنىڭ چىرايى ھەجەپ تونۇشقۇ، كىمنىڭ ئوغلىۋي ئۇ؟ — دەپ سورايتتى بەيتۇللا مەسچىتى ئالدىدا، ئۈزۈن ياغاچ ئورۇندۇقتا ناماز پېشىنىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان قېرىلاردىن بىرى ئالىقىنىنى ماڭلىيىغا سايىۋەن قىلىپ.

— مۇنۇ ئۆزىمىزنىڭ قۇناخۇن تېرىچىنىڭ ئوغلى بولامدۇ، ئوخشاپ تۇرغىنىنى قارىساڭ!

— ۋاھ، چوڭ بولسا ھاپىز بولامدۇ نېمە بۇ بايقۇش، ئاۋازىنىڭ سازلىقىنى دېمىنا.

خۇددى مەسچىت ئەھلىنىڭ باھاسىنى تەستىقلىغاندەك سەل نېرىدىن ھېسامنىڭ نەيدەك ئاۋازى ھاۋاغا چاڭگىدە ئۇچاتتى:

شەكەرى پەشمەك،
خام قايماقتا ئەتكەن!

ئۇ زامانلاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپلىگەن كوچىلىرى، جۈملىدىن بېدە بازار، سۇ دەرۋازا، تۆت كوچىلار ئەتىياز پەسلىدە ئادەم كۆزى بىلەن كۆرمىسە ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە بېزەپ پاتقاقچىلىق بولۇپ كېتەتتى. مۇبادا، بۇ پاتقاق كوچىلاردا خادىك ھارۋا مېڭىپ قالغۇدەك بولسا، خادىكنىڭ ئالدى چاقلىرى پۈتۈنلەي، كەينى چاقلىرى ئولتاڭدىن يۇقىرى، ئاتنىڭ بولسا قورسىقىغىچە پاتقاقتا قالاتتى. بۇنداق مەزگىللەردە يولۇچىلارنى يولنىڭ بۇ قېتىدىن ئۇ قېتىغا ھاپاشلاپ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ پۇل تاپىدىغانلارمۇ بولاتتى. كىچىككىنە ھېسام ئەنە شۇنداق پاتقاقلىق كوچىلارنى ئەگىپ ئايلىنىپ زىما تاڭگا، پەشمەك سېتىپ، كەچ كىرگۈچە ھالىدىن كېتەيلا دەيتتى.

لېكىن، بالىلىق دېگەن بالىلىقتە! ھېسام زىما تاڭگا سېتىش

داۋامىدا ئۆز تەبىئىتىگە لايىق قىزىق ھەرىكەتلەر ۋە گەپ - سۆزلەر بىلەن ھامانەم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، يولۇچىلارنىڭ خىرە كۆڭۈللىرىگە يالت قىلىپ خۇشلۇق بېغىشلايتتى:

خوراز كەمپۈت، شىر كەمپۈت،
شەرىچىدە بىر كەمپۈت.
ياكى:
ھەي زىما تاڭگا،
يېسەڭ - يېگۈڭ كېلىدۇ،
پاتقاقتا دەرمان بولىدۇ.

بىر كۈنى ھېسام مەھەللە - كوچىلارنى يېرىم كۈن ئايلىنىپمۇ تاڭگاسىنى زادىلا ساتالمىدى. قېرىشقاندەك ھەركۈنى ئۈنى ھويلا - ھويلىلاردىن چىقىپ چاقىرىپ، ئاز - تولىدىن تاڭگا سېتىۋالىدىغان ئۇششاق بالىلارمۇ ئالچە كۆرۈنمەيتتى. تولا مېڭىپ ئىچى پۇشقان ھېسام بىر تار كوچىدىن چىقىۋېتىپ، تۇيۇقسىز پاتقاقتا مىلىنىپ ياتقان، پۇكلەشكەن پۇلنى كۆرۈپ قالدى. پۇل خېلى جىق بولۇپ، تەنزىدىكى ھەممە تاڭگانى سېتىۋالغىلى بولاتتى. ھېسام ئىتتىك ئۇيان - بۇيانغا قارىۋېتىپ، ئېگىشىپ پۇلنى ئالدى، يۈرىكى ئىتتىك سوقۇپ كەتتى. سەبىي كاللىسىدىن بىر پەستە بىر مۇنچە خىياللار كەچتى. سەلدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىدا بىر ئىللىق كۈلكە ئەكس ئەتتى.

ھېسام بايىقى تار كوچىغا قايتىپ، خېلى ئىچكىرىلەپ كىردى -دە، ئادەمسىز يەردە، بىر ھويلىنىڭ ئالدىدىكى تاش ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. كېيىن ئۆز - ئۆزىگە پاراڭ قىلدى:

— ھېسام، تاڭگا يېگۈڭ بارمۇ؟
— يېگۈم بار.
— تاڭگا ئالامسەن، پۇلۇڭ بارمۇ؟
— پۇلۇم بار، ئالىمەن.
— نەچچىلىك ئالىسەن؟
— ھەممە پۇلۇمغا ئالىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ھېسام بايىقى تېپىۋالغان پۇلنى تەنزىنىڭ بىر چېتىگە قويدى. ئۆزى بولسا لاي يۇقى قوللىرى بىلەن تەنزىدىكى شېرىن تاڭگانى بىر - بىرلەپ ئېلىپ ئاغزىغا سالغىلى، مەززە قىلىپ، كورۇسلىتىپ يېگىلى باشلىدى...

ھېسام ئۆيىگە كۈندىكىدىن خېلىلا بالدۇر، كۈن قىيىلماستا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەنزىمۇ كۈندىكىدىن باشقىچە، قۇپقۇرۇق ئىدى. ھەسەلخان ھەم خۇشاللىنىپ، ھەم ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ۋىيەي بالام، بىردەمدىلا سېتىپ بولدۇڭما، ھەممىسىنى؟

ھېسام كىچىككىنە ئاغرىپ چىقتى، ئۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، كۆڭلى ئېلىشاتتى. ئاغزىدىن تىنماي شال ئاقاتتى، تاڭگا ئىسسىق كەلدى بولغاي، پۈتۈن بەدىنى قىزىپ كەتتى. ئانا غەمخور تىنماي ۋايسىغىنىچە ھېسامنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولاتتى. بالىنى تۈزدا، ئادراسماندا ئۆزى ئاشلاپ، ئۆزى ھەدەپ ئەسنەيتتى. ھېسام شۇ پېتى ئىككى كۈن ئاغرىپ ياتتى. قەي دورىسى ئىچىپ، ھەمەل قىلدۇرۇپ، ئاران ياخشى بولدى. ئۇنىڭغۇچە قۇربان تېرىچى ئەھۋالنىڭ تېگىگە يېتىپ قالغانىدى. ئۇ يۆتىلىپ تۇرۇپ ھېسامغا بىر مۇنچە كايىدى.

ھەسەلخان بولسا ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى. خۇداغا شۈكرى، ئىشقىلىپ بىرەر يامان ئاغرىق ئەمەسكەن. بىچارە ئايال كونا ساددىلىقى بويىچە پەقەت:

— ۋاي جېنىم بالام، مۇنداق قىلىپ تاڭگا ساتالمىغۇدەكسەن، ئەمدى يېمەيدىغانراق كىرسىن سات، — دېدى.

ئاچچىقىدا يۆتىلىپ ئولتۇرغان قۇربان قىزىقچىمۇ، ئاغرىقتىن قىينىلىشتىنمۇ كۆرە دادىسىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ بوگلۇكتە ياتقان ھېسامنى قاتتىق كۈلۈۋەتتى.

ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن، ھېسامنىڭ ئۆز ئاغزىدىن بۇ ئەسلىمىنى ئاڭلىغان سەلىمجانمۇ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، چۈنكى ھېسام بۇ لەتىپىسىمان ئەسلىمىنى تولىمۇ قىزىد-



www.uyghurkitap.com

قارلىق قىلىپ سۆزلەيتتى. ياشانغان چاغلىرىدىمۇ بالىلىقىغا قايتقاندەك ئىپادىلەيتتى. سەلىمجان بۇ تەپسىلاتنى سىرىق تاشلىق خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالاي دېگەن بىر بېتىگە تىركەپ قويدى.

مانا ئوقۇرمەن، بۇ چاقچاقلىق ئەسلىمىدىن بۈگۈن سىزمۇ بەھرىمەن بولۇۋاتىسىز.

قىستۇرۇپ قويىدىغان يەنە بىر شىڭگىل گېپىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆمرىدە ئېرىغا ۋاپادارلىقنى يەتكۈزۈپ، سەككىز پەرزەن-تىگە ئۆپكىسىنى قېقىپ، غەمخورلۇق قىلىشنىلا كەسىپ ئەتكەن مېھرىبان ئانىسىنىڭ توساتتىن، جان ئاچچىقىدا دەۋەتكەن بىر ئېغىز ئاجايىپ يۇمۇرلۇق گېپى: «يېمەيدىغانىراق كىرسىن سات! » مۇبادا شۇ بىر ئېغىز پارالى بولمىغان بولسا، تاڭگا سېتىش ۋەقەلىكىمۇ ئانچە بەك ئەھمىيەتلىك، قىزىقارلىق تۈس ئالمىغان بولاتتى.

بىراق، كىچىككىنە ھېسامىنىڭ تاڭگا سېتىشتىن بۆلەكمۇ قىزىق ھېكايىلىرى يەنە بار، بۇنى كېيىنكى بابىمىزدا سۆزلەي-مىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 9. مەدرىسىدىكى يىللار

بالىلىق دېگەن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك، غەنىيمەت چاغلار ئەكەن. باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ھېسام قۇربانمۇ گايىدا، ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلاردا، تۈن كېچىلىرى ھەر كۈنى ئۈزۈلدۈرمەي ئىچىلىپ تۇرىدىغان ھاراقنىڭ ياكى قېرىلىقنىڭ كىسىرىدىن ئۇيقۇسى قاچقان ۋاقىتلاردا ئىختىيارسىز بالىلىق چاغلىرىنى، ئاشۇ بىغۇبار، قىزىقچىلىقلارغا تولغان دەملەرنى ئەسلەپ قالىدۇ. ئەنە شۇنداق پەيتلەردە ئۇنىڭ غۇۋا خىيال ئېكرانىدا پاتقاق كوچىلاردا كېزىپ يۈرۈپ تاڭگا، پەشمەك ياكى كۆممىقوناق، ئالما سېتىپ يۈرگەن، ساتقاندىمۇ قىزىق ھەرىكەت ۋە چۈچۈك سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر ئاۋاق، ھەييار چىراي بالا — ئۆزى نامايان بولۇپ، قورۇق باسقان چىرايىغا كۈلكە نۇرلىرىنى تېخىمۇ ئەلۋەك يايىدۇ.

قۇربان تېرىچى بەك ھالسىزلىنىپ كەتكەچكىمۇ قاتتىق قىشنىڭ قۇيرۇقىغا ئۇلىنىپ كەلگەن سېرىقتال كۆكلەمدىن ئاران ـ ئارانلا ئۆتتى. ئۇ ھەر قانچە تىرىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەي دېسىمۇ ماجالسىز بەدىنى يەرنى تارتىپلا تۇراتتى. قوناق پىششىقى يېقىنلىشىپ، بازارغا كۆكۋاشنىڭ ئالدى چىقتى. تېرىچىنىڭ پەشمەك، تاڭگا سېتىپ ئوقەتكە كۆزى خېلى پىشىپ قالغان تۇنجى ئوغلى كېسەلچان دادىسى خالىسۇن ـ خالىمىسۇن، قىيالىسۇن ـ قىيالمىسۇن، مەھەللە بالىلىرىنىڭ خېلى كۆپى شۇغۇللىنىدىغان يېڭى ئوقەت — كۆممىقوناق سېتىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ھەسەلخان ئۆي ئىچىگە تارىغان مەززىلىك، ئىسسىق ـ نەمخۇش پۇراقنى تېخىمۇ زىيادىلەشتۈرۈپ چوڭ قازاننىڭ تۈۋۈقىنى كۆتۈردى. ئالتۇندەك يالىلداپ، ۋايىغا يېتىپ پىشقان كۆكۋاشلار

ئىشتەينى ھەدەپ غىدىقلايتتى. قۇناخۇن نەچچە يېرىنىڭ سىرى كۆچكەن ئاق مانىرىن چېلەككە قايناق كۆكۋاشلارنى تۇجۇپلەپ رەتلىك تىزىپ چىقتى. ئۈستىگە پاكىز ياپقۇچنى چۈمكەپ يۆگىدى. باياتىن بېرى دادىسىنىڭ ئىشىغا قارىغاچ بىر باش قوناقنى يالماپ - يالماپ يەپ تاماملىغان ھېسام، ئېغىر چېلەكنى يامپىشىغا ئۇرۇپ كۆتۈرگىنىچە ئۇششاق چامداپ يۈگۈرگەندەك كوچىغا چىقىپ كەتتى. سۇپىدا ئولتۇرغان قۇربان تېرىچى زوقلىنىپ، قازان بېشىنى بېسىقتۇرۇۋاتقان ھەسەلخان سۆيۈنۈپ بالىنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قېلىشتى.

ھېسام سۇ دەرۋازىنىڭ دوقمۇشىدا، ئۆستەڭ بويىدا چېلىكىنى بىر پۇچماققا قويۇپ، پېشانىسىدىكى مونچاقتەك تەرلىرىنى يېڭى بىلەن ئېرتتى. چېلەكتىن پۇرقىراپ چىققان ھور ياپقۇچ لاتىدىنمۇ بۆسۈپ كۆتۈرۈلۈپ ھاۋاغا تارقىلاتتى. ئۇنىڭغۇچە ئىسسىق قوناقنىڭ پۇرىقىنى ئالغان بىر نەچچەيلەن ئەتراپتىكى قاساپ دۇكىنى، ساتىراشخانا، مىلىچ مال تەنزىلىرى ئەتراپىدىن بۇياققا قاراپ كېلىشتى.

— ھوي، قۇناخۇننىڭ ئوغلىمۇ بۇ، ئېتىڭ ھېسامىمىدا؟

— ھە، ھېسامىدىن.

— ۋاھ، «دىن»لىرىڭدىن ئايلىناي، نەنىڭ قونىقى بۇ؟

— دادام پەنجىمنىڭ دەيدىغۇ، چۆپقىتىمىز سەھەر ئەكېلىپ بېرىدۇ.

— ھە، يەپ بېقىپ ئالساق بولامدۇ قونىقىڭنى بالا، ھە ياق، ھېسامىدىن؟

— سىز يەۋاتقاندا ئاقچىڭىزنى تۇتۇپ تۇرىمەنما؟

— ۋاھ گەپدانلىقىڭنى قارا، تازىمۇ چىڭ ئوقەتچى ئوخشىمامسەن؟

— چىڭ بولمىساق قوناقنى ۋاشاڭ قىلىۋېتەرسىز.

ھېسام بىلەن ئېتىشقان كىشى — دوغىلاق قاساپ كۆلۈپ كەتتىدە، ئىككى تال قوناق ئالدى.

گاھى كۆنلىرى قوناق ئانچە ئىتتىك سېتىلماي قالاتتى.

چېلىكنى ئەتىگەندىن بېرى بەش ـ ئالتە يەرگە يۆتكىگەن ھېسام
بىردەم ياپقۇچنى قايرىپ قوناقلارنى، بىردەم مانچىستېرى دوپپى-
سىنىڭ قېتىدىكى پۇللارنى سانايتتى. كۆكۋاش سودىسى قىزىي-
دىغان سېزۇنلۇق، ساناقلىقلا كۈنلەر جەريانىدا ھېسام تەرىپىدىن
يەنە بىر مۇنچە قىزىق ئىش، ھەرىكەتلەر سادىر بولاتتى. بەزىدە
خېرىدارلار ئۇنى ئەتەي گەپكە سېلىپ، تېرىكتۇرۇپ، ئادەمنى
كۈلدۈرىدىغان گەپلىرىنى ئاڭلىشاتتى. شۇنى مەشەدە قوشۇپ ئۆ-
تۈشكە تېگىشلىككى، ھېسامنىڭ ھازىر جاۋابلىقى كىچىكىدىن
تارتىپلا «ئاغزىنى تاتىلىغان» دا بۆلەكچە نامايان بولاتتى. يەنە
بەزى چاغلاردا ھېسام كۆممىقوناقنى تېز ساتالمىغانسېرى كۈلكى-
لىك ئىشلار روي بېرەتتى. بىر قېتىم قوناق سېتىلمىغانسېرى
ئۇنىڭ قورسىقى بەتتەر ئېچىپ كەتتى. ئەتىگەن ھەدېگەندىلا ئۇ
ئۇن ـ ئۇن بەش باش قوناقنى خېلى قىممىتىگە سېتىۋالغانىدى.
شۇڭلاشقا، ھازىر قورسىقى ئاچقانسېرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى-
نى ئۈلاپ، چېلەكتىكى مۇزلاپ قالغان قوناقلارنى بەخىرامان
يەۋەردى. شۇ كۈنى ئاخشىمى يەنە ھېلىقى بىر ۋاقتىدىكى ئىش
قايتىلاندى. ھېسام ئۆيگە بىلەن ھاجەتخانىنىڭ ئارىلىقىدا تولا يۈ-
گۈرۈپ ماجالىدىن كەتتى. ئەنسىرەپ ھالى قالمىغان ھەسەلخان
بۇ قېتىم ئوغلىغا باشقىچە بىر نېمىلەرنى دەپ كايىمىغان بولسى-
مۇ، ئۇنىڭ چىرايىدىن «يىمەيدىغانراق كىرسىن سات، بالام»
دېگەن چاغدىكىدەك ئىپادە مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇراتتى.
يېگەن دورىلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۈنۈم بەردىمىكىن، يەنە بىر
يىل ئاتلاپ، كۆكۋاش ۋاقتى كەلگىنىدە قۇناخۇن تېرىپچىنىڭ
سالامەتلىكى بالا ـ ۋاقىلىرىنىڭ تەلىيىگە خېلى ئوبدانلا ئەسلىگە
كېلىپ قالدى. بىسمىللا دەپ بازارغا چىقىۋېدى، ئىش ـ ئوقىتى-
مۇ خېلى يۈرۈشۈپ، قولى پۇل كۆرگىلى تۇردى. قۇناخۇن بۇ
چاغدا ئۆزىنىڭ بىر چاغلاردىكى تىلىكىنى يادىغا ئېلىپ، ھېسامنى
بەيتۇللا مەسچىتى يېنىدىكى شۇ زامانلاردا خېلى ئاتىقى بار مەدرى-
سىگە ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ ئاپىرىپ بەردى. بۇ چاغلاردا ئۇ
ئەمدى ھېسامنىڭ ئارقىسىدىكى بۆلەك پەرزەنتلىرىنىمۇ، بولۇپمۇ

ئوغۇللىرىنى ساۋاتلىق قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

— ئاداشلىرىڭنىڭ ئىچىدە ھەم ئوقۇپ، ھەم تىجارەت قىلالىۋاتقانلىرىمۇ بار ئەمەسمۇ بالام، — دېدى قۇربان تېرىچى ئوقۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل كەينىگە تىرەجەۋاتقان ھېسامغا نەسىھەت قىلىپ، — ئاز - تولا ئوقۇۋالساڭ چوڭ بولغاندا جېنىڭغا ئەسقاتىدۇ. كېلىۋاتقان زامانلار ئوقۇمىغان ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي زامان بولىدۇ. گېپىمنى ئاڭلا، ئىنىلىرىڭ بىر سىرى، سەن ئوقۇمىساڭ بولمايدۇ، ھەرەج تارتىپ قالىسەن.

ئەمەلىيەتتە ھېسامنىڭمۇ مەكتەپكە خوي بارغۇسى بار ئىدى. ئۇ پەقەت بىر - ئىككى يىلنىڭ ياقى ئۇنى - بۇنى سېتىپ، قولىغا كىرىپ قالىدىغان ئاز - تولا پۇللارغا قىيالمايتتى. يەنە، خالىغان چېغىدا ئۇنى - بۇنى يېيەلمەيتتىمدە! مەھەللىدىكى مەدرىسىگە قاتنايدىغان باللار ئاخشاملىرى كوچىدا بىرگە ئويناۋاتقاندا مەدرىسىدە ئۆگەنگەنلىرىنى يادلاشسا ياكى ئۇستازلىرى سۆزلەپ بەرگەن ئاجايىپ - غارايىپ گەپلەرنى، ۋەقەلەرنى كۆز - كۆز قىلىشقاندەك تەكرارلاشسا ھېسامنىڭ ئىچىگە ۋاززىدە ئوت كېتەتتى. ئۇنىڭ مەكتەپكە قاتنايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنىلىرى ھۇسەن، قېيۇم، ھەسەنلەرمۇ تۇرالماي قېلىشقانىدى. ھېسام ئۇلارنى تاڭ قالدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپكە بېرىش قارارىغا كەلدى. ئەمما ئاتىسىدىن بىر ماقۇللۇقنى، يەنى، ئارام ۋە تەتىل مەزگىللىرىدە ئىلگىرىكىدەك سېتىقچىلىقنى قىلىۋېرىش توغرىسىدىكى رۇخسەتنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇمىدى.

بەيتۇللا مەدرىسى يېنىدىكى مەكتەپ شەھەر ئىچىلىكلەرنىلا ئەمەس، يېقىن ئەتراپتىكى نۇرغۇن مەھەللىلەردە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان بىلىم ئوچاقلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يەردە ئۆز زامانىسىدىكى ئەلگە مەشھۇر ئۆلىما، بىلىم ئىگىلىرىدىن ئابدۇلمۇتائالى خەلپەم، ناسۇھا داموللىدەك كۆپلىگەن ئاتاقلىق ئىلىم تەھسىلى ھەم تەتبىقى بىلەن شۇغۇللانغان، ھېسام ئوقۇغان مەزگىللەردە بۇ جايدا يەنە ھاشىر خەلپىتىم، ئىمىن ئەپەندى، ئاغچىقىز ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچە قابىل

مۇئەللىم، مۇئەللىمەلەر دەرس ئۆتەتتى.

قۇربان تېرىچى ھېسامنىڭ قولىدىن يېتىلەپ مەدرىسە دەرۋازىسىدىن كىرىدىيۇ، قەلبى دولقۇنلىنىپ تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرىدە ئىسسىق ياش غىلاملىدى. ئۇ ئاتا بولۇپ، ئەر بولۇپ، ئۆز پەرزەنتىنى ئىلىم ـ مەرىپەت قۇچىقىغا تاپشۇرۇۋاتقىنىدىن ھەم شادلىناتتى، ھەم تەسىرلىنەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرىقى ئارزۇسى ئىدى. ياشلىق پاراستى ئۇرغۇپ تۇرغان، چىمەك بەدەنلىك ئىمىنجان ئەپەندى ھېسامنىڭ قولىنىڭ بېغىشىنى تۇتقىنىدا قۇربان تېرىچى ئەندىككەندەك گېپىنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ:

ـ بالامنىڭ گۆشى سىزنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ، گەپ ئاڭلىمىسا تاياقتىن ئايرىماي، ئۆزىڭىزدەك موللا قىلىپ چىققايسىز، — دېدى.

ئىمىنجان ئەپەندى ئۇركىگەن قوزىدەك شوخشۇپ تۇرغان ئورۇق، ئىنچىكە بويۇن بالا — ھېسامغا چاقچاق قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— پالاققا چىدامسەن، ھەي، ياخشىسى ئوبدان ئوقۇغىنىڭ جۆن جۇمۇ ئاۋاق، تاياق كۆتۈرەلمەيسەن بۇ ئەپتىڭدە، — دېۋىدى، ھېسام ھېلىلا تاياق يەپ قالىدىغاندەك دىككىدە نېرى چاپچىدى. ئەتراپتا تۇرۇشقانلار، شۇ قاتاردا قۇربان تېرىچىمۇ كۈلكىدىن ئۆزىنى تىيالمىدى.

مەكتەپ ھاياتى كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ھېسام نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ساۋاقداشلىرى بىلەن ئىجىللىشىپ كەتتى. مەدرىس ھاياتىنىڭ ھەر مىنۇتى، ھەر بىر كىچىك ئىشى ئۇنىڭغا يېڭىچە، قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپكە خۇشاللىق بىلەن ماڭاتتى، قىيالماسلىق تۇيغۇسىدا قايتاتتى. دەرسخانا ئۇنىڭغا مېۋىلىك باغدەك، يايلاۋدەك بىلىنەتتى. ساۋاقداشلار بىلەن بىللە قىلىشقان پاراڭلار، دەرس ئارىلىقلىرىدا ئوينىغان ئويۇنلار شۇ قەدەر كۆڭۈللۈك بولاتتى. گاھى كۈنلىرى ھېسام ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆيگە قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتاتتى. ئۇنىڭ يولىغا قاراپ ئەنسىرىگەن ئانا بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنى تۇتالماي كايىپ كېتەتتى:



www.uyghurkitap.com

— ۋاي جېنىم بالامەي، سازاڭدەك لۆمشۈپ مېڭىپ ئەمدى كەلدىڭمۇ، يېرىم يولدا قونۇپ قالماپسەن ھېلىمۇ.

— سازاڭدەك لۆمشۈسەم ياخشىغۇ ئاپا، — دەيتتى ھېسام گەپ بەرمەي، — قۇلۇلىدەك دۈگىلەپ كەلدىم، يولدا بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپ، ئاران چىقتىم!

ياز كېلىۋىدى، ھېسامنىڭ يەنە ئوقەت قىلغۇسى كېپقالدى. تەتىل كۈنلىرى باشلىنىشى بىلەنلا ئۇ ئاللىقاچان تەيىن قىلىپ قويغان باققال سېۋەتنى بېغىدىن ئارتىلدۇرۇپ دولىسىغا ئېسىپ، «ئالما بازار» مەھەللىسىگە سەھەرلەپ يۈگۈردى. ھەر كۈنى تاڭ يورۇشى بىلەن بۇ بازار ئاجايىپ قىزىپ كېتەتتى. ھارۋا - ھارۋىلاپ ئالمىلار ئۆپچۆرىدىكى يېزىلاردىن مەشەگە قاراپ ئاقاتتى. سەھەر ھاۋاسىنى شېرىن پۇراقلار چۇلغايتتى. ھېسام كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن كارتۇشكا، تاغىل، سەنتەر، ئىستولۇۋي، ئاپورت قاتارلىق ئالما سورتلىرىدىن تاللاپ، ھەر كۈنى بىرەر خىلىدىن ئالاتتى. كەچ كىرگۈچە ئۇنىڭ ئەملى شەھەر ئىچى مەھەللىسىنىڭ يوللىرىنى، دوقمۇشلىرىنى ئاۋات قىلىش بىلەن ئۆتەتتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭغا ئاجايىپ يېتىلىپ پىشقان، ساپسېرىق، سۇلۇق مەمپەزە ئالما ئۇچراپ قالدى. ئالمىلار بىر خىل چوڭلۇقتا، پىيالىدەك كېلەتتى. ھېسام ئالما ئالغۇچە بىرنى يېۋىدى، ناۋاتتەك تەم تىلىنى ياراي دېدى، چۈشكە يېقىن ئۇ نەپسىنى زادىلا يىغالمىدى، ئەزەلدىن قورسىقىغا ئامراق ھېسام، سېۋەتتىكى تېخى يېرىمى سېتىلغان ئالمىلارغا قاراپ، قالغىنىنى ساتقۇسى كەلمىدى. خالىي بىر يەرگە بېرىپ مەمپەزە ئالما دېگەننىڭ ئەدىپىنى تازا بېرىپ قارنى ئېتىلىپ كېتەي دېگۈچە يېدى. ئاخىر تىنالماي قالدى. سېۋەتتە ئىككى تاللا ئالما قالغانىدى. ھېسامنىڭ يادىغا شۇ چاغدىلا ئالمىنىڭ ئىز پۇلى بىلەن پايدىسى كەلدى، مۇشۇ تاپتا بۈگۈنكى ئوقەتنىڭ پايدىسى بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئىز پۇلىمۇ تالاي كەملەپ كەتكەنىدى.

ھېسام ئىككى تاللا ئالما قالغان سېۋەتنى قۇچاقلاپ، بېشى يەرگە ساڭگىلىغانچە ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. ھازىر ئۇ ئاتا -

ئانىسىغا نېمە دەپ باھانە كۆرسىتىش توغرىسىدىلا ئويلايتتى. بىر ياقتىن قورسىقى ھەدەپ كۆپۈپ، مەيدىسى بىئارام بولاتتى. ئۇ ئۆيى بار كوچىغا ئەمدىلا ئەگىلىۋېدى، قۇلىقىغا يىغا ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. يىغا، تام قوشنىسى ئۆمەر باققالنىڭ ھويلىسىدىن چىقىۋاتاتتى.

— قوشنىمىز ئۆمەر باققال تۇگەپ قالدى بالام، — دېدى ئاق چىگىپ قوشنىلارنىڭكىدىن، پەتىدىن چىقىۋاتقان ھەسەلخان تېگىرقاپ تۇرۇپ قالغان ھېسامغا، مۇڭلۇق ئاۋازدا، — تېخى بايىلا ساپساق ئىكەنتۇق رەھىمەتتى، ئولتۇرغان يېرىدە بىر قىيسىيىپلا... ئەجەل دېگەن...

شۇئان ھېسامنىڭ كاللىسى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئاپىسىنىڭ گېپى تۇگەر ـ تۇگىمەي ئۇ يىغىنى دوۋلاشتى:

— ۋاي ئالامەي، ۋاي مەمپەزە ئالىملىرىم، ۋاي ياش كەتكەن ئالىملىرىمەي!

ئاپىسى، ئۇنىڭغۇچە يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ يۈگۈرۈپ كېلىشكەن ئىنى ـ سىڭىللىرى ھەيران بولۇپ، ئەنسىرەپ ھېسامغا داڭقېتىپ قاراپ قېلىشتى.

— نېمە بولدى ھېسامىدىن، ئادەمنى قورقىتىپ نېمە يىغلايسەن ساقام؟

— ئەتىگەن ئالغان ئالىملىرىمنىڭ يېرىمىنى ساتقانتىم، قالغان يېرىمى تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى، ۋاي ئالىملىرىم!

ئۇندەرەپ كەتكەن ھەسەلخان بىر قولىدا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى تۇتتى. ھەيرانلىقى تېخىچە بېسىلمىغان پېتى:

— ئوۋۋاش بالام، نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئالىمۇ ئۆلەمدۇي؟، توۋا! — دېدى.

— باققال ئۆلىدىكەنۇ، ئالما ئۆلمەمدىكەن؟ ۋاي يېرىم سېۋەت ئالمام، ئەجەب ئۆلۈپ كەتتىڭغۇ! — ھېسام تېخىمۇ بەتتەر يىغلاشقا باشلىدى.

## 10. يەنە شۇ بابتا...

ھاشىر خەلپىتىم ئۆز زامانىسىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماي، يەنە كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىدىمۇ ئۆزگىچە يول تۇتقان ئادەم ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى يالاڭ پەلتوسى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئالا- ھىدە تارتىپ تۇراتتى. كىم بولسۇن، مەدرىسە دەرۋازىسى ئالدىدا بۇ كەڭ - كەڭرى، ئالدى ئېچىقلىق پەلتونىڭ ئىچىگە بىر شوخ بالا ئۇدۇل يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە باشچىلاپ كىرىپلا كەتتى. خىيال بىلەن كېلىۋاتقان خەلپىتىم كەينىگە ئوڭدا چۈشكىلى تاس قال- دى.

— ھوي، سەنمىدىڭ ھېسامىدىن؟ — ھاشىر خەلپىتىم پەلتوسىنىڭ ئىچىدىن «تۇتۇپ» چىققان ئون بىر - ئون ئىككى ياشلاردىكى ئورۇق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بالىغا زوقلىنىش ۋە كايىش نەزىرى بىلەن تىكىلدى، — ھە، ئوغلۇم، سادىن ئۈركىگەن چۈجىدەك پالاقشىپ نەگە قاچماقچىدىڭ؟

ھېسام، خەلپىتىم ئامبۇردەك قوللىرى بىلەن چىڭ قىسقان بىلەكلىرىنى بوشاتماقچىدەك يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ ئۇستازىنىڭ كۆز- لىرىگە ئەيمىنىپ قارىدى.

— گەپ قىل، خوش؟

— ئاۋۇ... چوڭ سىنىپنىڭ بالىلىرى قىزىقچىلىق قىلىپ بەر دەپ... قىلىپ بەرمىسەم شارابارىڭنى سالدۇرۇۋېتىمىز دەي- دۇ.

ئۇنىڭغۇچە بالىنىڭ بىلەكلىرىدىن قولىنى بوشاتقان ھاشىر خەلپىتىم ھېسامنىڭ ئاخىرقى گېپىدىن ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ تاشلىدى.

— بۇنى قارا، بوزەك قىپتىدە سېنى ئۇلار، ھە؟ خوش،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىملەر شۇ؟

ھېسام ھېيىقىپ يەرگە قارىدى. جان دەپ ئىسىملىرىنى دەپ
بېرەتتىغۇ ئۇ مۇشتۇمزورلارنىڭ، لېكىن ئەقىلللىق بالا كېيىنلە-
كىنى ئويلىدى.

ھاشىر خەلپىتىم يېشىغا قارىغاندا گەپ ـ سۆزلىرى پىش-
شىق، كىيىملىرى قىزىقلا، كەڭ ئۇزۇن شارابارىغا ماسلاشماي
كەلگەن تار، قىسقا كەمزۇلى، بېشىدىكى رېڭى ئۆڭگەن، باش
كىيىملىك خۇسۇسىيىتىدىن باشقا پومزەك، تەپكۈچ، ھەتتا «پاق
ـ پاق» رولىلىرىنىمۇ ئۆتەيدىغان مانچېستېر دوپپىسى پۈكلىنىپ،
مايلىشىپ، يىرتىلايلا دەپ قالغان ھېسامغا كۈلۈمسىرىگىنىچە
بېشىنى تىنماي لىڭشىتىپ سەپسالدى. ئۇ باشقىلاردىن «قۇربان
تېرىچىنىڭ چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ مىجەزىنى كىيىپلا چىقىپتۇ،
تىنماي قىزىقچىلىق قىلىپ يۈرىدىكەن، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ بۆ-
لەكچىلا» دەپ ئاڭلىغانىدى. مەدرىسىدىمۇ ئۇ دائىم باللارنىڭ
ھېسامنى ئورۇۋېلىپ، پاراق ـ پۇرۇق كۈلۈشۈۋاتقىنىنى نەچچە
قېتىم كۆرگەن.

بۈگۈن خەلپىتىمنىڭ كەيپى خۇش ئىدى. ئۇ ھېسامنىڭ
بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئۇنى دەرۋازىدىن كىرىشتىكى ئوڭ تەرەپكە
ئورنىتىلغان ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇق يېنىغا ئېلىپ كەلدى.
ئۆزى، ئولتۇرىدىغان يېرىنى بىر پۈۋلىۋېتىپ جايلىشىۋالدى،
كېيىن ھېسامغا قارىدى.

— ھە، مۇنۇ يەردە ئولتۇر، ئولتۇرىۋەر. خوش قېنى،
خەققە دەپ بەرمىگەن قىزىق گەپلىرىڭنى ماڭا دەپ بەرمەمسەن
ئەمدى؟

ھېسام ئۇستازىنىڭ كۆزىگە يالتىتىدە قاراپ، جىم تۇرۇپ
قالدى. مەدرىسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بۇ رەتلىك كى-
يىنىپ يۈرىدىغان، كەم سۆز مۇئەللىمدىن ئەيمىنەتتى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، تارتىنىۋاتىسەن — ھە؟ خوش، سا-
ۋاقلىرىڭ قانداق؟

— بوپقالىدۇ، — دېدى ھېسام دەرھاللا. خەلپىتىم كۈلۈ-

ۋەتتى.

— پاھ، گەپلىرىڭمۇ ئۆزگىچىكەن سىنىڭ، ساۋاقلاردىن قايسىسىغا ئامراقسەن؟

ھېسام بۇ قېتىممۇ تەمتىرەپ تۇرمىدى.

— تەنەپپۇسقا، — دېدى ئۇ. ھاشىر خەلپىتىم بۇ دورەم ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھوي شەيتانەي، راستلا يامان نېمىكەنسەنغۇ سەن، قارا، سېنى ئارتىس قىلساق بولغۇدەك. سەھنىگە چىقساڭ تەمتىرىمەيدىغانسەن؟

ھېسامنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— مۇشۇ كىيىملىرىم بىلەنما؟

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇستۈبېشىغا سەپسالدى. ھاشىر ئەپەندىم بۇ چاغدا كۆڭلىگە بىر نېمىنى پۈكۈپ بولغانىدى.

— ماڭا قارا، سېنىڭدە بىر تۇرلۇك خۇسۇسىيەت بار، كەلگۈسىدە يا يېتۇك ئاكتىيور بولۇپ چىقىسەن، يا بولمىسا نەسىردىن ئەپەندىنى تىرىلدۈرىسەن، قايسىلا بول مەيلى، ساۋاقلىرىڭنى ياخشى ئوقۇ، سىلەرنىڭ زامانىڭلارغا بارغاندا بالام، ئوقۇمىغانلارغا تۇرمۇش تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. چۈشەندىڭمۇ پاردىڭىمنى؟

— چۈشەندىم، خەلپىتىم، — دېدى ھېسام ياغاچ ئورۇندۇقتىن دىككىدە يەرگە چۈشۈپ، — بىرىنچى سىنىپتا يەتتە يىل ئوقۇيدىغان بوپقالما دەيسىز - دە!

ھاشىر خەلپىتىم بۇ دورەممۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ھاي ھېسامىدىن، ھېسامىدىن! — دېدى ئۇرغۇلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ۋە كۈچلۈك بارماقلىرى بىلەن ھېسامنىڭ بېشىغا چەكتى، — مۇنۇ خاپان كاللاڭ بوش كاللا ئەمەسكىنە سىنىڭ!

شۇ قېتىملىق سۆھبەت ھاشىر خەلپىتىمگىمۇ، ھېسامغىمۇ چوڭ تۇرتكە بولدى. شۇ ئارىدا مەدرىسىدە ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللىنىپ، مۇئەللىملەر يېتەكچىلىك قىلىدىغان سەنئەت كۇرۇژوكى ئىش باشلىغانىدى. ھېسامنىڭ يادىدىكى، شۇ يىللاردا ئىلى

www.uyghurkitap.com

مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار ئارىسىدا كېيىن ئەلگە مەش-
ھۇر سازەندە، مۇقامچى، ناخشىچى بولۇپ يېتىلىپ چىققانلار
خېلى كۆپ بولىدىغان. زىكرى ئەلپەتتاغا ئوخشاش يېتۇك سەنئەت-
كارلار مۇشۇلارنىڭ مىسالى، يەنە مۇقامچى ئابلىز شاكىرمۇ ھې-
سامدىن كېيىنرەك، بەيتۇللا مەدرىسى يېنىدىكى مەكتەپتە دەرس
ئالغان بولۇپ، ھازىرمۇ ھېسام قۇربان ئايرىم سورۇنلاردا
«ھوي، بىزچۇ، ئابلىز شاكىرلار بىلەن ساۋاقداش» دەپ ياش
دەۋاسىنىڭ ئاخىرىنى شىپپىدىلا بوغۇپ قويىدۇ.
مەكتەپ سەنئەت كۇرۇژۇكىدىن باشقا ھەرقايسى سىنىپلار-
دىمۇ ئوقۇغۇچىلار پات - پات يېڭى نومۇرلارنى تەييارلايتتى.
نومۇرلارنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇنى خىلمۇخىل بولۇپ، دۇتار، تەم-
بۇر، ئىسكىرىپكا، داپ بىلەن خەلق ئاھاڭلىرى چېلىناتتى ۋە
شۇنىڭغا مۇناسىپ ناخشا - ئۇسۇللارمۇ ئېلىپ چىقىلاتتى. ھېسام
ئوقۇيدىغان سىنىپتا نۇرمۇھەممەت ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى بو-
لۇپ، ئاياللارچە كىيىنىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بولسا ھېچكىم ئۇنى
ئوغۇل بالىكەن دېمەيتتى. مۇئەللىملەرمۇ، ساۋاقداشلارمۇ ئۇ
بالىنىڭ ئۇسسۇلىغا زوقمەن بولۇپ، پات - پاتلا يىغىلىشلاردا
ياكى دەرس ئارىلىقلىرىدا ئاجايىپ لاتاپەتلىك ئۇسسۇلىنى نۇرمۇ-
ھەممەت ئىجراسىدا كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا تاڭلايلىرىنى چېكەتتى،
نۇرمۇھەممەت قورقۇمسىز، چەبدەس بالا ئىدى. مەكتەپتە ئۇ
ھېسام بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. تەپكۈچ ئويىنىغانلاردا، مەدرىسە
ئىچىدىكى خالىسانە ئەمگەكلەردە ئۇ ھېسام بىلەن بىرگە بولۇۋالات-
تى. چۈنكى، نۇرمۇھەممەت نۆۋىتىدە ھېسامنىڭ قىزىق گەپلىرى-
گە ھېرىسمەنىدى. بىر قېتىملىق ئويۇن تەييارلاشتا ھېسام شەڭ-
گەنىنىڭ، نۇرمۇھەممەت دوتەيىنىڭ رولىنى ئالدى، ھەر ئىككىلە-
سى رولنى قالتىس جانلىق ئېلىپ چىققانىدى، بولۇپمۇ ھېسام
شەڭگەنىنىڭ دوتەيگە خۇشامەت قىلىدىغان يېرىنى ئۆزىدىكى قىزىق-
چىلىق مىجەزىگە يارىشا تولىمۇ كۈلكىلىك ئېلىپ چىقىپ بالىلار-
نى تازا كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇ ھەرقېتىم ئۇششاق چامداپ، پەي -
پەي ئېتىپ، ئىككى يېقىغا ئىرغاڭشىغىنىچە يەلپۈگۈچ ئويىنىتىپ

ماڭغىنىدا ئەتراپتىكىلەر پاراق - پاراق كۈلۈشەتتى. ھېسامنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەر شۇنداق تېز ئالمىشاتتىكى، تەڭتۇشلىرىدىن ھېچقايسىسى ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى دورىيالمايتتى. ھېسام خۇشامەت كۈلكىسىنى كۈلۈپ، ئۇششاق چامداپ «دوتەي» نىڭ ئالدىغا كېلىپ، تازىمۇ ئېگىلىپ تەزىم قىلغان چاغدا ئۆزىنى ئەتەي سۈرلۈك تۇتۇپ ئولتۇرغان نۇرمۇھەممەتمۇ ھەر قېتىمدا كۈلۈۋېتەتتى.

— ماڭا قاراڭلار، - دېدى سىنىپتىكى بالىلاردىن بىرى، — نۇرمۇھەممەتقۇ دوتەيلىككە قاملىشىپتۇ، بىراق مۇنۇ ھېسامنى كۆرمەمسىلەر، شەڭگەن دېگەن مۇشۇنداق ئاۋاق بولامدۇ؟

ئەتراپتا «راست، راست» دېگەن ئاۋاز چىققىلى تۇرۇۋېدى، ھېسام دەرھال ئىنكاس ياندۇردى:

— ھەي، سەن نەدىن بىلىسەن، مەنچۇ دوتەيگە تولا تەزىم قىلىمەن دەپ مۇشۇنداق ئاۋاق بوپكەتكەن، — دەپ ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

بىر قېتىم ھېساملار ئىمىن ئەپەندى تۈزگەن «چوقۇم يېڭىمىز» ناملىق كىچىك درامىنى تەييارلىدى. ۋەقەلىك سوۋېت گېرمان ئۇرۇشى توغرىسىدا بولغاچقا، سەھنىگە ستالىن بىلەن گىتلېر چىقىشى لازىم ئىدى. ئاقىۋەتتە ستالىن بولۇشنى خالايدىغانلار جىق چىقىپ كېتىپ، گىتلېرنىڭ رولىنى ئالىدىغانلار بولماي قالدى. ئەسلىدە ھاشىر خەلپىتىم، ئىمىن ئەپەندى قاتارلىق ئۇستازلار ساۋاقداشلارغا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى توغرىسىدا ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىپ، سەبىيلەر قەلبىدە زالىم گىتلېرغا نىسبەتەن زور ئۆچمەنلىك قوزغىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ۋاقىتلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپتىن ھەر كۈنى ئۇرۇش تالاپەتلىرى ھەققىدە بىرىدىن - بىرى بوي شۈركەندۈرگۈدەك خەۋەرلەر كېلىپ تۇرغاچقا، ھەممە ئائىلىدە پاراڭنىڭ تېمىسى تولاراق شۇ ھەقتە بولۇپ، بالىلارنىڭ كاللىسىدا ئېغىر تەسىر قالدۇرغانىدى. شۇ سەۋەبتىن ھېچكىمنىڭ گىتلېر بولغۇسى كەلمىدى.

www.uyghurkitap.com

— ھېسام، سەن گىتلېر بولۇپ چىق، — دېدى بىركۈنى، رەپتىسكە مەسئۇل ئاغچىقىز مۇئەللىم.

ھېسام دەررۇ كەينىگە شوخشىدى.

— مەن بولمايمەن، مېنىڭ گىتلېر بولغۇم يوق!

ئاغچىقىز مۇئەللىم ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

— ۋاي سېنى قارا، قىزىققۇ سەن، گىتلېرنىڭ رولىنى ئالسەن شۇ، سېنىڭ ھەرىكەتلىرىڭ گىتلېرنىڭ رولىغا ماسلىشىدۇ.

— راست، ھېسام ئۆزىمۇ گىتلېرغا ئوخشايدۇ، — كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى.

— مېڭىشلىرىمۇ گىتلېرغا ئوخشاپ كېتىدۇ، — يەنە بىرەيلەن گەپ قىستۇردى.

ھېسامغا كېيىنكى گەپ ئېغىر كەلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ مېڭىشى ھەققىدە گەپ قىلىشىنى ياقتۇرمايتتى. ھازىرمۇ شۇنداق. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، بىر قېتىم ئۇ چاقچاقلىرىنى توپلاپ - رەتلەپ يۈرگەن سەلىمگە ئۆزىنى «ھېسام دەلدۇش» دەپ ئاتىغۇچىلاردىن ئىنتايىن بىزار ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

ھېسام ئاغچىقىز مۇئەللىمنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، سىنىپتىن شۇنداق تېز يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاخشىمى ئۆيىدىكى بىردىنبىر، ئالىقانچىلىك، پۇچۇق ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنىڭ گىتلېر دېگەن ئۇ ئەبلەخكە ئوخشايدىغان - ئوخشىمايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆردى. نامەتمەن قارا كىمگىزدىن كىچىككىنە يۇلۇۋېلىپ، تۈكۈرۈكدەپ بۇرنىنىڭ تېگىگە چاپلىۋېدى، ئەينەكتە نەق گىتلېرنىڭ ئۆزىلا پەيدا بولدى. ئەينەكتىكىنىڭ پەقەت ئۆزۈن چېچىلا يوق ئىدى، كىچىككىنە ھېسامنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بوپقالدى.

ئەتىسى ئاغچىقىز مۇئەللىم تۇنۇگۈنكى تەكلىپىنى قايتىلىۋىدى، ھېسام تارتىشمايلا ماقۇل بولدى. گىتلېرنىڭ رولىنى ئۇ شەڭگەنىڭ رولىدىنمۇ ئوخشىتىپ ئېلىپ چىقتى. شۇنداق قام-

لاشتۇردىكى، ئەزەلدىن كۈلمەيدىغان، قاپىقى يامان «ستالىن» مۇ غاڭزىسىنى قولىغا ئېلىپ، كۈلۈۋەتتى.

ھېسامنىڭ ئارتىسلىك ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. مەھەل- لىدىكىلەر، مەدرىسىدە بىرگە ئوقۇغانلار خېلى يىللارغىچە ھې- سامنى كۆرسە «ھوي، ھېسام گىتلېر» دەپ چاقچاق قىلىپ يۈرۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭگى ئادرېسى

## 11. كىچىك ناغرىچى

ئىلى ئۇيغۇرلىرى ناغرا ـ دۇمباق، سۇناي ئەۋجىلىرىنى ۋە ئىلى دەرياسىنىڭ تىنىمسىز ئۆركەشلىرىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا تەڭ يېتىلدۈرۈپ، بۇ گۈزەل ۋادىدا شانلىق تارىخ يارىتىپ كەلدى. بۇ شانلىق تارىخنىڭ بىر بۆلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، بەيتۇللا پەشتىقىدا يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئاشۇ مەردلىك جارچىسى ناغرا تارانىلىرىنى ياڭرىتىپ كەلگەن كىشى — ھېسام.

بەيتۇللا مەدرىسىدىكى بەش يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ھېسام-غا ئەڭ زور تەسىر قىلغان، ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقان ۋە ۋۇجۇدى-نى تەلپۈندۈرگەن نەرسە — ناغرا. ئوقۇغۇچىلىق يىللىرىدا ئۇ راستىنلا ناغرا چېلىشقا خۇمار ۋە مەپتۇن بوپقالغانىدى. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ سەبىي ۋۇجۇدىدا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سەنئەت تۇيغۇلىرىنىڭ ئىپادىسى ۋە ئىنكاسى بولسا كېرەك.

ئۇ زامانلاردا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈچ يېرىدە چوڭ ناغرىخانا بار بولۇپ، ئۇرنى بەيتۇللا، قارادۆڭ، نۇرئاقساقال مەسچىتلىرى-دىن ئىبارەت ئىدى، بولۇپمۇ بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى ناغرىخانا ھەممىدىن بەكرەك مەشھۇر بولىدىغان. ناغرا ئادەتتە رامزان ئايلىرىدا پۈتۈن بىر ئاي چېلىناتتى. كىشىلەر زوغا ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇشاتتى. پۈتۈن بىر ئاي غۇلجا شەھىرى ھېيت تەنتەنىسىگە، شادىيانە تۇيغۇغا چۆمەتتى. ئۈچ يەردىكى ناغرىخانىنىڭ مەخسۇس، مۇقىم ناغرىچىلىرى بىر ئاي بەيگىگە چۈشەتتى. بەيتۇللا مەدرىسىدىكى ھېيت ئەيسا، ئەيساۋەگ، ئە-مىن ئەپەندى، تۇردى قارىبالا، ئابدۇكېرىم ھىنگاپ قاتارلىق شەھەرگە داڭلىق ناغرا ـ سۇناي ئۇستىلىرى بىر ئاي روزا داۋامى-دا ۋە ھېيت كۈنلىرىدە شەھەر خەلقىنىڭ پاراڭ تېمىسى بوپقالات-

تى. ھېسام ئەنە شۇنداق قايناق مۇھىتتا چوڭ بولغاچقا ۋە بىر
نەچچە يىل مەدرىسە بىلەن بىر تۇتاش ناغرىخانىدا يۈرۈپ، سەبىي
يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەشلىرىنى ناغرا پەدىلىرى بىلەن قوشۇۋەتكەچ-
كە، ناغرىغا بولغان ئىشتىياق ئۇنى بىلىندۈرمەيلا ناغرىچىلار
تۈرىدىغان سىرلىق پەشتاققا ئېلىپ چىقتى. ئۇنى ئۇ يەرگە ئېلىپ
چىققۇچى كىشى دەل ئىمىن ئەپەندى ئىدى.

روزا ئېيى كىرىشىگە ئىمىن ئەپەندى ھەر يىلدىكىدەك تولـ-
مۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. مەكتەپتىكى دەرس ئۆتۈش ۋەزىپە-
سىدىن باشقا، ئۇنىڭ ناغرىخانىدا ناغرا چېلىش مەشغۇلاتىمۇ بار
ئىدى. شۇ ئالدىراشچىلىقلار ئارىلىقىدا ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئوقۇغۇ-
چىسىنىڭ ناغرىخانا تەرەپكە پەرۋانە بولۇپ يۈرگىنىنى، سىنىپتى-
مۇ جىلتىسىنى ناغرا قىلىپ، ئىككى قولىنىڭ ناغرا پەدىلىرىگە
ئويناپ ئولتۇرغىنىنى بىر ئەمەس، بىر نەچچە قېتىم كۆرۈپ
قالدى.

— ھە ھېسام، ناغرا چالغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى
ئىمىن ئەپەندى بىر قېتىم. ئۇنىڭ ئاۋازى تورۇڭ - تورۇڭ
بولغىنى بىلەن، كۆڭلى يۇمشاق ئىدى. ھېسامۇ بۇنى بىلىپ
بولغانىدى.

ھېسام ئۇستازىنىڭ سوئالىغا ئۆزىمۇ سەزمەي باش ھەرىكىتى
بىلەن «ھەئە» دەپ جاۋاب بېرىۋەتتى. ئىمىن ئەپەندى دىدىل
باللارنى ياخشى كۆرەتتى. ھازىر دەرس ۋاقتى بولغاچقا قاپىقىنى
ئانچە ئاچمايلا:

— ساۋاق تۈگىگەندە ئۆيۈڭگە كەتمەي مېنى ساقلاپ تۇر،
خوپ، ئەمدى ساۋىقىڭغا قارا! — دېدى.

سىنىپتىكى باللار ئىمىن ئەپەندىگە ئەگىشىپ، چۇرقىراش-
قىنىچە ئەبجەت يادلاشقا باشلىدى. ھېسام مۇسابىقىنىڭ كەينىدە
قالغان يۈگۈرۈش تەنھەرىكەتچىسىدەك باللارغا ئاران - ئاران
يېتىشكىنىچە كۆڭلىدە «مۇئەللىم دەرستىن كېيىن كەتمەي تۇر
دەيدا، ناغرا چالغۇزارمۇ يا، كۆك شىۋىق بىلەن دۈمبەمدە ناغرا
چالارمۇ؟» دەپ ئويلىماقتا ئىدى.

ھېسام ئۇ كۈنى ساۋاقتىن يېنىپ، جىلتىسىنى قۇچاقلىغىنىچە ناغرىخانا پەشتىقىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ ئىمىن مۇئەللىمنى ساقلاپ تۇردى. ئۇ مۇئەللىمنىڭ ھەركۈنى مۇشۇ ۋاقىتىدا بىرەر كىتاب بىلەن قوشۇپ ئىككى تال سىپتا ناغرا چوكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە مەشەدىن پەلەمپەي ئارقىلىق پەشتاق ئۈستىگە چىقىدىغىنىنى بىلەتتى. دېگەندەك ھايال ئۆتمەي ئىمىن ئەپەندى پەيدا بولدى.

— راستىنلا، ناغرىغا ئىشقىڭ چۈشۈپ قاپتۇ جۇمۇ، كەتمەي ساقلاپسەن. «دەردى يوق كېسەك، ئىشقى يوق ئېشەك» دەپ···، — ئىمىن ئەپەندى ئۆز - ئۆزىگە پاراڭ قىلغاندەك سۆزلەپ، ھېسامغا قارىمايلا پەشتاققا كۆتۈرۈلدى. پەقەت ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ «جۈر» دەپ قويىدى قوپاللىغىنا. شۇ چاغدىلا كۆڭلى تىنغان ھېسام توشقاندەك دىكىلداپ ئىمىن ئەپەندىگە ئەگەشتى. يۈرىكى ھېلىلا يۈز بېرىدىغان مۆجىزىدىن ھاياجانلىنىپ دۈپۈلدەيتتى.

بۇ چاغدا پەشتاقتا ناغرىلار رېتى بىلەن قاتار تىزىۋېتىلگەن بولۇپ، بىر نەچچە كىشى تاياقلىرى بىلەن ئۇ - بۇ ناغرىغا ئۇرۇپ، زىلۇ، بوم ئاۋاز چىقىرىپ مەشىق قىلماقتا ئىدى. بىر چەتتە، قويۇق چاچلىرىغا دوپپىسىنى باستۇرۇپ كىيگەن بىر قىزىلىيۈز ئادەم ۋالىلداپ كەتكۈچە سۈرتۈلگەن ئەپچىل سۇنىيىنى ئاغزىغا توغرىلاپ چېلىۋاتاتتى. ئىمىن ئەپەندى ناغرىچىلار بىلەن بىردەم ئۇنى - بۇنى پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بىر چەتتە كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان ھېسامنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ:

— مۇنۇ ناغرا ئاشىقىنى يېنىڭلارغا قوشۇۋېلىڭلار، يېمەك - ئىچمەك ئۆزىدىن، ئايلىقى يوقسەنسوم، ناغرا چېلىشنى ئۆگىنىۋالسا جېنىڭلارغا ئارام، — دېدى. ھېسام ئۇستازىدىن ئاڭلىغان قىزىق پاراڭغا كۈلۈۋېتەيلا دەپ تۇراتتى، ئىمىن ئەپەندى سۇنايچىغا گەپ قىلدى:

— بۇنىڭ دادىسىنى سەن تونۇيسەن مەتكېرىم، ھېلىقى قۇربان تېرىچىچۇ، ئاكا - ئۇكا كۆلدۈرگىلەرنىڭ بىرى، — مەتكېرىم

سۇنايچى قىزىقچىلىق قىلغاندەك سۇنىيىنى ئاغزىغا تەڭلەپ بىر پىرقىرىتىپ، كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ:

— ناغرا چالامسەن ياكى سۇنايمۇ، هەي، سۇناي چالساڭ ئوسۇرۇپ قويىسەنغۇ دەيمەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ناغرىچىلار كۇلۇشۇپ كەتتى. هېسام بۇ ئوچۇق - يورۇق كىشىلەرنى بىر-دەمدىلا ياقتۇرۇپ قالدى.

ئىمىن ئەپەندى هېسامغا قاتار تۇرغان هەرخىل ناغرا ۋە دۇمباقلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى. ئايرىلاپ قولتۇقىدىكى ناغرا چوكىسى بىلەن ناغرىلارنى تاڭ - تۇڭ ئۇرۇپ قوياتتى.

— مۇنۇ باش ناغرا، بۇنى ئەڭ ئۇستىسى چالىدۇ، مۇنۇسى ئوتتۇرا ناغرا، ماۋۇ بولسا ئاياق ناغرا. سەن مۇنۇ دۇمباقتىن ئىشنى باشلا، هەي سەلەي، مۇنۇنۇڭغا دۇمباقنىڭ قار ياغدىسىنى بىر كۆرسىتىۋەتە!

سەلەي ئىسىملىك ياشقىنا بالا ئاياق ناغرا ئالدىدىن قوپمايلا قولىغا باشقا بىر توم تاياقنى ئېلىپ دۇمباقنى شۇنداق تاراڭشىتىۋەتتىكى، هېسامنىڭ كۆزلىرى يەنە بىر قېتىم چەكچىيىپ كەتتى.

سەلەينىڭ ياردىمىدە هېسام دۇمباق ئۇرۇشنى بىردەم مەشىق قىلدى. ئىپتار ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى. ناغرىچىلار جىددىيلىشىپ ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلاشتى. ئۇنىڭغۇچە دۇمباقنىڭ ئىگىسىمۇ پەيدا بولدى. هېسام بىر چەتكە ئۆتۈپ مەزىننىڭ ئىپتارغا خەۋەر بەرگۇچى ئەزان ئاۋازىدىن كېيىن ناغرىچىلار بىر پەدە قىسقا ياڭرىتىدىغان ناغرا نەغمىسىنى ئاڭلاشقا (ئەڭ يېقىن يەردىن) تەييارلىنىپ تۇردى.

بۇ كۇنى هېسام ئۆيگە خېلىلا كەچ قايتتى. ئىپتارلىق ئۇگرە — ئۇنىڭ نېسىۋىسى قازاندا ئۇيۇپ قالغانىدى. هېسام مۇزدەك ئۇگرىنى شالاپلىتىپ ئىچكەچ ئاپىسىغا ۋە ئۇكىلىرىغا بۇگۇنكى ئىشلارنى هەۋەسلىنىپ سۆزلەپ كەتتى. دادىسى تەرەۋگە كەتكەنىدى، بولمىسا ئۇمۇ ئوغلىنىڭ خۇشاللىقىدىن بەهرىمەن بولاتتى. هېسام هەسەلخاننىڭ «ئوغلۇم، بالدۇر يات، زوغا قوپالماي

قالىسەن» دېگىنىگە قارىماي ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى بىردىن ناغرا قىلىپ چېلىپ چىقتى، ھەتتا ئىنىسى ھەسەنجاننىڭ دۈمبىسى، بۆشۈكتە ياتقان سىڭلىسىنىڭ بۆشۈك تۇتقۇچلىرىنىمۇ چىلىۋەتتى.

ئەتىسى سەھەردە ناغرا ئاۋازى يەنە شەھەر ئىچىنى قاپلىدى. ھېسام ساۋاق ۋاقتىدا ناغرىنىلا ئويلاپ ئولتۇردى. تەلىيىگە چۈشكىچە ئىمىن ئەپەندى دەرس ئۆتكىلى كىرمىدى. بولمىسا ھېسامنىڭ ئويۇن قىپىلىقىغا پۇرسەت چىقماس ئىدى.

ھېسامنىڭ ئەس - يادى بىر قانچە ئايلارغىچە ناغرا، ناغرا چېلىشتىلا بوپقالدى. ئۇ نەدىندۇر تۇۋۇى تېشىلگەن ئىككى قاچالتىر چېلەكنى تېپىپ كېلىپ، ھويلىسىنىڭ بىر بۇرجىكىگە دۈم قىلىپ قاتار قويۇۋالدى. قۇرۇق تېۋىلغىدىن يونۇپ، قىر چىقىرىپ بىر جۈپ ناغرا چوكىسىمۇ ياسىۋالدى. ئەمدى ئەتە - ئاخشاملىرى ئۇنىڭ ئەمەلى ناغرا پەدىلىرىگە مەشىق قىلىش بىلەن ئۆتىدىغان بولغانىدى. ناغرا چالغاننى دەسلەپ ئاڭلىغانلارغا جىمى ناغرا پەدىلىرى بىر خىلدەكلا بىلىنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھەر بىر پەدىنىڭ رىتىم، تاكتىلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. شادىيانە بىلەن سەنەمنىڭ، مۇشاۋرەك بىلەن سەھەريارنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ناغرا چالغۇچىلار ۋە زېھىن قويۇپ تىڭشىغان سەنئەت ئەھلىلىرى چۈشىنەتتى. يەنە تېخى ھەر بىر چوڭ پەدىلەرنىڭ چوڭ - كىچىك سەلىقىلىرى، چۈشۈرگىلىرى بولاتتى. بىر يۈرۈش ناغرىدا ئالتە ناغرا، بىر دۈمباق، بىر سۇناي بولۇپ، بىر - بىرىگە ماسلاشقىنىدا ئاجايىپ نەغمە ياكى ئوركېستىر ھاسىل بولاتتى. زېرەك ھېسام كۆپ ئۆتمەي بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ بىلىۋالدى. ئۇ يەنە جۈمەلىك دەم ئېلىش كۈنلىرىدە قارادۆڭ، نۇراخۇن ئاقساقال ناغرىخانىلىرىغىمۇ بېرىپ، ئۇ يەردىكى ناغرا ئۇستىلىرىنىڭ چېلىش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆزەتتى. توغرىكۆۋرۈكتىكى ئىسمايىل پەشنىڭ ناغرا ئۇرۇشى قارادۆڭدىكى توختىنىيازنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. خۇددى بىرخىل، ئوخشاش تەمبۇرنى چالغان ئىككى تەمبۇرچى-

ـنىڭ سىيرىش، چېكىش، ناخۇن ئۇرۇشلىرى، خۇللاس، مۇڭى
ئۇخشىمىغاندەك. ھېسام ھەر قېتىم دۇمباق چېلىپ، ياندىكى
ناغرىچىلارغا ماسلاشقىنىدا، كۆڭلىدە بىردەم باش ناغرىنى، بىر-
دەم ئورتا ياكى ئاياق ناغرىنى ئۆزى چالغاندەك ھېس قىلىپ،
ھەرخىل ئۇسۇلدا چوكا ئۇرۇشنى پەم قىلاتتى. روزا ھېيتتىن
يەتمىش كۈن كېيىن كەلگەن قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى، يەنى
راست ئايەم كۈنى كەچتە ئۇ ئىمىن ئەپەندىنىڭ تەكشۈرۈپ،
ئىجازەت بېرىشى بىلەن ئاياق ناغرىنى چالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبا-
رەن ھېسام غۇلجىدىكى ناغرىچىلار قاتارىغا ئۆزلۈكىدىنلا قېتىلىپ
قالدى. رەھمەتلىك قۇربان تېرىچى بىلەن ھەسەلخانلار چوڭ پەر-
زەنتى ھېسامىدىنىنىڭ قۇتلۇق بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدا
ناغرا چالغانلىقىنى مەھەللىدىكىلەردىن ئاڭلاپ، بەيتۇللا تەرەپكە
يۈگۈرۈشتى. ئۇلار پەستىكى لۆمشۈگەن ئالىمان ئىچىدە تۇرۇپ
يۇقىرىغا، ھەممە ئادەم قاراۋاتقان، ئىنتىلىۋاتقان ناغرىخانا پەش-
تىقىغا شادلىق ياشلىرى خىرەلەشتۈرگەن كۆزلىرىنى تىكەتتى.
بىر زامانلاردا موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ ئاي يورۇقىدا
غەزەل يازغان ئېگىز مۇنار كىچىككىنە ناغرىچى ھېسامنىڭ يېنى-
دىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، زامانلار ئالمىشا ـ ئالمىشا،
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار بولغانلىق خەۋىرى غۇلجا شەھى-
رىگىمۇ يېتىپ كەلگىنىدە، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى-
نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھېسام ئاشۇ قەدىمىي بەيتۇللا،
قەدىرلىك بەيتۇللانىڭ ئۆگزىسىدە غەلبىنى قۇتلۇقلاپ ناغرا چال-
دى. بۇ كۈن ئۇنىڭ قوللىرىدا باش ناغرا چوكىسى ئوينىماقتا
ئىدى. بۇ كۈنى قىرىق ئالتە ياشلىق ھېسامنىڭ ئەر ئۆمرىدىكى
تۇنجى نىكاھ كۈنى ئىدى. سۇدەرۋازا مەھەللىسىدىكى «قىزىل
بىنا»دا يېڭىلا نىكاھى ئوقۇلغان كۈچالىق گۈزەل قىز سائادەت
ئېرى ھېسامنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى... بۇلار ھەققىدە كېيىنچە يەنە
ئايرىم توختىلىمىز.

ھېسام ھەققىدىكى خاتىرىلىرنى ھەر قېتىم كۆزدىن كە-

چۈرگىنىدە سەلىمنىڭ يادىغا ھېسامنىڭ ئاشۇ كۈنى، ئۆزىنىڭ تويى بولغان قۇتلۇق كۈنىدە كېچىچە بەيتۇللادا ناغرا چالغانلىقى ھەققىدە قىلغان بىر قاتار چاقچاقلىرى كېلىپ قالدۇ ۋە بۇ چاقچاقلار ئىختىيارسىز ئۇنى قايتا ـ قايتا كۈلدۈرۈۋېتىدۇ.

— ھېسامكا، ناغرا چېلىشنى ئۆگەنمەك تەسمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى سەلىم بىر قېتىم ھېسامدىن.

— قىزىقسا ئوڭاي، — دېگەنىدى ھېسام جاۋابەن، — خۇشياقمىغان ئادەمگە يول مېڭىشمۇ تەس بىلىنىدۇ.

## 12. «ئەرزىنگە ساتىمەن»

نەسرىدىن ئەپەندى سانقىلى ئاچىقان كالىسىنى «ئۇسكەك،
سۈتى ئاز» دەپ تونۇشتۇرغاندەك، بىر چاغلاردا ھېسامىمۇ تاشلەپكە
بازىرىدا، غۇلجىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدە «زىيىنىغا ساتىمەن،
ئەرزىنگە ساتىمەن» دەپ ۋارقىراپ يۈرۈپ تىجارەت قىلغانىدى.

قۇربان تېرىچىگە بىر قىشتا يېپىشقان كېسەل ئۇنى
نەچچە - نەچچە ياز، قىشلار داۋامى ئاسانلىقچە قويۇپ بەرمىدى.
ئارىلىقتا سەل ياخشىلانغۇدەك بولدىيۇ، ئىككى - ئۈچ يىلدىن
كېيىن كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، جۇدەپمۇ كەتتى. بۇ چاغدا
بالىلارنىڭ كىچىكى تېخى كىچىك، ھەسەلخاننىڭ يەنە ئېغىر بوي
مەزگىللىرى ئىدى. جاللاپ بازىرىدىكى ئوقەتمۇ ئالارمەن ئاز،
ساتارمەن كۆپ بولغاچقا كۈندىن - كۈنگە پېتىرلىشىپ باراتتى.
قۇربان ئاكا تۇمشۇقى بىلەن يەر تىرەپ، روزىغارىنى ئالغا سىلجە-
تىش كويىدا جىق ھەرەج تارتتى. ئاخىر كۈچ ئېلىشالمىدى.
بالىلارنىڭ چوڭى بولغان ھېسامىنىڭ ئائىلىگە كۈچلۈك يانتاياق
بولىدىغان پەيتى كەلگەنىدى. بۇنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزى
ھېس قىلىپ يەتتى.

— مەدرىسىدە بەش يىل ئوقۇدۇم، — دېدى ئۇ ئوچاق
يېنىدىكى تامغا ھالسىز يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئاتىسىغا، — ئەمدى
بولدى قىلاي، بازارغا كىرەي.

قۇربان تېرىچى نەچچە كۈنلەردىن بېرى ئاغزىدىن چىقىرال-
مىغان سۆزنىڭ ھېسامىنىڭ ئېغىزىدىن چىققانلىقىدىن كۆڭلىدە
سۆيۈندى. ئۇ گەپ - سۆز قىلمىدى، ئەمما كۆزلىرىدىن ئىككى
تامچە ياش سىرغىپ چىقىپ، مەھەلسىز قورۇق باسقان ۋە سار-
غايغان يۈزىگە ئاقتى.

ئەمەلىيەتتە مەدرىسگە داۋاملىق قاتناشتىن ھېسامىنىڭمۇ

مەيلى قېچىپ تۇراتتى. دەرسخانىدىكى تۈگىمەس ـ پۈتمەس ياد-
لاش ۋە قۇلاقنى ئاغرىتىدىغان ۋارقىراشلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى سى-
قاتتى. ئۇ ئازادىچىلىككە، ئادەم تولا بازارغا، كۈلكە ـ چاقچاق،
ئەلۋەك، ئۆكسىمەيدىغان يەرلەرگە، هارماي مېڭىشقا، يۇرت كې-
زىشكە، ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشقا ئامراق ئىدى.
ئائىلىنىڭ كەم ـ كۈسىسىغا هەمدەم بولۇش ئېهتىياجى ئۇنىڭ
كۆڭلىدىكى بۇ ئارزۇلىرىنى بىرۇتولا هەل قىلىۋەتتى. نەتىجىدە
قۇربان تېرىچىمۇ، هېسام ئۆزىمۇ يېنىكلىشىپ قالدى.

هېسام مەدرىسىگە قاتنىمايدىغان بولغاندىن كېيىن بىر هەپتە
غۇلجىنىڭ هەرقايسى بازارلىرىنى چۆرگىلەپ يۈردى. ئۇ يەردە
توختاپ، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، تونۇشلار بىلەن چاقچاقلىشىپ،
ناتونۇشلار بىلەن تونۇشۇپ، لەلەڭلەپ يۈرگىنى بىلەن، ئۇنىڭ
كۆڭلىدە سان بار ئىدى. بازاردا نىمە ئەرزان، نىمە قىممەت،
قايسى مال ئىتتىك ئۆتىدۇ، دەسمايىسى ئاز، مەنپەئەتى كۆپ
تىجارەت نىمە... هېسام شۇلارغا سەپسالاتتى.

هېسام كوچا كەزگىلى تۇرغان تۆتىنچى كۈنى بولسا كېرەك،
بىر سامسىخانىنىڭ ئالدىدا، تۆت قوزۇقنى يەرگە مىخلاپلا، ئۈس-
تىگە ئۇزۇن چەت پەننى ئۆرۈپ قېقىپ قويغان «ئامانەت ئورۇن-
دۇق»تا ئولتۇرۇپ بىر نەچچە تال سامسا يېدى. قىزىق سامسىنى
ئۇ قولىدىن — بۇ قولىغا ئىتتىك يۆتكەپ، سامسا چايناۋېتىپ،
كۆزى سەل نېرىدا ئادراسمان سېتىۋاتقان بوۋايغا چۈشۈپ قالدى.
يەتمىشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئورۇق، دۈمچەك بوۋاي
ئاجايىپ ياڭراق ئاۋازدا مېلىغا خېرىدار چىللىماقتا ئىدى:

— ئادراسمان، ئادراسمان، يازدىمۇ ئون تىيىن، قىشتىمۇ
ئون تىيىن! پۇل بەرمىسەڭمۇ مەيلى، ئۆيۈڭگە بىر تۇتام ئالغاچ
كەت!

بوۋاينىڭ گەپلىرى هېسامغا قىزىق تۇيۇلدى.

— چوڭ دادا، سامسا يېسىلە، — ئۇ بوۋاينىڭ قېشىغا
بېرىپ، ئۇنىڭغا بىر تال سامسا سۇندى. بوۋاي ئادراسمان غول-
دەك قېتىپ قالغان قولىنى «بىسمىللا» دەپ سامسىغا ئۇزاتتى.

— رەھمەت ئوغلۇم!
ھېسام بوۋاينى گەپكە سالدى:
— چوڭ دادا، پۇل پەرمىسەڭمۇ ئالغاچ كەت دەيسىز، پۇل بەرمەي ئەكېتمۇەرسە قانداق قىلىسىز؟
— قىزىقكەنسەن ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي چىشسىز ئاغزىدا سامسا چاينىغاچ، — بۇ دېگەن خېرىدارنى قىزىقتۇرىدىغان پا- راڭ. بولمىسا ئادراسماننى ئالغان ئادەم تىيىن بەرمەي كېتەمدۇ. ئۇنچىلا نائىنساپنى تېخىچە كۆرمىدىم.
— پۇل بەرمەي ئاپارغان ئادراسماندا ئىسرىق سالسا، ساۋا- بىمۇ بولماس! — ھېسام بوۋاينىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى.
— ماگەپنى دېگىن، — بوۋاي بېشىنى چوڭقۇر ئىرغىتتى، — قارىسام سەنمۇ بىر تىجارەت يولىدىكى بايقۇشتەك قىلىسەن. مەيلى نېمە ساتساڭ سات، خېرىدارنى گول قىلىشنى بىل!
ھېسامغا بۇ گەپ ئىنتايىن تەسىر قىلدى. نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئۇ يانچۇقىغا دادىسى جايلاپ بەرگەن ئازراق پۇلنى دەسمايە تەرىقىسىدە سالدىدە، «ياپىرىم» دەپ بازارغا چىقتى. ھېلىقى كۈنى بوۋاي ئىككى تال سامسىنىڭ ھەققى گەدىنىمدە قالمىسۇن دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ھېسامنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي بىر تۇتام ئادراسمان قولتۇقلىتىپ قويغانىدى. ھەسالخان شۇ ئادراسماندىن ئۇشتۇپ، بەلگۇرجەكتە ئىسرىق سالدى ۋە ھېسامنى بەلگۇرجەك ئۇستىدىن نەچچە ئاتلاتتى.
— خۇدايىم ئالدىڭنى ئوچۇق قىلسۇن! — دېدى چىن ئىخلا- سى بىلەن.
ھېسام ئادەم تولىراق قايناپدىغان تاشلەپكە «پىت بازىرى» دا تىرىكچىلىكىنى باشلىدى. بىرىنچى كۈنى ئۇ بىر دېھقان ئە- كىرگەن بىر سېۋەت شوخۇلىنى خېلىلا ئەرزىنىگە ئېلىۋېلىپ، خېلى پايدا كۆردى. قىپقىزىل پىشقان، دانىمۇ دانە شوخۇلىلار- نىڭ يىگىرمىسى، ئەللىكى بىر قىلىپ يىپقا ئۆتكۈزۈلگەنىدى.
— ھاي شوخۇلا، شوخۇلا، گال ئاغرىقىنىڭ دورىسى!
ھېسام سېۋەتنى قولتۇقماچ قىلىپ كۆتۈرۈپ، بازار ئىچىنى

نەچچە ئايلىنىپ چىقتى. بىر نەچچە تىزىق ساتتى. بىر چاغدا دوقمۇشتا يايما يېيىپ ئوخچايىپ، غالتەك يىپ سېتىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئۇنى چاقىردى.

— هوي بالىمۇي، مەيەرگە كەل. هە، مەيەرگە قوي سىيۇنتىمگنى. ئۇنداق ساتمايسەن شوخۇلا دېگەننى. بۇنداق ۋارقىراۋەرسەڭ دورا مېلىڭ سېتىلماي تۇرۇپ، ئۆزۈڭنىڭ گېلى ئاغرىپ قالىدۇ.

يىپچى ئايال پاراڭ قىلغاچ چوڭ بىر تىزىق شوخۇلىنى ھېسامنىڭ بوينىغا، يەنە بىر تىزىقنى ئۆزىنىڭ بوينىغا مارجان قىلىپ ئاستى. كىچىك ئىككى تىزىقنى ئىككى قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ، چىرقىراق ئاۋازدا توۋلىدى:

— هەي خالايىق، كۆزۈڭ بولسا كۆرۈۋال، ئەقلىڭ بولسا تونۇۋال. يازنىڭ پوقى قىشقا دورا دېگەن شۇ، جەننەتتىن چىققان قىزىل يېمىش دېگەن شۇ. ئارزۇلۇق بالاڭغا ئەمەك دېگەن شۇ!

ئۆتكۈنچىلەر بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ شوخۇلىنىڭ يېنىغا يىغىلغىلى باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ھېسامۇ ئايال بىلەن پارلىشىپ توۋلىدى:

— هوي، يازنىڭ پوقى قىشقا دورا!

«ئېلان» نىڭ كۈچى بىر دەمدىلا ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئىككى سائەتكە قالماي چوڭ بىر سېۋەت شوخۇلا بەس ـ بەستە سېتىلىپ تۈگىدى. پەقەت ئايالنىڭ بوينىدىكى «مارجان» لا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى.

— مانا بالام، مۇنداق ساتىسەن مال دېگەننى، بۆجىيىپ تۇرماي. هوي راستلا، مۇنۇ شوخۇلاڭغا رازى بوپكەت — هە!

— رەھمەت چوڭ ئاپا، ئۇ سىزنىڭ ئەمگەك ھەققىڭىز، — دېدى ھېسام خۇشاللىقىدا، پۇل سانىغاچ.

— خويمۇ تۇزۇتلۇك بالىكەنسەن، ئەمدى نېمە مال ئالساڭ مەشەدە سات، بىللە ئۇچۇرىمىز، — يىپچى ئايالمۇ رازى بولدى.

ھېسام ئاستا ـ ئاستا بازارغا ئۆگىنىپ قالدى. ھەركۈنى ئۇ «خۇدا، ئۆزۈڭ بىرەرسەن» دەپ ئۆيىدىن چىقاتتى. گاھى كۈنلە-

ـرى ئوردا مەھەللىسى تەۋەسىدىلا ئۆنىڭغا بىرەر مال ئۇچراپ
قالاتتى، گاھىدا بەيتۇللا مەسچىتى ئەتراپىدا. نەرخ ـ ناۋانى
شۇنداق تالىششىغىلا نەدىنىدۇر دەللاللمۇ ئۈنەتتى. نىرى تارت،
بىرى تارت بىلەن ئاخىر سودا پۈتەتتى. ھىسامغا ئوخشاش دۇكىـ
ـنى سەيياره، ئۆزى ئۆتتۇر ئوقەت تىجارەتچىلەر سامانىنىڭ نەرخىـ
ـدە ئىدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتتى، ھىسامىمۇ ئۇششاق تىجارەتتە
خېلى يول تېپىپ قالدى. تاشلەپكە بازىرىدا ئۈنى ـ قىزىقچى ياش
تىجارەتچىنى ھەممە ئادەم تونۇپ كەتكەنىدى. سودىدا بىرەرسى
ئەزمىسىنى ئېزىپ، ئادەم كولدۇرلىتىمەن دىسە باشقىلار «ھىـ
ـسامدەك ئوقەت قىلماي، بولىدىغان يىرىنى دىگىنە» دەپمۇ قويۇـ
ـشاتتى.

«بازار دىگەن پىرلىق يەر» دەپ قويىدۇ كونىلار. ھىسامىمۇ
بازارغا قەدەم باسسىلا «ياپىرىم» دەپ قوياتتى. بىر قېتىم جازانىـ
ـخور بىر مىلىچ مال سودىگىرى ھىسامنىڭ «ياپىرىم» دەپ ئولـ
ـتۇرغان جايىدىن قوپقىنىنى كۆرۈپ، شاڭخو ئاھاڭىدا سورىدى:

— ھە ھىسام، ئولتۇرساڭ، قوپساڭ «ياپىرىم» لا دەيدىكەنـ
ـسەن. شۇ پىرىڭنى تونۇمسەن زادى، قانداقراق ئادەم ئۇ؟

ھىسام قايرىلىپ جاۋاب بەردى:

— تونۇشۇم تونۇيمەن، ئىشقىلىپ جازانىخور ئەمەس.

ئەتراپتا پاراڭ تىڭشاپ تۇرغانلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.
جازانىخور تاتىرىپ، يەنە تەن بەرمەي سۆزلىدى:

— ئەمىسە ساڭا ئوخشاش مىلىنى «ئەرزىنىگە ساتىمەن»
دەپ توۋلايدىغان ئەخمەق تارانچىكەن ـ دە؟!

— يوقسۇ، خېرىدارنى تولا شۇلىۋالماي دەپ، «ئاز يەپ،
ئاسان تىرىل» نى كەسىپ قىلغان ئەقىللىق غۇلجىلىق ئۇ.

ئەتراپتىكىلەر يەنە باشلىرىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

بازار دىگەندە قىزىق ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئۆز
نۆۋىتىدە ھىسامىمۇ «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دىگەننى قىلىپ،
قىزىق ئىشلىرى ۋە گەپلىرى بىلەن بازارنى جانلاندۇرۇۋەتتى.

ھېلىقى جازانىخور تەنە قىلغاندەك، مېلىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ «ئەرزىنىگە ساتىمەن، پۇلۇڭ بولمىسىمۇ كىيىپ كېتىۋەر، ھەي خالايىق» دەپ توۋلايتتى. خېرىدارلار بۇ ئاجايىپ تىجارەتچىگە قىزىقىسىنىپ، ئالايتەن توختاپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشاتتى. تۆت - بەشىدىن بىرەرى ئۇنىڭ مېلىنى ئالاتتى. گاھىدا ھېسام خېرىدارنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن ئەتەي، مالنى ئېلىپ پۇلىنى تۆلەپ بولغان خېرىدارغا بىرەر - ئىككى تەڭگىنى ياندۇرۇپ بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى.

— مۇنۇ بىر تەڭگىڭىزنى ئېلىڭ، ئارتۇق بەرسىڭىز يامان بولىدۇ، مېنىڭ مېلىم ئۇنىڭغا يارىمايدۇ!

خېرىدار ھەيرانلىقىدىن كۈلۈپ كېتەتتى.

— تۇۋا خۇدايىم، مۇنداقمۇ ئېلىپساتارنى كۆرىدىكىنە كىشى. ھوي بالا، بەك چەككەندىن ساقمۇ سەن؟

— مېلىڭ پورۇستايمۇيە؟ — ئارىدىن بىرى گەپ قىستۇردى.

— تازا قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىلەر، — ھاساتايىقىنى بېلىگە قويۇپ، ئىككى بېلىكى بىلەن قولتۇقماچلىۋالغان ئاقساقاللىق بىر ئادەم كايىپ سۆزلىدى، — ئاۋۇ قاقتى - سوقتىچى قاللاپلارغا ئالدانساڭلار غىڭ دېمەي كېتىۋېرىدىكەنسىلەر، مۇنۇ بالا جىڭجىرىدى پاراڭ قىلسىزە ھۆتۆت - پۆتۆت دەپ سۆيىنى قاچۇرۇۋاتىسىلەر. بالىمۇي، «خېرىدارنىڭ كۆزى كور» دەيدۇ، ساۋابىنىڭ قوشى تۆشۈك. ئالداۋەر بولارنى!

ھېسام ئاقساقاللىق كىشىگە ئىللىق بىر قارىدىدە، قولىدىكى مېلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋاقىرىدى:

— بىلگەنگە ئەرزان، بىلمىگەنگە قىممەت، ئېلىۋال ئاغىنىلەر!

بىر قېتىم ھېسام ۋاپۇرۇش بازىرىدىن بىر مۇنچە ئايالچە باشماقنى خېلىلا ئەرزىنىگە ئېلىۋالدى. ئۇنىڭ كەيپى خوش ئىدى. شۇ خۇشلۇقىدا تاشلەپكە بازىرىغا كېتىۋېتىپ، يولدىلا سودىسىنى باشلىۋەتتى.

— مانا ماۋۇ ئاياغنى ئېلىۋال خېرىدار، ئاران يەتتە تەڭگە!
يەتتە تەڭگە ھېسامنىڭ باشماقلارنى دوندۇر ئالغان باھاسى-
دىنمۇ ئەرزان ئىدى. ھېسام توۋلاپ بولۇپ چۆچۈپ كەتتى.
«سۇپۇرگە زىيانكەش» لىك دېگەن شۇدە! ھېسام خاتاسىنى جۆن-
دەپ قايتا توۋلاي دەپ تۇرۇۋېدى، شۇ ئارىدا بىرەيلەن ۋارقىراپ
قالدى:
— ھەي بالا، توختا، باشمىقىڭدىن ئىككى پارە ئالاي،
ئەرزان باشماقكەن.
ھېسام ئىچىدە «ئىم» دەپقالدى. ھايال ئۆتمەي كۆڭلىگە بىر
ئەقىل كەلدى.
— ئېلىۋېلىڭ ئاكا، راست ئەرزان ئاياغ بۇ، بىر پېيى ئاران
يەتتە تەڭگە.
خېرىدارنىڭ كۆزى چەكچەيدى:
— نېمە دېدىڭ، بىر پېيى؟
— ھە، بىر پېيى يەتتە تەڭگە، بىر پارىسى ئون تۆت تەڭگە
ئاكا، بىز تەرەپلەردە شۇنداق ساتىمىز.
ھېلىقى خېرىدار ھېسامغا شۈبھىلىك قارىدى:
— نەلىك ئۆزۈڭ؟
— توققۇز تارالىق، — ھېسام ئاغزىغا كەلگەننىلا دېدى.
خېرىدار غودۇڭشىدى:
— ئۇ ياقلارغىمۇ چىقىپ باقمىغانمەن. ئەجەب سودا قىلىدى-
غان يەركەنە ئۇ!
— قانداق ئاكا، ئىككى پارىسىنى يۆگەپ بېرەيما؟ نەچچىنى-
چىسىدىن ئالىسىز؟
خېرىدار ئۇنىڭغۇچە ئەتراپقا ئولىشىپ بولغان ئالىمانغا يالت
ئېتىپ قارىدىدە، پەس ئاۋازدا:
— بوپتۇ، بىر پارە ئېلىپ تۇراي، تازا بابلىدىڭدە توققۇزتا-
رالىق! — دېدى.

## 13. مەھەللە مەشرىپى

ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قۇربان تېرىچى كىچىكىدىن تارتىپ سۇ دەرۋازا، شەھەر ئىچىنىڭ مەھەللە مەشرەپلىرىنى كۆرۈپ چوڭ بولغان، قىزىقچىلىقنىمۇ ئاساسەن شۇ يەردە جارى قىلغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ نەق يېرىم ئەسىرلىك ھاياتىمۇ كۈلكە ـ چاقچاق، ناخشا ـ قوشاق ئىچىدە، خۇش چاقچاق، سەل بىغەمرەك ئادەملەر ئارىسىدا ئۆتتى دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، قۇربان تېرىچىنىڭ مەشرەپكە بولغان قىزىقىشى، ھەتتا ئىخلاسى زىيادە چوڭقۇر بولىدىغان. شۇ قىزىقىش، ئىخلاسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ساقسىزلىقى تۈپەيلى ئوقۇشتىن قېلىپ، ئائىلىگە قول ـ قانات بولۇش ئۈچۈن قايتىدىن ئوقەتكە كىرىشكەن ئوغلى ھېسامىدىننى مەھەللە ياشلىرىنىڭ مەشرىپىگە ئەكىرىپ بېرىشكە ئالدىراپ كەتتى.

ئۇ كۈنى ھېسامۇ مەشرەپكە قاتنىشىش تەقەززالىقىدا خېلى جىددىيلەشتى. مەھەللىدىكى ئۆزىدىن چوڭ بالىلارنىڭ بۇلتۇر قىشتىن بېرى قايتىدىن مەشرەپكە باش قوشۇشقانلىرىنى ئۇ بىلەتتى. بىرنەچچە قېتىم تەڭتۇشلىرى بىلەن بىللە قوشنا ھويلىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپنى دېرىزىدىن ماراپ كۆرگەنىدى. مەشرەپ ئەھلىنىڭ كىيىم ـ كېچەكتە رەتلىكلىكى، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچانلىقى، ساز، چاقچاقلىرىنىڭ تارتىمچانلىقى ھېسامىنىڭ قەلبىدە زور ئىشتىياق قوزغىغانىدى. ئەنە شۇنداق سورۇنغا، سەپكە بۈگۈن ئۆزىمۇ قوشۇلماقچى. نەچچە كۈن ئىلگىرى ئاتىسى مەشرەپنىڭ يىگىت بېشى، قازىبېگى بىلەن بۇ خۇسۇستا سۆزلىشىپ قويغانىدى. شۇنداقكەن، ھېسام شادلانمىسۇنمۇ؟ !

مەھەللە يىگىتلىرىنىڭ بۇ دۆرەمكى مەشرىپى ئارقا كوچىدىكى بولۇس مانتىپەزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. بولۇس مانتىپەز-

نىڭ ئۇچىنچى ئوغلى مۇختەر دادىسىنىڭ ئاشخانىسىدا جىلتا ئاچىـ
دىغان قارىقۇمچاق، سىپايە يىگىت مەھەللە مەشرىپىنىڭ كۆل
بېگى ئىدى.
قۇربان تېرىچى رەتلىك كىيىنگەن ھېسامنى كەينىگە سېلىپ
بولۇس مانتىپەزنىڭ پاكىز قوراسىغا كىرگەندە كەچ كۇزنىڭ
گۇگۇمى ئەتراپنى ئەمدىلەتىن خىرە ـ شىرەلەشتۇرگەنىدى. پېـ
شايۋانلىق ئۆيلەرنىڭ ئەڭ چېتىدە، تورۇسىدا گازۋاي لامپا نۇر
چېچىپ تۇرغان، تازىمۇ چوڭ ساراي ئۆيدە ئوتتۇز ئوغۇل تۇگەل
يىغىلىپ، راھەتتە ئولتۇرۇپ ئەركىن چاقچاقلاشماقتىدى.
ھېسام يۇرىكى دۇپۇلدىگەن ھالدا سەل قورۇنۇپ، دادىسىـ
نىڭ ئارقىسىدىن گازۋاي لامپا يېقىلغان ئۆيگە كىردى. مەشرەپ
ئەھلى ھۆرمەتلىك قۇربان تېرىچىنىڭ ھۆرمىتىگە ئورۇنلىرىدىن
دۇررىدە تۇرۇشۇپ، سالام بەجا كەلتۇردى. قىرقىپ قويغاندەك
تەكشى يىگىتلەر رەتلىك، پاكىز كىيىنىشكەن، ھەممىسىنىڭ
باشلىرىدا ھېسام ۋە دادىسىنىڭكىدەك يارىشىملىق بېغىررەڭ مادـ
چېستېر دوپپا بار ئىدى.
مەشرەپ باشلاندى. يىگىت بېشى، قازىبەگ تۆردىن، كۆل
بېگى، دارىبەگ، پاششاپلار ئۆزلىرىگە باب يەردىن ئورۇن ئېلىشـ
تى. يىگىت بېشىنىڭ ئەمرى بىلەن ئوتتۇز ئوغۇل گاھ يەكتىز،
گاھ راھەتتە ئولتۇراتتى. سوئال ـ سوراقلار ئۆز قائىدىسى
بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى. ئوتتۇز ئوغۇل سېپىنىڭ بىر چېتىدە،
ئاتىسىنىڭ يېنىدا يەكتىز ئولتۇرغان ھېسام ھەممە نەرسىگە زور
قىزىقىش بىلەن، بەجايىكى يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك
تەئەججۇپ بىلەن قاراپ، كۆزلىرىنى ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭـ
غا يۆتكەيتتى. ئۇ بۇگۇن ئۆزىنى لوڭگىدىلا چوڭ بولۇپ قالغانـ
دەك، مۇنۇ سۇلكەتلىك يىگىتلەر بىلەن تەڭ قۇراملىق بولۇپلا
قالغاندەك تۇيغۇدا ئىدى.
مەشرەپ ئەھلى بىر قۇر چاي ئىچكەندىن كېيىن دارىبەگ
يىگىت بېشىنىڭ ئەمرى بويىچە تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. قالغان
سازەندىلەرمۇ چالغۇلىرىنى ئېلىپ سازلاشقا، قولاقلىرىنى گاھ

بوشتىپ، چىڭقىتىشقا باشلىدى. يوپيورۇق خانىنى يېقىملىق مەشرەپ تۇسى، پۇرىقى قاپلىدى. نەغمە باشلاندى.

بىرنەچچە پەدە ساز، مەرغۇل يۆتكەلگەندىن كېيىن، سازەندىلەر چوڭ پەدىگە چۈشتى. ھېسام سىرلىق بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك، تەنلىرى جۇغۇلداپ ناخشىغا قۇلاق سالماقتىدى:

..........................................

مېنى سورىساڭ پەرىلەرنىڭ شاھىمەن،
ئەسلىي شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.
بىلەي دېسەڭ ھۆسن ئەھلىنىڭ ئايىمەن،
غازىڭى يوق گۈلىستاندىن بولۇرمەن.

ساز ئاياغلىشىشىغا پاششاپ تۆر تەرەپكە ئۆتۈپ سالام بەجا كەلتۈردى.

— داد يىگىت بېشىم، ئەرزىم بار!

— بايان قىلىڭ.

— مۇنۇ ئىككىنچى خالتا كوچىدىكى ھۆرمەتلىك قۇربان رېھىم ئاكا چوڭ ئوغلى ھېسامىدىننى ئېلىپ سورۇنىمىزغا كەپتىكەن، يۇرت چوڭلىرى بىلەن كۆرۈشسەم دەيدۇ.

— ئىجازەت، كىرسۇن.

قۇربان تېرىچى پاشىشاپ بەگنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھېسامىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ «ئوردا» غا كىردى ۋە بەگلەر ھەممە ئوتتۇز ئوغۇلغا سالام بەجا كەلتۈردى.

— خوش قۇربان ئاكا، سورۇنىمىزغا بىر چىرايلىق قەدەم تەشرىپ قىلىپ قاپسىز، خىزمىتىڭىزدە بولايلى، — دېدى گەۋدىلىك، قوشۇماقاش يىگىت بېشى نەۋرىدىن، قۇربان قىزىقچىغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ.

— خەلقىمىزدە، — دەپ گەپ باشلىدى قۇربان تېرىچى، — «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، مەكتەپتىن چىقسا مەشرەپكە» دېگەن گەپ بار. مۇنۇ تۇن ئوغلۇم ھېسامىدىنمۇ چوڭ بولۇپ قالدى. بەش يىل مەدرىسىدە ئوقۇۋىدى، ھازىر تۇرمۇشنىڭ كاكۇلچىلىقلىرى بىلەن مەدرىسىگە قاتناشتىن توختاپ قالدى. ئۆزىنىڭمۇ

مۇشۇ ئۇتتۇز ئوغۇل ئاكىلىرىغا ئەجەب زوقى بار. بالامنى ئاراڭ-
لارغا ئالساڭلار، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگەتسەڭلار، كېيمنى تولۇق-
لىسا دەيمەن... — قۇربان تېرىچى يۈرىكى تىترىگەندەك ئاخىرقى
گەپلىرى دولقۇنلىنىپ، سۆزدىن توختاپ قالدى. ئەتراپتىن:
— ياخشى پاراڭ بولدى!
— ئۆزىمىزنىڭ ئىنىسى بۇ ھېسامتاي.
— ھېلىقى قىزىقچىسى شۇمۇ؟ — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.
شۇ ئارىدا پاشاپنىڭ «خەپشۇك!» دېگەن چۇس ئاۋازى بىلەن
دەررىسىنىڭ گىلەمگە پاققىدە ئۇرۇلغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قال-
دى.
يىگىت بېشى يېنىدىكى ئاقسېرىق، ئىنچىكە يىگىت - «قا-
زىبەگ» بىلەن بىر پەس كۇسۇرلىشۇالدى.
— تولا ئۇبدان قۇربان ئاكا، — دېدى ئاخىر نەۋرىدىن،
— ئىزگۇ نىيەت بىلەن مەشرىپىمىزنى كۆزلىگىزگە ئىلىپ كەپ-
سىز. ئىنىمىز ھېسامنى سورۇنىمىزغا قوبۇل قىلدۇق، ئەمما
بىر شەرتىمىز بار.
— قولۇم كۆكسۈمدە ئىنىم، — قۇربان قىزىقچىنىڭ چىرا-
يىغا ھەييار كۈلكە تەپتى. نەۋرىدىن ۋە قازىبەگ كۈلۈپ كەتتى.
— ئۆزىڭىزنىڭ ئۇدۇمى بىلەن بۇ ئىنىمىزمۇ قىزىقچى بو-
لۇپ يېتىلىپتۇ دەپ ئاڭلىۋېدۇق. مۇشۇ سورۇندا بىر ھۈنىرىنى
كۆرسىتىپ بەرسە قانداق؟
ئۇتتۇز ئوغۇل خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تۇشمۇ
تۇشتىن «ئالامەت پاراڭ!»، «ھە، قېنى، قېنى،» دېيىشىپ
كەتتى. ئۇتتۇز ئوغۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يوپيورۇق ساراي ئۆيدە
چوقچاراپ تۇرغان ھېسامنى توساتتىن بىر سۇر باستى. ئۆپچۆرى-
سىگە ئەلەڭلەپ قارىدى. خۇددى ئۇنىڭ ھالىنى بىلىۋالغاندەك،
دادىسى ھېسامنىڭ بىلىكىدىن ئۇشلاپ تۇتتى.
قۇربان تېرىچى كۆپنى كۆرگەن كىشى بولغاچقا، بۇ گەپلەر-
نى ئالدىنئالا پەملەپ، قوش تەييارلىق بىلەن كىرگەن، يەنى
ھېسامغا بىر نەچچە «نومۇر» تەييارلاتقاچ، ئۆزىمۇ بىر - ئىككى

قىزىق لەتىپىنى كۆڭلىگە پۈككەچ مەشرەپ سورۇنىغا قەدەم باس-قانىدى. شۇڭا، ئۇ شۇ تاپتا تەمتىرىمەي، ئىككىلەنمەي قازىبەگ يىگىت بېشى ۋە ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ تەلىۋىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تۇتۇندى.

— قېنى ئوغلۇم، — دېدى ئۇ ھېسامغا قاراپ، — بەيتۇللانىڭ پەشتىقىدا چالغان ناغرائىڭنى ئەمدى بۇ ئاكىلىرىڭغا چېلىپ بەر!

ئاتىسىنىڭ گېپى بىلەن ھېسامغا جان كىردى. «ناغرا چې-لىشقا» بولسا ئۇنىڭ تەييارلىقى بار ئىدى. ئۇ سەل تورۇۋالدى-دە، ئىككى قولىنىڭ بىگىز بارماقلىرىنى ئالدىغا سەل سوزۇپ «ناغرا چوكىسى» قىلدى ۋە ھاۋادىكى «ناغرا»نى ئۇرۇپ، ئاغزىدا ناغرا چېلىشقا باشلىدى:

— گېلى - گېلى - گېلى - گېلى گۇمباڭ، گېلى - گېلى گۇمباڭ، گېلى - گېل گۇم...

ھېسام ناغرىنى ھەرىكىتىدىن تارتىپ ئاھاڭىغىچە شۇنچىلىك ئوخشىتىپ، قاملاشتۇرۇپ «چالاتتى» كى، مەشرەپ ئەھلى كۈ-لۈپ تېلىقىپ قالدى، ھەتتا قۇربان تېرىچىمۇ ئۆيدە بۇنداق ناغرى-نى تولا ئاڭلىغىنىغا قارىماي، ئوتتۇز ئوغۇل بىلەن بىللە كۈلۈش-تىن ئۆزىنى تىيالمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يادىغا ئۆزىنىڭ بالىلى-قى، بالا ۋاقىتلىرىدىكى شەيتانلىقلىرى كەلدى. ھېسام ئۆزىنى «كىيىپلا» چىققانىدى.

كۈلكە، ئالقىشلار ئىچىدە ھېسام پەدە ئۆزگەرتىپ بىر نەچچە خىل ناغرا چالدى. چىرايى، ئۇچلانغان ئېغىزى، ھەييار كۆزلى-رى ۋە بەدەن ھەرىكىتىنىڭ بۇلارغا ماسلىشىپ كېلىشلىرى ھەقى-قەتەن كۈلمەيدىغان ئادەمنىمۇ كۈلكىگە قىستايتتى.

— ھېسامتاي، ناغرىنىغۇ چالدىڭ، ئەمدى بىر پەدە ئۇسسۇل ئوينىۋەت، — دېدى ئوتتۇز ئوغۇل ئارىسىدىن بىر يىگىت. ئۇ ئىسمايىل قىزىقچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئىشلى-رىنى خېلى بىلىدىغاندەك قىلاتتى.

بۇ چاغدا ھېسامنىڭ خېلى «يۈزى قېتىپ» قالغانىدى.

شۇڭلاشقا، نەۋرە ئاكىسىنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ ئانچە ھودۇقۇپ كەتمىدى. پەقەت دادىسىغا «قانداق قىلاي؟» دېگەن ئەلپازدا قاراپ قويدى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان بىر چەتكە چىقىپ «ئامانەت» كە يەكتىمىز ئولتۇرغىنىچە ئوغلىنىڭ ھۈنىرىنى تاماشا قىلىۋاتقان قۇربان تېرىچى باش ئىشارىسى بىلەن «ئوينا» دېدى.

ھېسام ئەمدى شوخ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنىڭ ئالاھىدىلىكى، مۇزىكا كەتمەيتتى. بۇ، قۇربان تېرىچى گاھىدا، خۇشاللىقى تۇتۇپ كەتكەن چاغلاردا ئائىلىسىدە ياۋاش مەزلۇم ھەسەلخاننى ۋە بالىلىرىنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن قىزىقچىلىق بىلەن ئويناپ قويىدىغان «كەم ـ كەم» ئۇسسۇلى ئىدى.

ھېسام خۇددى بايا ئاغزىدا «ناغرا چالغان» دەك، ئەمدىلىكتە ئاغزىدا شوخ ئۇدار بىلەن «كەم ـ كەم ـ كىم ـ كەم ـ كىم ـ كىم ـ كەم ـ كەم ـ كىم ـ كەم» دەپ «مۇزىكا چېلىپ» شەيتان قىلىقلار بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغىلى تۇردى. تاھازىرغىچە ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغان، ئوينىسا كۈلكىلەر ئەۋجىدە قالىدىغان ھېسام ئۇ چاغدا، بالىلىقىدا ئۇسسۇلنى قانداق ئوينىغان بولغىيدى؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئوينىغىنى ھەر خىل ھەيبارلىقلار بىلەن تولغان قول ۋە پۇت ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئارىدىن كۆپ يىللار ئۆتۈپ، ھېسام ياش چاقچاقچىلار بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ تېلېۋىزوردىكى قۇربان ھېيتلىق سەنئەت كېچىلىكىگە قاتناشقىنىدا دىسكوسىمان بىر خىل كۈلكىلىك ئۇسسۇلنى ئويناپ ھەر خىل كۈلكىلەرنى قوزغىغانىدى. تاماشىبىنلار قاتارىدا سەلىمىمۇ ھېسامنىڭ بۇ ئاتالمىش ئۇسسۇلىنى كۆردى ۋە ئۆزى خاتىرىسىگە پۈككەن ئەسلىمىلەر ئارىسىدىكى ھېسامنىڭ ئون ئالتە يېشىدا مەشرەپ سورۇنىدا ئوينىغان «كەم ـ كەم» ئۇسسۇلى ھەققىدىكى بايانلارنى ئېسىگە ئالدى.

سەلىمجان بۇ ئىشلارنى ئەسلەۋەرسۇن، بىز بولساق شۇ مەشرەپ سورۇنىنىڭ ئۆزىگە قايتىپ كېلەيلى. ئوتتۇز ئوغۇل ھېسامنىڭ كۆرسەتكەن ئىككىنچى نومۇرىغىمۇ ئالقىش ياڭراتتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆز سېپىدىن رەسمىي ئورۇن بەردى. پەقەت بىرلا

شەرت بىلەن، يەنى ھېسامنىڭ ئەينى زاماندا غۇلجا خەلقىگە مە-
لۇملۇق گەپچى، قىزىقچى ئاتىسى قۇربان رېھىمنىڭ ئاغزىدىن
ئىككى شىڭگىل لەتىپە ئاڭلاش شەرتى بىلەن. ئېيتقىنىمىزدەك،
پۇختا تەييارلىق بىلەن كەلگەن قۇربان تېرىچى ئىككى ئەمەس،
يىگىتلەر ئاڭلىمىغان، جاللاپ بازىرىدىن تاۋلاپ ئەپكەلگەن ئۈچ
- تۆت يېڭى لەتىپىنى قاتىرىسىغا سۆزلەپ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ
ئۈچەي - باغرىنى ئۈزگۈدەك كۈلكە قوزغاتتى.

شۇنىڭدىن تارتىپ ھېسامنىڭ «ئەدەپ - ئەخلاق مەكتىپى»
دىكى ئوقۇشى رەسمىي باشلاندى. ئۇ مەشرەپ سورۇنىدىكى يېشى
ئەڭ كىچىك ئەزا بولسىمۇ، قىزىق ھەرىكىتى ۋە پاراڭلىرى ھەمدە
دىدىللىكى بىلەن ئوتتۇز ئوغۇل قاتارىغا تېزلا سىڭىپ كەتتى.
مەھەللە يىگىتلىرى مەھەللىدىكى يېتىم - يېسىر، قېرى -
ئاجىزلارغا دائىم كۆمەكلىشىپ، مۇشكۈلىنى يەڭگىل قىلىپ
تۇراتتى. بۇ ساۋابلىق ئىشلارغا ئەمدى ھېسامۇ قاتنىشىپ، كۆپ-
نىڭ رەھمىتىنى ئالىدىغان بولدى.

قۇربان تېرىچى كېلەركى مەشرەپ نۆۋىتىنى ئوغلىنىڭ ھۆر-
مىتى ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە سوراپ ئالغانىدى. بۇ كۈنى ھېساملار-
نىڭ ھويلىسى بايرام كەيپىياتىغا چۆمدى. مېھماندوست ھەسەلخان
ئوچاق بېشىدا يۈگۈرۈپ ھارمىدى.

— قېنى ھېسام ئۇكا، ئۆز ئۆيۈڭ، ئۆز مەشرىپىڭدە بىر
قىزىقچىلىق قىلىپ بەرمەمسەن، — دېدى يىگىت بېشى، مەشرەپ
ئارىلىقىدا ھېسامغا.

ھېسام ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، قول باغلىدى:

— باش ئۈستىگە، نېمە قىلىپ بېرەي؟

شۇ ئارىدا ئوتتۇز ئوغۇل ئارىسىدىن بويى تولىمۇ پاكار بىر
يىگىت ۋارقىرىدى:

— ھېسام، تاڭگا ساتقان ۋاقتىڭنى دوراپ بەر، شۇ قىزىق!

ھېسام ھايال قىلماي ئاۋازىنى قويۇۋەتتى:

زىما... تاڭگا،

ئۆزۈم باڭگا...

مەشرەپ ئەھلى كۆلۈپ تېلىقىپ كېتىشتى. تەلەپچى «باغ-
گا»مۇ قىزىرىپ شۈك بولدى.
ئېيتماقچى، ئۇ زاماندىكى مەشرەپلەردە ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ
ھەممىسىگە ئالايىتەن، بىردىن لەقەم قويۇلاتتى. ھېلىقى تەلەپچى
يىگىتمۇ شۇندىن ئېتىبارەن «سىدىق باڭگا» دەپ ئاتىلىپ كەتتى.
چاقچاق داۋامىدا سورۇن ئەھلىنى بىرمۇبىر ئوخشىتىپ،
«لەقەملىك» قىلىپ چىقىش، ھېسامىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى
بىر چاقچاقچىلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى. بىز بۇ ھەقتە
قىسسىمىزنىڭ داۋامىدا تەپسىلىيرەك توختىلىشىمىز مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 14. ۋاپۇرۇش بازىرىدا

ھېسام گاھى كۈنلىرى ئوقەت ئىزدەپ ۋاپۇرۇش بازىرىغا كېلىپ قالاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بۇ بازاردا ئاجايىپ، غەلىتە تەبىئەتلىك بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدى.

غۇلجىنىڭ ۋاپۇرۇش بازىرى — تاشلەپكىنىڭ شەرقى يان تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان، ئايىغى ئۆزبېك مەھەللىسىگە تۇتىشى-دىغان توغرا كوچىدا بولۇپ، كوچىدا تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرى تولا بولغاچقا «تاقىچىلىق مەھەللىسى» دېگەن نامىمۇ بار ئىدى. بۇ كوچىغا شەھەرنىڭ تۆت بۇرجىكىدىن، جۈملىدىن «كۆنچى مەھەللىسى» دىنمۇ ئاشلانغان، ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل سۈپەت-لەردە تەييارلانغان تېرىلەر، كۆنچىلىك، شورنىكلىق، موزدۇز-لىققا ئائىت ھەرخىل ئەسۋاب، بۇيۇملار كېلىپ يىغىلاتتى. قاتار كەتكەن شورنىك، موزدۇز دۇكانلىرىدا ئادەم ھەر قاچان ئۈكسى-مەيتتى. كوچىدا ۋاپۇرۇشلۇقنى، يەنى ئاياغ كىيىم سودىسىنى ئاساس قىلغان ئوقەتچىلەر مىغىلدايتتى. ئالدىنقى بابىمىزدا ھې-سام «ئەرزىنىگە ساتىمەن» دەپ ساتقان ھېلىقى باشماقلارنى دەل مۇشۇ ۋاپۇرۇش بازىرىدىن ئالغانىدى.

باشماقلار خېلى ئوبدان پايدىسىغا سېتىلىپ بىر نەچچە كۈن-دىن كېيىن، ھېسامنىڭ يەنە ۋاپۇرۇش بازىرى تەرەپكە ئۆتۈپ باققۇسى كېلىپ قالدى. بۇ يەردە ئۇ چۆپقىتى - بۇۋاخۇن ئىسىم-لىك ئۆزى موزدۇز ھەم ۋاپۇرۇشچى بىر كىشىنى ئىزدەيتتى.

ھېسامنىڭ تەلىيىگە بازاردا جىمى ئوقەتچى بار، بۇۋاخۇن يوق بولۇپ چىقتى. ھېسام ئالدىنقى قېتىمدىكى ۋەدە بويىچە ئۇنىڭدىن يەنە يىگىرمە پارە ئەرەنچە ئاياغ ئېلىشى لازىم ئىدى. شۇڭلاشقا ھازىر ئۇ ئالدىرىماستىن بۇ ۋاخۇننىڭ دۇكىنى ئالدىدا، يوغان ئورۇس قولۇپتىن ئۇچى سېلىنغان ساندۇق ئۈستىدە ئول-

تۇرۇپ ئۇستۇپشىدىن كون ھەم ناسۋال پۇراپ تۇرىدىغان بۇۋا-
خۇننى ساقلاشقا باشلىدى.
ھىسام تۆت ئادەم ئاران كۆتەرگۇدەك يوغان ساندۇق ئۇستىدە
ئۆتكەن - كەچكەنگە قاراپ ئولتۇراتتى، بىر چاغدا يەردىن ئۇنگەن-
دەكلا، بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. توغرىسى،
ھىسام ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشتىن ئاۋۋال، ئاۋازىنى ئاڭلىدى:
— بۇۋاخۇن كەلمەپتۇما؟
ھەددىدىن زىيادە ئىنچىكە بۇ ئاۋازدىن ساندۇق ئۇستىدە
بەخىرامان ئولتۇرغان ھىسام دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئالدى
تەرىپىگە، ئاۋاز ئىگىسىگە شۇنداقلا قارىدىيۇ، بەتتەر چۆچۈدى.
ئۇنىڭ ئالدىدا ئەر دىسە ئەر ئەمەس، ئايال دىسە ئايالمۇ ئەمەس،
پاكار، ئىنى كەڭ بىر كىشى تۇراتتى. ئاشقتەك سالۋاسلىغان
تىك چىچىنى باستۇرۇپ كونىرىغان چىمەن دوپپا كىيگەن بۇ
ئادەمنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ قىزىقلا ئىدى. ئۇستىگە
دانىخان باسمىسىدىن كەڭ كۆڭلەك، ئاستى تەرىپىگە ھاۋارەڭ
بۆزدىن كەڭ - كەڭرى شارابار، پۇتىغا «كىچىك موك»①نىڭ
ئايىغىدەك ئۇچى ئاسمانغا قارىغان تازىمۇ ئۇچلۇق ئۇزۇن باشماق
كىيگەن، ئەپتايىدىن ئورتا ياشلاردىكى بۇ ئادەم ھىسامنىڭ كۇل-
كىسىنى قىستاشتىنمۇ كۆرە، ئۇنى سەل قورقۇتتى. سەۋەبى،
كىيىم - كىچەكىدىنمۇ كۆرە، چىرايىنىڭ غەلىتىلىكىدە ئىدى.
نانتاختىدەك كەڭ يۇزى خۇددى ئايال كىشىنىڭ چىرايىغىلا ئوخ-
شايدىغان بولۇپ، تولىمۇ ئىنچىكە چاشقان بۇرۇتى بۇ چىرايغا
زادىلا ماسلاشمىغانىدى. مۇبادا شۇ چاشقان بۇرۇت بولمىغان بول-
سا، ھىسامنىڭ شۇ تاپتا ئۇنى «بۇۋاخۇننى مەنمۇ ساقلاپ ئولتۇ-
رىمەن چوڭ ئاپا» دىمىكى ھەقلىق ئىدى.
— بۇۋاخۇن يوقمىكەن دەۋاتىمەن سىزگە!
قايتىلانغان ئىنچىكە ئاۋازدىن ھىسام ئىككىنچى قېتىم چۆ-
چۈپ، ئىسىگە كەلدى ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ساندۇقتىن

① شۇ ناملىق كىنودىكى ژۇگرىكەك.

سەكرەپ چۈشتى، سەل داجىپىراق، ساندۇقتا يۆلىنىپ قالدى. يېڭى كەلگۈچى بۇنى سەزدى.

— مەن قورققۇدەك ئادەممىكەنمەن؟

ھېسام دەماللىقتا گەپ قايتۇرالماي، سەلدىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— بۇۋاخۇنكامنى مەنمۇ ساقلاپ تۇرغىلى نەۋاق، كەلمەيۋاتىدۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، بوپتۇ ، ئىككىمىز بىللە ساقلايلى. ئىتىڭىز كىم؟

— ھېسام ... ھېسامىدىن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، مېنىڭ ئىتىم ھاشىم، ھاشىم قوشۇق دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق بۇ شەھەردە . سىز سەھرالىقما؟

— ئۆيۈم ئوردا مەھەللىسىدە، شەھەر ئىچىلىك، — ھېسام بۇ قېتىم ئىتتىك جاۋاب بەردى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئۇ تەرەپلەرگىمۇ ئۆتۈپ تۇرىمەن. لەڭزە بېشىدا دۇكىنىم بار، قوشۇقتىن تارتىپ بۆشۈككىچە ھەممىنى ياسايمەن.

ھېسام شۇ چاغدىلا ھاشىم قوشۇقنىڭ قىزىل ـ جىيا قوللىرىغا قارىدى. «ئەھۋالدىن قارىغاندا جىمى بوياقچىلىق قولىدىن كېلىدىكەندە، يۈزىنىمۇ سەل چىرايلىق قىلىپ بويىۋالسىچۇ» دېگەن ئوي كەچتى ئۇنىڭ كاللىسىدىن، ئۆز خىيالىغا ئۆزى قىزىقسىنىپ، مىيىقىدا كۈلۈپمۇ قويدى.

— كۈلۈۋاتىسىزغۇ، گېپىمگە كۈلۈۋاتامسىز، چىرايىمغىمۇ، يا كېيىمىم ـ كېچەكلىرىمگىمۇ؟ ھە، بىلدىم، قوشۇقتىن تارتىپ بۆشۈككىچە ياسايمەن دېسەم پوچىكەن دەپ كۈلۈۋېتىپسىزدە، پوچىلىق دېگەنچۇ، غۇلجىلىقنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ كەتسۇن. مەن غۇلجىلىق ئەمەس، ئالتىشەلىك.

تۇرۇپلا ھېسامدا بۇ غەلىتە ئادەم بىلەن رەسمىي پاراڭلىشىپ كۆرۈش ئىستىكى قوزغالدى.

— ئەمدى يادىمغا كەلدى ئاكا، خەقلەردىن «ھاشىم قوشۇق،



www.uyghurkitap.com

ھاشىم قوشۇق» دەپ ئاڭلىۋېدىم، شۇ كىشى سىزمۇ يە؟
— ۋىيەي، ئاڭلاپتىكەنسىزغۇ ئەمدى، مېنىڭچۇ ئاشۇنداق ئاتىسا بىلمەيدىغان ئادەم يوق. كىيىملىرىم يارىشىپتىمۇ ئۆزۈمگە ھېسامجان؟
ھېسام كۈلكىسىنى تەستە ئىچىگە يۇتتى.
— ئالامەت يارىشىپتۇ. كىمگە تىكتۈرگەنتىڭىز؟
— ۋىيەي، نېمە قوغامنى ئېگىدۇ، خەققە تىكتۈرۈپ بېشىم ئىششىپ قالىمدى مېنىڭ، ئۆزۈم تىككەن. بۇچۇ، يېڭى پاسون، ھەر خىل پاسونلارنى ئويلاپ چىقىرىۋېرىمەن. تۇنۇگۇن ئۆزۈمگە كىمانى يەڭ بىر كۆڭلەك تىكتىم، شولكىۋايدىن. ھاۋا سەل ئىسسىسا كىيىپ چىقىمەن تازا!
«ياﺋاللا، خۇدايىم ئۆزۈڭگە ئامانەت، ھەر خىل بەندىلىرىڭ بار - ھە؟» دەپ ئويلىدى ھېسام، بىراق ھاشىم قوشۇقتىن يەنە ئەدەپ يەپ قالماي دەپ، ھېسسىياتىنى چىرايىغا چىقارمىدى. پەقەت:
— كىيىم تىكىشكىمۇ ئۇستىكەنسىزدە، — دەپلا قويدى.
— ۋىيەي، ئۇنى بىر دېمەڭ، راست، بىر پوپۇش تىكمەي-مەن، ئۇنىڭدىن قالغان ھەممە كىيىملىرىنى ئۆزۈم تىكىپ بېرى-مەن بالىلىرىمنىڭ. ئۇ كۇنى ئايالىم مەن تىكىپ بەرگەن ئالتە پۇلۇش يالاڭ پەلتونى كىيىپ مەھەللىدىكى تويغا چىقىپتىكەن، جىمى خوتۇنىنىڭ كۆزى شۇنىڭدىلا قاپتەك. قولۇم ئىشلىقچۇ مې-نىڭ.
— راست، مەن قارىساممۇ قولىڭىزدىن ھېچ ئىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغاندەك قىلىدۇ.
— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەمدى بىلدىڭىز ھە مېنى؟ ئۆيدە تاماقنىمۇ ئۆزۈم ئېتىمەن دەڭ. ۋىيەي، مېنىڭ ئەتكەن لەڭمە-نىمنى بىر يەپ باقسىڭىزدى. جىلىل تۇگمەنچىنىڭ شاڭمەن ئۇنىدىن يۇغۇرۇپ، راسا مايلاپ پىلتە قىلىۋالىمەن دەڭ، سېمىز قوي گۆشىنى يالپاق - يالپاق توغرىۋالىمەن، باشقا كۆكتاتنى قوشماي، سۇڭپىيازنىلا يوغان - يوغان توغرايمەن، گۆش بىلەن

ئىككىسىنى مايلىق قىلىپ قورۇۋالىمەن، بولسا كىچىككىنە پىنـ-
تورا قوشۇۋەتسىڭىز تېخىمۇ ياخشى. شۇنىڭدىن كېيىن چۆپنى
ئىلمان سۇدا شالاپ، مەيدىسى دوڭغاق چىنە تەخسىگە سېلىپ،
ئۈستىگە بىر چۆمۈچ بايىقى سەينى قۇيسىڭىز، چوكىدا لەڭمەننى
ئۇياققا تارتسىڭىز، بۇياققا مىدىرلاپ كېتىۋاتقان، قويۇق جۇ-
مۇك، ئىككى تەخسە يەۋېتىسىز.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېسامىنىڭ راستتىنلا قورساقلىرى غول-
دۇرلاپ، ئېغىزىغا سېرىق سۇ يىغىلغىلى تۇردى. ئۇ ھاشىم
قوشۇقنى داۋاملىق گەپكە سالماقچى بولدى.

— بۇ گەپچە ئۆي ئىشلىرىغىمۇ يېتىشىسىز كەندە؟

— ئۇنى بىر دېمەك، ئايال كىشىگىمۇ ئىشەنگۈلۈكمۇ؟ ئال-
دىراپ - سالدىراپ، ئۆينى چالا يىغىشتۇرۇپلا ئۇدۇل ئەينەكنىڭ
ئالدىغا يۈگۈرەيدۇ. مەنچۇ، سۈپۈرگە دېگەننى ئوينىتىۋېتىمەن،
ئۆتكەن ھەپتە ئاشخانا ئۆينى سىنكا بوياق سېلىپ شۇنداق چىراي-
لىق ئاقارتىپ چىقتىم...

ھاشىم قوشۇق بەلكىم ئۇچاق باشلىرىنى ئالا پوقى ئارىلاش-
تۇرغان سېغىز توپىدا شاتراقدىغانلىرىنىمۇ زوقلىنىپ سۆزلەر
بولغىيدى، ئۇنىڭغۇچە يېڭى پۈتكەن بىر تاغار ئاياغ كىيىمنى
مۇرىسىگە ئارتقان بۇۋاخۇن كېلىپ قالدى.

— ھە، ھاشىم قوشۇق، دوپپاڭنى گەجگەڭگە مىخلاپ كى-
يىپ ئەتىگەندە يەنە ئۆزۈڭنى ماختاۋاتامسەن؟

— ۋىيەي بۇۋاقكا، ماۋۇ يېڭىياچە ئىنىمىزنىڭ ئالدىدا تولا
ئادەمنى چۇشۇرمىگىنە، يالغانمىدى قولۇمنىڭ ئىشلىقلىقى. مې-
نىڭ دېگەنلىرىمنى پۈتتۈردىڭمۇ؟ — ھاشىم قوشۇق گېپىنى سو-
ئال بىلەن چۇشۇردى.

— پۈتتۈرمەمدىكى، پۈتتۈرمىسەم بالاغا قالارمەن سەن
ۋارى - ۋارىدىن. مېڭەمنى قوچۇپ مەشەدە...، — گەپلىرى تۈز،
قوپال بۇۋاخۇن تورۇك - تورۇك تېگىپ دۇكىنىنى ئاچتى.
ھېسامىنىڭ بۇرنىغا شۇ ھامان ھەر خىل تېرىلەرنىڭ قاڭسىق
پۇراقلىرى گۈپپىدە ئۇرۇلدى. بۇۋاخۇن بايا ئۆزى يۇدۇپ كەلگەن

تاغارنى دۇكان ئىچىگە ـ يەرگىلا ئۆڭتۈردى. كېيىن بىر دۆۋە ئاياغنىڭ ئىچىدىن بىر پاي باشماقنى تارتىپ كۆتۈرۈۋېدى، بىر ـ بىرىگە چېتىقلىق ئون نەچچە پارە ئاياغ بىراقلا سۆرۈلۈپ چىقتى.

— مانا ھاشىماخۇن، ئون بىر پارە ئاياغ. يائاللا ، نەدىن يىغىۋالغانسىلەر شۇنچىلا كۆپ بالىنى.

چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر ـ بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بالىلار ئاياغلىرىغا قاراپ تۇرغان ھېسام بۇۋاخۇن ئۇستامنىڭ ئاخىرقى سۆزىگە زەن سالمىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھاشىم قوشۇقنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش پوپۇش، باشماق تىجارىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ قويسا كېرەك دەپ ئويلاۋاتاتتى.

ھېسام ئويلىغىنىنى ئاغزىدىن چىقاردى:

— ھاشىمكا، ئارىلاپ ۋاپۇرۇشلۇقمۇ قىلىدىكەنسىزدە ـ ھە؟

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغاندۇ. مېنىڭغۇ قىلىدىغان ئىشىم جىق، بىراق ۋاپۇرۇشلۇق قىلىپ باقمىدىم. ھېيت كېلىۋاتامدۇ، ھە، ماۋۇ ئاياغلارنى بالىلىرىمغا ھېيتلىق دەپ بۇۋاق ئۇستامغا بۇيرۇتۇۋېدىم. جىڭ مال تىكىدىچۇ بۇ.

ھېسام ھەيران قالدى.

— نېمە، مۇشۇ ئاياغنىڭ ھەممىسىنى كىيگۈدەك بالىلىرىڭىز بارمۇ؟

ھاشىم قوشۇق ئىنچىكە چىرقىرىۋەتتى.

— ۋىيەي، بولمىغاندا، ئىشەنمەيۋاتامسىز ھېسامجان؟ بىرىنچى خوتۇنۇمنىڭ ئىككى بالىسى، ئىككىنچى خوتۇنۇمنىڭ ئۈچ بالىسى، ئۈچىنچى خوتۇنۇمنىڭ بىر بالىسى، تۆتىنچى خوتۇنۇمنىڭ ئىككى بالىسى، نەچچە بولدى؟ ، ھە، سەككىز. بۇداقى يېڭى ئالغان خوتۇنۇمنىڭ ئۈچ بالىسى. ۋىيەي، راستلا، قورسىقىدا بىرى باركەن تېخى، بولمىغان بولسا توپتوغرا بىر دوژنا پوپۇش تىكتۈرەتتىم.

ھېسامنىڭ كۆزى چەكچەرەپ كەتتى.

— نېمە؟ ئاشۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى يېنىڭىزدىما؟

بۇۋاخۇن ھا ـ ھالاپ كۇلۇپ كەتتى. ھاشىم قوشۇق سىنت قىلىپ قويىمدى.

— ۋىيەي، گىپىنى، تاشلاپ كەتمەمتىكى، خوتۇن شۇبىر، باللار ھەممىسى ماڭا قالغان.

تۇرۇپلا ھېسامىنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بوپقالدى. ئۇنىڭغۇچە ھاشىم قوشۇق ئاياغلارنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، بىر ـ بىرگە چىپتىقلىق پوپۇشلارنى شۇ پېتىچىلا مۇرىسىگە ئارتىپ، بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ توختىمدى.

— ئەجەب ساددا بالىكەنسىز ھېسامجان، يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز، راستىنىلا، دەيبېقىڭا، مانا مەن شۇ تاپتا ۋاپۇرۇشقا ئوخشامدىكەنمەن؟

ئۇنىڭسىزمۇ تىلى قىچىشىپ تۇرغان ھېسام ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ جاۋاب قايتۇردى.

— ياق، ئەمدى بىلدىم، ئۆتۈپ كەتكەن خوتۇنپۇرۇشقا ئوخشايدىكەنسىز!

ھاشىم قوشۇق غەلىتە دەسسەپ، ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كېتىپ قالدى.

بۇۋاخۇن ھاۋا گۇلدۇرلىگەندەك كۇلۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

# 15. كۆز تەگمىسۇن، چىرايلىق ئوغلۇم!

سەلىم جامال ھېسام ھەققىدىكى توپلانمىلىرىنى بىر نەچچە خاتىرىگە پۈتۈپ چىقتى. بۇلارنىڭ تولىسى ھېسام ئېيتقان قىزىق پاراڭلار، ھېسام ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ ئۇ ھەققىدە ئېيتقانلىرى ھەمدە سەلىمجان ئۆزى توقۇغان، باشقىلاردىن ئاڭلىغان لەتىپە، چاقچاقلار، قىزىق پاراڭلار ئىدى. ئۇ كەلگۈسىدە بۇ پاراڭلارنىمۇ ھېسامىنىڭ نامىغا توقۇۋېتىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. دەرۋەقە، كۆپ يىللاردىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ ئاقىلانە خىيالى ئۆز كۈچىنى كۆرسەت- تى. ھېسام ئەنە شۇ تەدبىر ئارقىلىق تېخىمۇ مۇكەممەل چاقچاق ئۇستىسى بولۇپ تونۇلدى.

سەلىمجان ھېسامىنىڭ چاقچاقلىرىنى توپلاشتىن باشقا ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋالى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنىمۇ بىرلىكتە ئىگىلەپ مې- ڭىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، بۇ يولدا تەرەددۇتلىنىپ يۈرەتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئۇ كەملەردە ئۇنىڭ بۇ خىيالى پەقەت بىر قىزىقىش، ئىستەكلا ئىدى خالاس. كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن بىر تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش تېمىسىنىڭ ساھىبى بوپقا- لىدىغانلىقىنى ئۇ تېخى ئويلاپ، پەرەز قىلىپ يەتمەس ئىدى.

سەلىمجان ھېسامىنىڭ دادىسى قۇربان رېھىم ھەققىدە خېلى كۆپ مەلۇماتلارنى توپلىدى، لېكىن ھېسامىنىڭ ئانىسى توغرىسىدا تۈزۈك ئۇچۇر يوق ئىدى.

بىر كۈنى بازاردا سەلىمجان تويۇقسىز سابىرجان مۇئەللىمنى ئۇچرىتىپ قالدى، ئىككىيلەننىڭ كۆرۈشمىگىنىگە خېلى ۋاقىت- لار بوپقالغانىدى. سابىرجان ۋېلسىپىتىدىن چۈشمەي تۇرۇپلا سەلىمجانغا چاقچاق قىلدى:

— ھە، يازما چاقچاقچى، تىچلىقمۇ؟

سەلىمجان ھەر قېتىم بۇ ئاددىي، ھەتتا سەل ئاۋارە كېيد-

نىپ يۈرىدىغان، قاڭشىرى ئەتراپىدىن كۈلكە ئىزناسى ئۆركىسەمەيدىغان مۇئەللىمنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز كۆڭلى بىر شادلىققا، يېقىنچىلىق تۇيغۇسىغا چۆمەتتى. چۈنكى، سابىرجاننىڭ گەپ ـ سۆزىدىنلا ئەمەس، قىياپەت، ھەرىكەتلىرىدىنمۇ كۈلكە تېمىپ تۇراتتى.

يول چېتىدە سابىرجان ۋېلىسىپىتىنىڭ ئېگىرىگە مەيدىسىنى تىرىدى، ئىككىيلەن بىر ھازا پاراڭلاشتى.

— ھېسامىكامنىڭ ئاغزىنى تاتلىمىسىڭىز گەپ چىقمايدۇ، — دېدى سابىرجان سەلىمجاننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، — ئۇنىڭدىن «ئاپىڭىز ھەسەلخىنىمدەم ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ» دەپ سوراۋېرىڭ. خەق ئالايىتەن تارىخىنى يازىمەن دەۋاتسا... بىزگە بىرسى شۇنداق دېسە ئۆيگە ئەكېلىپ قوندۇرۇپ، سۆزلەپ بېرىمىز.

سابىرجان چاقچاق بىلەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، چاقچاق بىلەن ۋېلىسىپىتقا مىندى. ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىمۇ چاقچاق قىلغاندەك غىچىرلاپ يۈرۈپ كەتتى.

بىر ئىشنى دەررۇ قىلمىسا كۆڭلى ئەمىن تاپمايدىغان سەلىمجان شۇ گەپ بويىچە ئەتىسىلا شەھەر ئىچى مەھەللىسىگە باردى. ئاخشاملىق ئولتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىپ، كۈندۈزىلا ئۇيقۇغا كەتكەن ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتلىدى.

بىز ئالدىنقى بابلىرىمىزنىڭ بىرىدە ھەسەلخان ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتكەن، يەنى ئۇ ھەققىدە ئاز ـ تولا مەلۇمات بەرگەنىدۇق. ئەمەلىيەتتە ھېسامنىڭ ئانىسى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىنى، ئەسلىگەنلىرىمۇ ئانچە كۆپ بولمىدى.

— ئىشقىلىپ، ئاپام رەھمەتلىك تولىمۇ ياۋاش ئايال ئىدى، تالا ـ تۈزگىمۇ تولا چىقمايتتى. ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ موھتاجلىقتا ئەمەس، خېلى ياخشى ئىدى. ئاپام پەقەت تاماق ئېتىش، كىر ـ قات يۇيۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان، ئاپام ماڭا بەك ئامراق ئىدى، ئادەتتە كىشىلەر چوڭ بالىسىغا ئامراق بولىدۇ دەيدىكەن. سەككىز بالىنىڭ ئارىسىدا ئاپامىمۇ، دادامىمۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى...

ھېسامنىڭ ئانىسىنى ئەسلەپ قىلغان سۆزىنىڭ بېشى ئەنە شۇنداق بولدى. پاراڭ ئارىسىدا ئۇ بۇ سۆزلەرنى يەنە بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى.

ئۆمرىدە سەككىز پەرزەنت كۆرگەن ھەسەلخان دائىم ھېسام ئۈچۈن ئۆپكە قېقىپ تۇراتتى. بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئۇ ھېسام ئۈچۈن ئەنسىرەيتتى. بىز ئىلگىرى قۇربان تېرىچى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەققىدە كەڭرى توختالمىدۇق. پەقەت بۇ ئائىلىنىڭ ئۇتتۇر ئۇقەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدۇق. ئەمەلىيەتتە قۇربان تېرىچىنىڭ ئائىلە ئەھۋالى شۇ زامانلاردىكى خېلى خېلى ئائىلىلەرگە قارىغاندا ھەر ھالدا ياخشى ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا قۇربان تېرىچى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق كۈن كەچۈرمەن دېسە قولى يەتكۈدەك ئەھۋالدا بولۇپ، مىجەز - پەيلى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۇ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ گەمە يېزىسىدا ئاتىسىدىن قالغان نەچچە ئون خولۇق يېرىنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلماي، تىرىكچىلىك يولىنى باشقىچە تۇتقانىدى. «ۋە باشقا سەۋەبلەر» دېگىنىمىز، بۇ يەرگە قۇربان رېھىمنىڭ باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ تەڭ شېرىك ئىدى. بەلكىم، ھېسامنىڭ دادىسى پانىي دۇنيانىڭ شۇ ئاز - تولا مەنپەئىتىنى دەپ قېرىنداشلىرى بىلەن سوغۇقلىشىپ يۈرۈشنى خالىمىغان بولسا كېرەك.

خېلىلا باياشات ئائىلىدە ئۆسۈپ يېتىلگەچكىمىكىن، غورىگۇل تۇرمۇش كەچۈرگەن چاغلىرىدىمۇ قۇربان تېرىچى مەردلىك، قولى ئوچۇقلۇقنى تەرك قىلمىغان ئادەم ئىدى. ئۇ بالىلىرىغا، بولۇپمۇ ھېسامغا بار - يوقىنى زادىلا ئايىمايتتى. بىر قېتىم ئۇ گۆدەك ھېسامنىڭ تەلپى بىلەن ئۇنىڭغا كالاسكا[①] ئېلىپ بەرگەنىدى.

— مەن ئىنى - سىڭىللىرىم ئارىسىدا، ئۇلارغا قارىغاندا تېخىمۇ توق، باياشات، ئەركە شارائىتتا چوڭ بولغانىدىم، — دەپ

① مەپىلىك ئات ھارۋا.

ئەسلەيدۇ ھېسام قۇربان ھازىرمۇ.

ھەسەلخاننىڭ كۆزىگە ھېسام بۆلەكچىلا، ئالايىتەنلا ئوبداق، چىرايلىق ۋە زېرەك كۆرۈنەتتى. ئوغلى ئۆيدىكى ۋاقتىدا ئۇ ئىش قىلغاچ ھېسامدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ئۇنى گەپكە سالاتتى، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى.

— ئاپا، ھېسام ئاكامغا پەشمەك بېرىپسەن، بىزگە بەرمەيسەنە؟

— ئاپا، ھېسام ئاكام قېنى يەۋاتامدۇ!؟

بۇنداق دەۋالار قۇربان تېرىچىنىڭ ئائىلىسىدە پات - پاتلا بولۇپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭمۇ چوڭ پەرزەنتىگە ھېرىسلىكى يادىدىن چىقىپ، گاھىدا قوناخۇنمۇ تېرىكىپ قالىدىغان:

— ھوي! مۇنۇ قالغانلار ئۆگەيما، ھە؟

ھەسەلخان ئوڭايسىزلىنىپ، يەرگە قارايتتى.

— ۋايتاڭ، شۇ...

ئاخشىمى لامپا يورۇقىدا سەككىز پەرزەنت چۇجىلەرگە ئوخشاش ھەسەلخاننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئولتۇراتتى. ھېسام، ھۇسەن، قېيۇم، ھەسەن ئىسىملىك ئوغۇللار بىر چەتتە، دۇرنەم، ئامىنەم، زەيتۇنەم ئىسىملىك قىزلار يەنە بىر چەتتە، ئوتتۇرىدا، راھىلەم دېگەن كەنجىسى بۆلەنگەن بۆشۈكنى قولتۇقىغا قىسىپ، دۇنيانىڭ راھىتىگە، پەرزەنتلىرىنىڭ قىزىقىغا قانماي ئولتۇرغان ھەسەلخان بىر كۈنلۈك جاپالىق، تۈگىمەس ئىش - كۈشلەرنىڭ ھاردۇقىنى ئۇنتۇپ، باللىرى بىلەن قۇشقاچ تىلىدا سۆزلىشىپ كېتەتتى. شۇنداق پەيتلىرىدىمۇ ئۇنىڭ كۆزى تولىراق ھېسام تەرەپكە، تىلى كۆپرەك ھېسامنىڭ ئىسمىغا كېتىپ قالاتتى.

— ھېسامدىن بالام، ئۇسكەك كالىنى بىر دورىۋەتكىنە!

— ھېسامدىن، چۇشتە دېگەن قىزىق گېپىڭنى يەنە بىر دەۋەتكىنە، ئۇكىلىرىڭ ئاڭلىسۇن!

كۆپ ھاللاردا قۇربان تېرىچىنىڭ ئۆيى گوياكى بىر قايناق بازارغا، سەنئەت ئۆمىكىگە ئايلىناتتى. ئىنىلىرى ھېسامغا يېتىپ



www.uyghurkitap.com

- قوپا قىزىقچى، سىڭىللىرى بولسا ۋىچىرلاپ تىنىماس قارلىغاچ، نەغمىچى، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى ئىدى. ھەممىدىن تولىراق ئو-يۇن قويۇپ، قىزىقچىلىق قىلىدىغىنى ھېسام ئىدى. ئۇ ئوتتۇرىغا چۈشسە، ئۇكىلىرى، قارلىغاچلار جىم بولاتتى. ھېسام بىردەم ئاللىكىملەرنى دورايتتى، بىردەم ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان قىزىق پاراڭلارنى قىلاتتى. ھېچبولمىسا ئۇكىلىرى بىلەن ئېتى-شىپ، بىرىنى يىغلىتاتتى، بىرىنى تېرىكتۈرەتتى.

قۇربان تېرىچى ئۆيدىكى ۋاقىتلىرىدا كېسىلىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ، باللىرىغا مەستلىكى كېلىپ، كاڭدا ياماپاشلاپ ياتاتتى. ھېسامنىڭ قىزىقچىلىقلىرىدىن خىر - خىر كۈلەتتى.

— ۋاي شەيتانەي...ھە، بوپتۇ! — دەيتتى.

ھېسام بارغانسېرى ئۇلغايدى. تاڭگا ساتىدىغان ھېسامدىن ناغرا چالىدىغان ھېسامغا، ناغرا چالىدىغان ھېسامدىن ۋا پۇرۇش بازىرىدا ئوقەت قىلىدىغان ھېسامغا، ئۇنىڭدىن مانا مەھەللە مەش-رەپلىرىنىڭ بىر گۈلى، چوپچوڭلا يىگىتكە ئايلاندى. لېكىن، ئانىنىڭ كۆزىگە پەقەت بىرلا ھېسام — تېخى يۇمران، تېخى سەبىي ۋە سۆيۈملۈك ھېساملا كۆرۈنەتتى. ھەسەلخاننىڭ ئەركە-لىتىش، تەشۋىشلىرىدىن گاھىدا ھېسام ئۆزىمۇ تېرىكىپ قالات-تى. بۇ ئۇنىڭ خېلى چوڭ بولۇپ قالغان چاغلىرى ئىدى.

— ۋاي، قويساڭا ئاپا، مەن كىچىك بالىمۇ بۇ كۆڭلەكنى كىيىدىغانغا!

— جىنىم بالام، سېنى كىيىدۇ دەپ ئالايىتەن تىكتۈردۈم.

— كىيمەيمەن، بۇنى ئاۋۇ قېيۇم كىيسۇن.

— نېمانداق قىلىسەن ئاپا، ئاغىنەمنىڭ ئالدىدا مېنى ئەركە-لىتىپ يۈرسەڭغۇ؟ مەھەللىدىكى باللار شاڭخو قىلمامدا؟!

— نېمىدەپ شاڭخو قىلىشقۇدەك؟ ئۇ باللارنى ئاپىلىرى ئەركىلەتمەمدىكەن؟

كىچىك ۋاقىتلىرىدا ھېسام ۋە ئۇكىلىرى ھەر كۈنى ئەتىگەن-دە ئورنىدىن تۇرمايلا ياستۇقلىرىنىڭ يېنىنى سىيلاشقا ئادەتلە-نىشكەنىدى. ئۇ يەردە، ھەر بىر تەكچي تۇۋىدە «ئەتىگەنلىك

سوۋغات» يا بىرەر تالدىن ئالما، يا ئىككى تالدىن كەمپۈت دېگەندەك نەرسە بولاتتى. بىراق، ھېسامنىڭ تەكىيى تۈۋىگە ئالما ئىككى تال، كەمپۈت ئۈچ - تۆت تال قويۇلۇپ قالاتتى.

— ئاپا، ھېسام ئاكامغا ئىككى تال ئالمىغۇ؟

— ئۇ دېگەن چوڭ، قىزىم.

— ئۇ چوڭ بولسا، مەن كىچىككقۇ!

ھېسام ئۇ غەنىيمەت كۈنلەرنى، ئۇ مېھرىبان ئانىنى، ئۆزىگە ئىككى ھەسسە مېھرىبانلىق بەرگەن جانىجانىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ، بارلىق پەرزەنتلەردەك!

ھەر قېتىم ھېسام سىرتقا ماڭغىنىدا ھەسەلخان قوي كۆزلىرىنى ئوغلىدىن ئۈزمەي، چىن ئىخلاسى بىلەن پىچىرلايتتى:

— كۆز تەگمىسۇن ساڭا، چىرايلىق ئوغلۇم!

ھەر كۈنى كەچتە، ھېسام تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندە ھەسەلخان ئالقىنىغا بىر چىمدىم تۇز ئېلىپ يوتقان ئېشىدىن ئۇنى ئاشلايتتى.

— ئاچ كىردى، توق كىردى، چىقساڭ چىق، چىقمىساڭ كۆتۈڭگە تېپىمەن. بورا يۆگەپ ئوت قويىمەن!

ئانا چىن ئىخلاسى بىلەن، كەينى - كەينىدىن ئەسنەيتتى. ئەسنەۋېتىپ ئاشلايتتى:

— ئەسكى تۈگمەنلەرگە بار، يالغۇز ياغاچلارغا بار!

ھەسەلخان ئۆمىلەپ يۈرۈپ، قاتار ياتقان باللىرىنى بىر - بىردىن ئاشلاپ چىقاتتى. كېيىن يەنە ھېسامغا يېنىپ كېلەتتى.

— ئاچ چىق، ئاچ چىق، ئاچ چىق!

ئۆزى ئۈچۈن ھاياتى بويى سەكپارە بولغان، ئاخىرقى تىنىقىدىغىچە تىلەك تىلىگەن غەمگۇزارىنى ھېسام تا ئۆزى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان ئاخىرقى دەملىرىگىچە چىن ئېتىقادى بىلەن ئەسلىگۈسى، خۇددى بارلىق ۋاپادار پەرزەنتلەردەك!

بىر ئۆمۈر ھايات ئىشقى، ئالەم لەززىتىنى سەككىز پەرزەنتىنىڭ مۇھەببىتى، ھالال جۈپتىنىڭ ئىشەنچى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان ياۋاش، كۆيۈمچان، ساددا، كەم سۆز ھەسەلخان

1956 ـ يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ گەمە يېزىسىدا، ئوغلى ھۆ-
سەننىڭ ئائىلىسىدە، ئېرىدىن بەش يىل كېيىن ۋاپات بولدى.
شۇ يىلى ئۇ 60 ياشتا ئىدى.

ھېسامىنىڭ پەدەر ۋە غەمگۇزارىنىڭ ۋاپاتلىرى ھەققىدە بىز
كېيىنكى بابلىرىمىزدا يەنىمۇ تەپسىلىي توختىلىمىز.

دۇنيادىكى بارلىق ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ راھىتىنى كۆر-
سۇن. ئۇلار بۇنىڭغا ھەقلىق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# 16 . چاقچاق مەكتىپى

مىلادىيە 1949 ـ يىلى، غۇلجا، بەيتۇللا مەسچىتى.

مەزىنىنىڭ ناماز پېشىنگە چاقىرىپ توۋلىغان ئەزىنى بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ئالدىدا، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە توپ ـ توپ بولۇپ ناماز ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان جامائەتنى ئورۇنلىرىدىن قوزغىدى. قۇربان تېرىچى مەسچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئالدىغا شاخ ـ قوراي، بېدە بېسىلغان كىچىككىنە دۇكان ئىچىدىن ئالدىراپ چىقىپ ئۇدۇلدىكى لەمپىلىك دۇكانلار تەرەپكە ماڭدى.

بىر يىل ئىلگىرى قۇربان ئاكا ھېسام ئۇقەت قىلىپ تاپقان، ئۆينىڭ چاي ـ تۇزىدىن ئېشىنغان پۇلغا مۇشۇ دۇكاننى ئېچىپ، ئوغلىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغانىدى.

دەسلەپكى چاغلاردا ھېسام ھەر كۈنى مىختەك ئولتۇرۇپ سودا قىلىشقا ئانچە كۆنەلمىدى. ئۇ ئەزەلدىن بىر جايدا ئۇزاق ئولتۇرۇپ چىدىيالمايتتى. ھازىر يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالغان چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى. بويىمۇ لوڭگىدە ئۆستى. ئاۋازىمۇ بوم، گۇركىرەپ چىقىدىغان بولدى. بۇنداق ياشتىكى يىگىتلەر بىر يەردە جىم تۇرالىسۇنمۇ؟! لېكىن، بىر ئىش ھېسامنىڭ مىجەزىگە خوپ كېلىپ قالدى. ئۇ بولسىمۇ ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە بۇ يەردىن مەھەللىنىڭ بىكارچىلىرى ئۆكسىمەيتتى. ئۇلار ھېسامنى گەپكە سېلىپ كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشاتتى. بۇ يەردە گۈلىگە گۈل كەلگەن يەنە بىر ئىش بار ئىدى. مەسچىت ئەتراپىغا موزدۇز دۇكانلىرى قاتار جايلاشقان بولۇپ، ئۇ دۇكانلاردا ئۆمرى كۆن ـ خۇرۇم، پوپۇش، سەندەل، داغمال، دەرەشلەر ئارىسىدا دوكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۇستىلار ئارىسىدا شۇ زامانلاردا غۇلجىدا مەشھۇر، مەشرەپ سورۇنلىرىنىڭ گۈلى بولغان ئەلنەغمىچى، چاقچاقچىلاردىن مۇھەممەت مانجۇ، ئىلاخۇن، يۈسۈپ ۋەھشىي قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. غوپۇر دىڭخۇلۇ،

تۇرسۇن تىيىپ دېگەندەك سەنئەت ئۇستىلىرىمۇ بۇ دۇكانلارنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى ئىدى. غىياسىدىن باراتمۇ شۇ يىللاردا مۇشۇ دۇكانلارنىڭ بىرىدە شاگىرت بولۇپ ھۈنەر ئۆگىنەتتى. ھېسام ئىلگىرى تاشلەپكە، ۋاپۇرۇش بازىرى قاتارلىق يەرلەردە ئۇتتۇر ئوقەت قىلىپ يۈرگەندىمۇ ئۇ ياق - بۇياقتا ئۆتسە بۇ دۇكانلارنى يوقلاپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ بۇ دۇكانلارغا تېخىمۇ ئۆگىنىپ كەتتى.

سەنئەت دېگەن ئاجايىپ نەرسە، ئۇ باشقا كەسىپلەرگە ئوخشىمايدۇ. سەنئەت ئەھلىگە مەيلى ئۇ كاسىپ بولسۇن ياكى مەرتىۋىلىك زات بولسۇن، پەقەت سەنئەت ئىشتىياقى قەلبىگە رەھنامە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى گاداي بولسىمۇ قەلبى باي. قىلىۋاتقانلىرى خەقنىڭ باشلاتقىلى بەرگەن مەسە، باشماقلىرىنى تىكىش بولسىمۇ، لېكىن قىلىۋاتقان گەپلىرى ئارمانلىق گەپلەر. بەيتۇللا مەسچىتى ئالدىدىكى دۇكانلاردا سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان موزدۇزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئىدى.

شۇ موزدۇزخانىلارنىڭ بىرىدە تۇرسۇن تىيىپ دېگەن كىشىنىڭ دۇتار بىلەن ئېيتقان مۇنداق بىر مۇڭلۇق ناخشىسى ھېسامنىڭ يادىدىن زادىلا چىقمايدۇ:

خەلقنىڭ دىلبىرى سەنئەت،
خەلق سەنئەتنى خالايدۇ.
سەنئەتسىز گۈلىستاننىڭ،
پەيزى، شوقى بولمايدۇ.
سەنئەتلىك كىشىلەرنى،
خەلق ياخشى باھالايدۇ.

بارغانسېرى بۇ دۇكانلار ياش ھېسامنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىپ تۇرىدىغان بولدى. ھەدېسىلا دۇكاننى بىرەرسىگە، نامازدىن يانغان دادىسىغا، مەھەللىدىن ئوينىغىلى كەلگەن ئىنىسى ھۆسەنگە، قېيۇمغا ياكى بولمىسا بىرەر تونۇشىغا قارىتىپ قويۇپ، ئۇدۇلدىكى دۇكانلارغا چاپاتتى.

— قوراي بەش تىيىن، شام سەككىز تىيىن، بېدە ئون

تىيىن، ئىلغاتما، دۇكاندا يېگۈدەك نەرسە يوق، كىرسىنىنى ئىد-
چەلىسەڭ مەيلى، — دەيتتى ئۇ دۇكانغا قاراپ قالغان كىشىگە.
ھېسامغا موزدۇزلارنىڭ گەپلىرى، ناخشا ـ سازلىرىدىنمۇ
كۆرە قىزىق لەتىپە ـ چاقچاقلىرى ياقاتتى. مۇھەممەت مانجۇ
بىلەن يۈسۈپ ۋەھشىي پات ـ پاتلا چاقچاقتا تۇتۇشۇپ قالاتتى.
ئۇلارنىڭ چاقچاق ئۇسۇلى بىرەر لەتىپىنى بايان قىلىش بولماس-
تىن، بەلكى بىر مەن، بىر سەن ئوخشىتىش، ئۆزئارا جاۋاب
قايتۇرۇشتىن ئىبارەت بولاتتى.

ئۇلار تۇتۇشقىنىدا ئۆزلىرىنى، ئەتراپتىكىلەرنى ھەتتا جا-
ھاندىكىلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشاتتى. تۇرقى، قىياپىتى مەيدانغا
چۈشكەن نوچى خورازلارغا ئوخشاپ قالاتتى. بىر ـ بىرىگە جاۋاب
قايتۇرۇشتا ھەرگىز تەمتىرەپ قالمايتتى. بىرىدىن بىرى ئۆت-
كۈر، دەل، قىزىق گەپلەر، ئوخشىتىشلار، سۈپەتلەشلەر، رەد-
دىيىلەر، مۇبالىغىلەر بۇلاق سۈيىدەك ئوقچۇپ، فونتاندەك ئېتى-
لىپ چىقاتتى. مۇھەممەت مانجۇنىڭ گەپتە
چاققانلىقى، يۈسۈپ ۋەھشىينىڭ ماراپ چېشلىشى، غوپۇر دىڭخۇ-
لۇنىڭ ئاجايىپ ئوخشىتىشلىرى ھېسامنىڭ چاقچاقتا ئىنتىلىپ
تۇرغان كۆڭلىگە تولىمۇ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇ دوپپى، قېلىپ،
پارچە تېرىلەر ئارىسىدا گەپ تىڭشاپ ئولتۇرۇپ دۇكىنىنىمۇ
ئۇنتۇپ قالاتتى...

— ھاي ھېسامىدىن، نەدىسەن؟

قۇربان تېرىچى ئۈچ ـ تۆت قېتىم قاتتىق توۋلىۋىدى،
ھېسام ئاران ئاڭلىدى ۋە گەپتىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، ئەستە
ئورنىدىن قوزغالدى. بۇ شۇ كۈنكى چاقىرىشلارنىڭ تۆتىنچىسى
ئىدى. قۇربان تېرىچى بۇ قېتىم ناماز ئەسىرگە ماڭغانىدى.

— ۋاي، مۇنۇ مانجۇ پوپۇش تىكەمدىكەن يا چاقچاقمۇ؟ سېنى
ئەجەب رام قىلىۋالدىغۇ بۇلار؟!

قۇربان ئاكا يۆتەلدىن كېيىن دېمىنى رۇسلاپ كايىپ قوي-
دى. ھېسام ئۈنچىقماي، ئادەمسىز قالغان دۇكىنىغا قاراپ ماڭ-
دى. ئۇنىڭ كاللىسىدا باياتىن ئۇستازلار قىلىشقان يېگىدىن

يېڭى، ئۆتكۈر چاقچاقلار ۋاژىلداپ قاينايتتى. دېمىسىمۇ ھېسام كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزىمۇ سەزمەي ئاشۇ بىر نەچچە چاقچاق ئۇستىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز قەلبى، ۋۇجۇدىغا سىڭدۇ-رۇپ باراتتى.

ئەتىسى ھېسام موزدۇزخانىغا يەنە كەلگىنىدە ئىش تىكىۋات-قان مۇھەممەت مانجۇ دەرەشنىڭ تېرىگە تەگكەن يېرىگە بىر تۇكۇ-رۇپ قويۇپ، جىددىي قىياپەتتە:

— ھە، بېلەت ئېلىپ كىردىڭمۇ ھېسام؟ — دەپ سورىدى.

ھېسام تېڭىرقاپ قالدى.

— نېمە بېلەت؟ موزدۇز دۇكىنىغىمۇ بېلەت ساتامدىكەن؟

— موزدۇز دۇكىنى ئەمەس چاقچاق دۇكىنى دېگىن. گەپ قىلمىسا كۇندە كىرىپ گەپ ئوغرىلاۋاتىسەن، قارىسام مەشەگە قاتنايدىغان بولۇپ قالغاندىن بېرى ئۆزۈڭمۇ شاش بولۇپ كېتىۋا-تىسەن، راستمۇ؟

ھېسام جاۋاب قايتۇراي دەپ تۇراتتى، نېرىدا ئولتۇرۇپ ئاياغقا قېلىپ تارتىۋاتقان يۇسۇپ ۋەھشىي گەپكە ئېغىز ئاچتى.

— نەچچە گەپ قىلىۋاتىسەنوي؟ — دېدى مۇھەممەتنىڭ لەقى-مىگە قارىتىپ، — بالا گېپىڭنى ئۇقالمىدى، قارا، تېڭىرقاپ تۇرغىنىنى!

— مەن مۇنۇ ھېسامغا گەپ قىلىۋاتسام، سەن نېمە ئېتىلە-سەنوي؟ چىشلەپ بىرەر يېرىمنى زەخىم قىلىپ قويما يەنە!

مۇھەممەت مانجۇمۇ بوش كەلمىدى. ھېسام ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى شەپىسىز كەلتۈرگىنىدىن زوقلىنىپ كۈلدى. چاقچاق شۇنداق نەرسە، ئۇنى دورىغىلى، يادلىۋالغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇنىڭغا ھەۋەس، ئىشتىياق كېرەك. ھېسامدا مۇشۇ ئارتۇقچىلىق بولغاچقا، ئۇ مۇھەممەت مانجۇ ئېيتقاندەك ئاستا - ئاستا، بىلىپ بىلمەي بۇ بىر نەچچە چاقچاق ئۇستىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ ماڭماقتىدى.

بەزىدە موزدۇزخانىدىكى چاقچاقچىلار ھېسام بىلەن چېقىشات-تى.

— بىكارغا چاقچاق يوق جۇمۇ ھېسام، باياتىن تولا كاسىنـ
داپ تاماقلار قۇرۇپ كەتتى. قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل!
ھېسام يۈگۈرۈپ چىقىپ كوچىنىڭ ئۇ چېتىدىكى باققاللار-
دىن نەشپۈت سېتىۋېلىپ كىردى.
— قارا، غوپۇر، — دېدى زوردۇن شېۋە نەشپۈت يېـ
گەچ، — قۇناخۇننىڭ باللىرى چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدۇ دەۋا-
تاتتىڭ، مۇنۇ ھېسامدىن ئۇندىغىدىن ئەمەس ئىكەنغۇ؟
— راست دەيسەن، — دېدى غوپۇر دىڭخۇلۇ، — چاپچال تەرەپـ
نىڭ باللىرىغا ئوخشىمايدۇ ـ دە!
— تايىنلىق دىڭخۇلۇنىڭ يىغىنى ئوغرىلايدىغانلاردىن ئەمەس
دېگىن!
— پاھ، قىلغان گېپىڭ ئاران شۇما؟ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىـ
كىلەرمۇ چاغلىقكەن!
دۇكانغا مەھەللىدىكى ئىككى بالا كىرىپ قالمىغان بولسا،
بىر مەن، بىر سەن چاقچاق يەنە خېلى داۋاملاشقان بولاتتى.
باللارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوردا مەھەللىنىڭ ياش، ئۆگەنچى
سازەندىلىرىدىن بولۇپ، ئۆز تەڭتۇشلىرىنىڭ مەشرىپىدە تۆرنى
سوراپتتى. باللارنىڭ بىرى قولىدىكى بولاقنى ئەدەپ بىلەن
تۇرسۇن تىيىپنىڭ ئالدىغا قويدى. تۇرسۇن تىيىپقا يېقىنراق
ئولتۇرغان شىتىل مىجەز غوپۇر دىڭخۇلۇ بولاقنى يېشىۋېدى،
ئىچىدىكى تۇرسۇن تىيىپ ئامراق پەتتازا بولۇپ چىقتى.
— پاھ، تۇرسۇن، باللار يېمىڭلارنى ئېلىپ كەپتۇ مانا!
— پىلىكمىكىن دېگەنىمىدىڭلار؟ — دەپ شۇئانلا جاۋاب قايـ
تۇردى تۇرسۇن تىيىپ.
— تۇرسۇنكا، مۇنۇ سىراجىدىن بىلەن بىر نىمىنى تالىشىپ
قېلىۋېدۇق «ئىسلام يۈزىدە پاختەك» مۇ ياكى «ئىسلام يۈزىدە
بەختەك» مۇ؟
— سەن نىمە دەپ ئېيتىۋېدىڭ، ئەبەيدۇللام؟ — دەپ سورىـ
دى تۇرسۇن تىيىپ بىر تال پەتتازىنى ئاغزىغا سېلىپ.
— مەنغۇ «بەختەك» دەپ ئېيتقانىدىم، مۇنۇ سىراج...

— توغرا، — دېدى تۇرسۇن تېيىپ دەررۇ، — بەختەك دېگە-
نى ئىسلام يۈزىدىكى بەختىخان دېگەن سەتەڭ خوتۇن…
تۇرسۇن تېيىپ قولىنى سۇنۇپلا بۇلۇڭدىكى بېشى يەملەگلىك
دۇتارنى ئالدى ـ دە، داراڭ ـ دۇرۇڭ قىلىپ سازلاپ، ئاغزىدى-
كى پەتتازىنى شۇمۇگەچ ناخشا باشلىدى:

ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم،
ئىسلام يۈزىدە بەختەك…

زوردۇن شېۋە دەررۇ ئالىقىنىنى ئاقىرىپ كەتكەن مەسكاپ ئۆ-
تۈكىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ ناخشىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈردى:

پەتتازا ئېلىپ كەپسەن،
پېتىر مانتىلار يوقتەك.

دۇكاننى كۈلكە بىر ئالدى. پەتتازا ئېلىپ كىرگەن يىگىت قىزار-
غانچە ئۆزرە ئېيتتى:
— پېتىر مانتىغا بىز قەرزدار، زوردۇنكا، سېنىڭ بۇ يەردە
بارلىقىڭنى بىلمەيلا كىرىپ قاپتىمىز.
— سانايىنەپىسەنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈۋالدى بۇ، — دېدى
يۈسۈپ ۋەھشىي ، — يەنە مۇنۇ دىڭخۇلۇمۇ بار.
— يائاللا، بىر كۈنى بىر تالايسەنغۇ ئىككىمىزنى، — غوپۇر
دىڭخۇلۇ بېشىنى ئىرغاڭلاتتى، — مۇنۇغۇ ئۇدۇل دەريانىڭ ئۇ قې-
تىغا يۈگۈرەر، مەن قەيەرگە يۈگۈرەرمەن؟
— سەن ئۇدۇل پىلىچى خېنىمغا يۈگۈرەيسەن ـ دە، غوپۇر-
كا! — دېدى باياتىن جىممىدە ئولتۇرغان ھېسام ئۆزىمۇ سەزمەي.
— مانا، مانا! — دېدى زوردۇن شېۋە، — باللار يېتىلىپ
قاپتۇ.
— دېدىمغۇ، ئېچىلىۋاتىدۇ بۇ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى مۇ-
ھەممەت مانجۇمۇ.
ئەنە شۇ چاغلارنى ھېسام ھېچقاچان ئۇنتۇمايدۇ. بەيتۇللا
مەدرىسى ئالدىدىكى ئاشۇ كۆرۈمسىز موزدۇزخانىلار ئۇنىڭ قىممە-
مەتلىك ئىنستىتۇتى بولغان، ئۇنى چاقچاقتا يېتەكلىگەن، تاۋلى-
غان، پىشۇرغان…

www.uyghurkitap.com

بەيتۇللا مەسچىتى ئۇدۇلىدىكى ئاشۇ پاكار، كۆرۈمسىز، ئەمما خىسلەتلىك، سەنئەتلىك ئادەملەر ئىشلەيدىغان دۇكانلارنى غۇلجىنىڭ كونا ئادەملىرى ھېلىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. سورۇنلاردا ھەمىشە ئۇلارنىڭ گېپى بولىدۇ. چالغان سازلىرى، ئېيتقان ناخشىلىرى، قىلغان چاقچاقلىرى قۇلاق تۈۋلىرىدە ھېلىمۇ ۋاڭشىپ تۇرىدۇ، ئەسلىنىدۇ. كۆپچىلىك بۇلارنى ئاڭلاپ كۈلۈشىدۇ، ئاھ - ئۇھ چېكىشىدۇ، كۆز يېشى قىلىشىدۇ. قوللار مەرھۇملارنىڭ روھىناتلىرىغا ئاتالغان دۇئالارغا كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ھېسامنىڭ يادىغا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەر يېتىدۇ. ئۇ ئاشۇ خاسىيەتلىك چاقچاق مەكتىپىنى، ئادەم كىنەپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئەسلىسە ئەرزىيدىغان سۆيۈملۈك ئۇستازلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟!

ئاھ، سۆيۈملۈك ئىلى، ھايات تۇرۇپ سېنى، تېخى ھايات دىلداش، مۇڭداشلىرىنى قەدىرلىمەيدىغان پەرزەنتلىرىڭنى قانداقمۇ قىلارسەن؟!

## 17. سەييارە چاقچاقچى

ھېسام بەيتۇللا مەدرىسىدە بەش يىل ئوقۇپ، ھېساب، تىل،
جۇغراپىيە... قاتارلىق دەرسلەردىن بىلىم ئالغاندىن كېيىن
باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك شاھادەتنامىسىنى ئېلىپ،
جەمئىيەت مەكتىپىگە چىقىپ كەتتى. ئائىلە قىيىنچىلىقى، سەنـ-
ئەتكە بولغان ئىشتىياق تۈپەيلى ئۇ داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇيالمىـ-
دى. راستىنى ئېيتقاندا، ھېسامنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا
يۇقىرى سىنىپلارغا ئۆرلەپ ئوقۇيدىغانلار ئاز ئىدى. تۇرمۇش،
روزىغار غېمى كۆپىنچە باللارنى ئوقەتكە، ھۈنەرگە باشلاپ كېـ-
تەتتى.
ھېسام بىرنەچچە زامان بازاردا ھەرخىل ئوقەتلەر بىلەن
شۇغۇللانغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ زورى بىلەن مىلىچ مال،
شاخ، قوراي سودىسىنى ئاساس قىلغان دۇكانغا مىخلىنىپ،
شەھەر ئىچى بەيتۇللا ئالدىدا يېڭى ئوقەتكە كىرىشتى. ئالدىنقى
بابىمىزدا بايان ئەتكىنىمىزدەك بۇ ھال ئۆزىنىڭ مەدرىسە ئالدىـ-
دىكى موزدوز دۇكانلىرىدا، چاقچاق مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇرۇشىـ-
غا سەۋەب بولدى. يېشىمۇ، ئەقلىمۇ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ
بېرىۋاتقان ھېسام بۇ كەملەردە ئۆزىدە چاقچاقلىقتا بولغان بىر
تەبىئىي ئالاھىدىلىكنى سېزىپ يەتمەكتە ئىدى.
ھېسام چاقچاقتا خېلىلا ئېچىلىپ، مەھەللە مەشرىپى ۋە
باشقا سورۇن، باشقا ئورۇنلاردا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا
باشلىدى. كىشىلەر «قۇربان قىزىقچىنىڭ چوڭ ئوغلى ئاتىسىـ-
نىڭ ئۇدۇمىنى ئالغۇدەك، ئۆزىنىڭ تەققى - تۇرقى، مېڭىش
- تۇرۇشىمۇ بىر كۈلكىغۇ!» دېيىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە توپىسى
مۇنبەت، سۈيى شەربەت بۇ يۇرتنىڭ قۇچىقىدا؛ مەھەللە - مەھەلـ-
لە، سورۇن - سورۇنلاردا پېشقەدەم چاقچاق ئۇستىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىزلىرىنى بېسىپ، يېڭى، ئۆسمە چاقچاقچىلارمۇ يېتىشىپ چىقىۋاتاتتى.

ئىلى دىيارى ئەزەلدىن ناخشا ـ مۇزىكا، كۈلكە ـ چاقچاقچىلىقى بىلەنمۇ مەشھۇر. ئىككى ئېغىز چاقچاق گەپنى ئەپلەپ قىلالمايدىغان، تېگى بار ھەزىلنى دەررۇ ئاڭلاپ چۈشىنەلمەيدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئىللىقلىقىدىن شۈبھىلەنسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. مانا شۇنداق يۇرتنىڭ قىزىقچىسى، گەپچىسى بولۇپ باش كۆتۈرۈپ، تونۇلۇپ چىقماق ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ خۇددى «دېڭىزنىڭ بەكىسى ئادەمگە شەمشەر بولىدۇ» دېگەندەك بىر ئىش.

ئىنسان نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانسا، شۇ ئىشنىڭ ئەھلىلىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان گەپ. چاقچاقچىلىق ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلىش ئىستىكىگە چۈشكەن ھېسام ئۆزىگە ئوخشاش چاقچاق ئىزدەنگۈچىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ «نەيزىسىنىڭ ئۇچىنى، شەمشىرىنىڭ بىسىنى» سىناپ بېقىش كويىدا ئىدى. «تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك ئانچە كۆپ ساقلاتمايلا مەھەللە مەشرەپلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ قارادۆڭ مەھەللىسىدىكى سازەندە ھەم چاقچاقچى مەمتىمىن ماماخ بىلەن بىر سورۇندا بولۇپ قالدى. قارادۆڭ تەۋەسىدە تۇرسۇن ئامان، تۇرسۇن چوجە ۋە مەزكۇر ماماخ ئۇچەلىسى يېتىلىۋاتقان ئەلنەغمىچى ۋە چاقچاقچىلاردىن سانىلاتتى. ئۇلارنىڭ نامى غۇلجا شەھىرىدە خېلى تونۇشلۇق بولۇپ، نېرىسى بايانداي، بېرىسى جىرغىلاڭغىچە ھەر بىر مەھەللە مەشرەپ، توي ـ تۆكۈن سورۇنلىرىغا تەكلىپ قىلىناتتى. كۆنچى مەھەللىسىدىكى ئەيسا تۇلكىمۇ شۇ ئەتراپنىڭ «ئالغۇر»لىرىدىن بىرى بولۇپ، مىجەزىگە يارىشا پات ـ پات قوشنا «كاتەك»لەرگە، باشقا مەھەللىنىڭ سورۇنلىرىغا تەكلىپ بويىچە قەدەم تەشرىپ قىلاتتى.

شەھەر ئىچىدىكى مەھەللە مەشرىپىدە ھېسام بىلەن ماماخ بىر ـ بىرىسى بىلەن ئىچكىرىلەپ تونۇشتى. ئورتا بوي، قارىقۇمچاق، كۆزلىرى يوغان، ساقاللىق يىگىت مەمتىمىن ماماخمۇ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار ياش بولۇپ ھەم چالاتتى، ھەم ئېيتاتتى،

ھەم چاقچاق قىلاتتى، بولۇپمۇ ئالدىنقى ئىككى ئالاھىدىلىكى
غالىبراق ئىدى. ھېسام ماماخنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇق
مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالدى. نۆۋەتىدە مەمتىمىن ماماخمۇ ھېسام-
نىڭ ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىنى بايقىدى. ھېسامنىڭ مەھەللىسىدى-
كى مەشرەپتە ماماخ ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ماھارىتىنى خېلىلا
ئوبدان كۆرسەتتى. ئۇ شۇ زامانلاردا ئەل ئىچىدە تارقىلىپ يۈر-
گەن يېڭى ناخشىلارنى تېرىپ ئېيتىشقا خېلى چېۋەر ئىدى. ئېلىدا
بۇنداق چالغۇچى، ناخشىچىلار ھازىرمۇ خېلى نۇرغۇن. ئۇلار
كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىنى غىدىقلايدىغان تېكىستلەرنى ئالايىتەن
ئىزدەپ تېپىپ، ناخشىغا سېلىپ ئېيتىدۇ - دە، شۇ ئارقىلىق
ئۆزلىرىمۇ شۆھرەت تاپىدۇ.
نەغمىدىن كېيىن مەشرەپ ئەھلى ماماخ بىلەن ھېسامنى
«بىر قەپەس» تۇتۇشتۇرۇپ قويدى. ئادەتتە مەشرەپ ۋە ياكى
باشقا سورۇنلاردا چاقچاقچىلارنىڭ بۇنداق تۇتۇشۇشلىرى مۇنداق
بولاتتى؛ سورۇن ئەھلىلىرىدىن بىرەرى مەلۇم چاقچاقچىغا گەپ
تاشلاپ، شۇ يەردە ئولتۇرغان يەنە بىر چاقچاقچىنىڭ ئۇنى پىسەن-
تىگە ئالمايۋاتقانلىقى، بۆلەك بىر سورۇندا بۇ ھەقتە بېشارەت
بەرگەنلىكىنى يالغاندىن (غايىۋانە) قېقىتىپ بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن «تەھدىتكە ئۇچرىغان» چاقچاقچى شۇ سورۇندا ئولتۇرغان
رەقىبىگە «جەڭ ئېلان قىلىدۇ» ياكى شۇنىڭغا يېقىن بىرەر ئىپادە
بىلدۈرىدۇ. شۇ تەرىقىدە بىر سەن، بىر مەن ئېلىشىش باشلى-
نىپ، ئىككى چاقچاقچى گەپتە ئۆرەدىشىدۇ. ئەتراپتا ئولتۇرغان-
لار بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا يان بېسىپ، يەل بېرىپ، چاقچاق-
چىلارنىڭ ئوتىغا ماي قۇيۇشىدۇ. چاقچاق شۇ تەرىقىدە قىزىيدۇ،
يېڭىدىن - يېڭى، ئاجايىپ ئوخشىتىشلار، سۈپەتلەشلەر، يۇمۇر
لەتىپىلەر پەيدا بولىدۇ…
ئۇ كۈنى ماماخ بىلەن ھېسام ئۇنچىلىك ئۇزاق تۇتۇشالمى-
دى. سەۋەبى، بىرىنچىدىن، ماماخ شەھەر ئىچى مەھەللىسىگە
مېھمان ئىدى. ئىككىنچىدىن، ھېسام سورۇن چاقچىقىغا تېخى
يېڭى، تەجرىبىسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز ماھارىتىنى دەس-

لەپكى قەدەمدە بىر قەدەر نامايان قىلدى.

مەمتىمىن ماماخ قايتىپ بارغاندىن كېيىن قارادۆگىلىك چاق-چاقچى بۆرادەرلىرىگە ھېسام ھەققىدە سۆز قىلدى بولغاي، ئىك-كىنچى ھەپتىسى ھېسام قارادۆگىدىكى بىر مەشرەپكە تەكلىپ قىلىندى. بۇ كۈنى ھېسام تۇرسۇن ئامان، تۇرسۇن چۇجە قاتار-لىق گەپچىلەر بىلەن چاقچاقتا بىرەر قۇردىن تۇتۇشۇپ كۆردى. تۇرسۇن ئامان ھە دېگەندە ئانچە كىرىشەلمىدى. يېڭىياچە تونۇش-نىڭ مىجەزى يوچۇن بولىدۇ دېگەن شۇ. ھېسام ئۆزىنىڭ مىجە-زىگە يارىشا، تالاغا قول چايقىغىلى چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقىلاردىن تۇرسۇن ئىسىملىك ئىككى چاقچاقچى ھەققىدە بەزى-بىر نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالدى. تۇرسۇن ئاماننىڭ ئەسلىي ئىسمى تۇرسۇن بەختى بولۇپ، ئامان ئىسمى ئۇنىڭ مىجەزىگە يارىشا قوشۇلۇپ قالغانىدى. سەۋەبى ئۇ بازاردا، مەھەللىدە، سورۇندا كىم بىلەنلا كۆرۈشمىسۇن، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە قو-لىنى كۆكسىدىگە قويۇپ «ئامان بولايلى» دەپلا تۇراتتى. ھېسام مېھمان بولغاچقا تۆردە بەخىرامان ئولتۇرىۋەردى. پەقەت تۇرسۇن چۇجە بىر قۇر چوقىلاپ، نۆۋەت تۇرسۇن ئاماننىڭ ئېغىز ئېچە-شىغا كەلگەندە ئۇ تەمكىنلىك بىلەن «ئامان بولايلى» دىن بىر كەلتۈرۈۋېدى، ئۆي ئىچىدە قىيقاس چىقىپ كەتتى. تۇرسۇن ئامانمۇ گويا جەڭدە پىستىرمىغا ئۇچرىغان «دۈشمەن» دەك ھە دېمەيلا ئالاقزادە بولۇپ قالدى، كېيىنكى گەپلىرىمۇ دېگەندەك چەك باسمىدى. ئۇ ئىچىدە «بۇ غىلاي كۆزدىن ھەزەر قىلىش كېرەككەنكەندە!» دەپ ئويلىدى.

گەپكە ـ گەپ كەلگەندە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتمەك لازىمكى، ھېساملىڭ ئاستىرتىن ئەھۋال ئىگەللەپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىدىغان چاقچاق ئادىتى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېخىمۇ كامالىغا يەتتى ۋە ھازىرمۇ قالغىنى يوق.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېساملىڭ ئاستا ـ ئاستا «ئايىغى چىقىش» قا باشلىدى. ئۇ مەھەللە ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەشرەپ ۋە توي ـ مەركە سورۇنلىرىغا پات ـ پاتلا قاتنايدىغان بولدى.



www.uyghurkitap.com

بۇ سورۇنلاردا ئۇ يېڭى «رەقىبلەر» بىلەن تونۇشاتتى ۋە ئىلىشاتتى. بۇنىڭ ئەلۋەتتە چاقچاقچىلىق ماھارىتىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسى بار ئىدى. كۆنچى مەھەللىسىدىكى ئەيسا تۈلكە بىلەن ئۇدا ئىككى سورۇندا تىركەشتى. ئەيسا تۈلكە سورۇن كۆرگەن چاقچاقچى ئىدى. ئانچە - مۇنچە گەپكە پىسەنت قىلماي، كۈلۈپلا ئولتۇرۇۋالاتتى. پەيتىنى تېپىپ ماراپ چىشلەيتتى. شۇ كەملەردە ئۇنىڭ خېلى نامى چىقىپ قالغاچقا، سورۇندىكى ياش باللار ئەيسا تۈلكە گەپ قىلسىلا كۈلەتتى. بۇمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھېسامنىڭ ئاغزى ئېچىلىشىغىلا ھەممە ئادەم كۈلۈپ، باشقا چاقچاقچىلارنىڭكىگە ئىلغاپ كۈلگەندەك بىر ئىش ئىدى.

بىر قېتىم ئەيسا تۈلكە ئۆز مەھەللىسىدىكى بىر سورۇنغا ھېسامنى ئالايىتەن باشلاپ باردى. ئۇ كۈنى نەدىن پەيدا بولغانكىن، تۇپىدەڭدىكى دۆڭ شوپاڭدىن قايتقان ئىككى مەست سورۇنغا كىرىپ قالسا بولىدۇ. ھېلىقى ئىككىسى ئەيسا تۈلكىنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى ۋە بىر مەھەللىلىكلىرى ئىدى. دەسلەپىدە ئىككىيلەن خېلى جىم ئولتۇردى، ئىسسىق ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كەيپى كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ، سورۇننى مالىمان قىلغىلى تۇردى. ھېسامنىڭ تىلى تىزگىنسىز ئاتتەك چاقچاققا ئىنتىلىپ تۇرغان مەزگىللىرى بولغاچقىمۇ، ئەيسا تۈلكىگە قاراپ چاقچاق قىلدى:

— ھوي ئەيساكا، ھوي ئەيساكا، ئىنىڭلاردا ئوپۇر - توپۇرچىلىك بولۇپ كەتتىمغۇ؟

ئەيسا تۈلكە ھېلىقى ئىككى قەغىش مەستكە بىر قارىۋېلىپ جاۋاب قايتۇردى:

— بىزنىڭ ئىندىغۇ مۇنداق جانىۋارلار يوق بولىدىغان، سەن سۇ دەرۋازىدىن باشلاپ كەلمىگەنسەن ھېسام؟

— سەن ئەمەس ئىنىغا قالايمىقان مېھمان باشلايدىغان!

— سەن ئەمەس ئىككى مەس غوۋغا قىلسا يەر تەۋرەۋاتامدۇ دەيدىغان!

— سەن ئەمەس مېھماننى تۆرگە چىقىرىپ قويۇپ، قۇيرۇ-

قىڭنى تالايدىغان! ... .

چاقچاق تازا قىزىۋاتاتتى، ئۈنىڭغۇچە ھېلىقى ئىككى مەستە-نىڭ بىرى داستىخاننى ئاتلاپ ئۆتۈپلا ھېسامنىڭ كانىيىنى سىقـ-تى.

— ئەيسا ئاكامغا ھۆرۈ - پۆرۈ دەيسەنغۇ؟ - ھېسام ھەم چۆچۈپ، ھەم ئەتەي كەينىگە سەل داجىپ ۋارقىرىدى:

— ھوي ئەيساكا، مەھەللەڭنى كۆنچى مەھەللە دەۋاتاتتىڭ، كۆنچى مەھەللە ئەمەس، سۈپۈرگىچى مەھەللىسىمۇ نىمە؟

ئۈنىڭغۇچە ئەيسا تۈلكىمۇ، ئۆي ئىگىسىمۇ مەستنىڭ قولىنى سىلكىپ تارتقۇشلىدى. ئەسكىلىك قىلغىنىنى بايقاپ قالغان مەست غەرلىككە سېلىپ:

— قېنى، بىر چاقچاق كەلتۈرۈۋەت سۇ دەرۋازىلىق، بولمىـ-سا قولۇم بوينۇڭدا تۇرىۋېرىدۇ، — دېدى.

ھېسام دەررۇ چاقچاق كەلتۈردى:

— ھوي ئاداش، مۇشۇ بوغۇشۇڭدا نەچچە سۈپۈرگە چىقار-مەن.

قىيقاس كۈلكىلەر ئارىسىدا ھېلىقى يىگىت قولىنى شاپپىدە ئاجرىتىۋالدى.

مەستنىڭ يەنە بىرى تاكى سورۇن تۈگىگىچە يېشىلمىدى. قايتارغا يېقىن ئۇ ھېسامغا خىرىس قىلدى:

— ھەي ئاۋاق ئاداش، قايسى يول بىلەن قايتساڭلارلا ئۇرد-مەن.

سورۇن تۈزۈلگەن ئۆينىڭ ھويلىسىدىن ئۆستەڭ ئېقىپ ئۆ-تەتتى. ھېسام دەررۇ شۇنى يادىغا ئالدى.

— بولدى، سۇ بىلەنلا كېتەي، — دېدى ئۇ.

كۈلكە ئارىسىدا ئىككىنچى مەستمۇ جىمىقتى. ھېلىقى ئىك-كىيلەننىڭ قىلىقىدىن قاتتىق نومۇس قىلغان كۆنچى مەھەللىنىڭ جىگەرلىك يىگىتلىرى ھېسامغا ئۆزرە قويدى.

— پەرۋا قىلما ئاداش، بۇلارنىڭ جاجىسىنى ئۆزىمىز بېرد-مىز. كۆرۈشۈپ تۇرايلى.

ھېسامنىڭ چاقچاقچىلىق ھاياتى ئەنە شۇنداق باشلاندى. بەيگىگە چۈشكەن ئاتنىڭ تۇيىقى قىزىغاندەك سورۇن كۆرگەنسېرى ئۇنىڭ يېگىدىن - يېڭى سورۇنلارغا بارغۇسى، چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. بۇغۇ ياخشى ئىدى، شۇغىنىسى مەدرىسە ئالدىدىكى دۇكان كۆپىنچە تاشلىنىپ قالاتتى. قۇربان تېرىچى نامازغا ۋاقتىدا كىرەلمەي ياكى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغقا ۋاقتىدا بارالماي جىله بولاتتى. ئۆزىنىڭمۇ كېسەلنىڭ كۈچىدىن ئورۇقلاپ ئىلىڭ - سىلىڭ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ تازا رەلله بولۇپ تۇرغىنىنىڭ ئۈستىگە ئاخشام بارغان ئۆيدە ئۇخلاپ قېلىپ، ۋاقچە قايتىپ كېلىۋاتقان ھېسام دۇكان ئالدىدا پەيدا بولدى.

قۇربان تېرىچى ئوغلىنىڭ دەل ۋاقتىدا پەيدا بولغىنىدىن خۇشاللاندىيۇ، بايىقى جىلىچىلىكىنىڭ كۈچىدىن ھېسامغا بىر ھومايدى.

— ھە، سەييارە چاقچاقچى، بارمۇ سەن بۇ دۇنيادا زادى؟

— دېدى ئاچچىقى بىلەن.

گەپچى دېگەن گەپچىدە، قۇربان قىزىقچى ئوغلى ھېسامنى ئالامەت بابىدا بىر كەلتۈرگەندى.

www.uyghurkitap.com

# 18. قوشنىسىنى ئەدەپلەش

شۇ كۈنلەردە مەھەللىدە توساتتىن توخۇ ئوغرىسى پەيدا بولۇپ قالدى.

توخۇ دېگەنغۇ تايىنلىق پۇلغا يارايدىغان نېمە، بىراق بۇ ئىشنىڭ ئەنسىزچىلىكى يامان. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەھەللىدە «بۈگۈن پالانچىنىڭ كاتىكىدىن مانچە توخۇنى ئوغرى ئاپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقىلىۋەرگەندىن كېيىن «بىر گۆرگە سۇ كىرسە مىڭ گۆردە ئەنسىزچىلىك» دېگەندەك ئىش بولۇپ، ھەممە ئادەم دەككە - دۈككىچىلىكتە قالاتتى. چوڭلارغا غەم - ئەندىشە، بالىلارغا ئويۇن بولۇپ بېرەتتى.

— ئۇھ، ھېكىملەرنىڭ ئۈچ توخۇسىنى ئوغرى ئاچىقىپ كېتىپتۇ، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەپتۇ، — دەپ تالادىن ھاياجانلىنىپ يۈگۈرۈپ كىردى قېيۇم. ھېكىم دېگىنى ئۇنىڭ تەڭ قۇرام ئاغىنىسى بولۇپ، ھېساملار بىلەن تام قوشنا ئىدى.

— ئاغزىڭغا سەڭگى - ساپا، توۋا قىلدىم دەۋەت، — قاچا يۇيۇۋاتقان ھەسەلخان ئەنسىزلەندى، — كۈندە تۆت - بەش تۇخۇم كاكىلاپ بېرىۋاتقان ئاشۇ توخۇلارنى يامان كۆزدىن ساقلىغاي خۇدايىم. دېمىسىمۇ بىر تىپتىنچ مەھەللە ئىدى بۇ، نەدىن پەيدا بولدىكىنتاڭ بۇ نەس ئوغرى.

— بولدى كۈچىمەڭلار، بالا دېگەن ئويناپ ھەر نېمە دەيدۇ. ھاي قېيۇم، ماڭ توخۇلارغا دان بېرىۋەت. ئاندىن ئەتە - ئاخشىمى توخۇلىرىڭغا ياخشى قارا. مۇشۇ مەھەللىدە كىم بىكار، ئابدۇرېھىم سوغىنىڭ قارا ئىتتى بىلەن سەن بىكار.

قۇربان تېرىچى بىر يولى ئۇزاقراق سۆزلىۋەتكەچكىمۇ، خېلىغىچە يۆتىلىپ بېسىقمىدى. كېسەل ئۇنى كۈنسېرى چېقىپ بېرىۋاتاتتى.

ئاخشىمى ھېسام دۇكاندىن قايتىپ كېلىپ، توخۇ ئوغرىسى-نىڭ گېپىنى يەنە بىر مۇنچە ئاڭلاپ يېتىپ قالدى.
ئەتىسى ئەتىگەندە ھېسام ئادىتى بويىچە ئۆيدىن بالدۇر چىقىپ دۇكانغا ماڭغانىدى، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا قاققان قوزۇقتەك ئولتۇرىدىغان، قاچان تاماق يەپ، قاچان ئۇخلايدىغىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان تام قوشنىسى - بېشىغا قىش - ياز ئۆزىدىن يوغان قۇلاقچا كىيىۋېلىپ، تۇگۇلۇپلا يۈرىدىغان كېرىم دېگەن كىشى يەنە ئەتىگەنلىك ۋايىسىشى بىلەن ئۇنىڭ يولىنى توستى.
— ھە، ھېسامىدىن، بۈگۈن نېمە خەۋەرلەر بار. مەھەللە ئىچى قانداقراق؟ توخۇ - تۇمانلار ئوغرىدىن ئامانمۇ؟
— ئۇقمىدىم، — دېدى ھېسام ئانچە خۇشياقماي، — بۈگۈن بىرەر كۈن دەم ئالغاندۇ ئوغرىمۇ ھەرقانچە بولسا ...
— گېپىڭنى قارا، بۆۋەك جۇمۇ سەن. سەندە يېڭى گەپ بولمىسا مانا مەندە بار. ئاۋۇ پارىزلىنىڭ كاتىكى قۇرۇپتۇ بۈگۈن.
— ئۆزىڭىز بىلىدىكەنسىزغۇ كېرىمكا، يەنە مەندىن سوراپ نېمە قىلىسىز؟ يە ئوغرىلار ھەر كۈنى سىزگە ئىشلىرىدىن مەلۇمات بېرىپ ئۆتەمدۇ؟ — ھېسام ئادىتىنى ئۇنتۇيالماي، گەپنى چاقچاققا بۇرىدى.
— داداڭدەك تىلىڭ ئاچچىق كىسپۇرۇچ جۇمۇ سەن. ساڭا گەپ قىلغان تىلىمزە، ھوي، ئوغرىدىن ھەرقايسىڭمۇ ھېزى بول دېگىنىم بۇ، كۆيۈنگەننى ئۇقمايدا!
مەھەللىدە ھەرقانداق ئىش يۈز بەرسە، مەيلى ئۇ قانداق ئىش، قانچە خۇپىيانە ئىش بولمىسۇن، كېرىم دېگەن بۇ كىشى جەزمەن ئالدىن خەۋەردار بولاتتى. مەھەللىدىن چىقىدىغان، مەھەللىگە كىرىدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەي ئىلاج يوق ئىدى. ئالدىدىن ئۆتكەن ھەرقانداق ئادەمگە، مەيلى ئۇ ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ياش بولسۇن قېرى بولسۇن، ھەتتا خوراز قەندەل سېتىۋالغىلى چىققان كىچىك بالا بولسۇن، كېرىم ئاخۇن نەچچە ئېغىز پاراڭ قىلماي ئۆتكۈزمەيتتى. شۇڭا، بۇ

مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭغا كېرىم سىكرىت دەپ لەقەم قويۇۋالغانىدى.

— بالىموي، قاراپ باققىنا، كېرىم سىكرىت دۇقمۇشتا بارمىكىن، بازارغا چىقىپ كېلەي دېۋىدىم، — دەيتتى بەزىبىر چوكانلار.

— ئۇۋۇش، تويغا ۋاخ قالدىغان بولدۇم، كېرىم سىكرىت دەرۋازىسى ئالدىدا چوقچىيىپ ئولتۇرىدۇ، ماڭغۇچىم دېسە بەش سائەت گەپكە تۇتىدۇ ئادەمنى، سىلكىنىۋېتەي دېسە، يانا...

مۇنداق گەپلەر ھېسابسىز ئۆيىدىمۇ پات ـ پات بوپقالاتتى. گايىدا قۇربان تېرىچى نەپسىنى گىزىلدىتىپ قايناپ قالاتتى.

— ئانىسى تالاغا تۇغۇپ قويغان ئاداشمىكىنتاڭ بۇ، يا ئۆيىگە كۆڭۈلسىزمىكىن. نېمىدېگەن ئولتۇرغان گەپ تالادا بۇ، ھۆكۈمەت جالۇن[1] بېرىدىغاندەك. بىر كۈنى بىر تىللايمەن!

ئادەم دېگەن قىزىل يۈزلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە قوشنا ـ قولۇم ئادەم، كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋېرەتتى، قۇربان تېرىچىمۇ گېپىنى بوغۇزىغا يۇتۇپ يۈرۈۋېرەتتى. كېرىم سىكرىت بولسا ئۆزىنىڭ كونا قىلىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ پەيزىنى ئۇچۇۋېرەتتى.

— ھە، نەگە ماڭدىڭلا ئاداش شۇنچە ئالدىراپ، قاشقادىن تۇغقانلار چىقامدىكەن يا؟

— ھوي سارىخىنىدە، سالاملىكۇم، نەگە تاۋاق قىلىپ ماڭدىلا، گۆشنانىمۇ يە بولدۇرۇپ مانتىمۇ؟

— توختىغىنا ساقام، ھە ئاپاڭ بىلەن داداڭ يېقىنىڭياقى سوقۇشتىمۇ؟

— ......

مەھەللىدىكىلەر بۇ غەلىتە مىجەزلىك ئادەمدىن جاق تويۇشقانىدى. بىراق كىممۇ ئۆزىنى ئالدىراپ، بالدۇر ئەسكى قىلىدۇغۇسى كەلسۇن دەيسىز. شۇنىڭ بىلەن كېرىم سىكرىتمۇ قو-

---

① جالۇن ـ مائاش دېمەكچى.



www.uyghurkitap.com

راق كۆپىسىنى تېگىگە تۆت قاتلاپ قويۇۋېلىپ، دەرۋازىسى ئالدىدىكى خىزمىتىنى بەخىرامان داۋام قىلاتتى.

كېيىنكى چاغلاردا، بولۇپمۇ مەدرىسە ئالدىدىن دۇكان ئېچىپ، ئالدىراپ ماڭىدىغان بوپقالغاندىن بېرى ۋە يەنە بىر جەھەتتىن، يېشى چوڭايغاندىن بۇيان ھېسامىمۇ كېرىم سىكرىتنىڭ يول توسۇشلىرىغا ۋە لاۋزا گەپلىرىگە دىققەت قىلىدىغان ۋە سەل - پەل تېرىكىدىغان بوپقالغانىدى.

— ھە، ھېسامىدىن، داداڭ يەنە يۆتىلەمدۇ كېچىچە؟ ھەي ئەھۋالى چاتاقراق جومۇ قۇنەمنىڭ.

— توختىغىنا ھېسامىدۇنۇي، ئاڭلىسام سېنى نە - نەلەرگە مەشرەپلەرگە ئېيتقۇدەك دەيدۇ، ئۆرۈم - چۆرۈم بېرەمدۇ؟

— توختىساڭا بالا، نەگە مۇنچە ئالدىراپ؟ ھاي ··· كېتەر جاھاننىڭ كارى، ئولتۇرغىنا بىرەردەم، ئاپتاپ خوي چىقىپتۇ، تازا بىر تاتىلىشۋالايلى.

ھېسامىغۇ گەپكە بوش كەلمەيتتى، بىراق كونىلارنىڭ «سۇنى سەپ سىڭار يەرگە، گەپنى قىل سىغار يەرگە» دېگەن دانا ماقالىنى يادىغا ئالدى. كېرىم سىكرىت ئانچە - مۇنچە گەپ ئۆتىدىغان ئادەملەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ھېسامنىڭ قىلىدىغان بىردىنبىر ئىشى پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كېتىش بولاتتى. بىراق، كېرىم سىكرىت ئانچە - مۇنچە قاتتىق - قوپاللىقنى ھار ئېلىپ كېتىدىغان ئادەملەردىنمۇ ئەمەس ئىدى. خۇددى باشقا ئادەملەرگە قىلغىنىدەك، ھېسام بۇگۇن پەرۋا قىلماي ئۆتۈپ كەتسە، ئەتىسى يەنە ئۆز گېپى، قىلىقىنى قىلىۋېرەتتى.

بارغانسېرى ھېسامدا بۇ ئادەمنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىپ، ئىككىنچىلەپ كوچىدا ئولتۇرمايدىغان ياكى ئاز ئولتۇرىدىغان، ئولتۇرسىمۇ خەقنىڭ ئىشىغا چېپىلمايدىغان قىلىۋېتىش كېرەك ئىكەن دېگەن بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى.

بىر ئاخشىمى ھېسام ھەرەمباغ مەھەللىسىدىكى بىر مەشرەپتىن بالدۇرراق قايتىپ قالدى. ناماز خۇپتەن ۋاقتىدىن ئۆتكەن مەزگىل بولسىمۇ، ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا كوچىدا ئادەم -

ئىنسان كۆرۈنمەيتتى. ئىزغىرىن شامال تەننى جۇغۇلدىتاتتى. يىراقتا ئىتلارنىڭ ئەنسىز، توختاپ ـ توختاپ هاۋشىشى ئاڭلىناتتى. يېقىنلا يەردە ئىچى پۇشقان ئاشىق يىگىتنىڭ دەردلىك ناخشىسى قۇلاققا ئۇرۇلاتتى.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.

هېسام ناخشا ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ، ئۆز كوچىسىغا قايرىلدى. ئەمدىلا نەچچە قەدەم ئىلگىرىلىۋىدى، نېرىدىن بوش يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى. هېسام بىر چۆچۈپ، قەدىمىنى توختاتتىمدە، ئالدى تەرەپكە سىنچىلاپ قارىدى. قاراڭغۇدا، ئالتە ـ يەتتە قەدەم نېرىدا، تام تۈۋىدە بىر قارا كۆلەڭگە كۆرۈندى. هېسامنىڭ يۈرىكى دەررۇ ئورنىغا چۈشتى. قارا كۆلەڭگە ئادىتىنى تەرك ئېتەلمەي، يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان شۇ مەھەلدىمۇ جاپا چېكىپ تالادا ئولتۇرغان كېرىم سىكرىت ئىدى.

— كىم ئۇ؟ قوشنىلارما؟ ۋەلىمۇ، هېسامدۇنمۇ، يە ئالماس پاقىمۇ؟ كىم سەن؟

هېسام يېنىك دەسسەپ، تىن چىقارماي كوچىنىڭ ئۇ قېتىدىنراق ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدا كېرىم سىكرىتنىڭ بوغۇلغان ئاۋازى يوقالدى:

— قايسىڭ بولساڭ مەيلى، بىردەم كېلىپ پاراڭ سېلىشمامسەن، ۋاي توخۇلارەي!

كېرىم سىكرىتنىڭ ئاخىرقى گېپىنى ئاڭلاپ، هېسامنىڭ يادىغا توخۇ ئوغرىلىقى كېلىپ قالدى. بۇ خىيالمۇ ئۇزۇن داۋاملاشمىدى، كاللىسىدا باشقا بىر ئوي پەيدا بولدى.

ئەتىسى خۇپتەندىن كېيىن كېرىم سىكرىت يەنە كوچىدا سوغۇق يەپ، مەھەللە بېقىپ ئولتۇراتتى. يەر ـ جاهان تىمتاس، تۈنۈگۈنكىدىنمۇ ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. قېرىشقاندەك بۇ كوچىدىن ئاندا ـ ساندا ئۆتكەنلەرمۇ نېرىقى قاتتىن مېڭىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كېرىم سىكرىت يوغان جۇۋىغا يۆگىنىپ، قۇراق كۆپىنىڭ ئۈستىدە چوقچاراپ ئولتۇرغىنىچە بىردەم ئۆرە خورەك تارتىپ،

بىردەم چۆچۈپ ئويغىنىپ ئەتراپىغا قارايتتى. خىيالىدا ئالدىمدىن
بىرەرسى ئۆتۈپ قالسا، توختىتىۋېلىپ گەپكە تۇتسام، بىرەر بىر
يېڭى ئىشلاردىن خەۋەر تاپسام، دەپ ئويلايتتى.
قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىنتالڭ، بىر چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىلا
بىر شەپە پەيدا بولدى، چۆچۈپ قارىۋىدى، بىر كۆلەڭگە كۆرۈن-
دى. كېرىم سىكرىتنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ غەلىتە، قورقۇنچلۇق
بىر مەخلۇق ـ باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئاپئاق بىر جاندار تۇراتتى.
— يانەۋزەمىبىللا، ياخۇدايا ئۆزۈڭ بار. لاھەۋلا ۋەلاقۇۋۋەتا،
ئىللا بىللاھى ئەلىيۇل ئەزىم! — كېرىم سىكرىتنىڭ جان ـ
ئىمانى چىققۇدەك بولدى، جىمى ئەزايى تىترەپ، ئورنىدىن سەك-
رەپ تۇرۇپ كەتتى. ھېلىقى ئاپئاق مەخلۇق ئۇنىڭغۇچە ئاغىل
ـ تاغىل سەكرەپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇسسۇل ئويناشقا باشلىدى.
مەخلۇق ھەر سەكرىگىنىدە ئەزايى بەدىنىدىكى قوڭغۇراقلار ۋەھى-
مىلىك جىرىڭلايتتى.
— يا...يائاللا، تو...تووۋا قىلدىم، لاھەۋلا ۋەلاقۇۋۋەتا...
كېرىم سىكرىت جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئۆزۈن جۇۋىسىغا پۇتلى-
شىپ، يۆگىلىپ، لاي سۇۋاق ئورۇندۇققا سۇنايلىنىپ قالدى،
ئېسى خىرەلەشتى، قۇراق كۆرپىسى يەرگە سىيرىلىپ
چۈشتى....
ئەتىسى مەھەللە ـ كويدىكىلەرنى ھەيرانلىققا چۆمدۈرۈپ
كېرىم سىكرىت دەرۋازىسى ئالدىدا كۆرۈنمىدى، ھەتتا نەچچە
كۈنلەرگىچە لاي سۇۋاق ئورۇندۇق بوش ـ بىكار بوپقالدى.
مەھەللىدە ئۇنى ئاغرىپ قاپتۇ دېگەن خەۋەر تارقالدى. ئۆم جاما-
ئەت، قولۇم ـ قوشنىلار ئۇنى يوقلاپمۇ كىرىشتى. يوقلاپ چىق-
قانلارنىڭ ھەممىسىلا ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى
دېيىشەتتى، باشلىرىنى چايقاپ كۈلۈشەتتى.
— تووۋا دېسە بولمدۇ، — دېدى ئەتىگەنلىك چاي ئۈستىدە
قۇربان تېرىچى كۈلۈمسىرەپ، — مۇنۇ كېرىم سىكرىتنىڭ كۆ-
زىگە ئالۋاستى كۆرۈنگەنمىش، كېچىلەپ تالادا ئولتۇرۇپ خەقنىڭ
قەدىمىنى پايلامسەن؟ مەھەللە كويغا ئارام بېرەمسەن ـ بەرمە-

سەن دەپ، كانىيىنى سىققانىمىش.

— تووۋا قىلدىم، — دېدى ھەسەلخانمۇ ياقىسىغا سۈپكۈش-لەپ، — ئاغزى - بۇرنىنى ئۇچۇق قاپلاپ كەتكەنمىش - ھە؟ سەل شامال دارىغاننىڭمۇ ئىسەرى بار دەمدۇ، نېمە؟ ئۆزىگىمۇ ئاز، زىۋەرەممۇ يىغلاپ شۇنى دەپ ئولتۇرغۇدەكمىش.

ھېسام مىيىقىدا كۈلۈپ، غورتۇلدىتىپ ئەتكەن چىيىنى ئىچتى. تاس قالدى «ئەنە شۇ ئالۋاستى مەن ئىدىم» دەۋەتكىلى، دادىسىدىن قورقتى. قۇربان تېرىچى شۇ كۈنلەردە كېسەل ئازابى-نى تارتىپ يۈرەتتى، ئاچچىق كۆتۈرەلمەيتتى.

كېيىنچە، مەھەللىدە ھېلىقى توخۇ ئوغرىسى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل كېرىم سىكرىت ئىكەن، ئۇ يېرىم كېچىگىچە كوچى-دا ئولتۇرۇپ، ئەل ئايىغى جىمىققاندا كاتەك ئارىلايتتىكەن، ئوغرىلىغان توخۇلىرىنى ئوغلى ھېكىم تاڭ ئاتماستا باشقا مەھەل-لىگە ئاپىرىپ سۇ قىلاتتىكەن، خەقنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈچ توخۇيىمىزنى ئوغرى ئالدى دەپ قويۇپتىكەن، بول-مىسا يىگىرمىچە توخۇ بار كاتەكتىن ئالايتەن كىرىپ ئۈچلا توخۇ ئالىدىغان قانداق سارالڭ ئوغرىكەن ئۇ ... پەلىنىدى، شەلىنىدى دېگەندەك گەپلەر تارقالدى. ھېسام بۇ گەپلەرگە پەرۋا قىلمىدى. ئىشقىلىپ ئۇ ئۆز مەھەللىسى ئۈچۈن خۇپىيانە ھالدا بىر ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەنىدى.

كېرىم سىكرىت خېلى ئۇزاقتا ساقايدى، ساقايغاندىن كېيىن زادىلا كوچىدا ئولتۇرمايدىغان بولدى.

# 19. سەنئەتكە ھەۋەس

ھېسامنىڭ سەنئەتكە بولغان ئوتتەك قىزىق ھەۋىسى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا باشلانغان.

ھېسام مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرگەن يىللار غۇلجىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرى تازا گۈللەنگەن مەزگىللەر ئىدى. 1936 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە «مىللەتلەر كۇلۇبى» ياسىلىپ، مەھەللە سەنئەت تىروپپىلىرىدا ئۇششاق نومۇرلارنى تەييارلاپ، ئويناپ، ئۇسسۇزلۇقى قانماستىن يۈرگەن سەنئەت ئەھلىلىرىنىڭ چوڭ، يىرىك سەھنە ئەسەرلىرىنى ئوينىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. زىكرى ئەلپەتتا، جالالىدىن يەھيارى، قاسىمجان قەمبىرى، روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف قاتارلىق سەنئەت ئۇستىلىرى «مىللەتلەر كۇلۇبى»غا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ توپلىنىشتى. كېيىنچە «رۇس كۇلۇبى» «ئۆزبېك كۇلۇبى»، «خەنزۇ كۇلۇبى»، «تاتار كۇلۇبى» قاتارلىق كۇلۇبلار ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرى ئۆز سەھنىلىرىدە ئوينىلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلدى. ئۇيغۇرلارنى ئېلىپ ئېيتساق، «مىللەتلەر كۇلۇبى» ئاساسىدا كېيىنچە ئۆزگەرتىلگەن «ئۇۋقاق كۇلۇبى» (ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبى) دا چوڭ تىپتىكى كلاسسىك ئوپېرا «غېرىب - سەنەم» ئوينىلىپ، غۇلجا خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زور زىلزىلە قوزغىدى.

ھېسامنىڭ بالىلىق، مەكتەپ ھاياتى دەل ئەنە شۇ ۋاقىتلارغا توغرا كەلگەچكە، بۇ ھېسسىياتچان بالىنىڭ يۈرىكىدە سەنئەتكە دېگەن بىر تىنىمسىز ئىنتىلىش يېلىنجاپ، كۆچەيدى.

مەدرىسىدىكى سەنئەتسۆيەر ئوستازلىرىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلىدىغان ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرى، ئويۇن

تەييارلاپ قويۇشلار، ناغرىخانىدا ناغرا چېلىشنى ئۆگىنىش، قاي-
ناق، ئۆزگىچە مەھەللە مەشرەپلىرى ... ھېسامنىڭ يېشىغا ئەگە-
شىپ ئۆلغىيىۋاتقان سەنئەت ھەۋىسىگە ئوتقا چاچقان ماي بولۇپ
قويۇلسا، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل جۇشقۇن سەنئەت پائالىيەتلى-
رى، بازار، گۇزەرلەردە قىزىپ كېتىدىغان ھەر خىل ئەلنەغمە،
مەدداھلىق، كۆز باغلاش (سېرك) قاتارلىق ئويۇنلار بۇ مايىنى
تېخىمۇ قىزىتىدىغان ئوتۇن تىمسالى ئىدى. ھېسام شۇ مەزگىل-
لەردە پۇرسەت بولسىلا بازارغا چاپاتتى. كەچقۇرۇنلۇقلىرى مە-
ھەللىدىكى باللار بىلەن توغرىكۆۋرۈكتىكى «ئۇقاق كۆلۈبى» غا
بېرىپ، تىياتىرغا كىرىپ كېتىۋاتقان چوڭ ئادەملەرگە ياندى-
شىپ، «بالا» بولۇپ كۆلۈبقا كىرىپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى. مۇبادا
بۇنىڭدىن سېزىلىپ ھەيدەلسە شىمىشكا، مېۋە شۆپۈكلىرى بىلەن
تولغان يەردىن كانتىرول (ئويۇن ياكى كىنو بېلىتىنىڭ قوشۇم-
چىسى) ئىزدەيتتى. مەكتەپتىن بوشىغان ئارام كۈنلىرىدە ئۇ
لەڭزە بېشى، دۆڭ شوپاڭ تەرەپلەرگە بېرىپ، توختىقارىي ئە-
سىملىك مەدداھنىڭ دۇتارغا ماسلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان
«غېرىب - سەنەم»، «رۇستەم داستان» قاتارلىق داستانلىرىنى
سائەتلەپ، كۈنلەپ تىڭشايتتى. ئۆزىنىمۇ، يېنىدىكى بىر مەھەل-
لىلىك ئاغىنىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. قورسىقى ئېچىپ، ئىچى
- قارنى تارتىشسا ئىككى يېنىغا قىمىدىنىپ قوياتتى. ھەرقانداق
ئويۇندىن، مەدداھلىق داستانىدىن ئۇ ئىختىيارسىز كۈلكىلىك،
ھەجۋىي تۈس ئالغان جايلارنى ئاسانلا سېزىپ ئالاتتى، ئۆزىمۇ شۇ
تامانغا تولىراق دىققەت قىلىدىغان.

بىر قېتىم ئۇ شۇ چاغلاردىن ئەسلەۋېتىپ، سەلىمجانغا مۇن-
داق بىر قىزىق ئىشنى سۆزلەپ بەرگەنىدى:

— بالا ۋاقتىمدا، — دېگەنىدى ھېسام — لەڭزە بېشىدا
توختىقارىي دېگەن مەدداھ تازا بېرىلىپ «رۇستەم داستان» نى
سۆزلەۋاتاتتى. توختىقارىي ئىگىز رەڭ سۇپىدا ئولتۇرغان، تۆۋەن-
دە ئوتتۇز - قىرىق ئادەم ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قالغانىدى.
بىر چاغدا بايقىسام توختىقارىي سۆزلىگەنسېرى، سۇپا بىلەن تىڭ-

شاۋاتقانلارنىڭ ئارىلىقى قىسقىراۋېتىپتۇ. مەن شۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇردۇم.

— رۇستىمى داستان ئېيتىنى بىر دېۋېتىپ، ياۋ لەشكەرلىرىگە ھەملە قىلغىنىچە گۇرزىسىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋېدى ... دېگەنىدى. توختىقاري چىڭقالغىنىچە، تۆۋەندە ئولتۇرغانلار ئۆزلىرىمۇ سەزمەي ئىككى قوللىرىنى يەرگە تىرەپ ئالدىغا سىلجىپ:

— ۋاششەرە! ، — دەپ چۇرقىراشتى. توختىقارى مەدداھلىقىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇ چاغدا رۇستەمنىڭ تېگىدىكى ئات بىر غايىب ئاۋازدىن ئۈركۈپ، «خارتلا» قىلىپ يانچە يىقىلدى ...

تۆۋەندىكىلەر ئىككى قوللىرىنى يەرگە تىرەپ، بابباراۋەر كەينىگە شوخشۇشۇپ:

— مانا كاكىنى يېدى، — دېيىشىپ، لاسىدە بولۇشتى...

يەنە بىر قېتىم ھېسام توپادەڭدىكى چاڭچىلىكەشلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرگىلى باردى. چاغان، بايراملاردا بۇ ئەتراپلاردا گوتەي، ياغاچ ئاياغ ئويۇنلىرى قىزىپ كېتەتتى. ھېسام ئالايىتەن ياغاچ ئاياغ ئويۇنى بىلەن توختاخۇن دېگەن تۇرپانلىق بىر ئۇيغۇرنىڭ ئوينىغان چاڭچىلە ئويۇنىنى كۆرگىلى كېلەتتى. بىرەر مېتىردىن ئۇزۇن ياغات پۇتنى تاپىنىغا باغلىۋالغان، يۇز - كۆزلىرىنى غەلىتە بوياپ، رەڭگارەڭ كىيىنىشكەن يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەمنىڭ جاڭ - دۇمباق ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ، رەتلىك ھالدا بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە ماڭىدىغانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى. يەنە ھېلىقى توختاخۇن ئىسىملىك چىرايىدىن قەيسەر، تۇرگۇنلۇكى چىقىپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ خەنزۇ ئارتىسلار بىلەن بىللە سەھنىدە چاڭچىلە ئويناپ، ئوينىغاندىمۇ باتۇر، ئەزىمەتلەرنىڭ رولىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ خەنزۇ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن چاۋاك، ئالقىشىغا ئېرىشىدىغانلىقى گۆدەك ھېسامنى ئېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇراتتى.

شۇ كۇنى ھېسام توختى باتۇرنىڭ سەھنىدىكى كارامىتىنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردى. ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ

ئۆنتۈدى. بالا ھېسسىياتى ئۇنى غايىۋانە بىر يۇرتلارغا، ماكانغا، سىرلىق بىر جايغا يېتىلەپ كەتكەندى، تۇيۇقسىز ئۇ قورال- تاشتەك بىر نەرسىگە سوقۇلدى ...

توختى باتۇر سەھنىدىكى رولىنى تۈگىتىپ، سەھنىنىڭ يان تەرىپىدىن يەرگە بىر سەكرىۋېدى، بىر بالىغا سوقۇلۇپ كەتتى، تاس - تاماس قالدى يىقىلىپ چۈشكىلى. ئۇ ئۆزىدەكلا چۆچۈپ كەتكەن بالىنىڭ مۇرىسىدىن كۈچلۈك قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ، ھەم ئاچچىقىدا ھەم قىزىقچىلىق قىلىپ ۋارقىرىدى:

— نەنىڭ چوكىسى سەن؟ سۇندۇرۇۋېتىپ بالايىڭغا قالماي يەنە!

ھېسام سوقۇلغان چاغدىكى ئاغرىقتىنمۇ، مۇنۇ قاماللانغان مۇرىسىنىڭ ئاغرىقىنى بەكرەك سەزمەكتە ئىدى. بىراق، كىچىك بولسىمۇ ئوغۇل بالىچىلىقى تەن بەرمىدى. يەنى، ۋاي دېمىدى. پەقەت ئۆمىسىلا ئەلپازدىكى توختى چاقچىلىكەشكە ھومىيىپ قارى- دى.

— لىمدەك تۇرۇپ چوكىنى سۇندۇرۇۋەتسىڭىز، سەتمۇ بو- لار.

توختى باتۇر چىن ئىخلاسى بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— خورە، قالتىس يامانكىمىن بۇ غۇلجىلىق پوچى گاڭ — ھە، يەنە گەپ قىلە!

ھېسام جاۋابەن:

— ياق، سىز بايىقىدەك بىر سۆزلەپ بېقىڭا (خەنزۇچە دېمەكچى)، — دېدى.

توختى چاقچىلىكەش خەنزۇچە بىر نېمىلەرنى دېدى، بۇ گەپلەرنى ھېسام ئەلۋەتتە چۈشەنمەيتتى، بىراق ئۇ ئاڭلاپ بو- لۇپ، قانائەتلەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— راستتىنلا ئۆزىڭىزنىڭ ئاۋازىكەن — دېدى. توختى باتۇر يەنە كۈلۈپ كەتتى.

ھېسام بالىلىقىدا، شۇ گەپنى قىلغاندا، تالاي يىللار ئۆتۈپ، ئارتىسلارنىڭ سەھنىگە چىققاندا ئۆزلىرى ئاغزىلىرىنى قۇرۇق

ماكىلدىتتىپ، ئاۋازىنى بولسا ئايرىم ئېلىۋالغان ئۈنئالغۇ لېنتى-
سىدا قويۇپ بېرىدىغان «تەرەققىياتلار» نىڭمۇ چىقىدىغانلىقىنى
ئويلىمىغانىدى بەلكىم.

ھېسامنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان يەنە بىر ئورۇن ــ مەھەللى-
لەردە مەزگىللىك ئۇيۇشتۇرۇلۇپ قالىدىغان «سانايىنەپىسە»،
يەنى كىچىك سەنئەت تىرۇپپىلىرى ئىدى. نۆۋەتتە مۇنداق كى-
چىك مەھەللىۋى ئۆمەكلەر شەھەر ئىچى دائىرىسىدىمۇ نەچچە
قېتىم تەشكىللىنىپ، ھېيت ــ بايرام، مەلۇم مەزگىللىك خاتىرە
كۈنلىرىگە ئاتاپ بەش ــ ئون نومۇر تەييارلاپ، خەلققە قويۇپ
بېرەتتى، سەل نېرى كەتسە، شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان
سەنئەت خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، باشقا مەھەللىۋى
ئۆمەكلەر بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ، ئاندىن تارقىلىپ كېتەتتى.

بۇنداق ئويۇنلار ئادەتتە چوڭراق ھويلىسى بار، تەرەققىيپەر-
ۋەر ئادەملەرنىڭ ساخاۋىتىدە، شۇ جايلاردا تەييارلىناتتى. ئارتىس-
لار شۇ مەھەللە، شۇ دائىرىدە ئولتۇرۇشلۇق خەلق سەنئەتكارلى-
رى، ھەۋەسكارلاردىن تەشكىل تاپىدىغان بولۇپ، ياشلىرى خېلى
ياش، چوڭلىرى ھەتتا ئاقۋاش، ئاقساقاللىق ئادەملەر بولاتتى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قولىدىن سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرى كېلىدىغان-
لار چىقاتتى. مۇنداق ئارتىسلار كۈندۈزى ئۆزلىرىنىڭ سودا
ــ سېتىق، تىجارىتى، جان بېقىشلىرى بىلەن بولاتتى. ئاخشاملى-
رى رەپىتىس جايىغا يىغىلاتتى. سالقىن كەچقۇرۇنلىرى دۇتار،
تەمبۇر ئاۋازلىرى ياڭراپ، مەھەللە ئاھالىسىنى جەلپ قىلاتتى،
ئالدى بىلەن كىچىك باللار ئويۇن تەييارلىنىدىغان يەرگە قىيقاس
بىلەن يۈگۈرۈشەتتى. باللىرىنى ئىزاغا چاقىرىپ، سوزۇپ توۋ-
لاۋاتقان جۇۋانلارنىڭ ئاۋازى پادىدىن قايتقان كالىلارنىڭ مۆرەش-
لىرى بىلەن ئارىلىشىپ زاۋال ۋاقتىغا ھۆسن قوشاتتى.

ھېسام ئەلۋەتتە بۇنداق پەيتلەرنى قولدىن بەرمەيتتى. قۇر-
بان تېرىچىمۇ، ھەسەلخانىمۇ ئۇنىڭ تامىقىنى يېمەي نەدە يۈرگەنلى-
كىنى بىلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېسام بىردەم ھەسەن تەمبۇرنىڭ
چالغۇسىنى چايخانا تەرەپتىن يۈگۈرۈپ ئەكېلىپ بەرسە، بىردەم

زىكرى ئەلپەتتاغا سوغۇق چاي توشۇيتتى. سەھنىگە چىقىش ئۇ-نىڭغا تولىمۇ كۆڭۈللۈك، ئابرۇيلۇق ئىش بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىر مەشرەپ ئوينايدىغان مەھەللە چالغۇچىلىرىدىن بىر نەچچىسى سازەندىلەر سېپىدە غادىيىپ ئولتۇرۇشۇپ، جىددىي ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سازلىرىنى تەڭشەيتتى. يېشى ھېسامدىن كىچىك بولغان غىياسىدىن، مۇتەللىپ، سەيدۇللالارمۇ ماھارەت-لىرىنى كۆرسەتتەتتى. ھېسام مۇزىكا چالالمىسىمۇ، ناخشا ئېيت-تالمىسىمۇ بىرەر رولغا چىقىشنى ئويلايتتى. قىزىق گەپ، ھەر دە-كەت قىلىپ بەر دېسىمۇ ياكى بىرەر لەپەر، كومېدىيىدە قوشۇمچە رول ئوينا دېسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇ سەھنىگە ئىنتىلەتتى.

ئۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ بۇ ھەقتە پارتىڭ سالغىنىدا مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ، سەلىمجاننى كۈلدۈرگەنىدى:

— ئوبلاستلىق سەنئەتتە بىر ئارتىس بولىدىغان، ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالدىم، ئۇ ئۆمەكتە يىگىرمە يىلچە ئىشلەپ بىرلا رولغا، يەنە كېلىپ قازاقچە «سەلىقە ـ سەمەن» تىياتىرىغا چىققانىدى. رولىمۇ ئىنتايىن ئاددىي، بىرلا يەردە، يەنى توي مەرىكىسى ئالدىدا سەھنىگە بۇ تەرەپتىن چىقىپ «توي باستالسىن!» دەپ ۋارقىرايتتىدە، بۇ تەرەپتىن چۈشۈپ كېتەتتى. قىزىق يېرى «باستالسىن» دېگەن سۆزى تازا جىڭ جەنۇب تەلەپپۇزىدا ئىدى...

ھېسام شۇ پاراڭنى قىلىپ، كەينىدىنلا، ئۆزىگىمۇ ئەينى چاغدىلا مەھەللە سەنئەت ئۆمىكىدە بىر قېتىم رول تەگكەنلىكى، يەنى بىر پەردىلىك درامىدا ئويۇن باشلىنىپ تاكى ئاياغلاشقۇچە بىر كەتمەننى چېپىۋاتقان ھالەتتە تۇتۇپ، قىمىر قىلماي تۇرىدى-غان قوشۇمچە رولنى زور خۇشاللىق بىلەن ئالغانلىقىنى ئۇلاپ سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— ھېسامكا، شۇ رولۇڭنىمۇ تالىشىدىغانلار چىققانمۇ؟ — دەپ سورىدى سابىرجان سەلىم جامالغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ.

— نېمە دەيدۇ، چوڭ ئاكاڭ رەخىدىن سوراپ باقە، مەن ئالاتتىم دەپ تالىشىپ رېژىسسورلار بىلەن مۇشتلىشىپ كەتكىلى

تاس قالغان.

سابىرجان قايىللىق كۆلكىسىنى توختىتالماي، كۆز يېشىنى سۈرتكىنىچە:

— يېزىڭە ئۇكا، كېيىن بىر يەرلەرگە كېرەك بولىدۇ، — دېگەنىدى سەلىمجانغا.

ھېسام سەنئەتكە سەكپارە بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە بىر زات ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپقانلەك ئاجايىپ ساخاۋەتلىك بىر ئىش قىلدى. ھېسامنىڭ ھاياتىدىكى زور بۇرۇلۇش ئەنە شۇنىڭدىن باشلاندى. بۇنى تۆۋەندە سۆزلەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# 20. ھېسام روللاردا

قۇربان رېھىم ئۇزۇن يىل ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنىڭ دەردىنى تارتىپ، 1951 ـ يىلى باھاردا، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوردا مەھەللىسىدىكى ئۆيىدە ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى ئۇ 59 ياشتا ئىدى.

ھەسەلخان جورىسى، سەككىز پەرزەنت پەدەرى ئۈچۈن مۇسىبەت تۇتتى. يىغلىدى، قاقشىدى. «زەپمۇ زەپ، ئۆلگەنگە زەپ» دېگەن گەپ بىكارغا ئېيتىلمىغانىكەن، سۇلار تېشىپ يەنە قىنىغا چۈشتى، ئۆچكەن گۈلخان قايتا تۇتاشتى. تېخى ئۆرۈلگەن بۇ بىر ئائىلىلىك تۇرمۇش ھارۋىسىنى يەنە غىچىرلىتىپ كاتاڭ تولا ھايات يولىغا چۈشۈردى.

سەككىز بالا ئارىسىدا ئاتىسىدىن بەكرەك مېھىر ـ مۇھەببەت كۆرگەن ھېسام بۇ مۇسىبەت دەستىدىن بىر مەھەل گاڭگىراپ، تەركىدۇنيا بولۇپ يۈردى. ئاتىسىنى ئويلىسىلا ئۇنىڭغا يىغا يامى-شاتتى، جاھاندا ياشىغۇسى كەلمەيتتى. ۋاقىت ھەممىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. مۇسىبەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، بۇ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى. ھېسامىمۇ ئاخىر بۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلدى. بالىلارنىڭ چوڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەمدى ئۇنىڭ يۈكى ئېغىرلاشقانىدى. «ئەركىلەيدىغان كۈنلىرىڭ تۈگىدى ھېسام» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە.

شۇ يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان «يەر ئىسلاھاتى»، «ئىجارە كېمەيتىش» ھەرىكەتلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ مەھەللە ـ مەھەللىلىرىدە «ياچېيكا» قۇرۇلۇپ، مەھەللە باشقۇرۇش خىزمەتلىرى قاتارىدا سەنئەت كۇرۇژۇكلىرىمۇ تەسىس قىلىنغان، ھېسامىمۇ شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى «ياچېيكا» ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت كۇرۇژۇكىغا قاتنىشىپ يۈرگەنىدى. ئاتىسى-

نىڭ قىرقى ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە كۇرۇژۇكقا قاتناشقا باشلىدى. شەھەر ئىچى «ياچېيكا» سىنىڭ باشلىقى زىكرى ئەلپەتتا بولۇپ، ئۇ باشقا جايلاردىن ئابلىكىم ئابدۇللا قاتارلىق بىر نەچچە قابىل مۇزىكانت، ناخشىچىلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكەلگەنىدى. شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىمۇ سەنئەت ئىشتىياقمەنلىرى ئاز بولمىغاچقا، مەزكۇر ياچېيكىنىڭ سەنئەت كۇرۇژۇكى شەھەر بويىچە خېلى كۈچلۈك كۇرۇژۇكلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. زىكرى ئەلپەتتا كۆپچىلىك بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ۋەزىيەتكە ماس كېلىدىغان «قانلىق داغ» درامىسىنى ئويناش قارارىغا كەلدى. ھېسامىمۇ بۇ درامىدا ئۆزىگە ماس سەلبىي رول ئالدى.

شەھەر ئىچىلىك سەنئەتچىلەر ئوينىغان دراما شەھەر خەلقى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. بۇ دراما بىر مەزگىل شەھەر بويىچە ۋە يېزىلاردا سەييارە قويۇلدى. خەلق درامىدىكى ھېسام ئالغان ئىككى يۈزلىمىچى ئەلچىنىڭ رولىنى ياقتۇرۇپ قالغان ۋە ھېسام توغرىسىدىمۇ بىر مۇنچە گەپلەر بولۇنغانىدى. ھېسام بۇ درامىدا ئىككى رول ئالغان، قوشۇمچە يايى رولىغىمۇ چىققانىدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھېسام ئۇچۇن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. ئۇ مەھەللە سەنئەت كۇرۇژۇكىدىن رەسمىي چوڭ ئۆمەككە، ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى «ئىتتىپاق تىياتىرى» غا قوبۇل قىلىندى.

1949 ـ يىلى ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن تارقاق ھالەتتىكى «ئىتتىپاق تىياتىرى» رەسمىي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تىياتىر بولۇپ قۇرۇلغانىدى. ئەينى يىللاردا مەزكۇر تىياتىرنىڭ باشچىلىقىدا شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە، ئىدارە، مەكتەپلەردىن مەھەللىلەرگىچە سەنئەت كۇرۇژۇكلىرى قۇرۇلۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى يەنىمۇ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمدى. ئۆمەك ئەينى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىدىغان ناخشا ـ مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، درامىلارنى (مەسىلەن: «زومىگەرلەر خەلق قولىدا»، «غۇنچەم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق) تەييارلاپ، تىنىماي تۆۋەنگە

www.uyghurkitap.com

چۇشۇپ، خەلققە ئويۇن كۆرسىتەتتى. «قانلىق داغ» درامىسى تەييارلىنىدىغان چاغدا ئۆمەك جەمئىيەتتىن بىر تۈركۈم كۆچ تولۇقلاش قاتارىدا ھېسامنىمۇ مەزكۇر ئۆمەك تەركىبىگە قوبۇل قىلدى. ھېسامنى ئۆمەك رەھبەرلىرىگە زىكرى ئەلپەتتا تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ چاغلاردا خېلىدىن بېرى ئۆمەكتە ئىشلەشكە باشلىغانىدى.

ئېيتقىنىمىزدەك «ئىتتىپاق تىياتىرى» دا ئىشلەش ھېسام ئۈچۈن زور يېڭىلىق ۋە چوڭ ئابروي ئىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئارزۇسىغا يەتكەندە، خۇشاللىقتىن نەچچە كۈن ئۇيقۇسى كەلمىدى. كوچىدا ماڭسا ھەممە ئادەم ئۇنى مۇبارەكلەيتتى، ئالاھىدە قىزغىن كۆرۈشەتتى. ھەسەلخان ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىمۇ ھېسام ئۈچۈن خۇش بولۇشتى. ھەسەلخان يوشۇرۇن ئىسرىق سېلىپ ئۈ-تىشنى يەنە ئۇنتۇمىدى، قۇربان تېرىپچىنى ياد ئېتىپ يىغلىدى.

ھېسام ئۆمەككە كىرىپلا «قانلىق داغ» نىڭ يېڭى رېپىتىسىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. بۇ يەردىكى رېپىتىس مەھەللە كۇرۇژۇ-كىدىكى ئاددىي رېپىتىسكە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. مۇنتىزىم كەسپىي ئۆمەك بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر بىر رېپىتىسمۇ قاتمۇ قات ئۆتكەللەردىن ئۆتەتتى.

رېژىسسور جالالىدىن يەھيارى ئىنتايىن تەلەپچان كىشى بو-لۇپ، ئارتىسلارنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكىگىمۇ يول قويالمايتتى، بىپەرۋالىقنى ياقتۇرمايتتى. مەشرەپ، چاقچاق سورۇنلىرىدىن كېلىپ قالغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كەلسە «ياچپىكا» دا بىر نەچچە ئايلا «رېپىتىس» دېگەن ئاتالغۇنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغان ھېسام ئۈچۈن تىياتىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرى سەل ئېغىر كەلدى. ئۇ سەللا بايقىمىسا سەپتىن چۇشۇپ، شاللى-نىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. سەۋەبى بۇ يەرگە ئىلمدىكى سەن-ئەت ئەھلىلىرىنىڭ ئەڭ سەرخىللىرى كېلىپ يىغىلغانىدى، سىرتتىمۇ يەنە بىر مۇنچە ئىقتىدار ئىگىلىرى مەزكۇر ئۆمەككە كۆز تىكىپ يۈرەتتى.

ھېسام ئاستا ـ ئاستا ئۆمەكنىڭ قائىدە ـ مىزانلىرىغا كۆ-

نوپ قالدى. بۇ يەردە ئىشلەش كۆڭۈللۈك ئىدى. ھەر كۈنى ئەتتىگەنلىكى (خېلىلا ۋاقچە) ئارتىسلار بىردىن - ئىككىدىن رەپىتىس زالىغا يىغىلاتتى. بىردىن - بىرى قىزىق بۇ ئادەملەر ئالدىنقى بىر ئاخشام غۇلجىنىڭ تۆت قاسىنقىدىكى سورۇنلاردا تۆردىكى مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپ كەلگەن بولاتتى. بۇ يەردە ئەنە شۇ سورۇنلاردىن يىغىپ كەلگەن قىزىق گەپ، لەتىپىلەر، يېڭى ئۇچۇرلار ئوتتۇرىغا تۆكۈلەتتى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىمدىن قالغۇسى كەلمەيتتى. كىمنىڭ شۇ كۈنى تېپىپ كەلگەن پارچى ئەڭ كۆپ ۋە قىزىق بولسا چۈشلۈكى تىياتىر ئۇدۇلىدىكى قاتارى كەتكەن ئاشخانىلارنىڭ بىرىدە بىكارغا خوشاڭ ياكى ئۆپكە - زاسۇي يەيتتى. بۇنداق شەرەپ تولا چاغلاردا غوپۇر دىڭخۇلۇ ۋە زوردۇن شىبە ئىككى كىشىگە نېسىپ بولۇپ قالىدىغان.

يۇقىرىدا ئىسمى قەيت قىلىنغان ئىككى كىشى ئېلىنىڭ سەنئەت سەھەسىدىكى مۆتىۋەرلەردىن بولۇپ، قىزىقچىلىقتا بىر - بىردىن قېلىشمايدىغان ئادەملەر ئىدى. ئۇ ئىككىيلەن بار جايدا ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ئىشلار ۋە قىزىق پاراڭلار بولاتتى. ئۇلار بار جايدا كۈلكە ئۆكسىمەيتتى. ھېسامنىڭ چاقچاقچى بولۇپ يېتىلىشىدە بۇ ئىككى زاتنىڭ تەسىرى ۋە تۆھپىسىمۇ ئاز بولمىغانىدى.

ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ھېسام ئۆزى سەلىمجانغا «مېنىڭ چاقچاقتىكى ئۇستازلىرىم ئىنتايىن كۆپ. دادام، چوڭ دادام، موزدوزخانىدىكى ئۇستىلاردىن باشقا يەنە غوپۇركام دىڭخۇلۇ، زوردۇنكام شىۋەلەرنىمۇ تىلغا ئالماي بولمايدۇ» دېگەنىدى.

تىياتىر ھاياتى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئارتىسلار ئازراقلا بوش ۋاقىت تاپسا قىزىقچىلىق قىلىشقا تەييار تۇراتتى. رەپىتىس ئارىلىقلىرىدا ھېسام چوڭلار كاللەكلەشكەن سورۇنغا كېلىۋېلىپ «پەيزى ئوغرىلايتتى». بۇ سورۇندا ھېسام ئۈچۈن يېڭىلىق ۋە بايلىق بولغۇدەك قالتىس چاقچاقلار قىزىيتتى. يېتىلگەن چاقچاق ماھىرلىرىنىڭ ھەرخىل چاقچاق ئۇسلۇب، ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھېسامغا، ئۇ ئۆزى بىلەر - بىلـ

مەي، سېزەر ـ سەزمەي ئاستا ـ ئاستا بىلىم، تەجرىبە، نەپ يوقاتتى.

ھېسامنىڭ خاتىرىسىدە ئەلى تىياتىرىغا ئۆزى دەسلەپ قاتناشقان چاغلاردىكى ئاشۇ غەنىيمەت، قەدىرلىك دەملەر، زىكرى ئەلپەتتا، زوردۇن شىبە، غوپۇر دىڭخۇلۇ، مەتتاھىر، ئابدۇنەبى ماناپوف، ئابدۇۋەلى جارۇللايوف، نۇرمەممەت، ئابلاخان كىپى قاتارلىق ئۇستازلار، سۆيۈملۈك كىشىلەر مەھكەم ساقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىن دۇنياغا كەتتى. بىراق، بۇ سۆيۈملۈك كىشىلەرنىڭ ئىشلىرى، گەپلىرى، جۈملىدىن ئەستە مەڭگۈ تۇرغۇدەك قىزىقچىلىقلىرى كىشىلەر قەلبىگە كەشتىدەك توقۇلۇپ قالغان:

△ ھېسام بىر كۈنى زوردۇن شىبەنى ئەلى دەريا بويىدا، بىر نەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە كېتىۋاتقان يېرىدە ئۇچرىتىپ قالدى. ھېساممۇ بىر نەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن شۇ ئەتراپتا ئولتۇرۇشقان بولۇپ، ئارىلىقتا ئورمانلىقنى ئايلانغاچ كەتمەن ساپلىقتا بىر تال ياغاچ كېسىۋالغانىدى.

— زوردۇنكا، چاپچال تەرەپكە ماڭدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى ھېسام زوردۇن شىبەگە، ئۇنىڭ لەقىمىگە ئىشارە قىلىپ.

سەزگۈر زوردۇن بوش كەلمىدى:

— پاھ ھېسام، چىش كولايدىغان ياغىچىڭ ئەجەب كىچىككىنە! — دېدى دەررۇ ھېسامنىڭ دولىسىدىكى كەتمەن ساپنى كۆرسىتىپ.

△ بىر قېتىم كەچلىك ئولتۇرۇشتا بەكرەك ئىچىپ قويغان غوپۇر دىڭخۇلۇ ئەتىسى رەپىتىسكە كەلمەي قويدى. ئۆمەك باشلىقى شۇ كۈنى يىغىنغا كەتكەن بولغاچقا بۇنىڭدىن بىخەۋەر قالدى. ئۆگۈنى رەپىتىس ۋاقتىدا ھېسام شەيتانلىق قىلىپ، مۇزىكىغا داپ چالغاچ، غوپۇر دىڭخۇلۇنىڭ قۇلىقىغا، ئۇدارىغا چۈشۈرۈپ:

ئۇ كۈنكىنى دەيمەن ۋاي،
باشلىققا دەيمەن.

دېۋىدى، ئىنكاسى تېز غوپۇر دىڭخۇلۇمۇ دەرھال مۇزىكىسىغا

تەڭكەش قىلىپ:

تىنچ ئولتۇرغىن، بىكارغا
ۋاي خوشالىڭ يەيسەن.

دەپ، ئۇدارغا ئۇدار بىلەن جاۋاب قايتۇردى. دەرۋەقە، دائىم باشقىلار مېھمان قىلىدىغان غوپۇر دىڭخۇلۇ شۇ كۈنى چۈشتە ھېسامنى مايلىق، ئىسسىق خوشالىڭ بىلەن مېھمان قىلدى.

△ كومپوزىتور ئابدۇنەبى ماناپوف ناھايىتى ياخشى مۇزىكىلارنى ئىشلەپ قويىدىغان، ئەمما ئۇيقۇچان ئادەم بولىدىغان، ئۇ ھەتتا رەپىتىس ئارىلىقلىرىدىكى كالتە تەنەپپۇسلاردىمۇ خورەك تارتىۋالاتتى. ئۇنىڭ خورىكى باشلىنىش بىلەنلا بىردەم جىم ئولتۇرسا زېرىكىپ قالىدىغان زوردۇن شىبە راۋابىنى كۆتۈرۈپ ئاستىلا ئابدۇنەبىنىڭ يېنىغا باراتتىمە، قولىقى تۈۋىدە راۋاب چالاتتى. موزدۇزلىقتىن كېلىپ چىققان ئابدۇنەبى راۋابىنىڭ ئەنسىز تىرىڭلىشىدىن ئۈندەرەپ ئويغىنىپ كېتەتتىمە، ئاچچىقى كېلىپ:

— بولدى جۇمۇ ئاغىنىلەر، مۇشۇ زوردۇننىڭ دەستىگە ئۆمەكتە ئىشلىمەي، ياماقچىلىقىمنى قىلاي! — دەيتتى.

زوردۇن شىبە گەپ بەرمەيتتى:

— ئەشەدىمۇ ئۇخلاپ قېلىپ، قىشلىق مەسنى سەككىزىنچى ئايدا پۈتتۈرەمسىلەركىن ئابدۇنەبى؟ بولدى، خورەك تارتساڭلار ئويغىتىپ قويىدىغانغا مەن بارراق ئۆمەكتە ئىشلەۋېرىڭلار!

... ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك تۇرمۇش قويىنىدا، بۇ ئۆمەكتە ھېسامنىڭ مەنىلىك بىر نەچچە يىلى ئۆتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ كەسپكە كۆزى، چاقچاققا قولىقى پىشىپ بارماقتا ئىدى. شۇ يىللاردا ئۇ بىر مۇنچە روللارنى، «قانلىق داغ» دىرامىسىدا ئىككى يۈزلىمچى ئەلچىنىڭ رولىنى، «گۈلنىسا» دىرامىسىدا ئەلچى رولىنى، «غۇنچەم» دىرامىسىدا سىيىت ماڭقا رولىنى ۋە باشقا دىراملاردا ھەر خىل قوشۇمچە روللارنى ئالدى. ھېسام قايسىلا رولغا چىقمىسۇن، شۇ رولنىڭ كۈلكىلىك خۇسۇسىيىتى

ئاشاتتى. رېژىسسور ئۇ چىقىدىغان روللارنىڭ ئالاھىدىلىكى، مېڭىش - تۇرۇش ھەرىكەتلىرى ۋە گەپ - سۆز قىياپەتلىرىنى كۆرسىتىپ، چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش نۆۋىتى ھېسامنىڭ ئىلكىگە ئۆتەتتى. گاھىدا ئۇ رېژىسسور دەپ بەرگەن ھەرىكەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ ياكى دېگەندەك ئەپلەشتۈرەلمەي، ئۆزىچىلا بۆلەك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا رېژىسسور گاھىدا ئاچچىقلىنىپ:

— ھەي ھېسام، بۇ سېنىڭ چاقچىقىڭ ئەمەس، نېمىلا دېسەڭ بولىۋېرىدىغان، باشقىدىن كەل! — دەپ ۋارقىرايتتى.

گاھىدا ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ھېسام قورسىقىدىن چىقارغان ھەرىكەت رېژىسسورغا يېقىپ قالاتتى:

— ۋاھ، مانا ماۋۇ بولىدۇ، خېلى دىتىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، ھېسام، ئاشۇ ھەرىكەتنى باشقىدىن بىر كەلگىنە!

ھېسام رەپتىس قىلغان چاغلاردا كۈلكە، چاقچاقلار تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى.

غوپۇر، زوردۇن قاتارلىق مۇزىكانتلار بىرى تەمبۇرنى، بىرى راۋابنى كۆتۈرۈشۈپ، قىزىقچىلىق كۆرىدىغانغا رەپتىس سەھنىسىگە ئولىشىۋالاتتى.

— پاھ ھېسام، مۇشۇ مېڭىشىڭ ھەر قانداق رولغا بولىۋېرىدۇ جۇمۇ!

— بولۇپمۇ مەسنىڭ رولىغا ئۇيۇپ كېتىدۇ - دە، بۇ!

گاھىت رېژىسسور خاپا بولۇپ كېتەتتى.

— نېمانداق ھەممىڭلار ھېسامغىلا يېپىشىۋالىسىلەر، كۆرمىدىڭلارمۇ ھودۇقۇۋاتقىنىنى بۇنىڭ!

غوپۇر دىڭخۇلۇ چاقچاق قىلاتتى:

— بۇنىڭ ئاشۇنداق شېرىنسى بار نېمىچۇ رېژىسسور، قاراڭ، ئادەمنى بىلىندۇرمەيلا ئۆزىگە يېپىشتۇرۇۋالىدۇ.

ئوتتۇرىدا تۇرغان، رولغا قايتا - قايتا كېلىۋېرىپ تەرلىگەن ھېسامىمۇ بوش كەلمەيتتى:

— پىلىككىڭنىمۇ سەزدۈرمەيلا مايغا چىلاشتۇرۇۋېتىمىزدە

غوپۇركا!

سۇ دەرۋازا مەھەللىسىدە كەچلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ كو-چىغا چىققان ياش باللار بىر - بىرىنى چاقىرىشاتتى:

— جۇرۇڭلار ھەي، بۈگۈن «غۇنچەم» دېگەن ئويۇننى قويى-غۇدەك، بىكار تۇرغۇچە بېرىپ كۆرۈپ كەلمەيلىمۇ!

— ھەي، قانداق ئويۇنكىنتاڭ.

— ئويۇنى بىلەن نېمە چاتىقىڭ، مۇنۇ بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھېسام سىيىت ماڭقا بولۇپ چىققۇدەكمىش، شۇنى كۆرمەيلىمۇ.

— يامان قىزىق نېمە راست ئۇ، بارايلى.

— سىيىت ماڭقا دېگىنى كىمكىنە ئۇ؟

— شاڭيۇنىڭ ئەركە ئوغلى دەيدىغۇ، غۇنچەمنى شۇ ئالغۇ-دەك...

— ئالامەت پەيزى رولغا چىقىدىكەندە ھېسام، ھە. ئارتىس-لىكمۇ ياخشى ئوقەتتە!

— پۇلىمۇ ياخشىدۇ ھە؟ نەچچە بېرەر؟

— ۋايتاڭ، بۇدا ھېسامكامنىڭ ئۆزىدىن سوراپ باقىلى جۇ-مۇ! مەڭسۇر.

ھېسام ھەر بىر يېڭى رولغا چىققاندا شەھەر ئىچى مەھەللى-سىدە بىر شاۋ - شۇۋ بولاتتى. ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرماي، سەھنىدىكى رولى بويىچە چاقىرىدىغانلارمۇ چىقاتتى.

— ھاي سىيىت ماڭقا، توختاپ تۇرە!

— نەگە ماڭدىڭ ھوي ئەلچى؟

بۇنداق چاقىرىشلار ھېسامغا تولاراق ياقاتتى، چۈنكى ئۇ سەنئەت ئەھلى بولۇپ قالغانىدى. باشقىلار ئۇنى سەھنە ئادىمى، رول يارانقۇچى دەپ بىلەتتى. ئارتىس ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇكاپات بولمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 21. ھېسام ۋە زىكرى ئەلپەتتا

زىكرى ئەلپەتتا ئۇيغۇر ھازىرقى زامان سەنئىتىنىڭ پەخىرلىك ۋەكىللىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇ (باشتا دىدۇق) ھېسام قۇربانىنى سەھنە ھاياتىغا باشلاپ كىرگەن كىشى.

ئىرىكچىلىك غېمى بىلەن زىكرى ئەلپەتتامۇ ئەينى ۋاقىتتا جاللاپلىق قىلغان. غۇلجا شەھىرىنىڭ كونا گىر بازىرىدا ھېسامنىڭ دادىسى قۇربان تېرىچى بىلەن زىكرى ئەلپەتتا ئىككىسى بۇرادەرچىلىكتە ئۆتۈشكەندى. گىر بازىرىدىكى ئوقەتچىلەرنىڭ ھەممىسى زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئىستىبداتىدىن خەۋەردار ئىدى ۋە شۇنداق بولغاچقىمۇ ئۇنى سەممىي ھالدا «زىكرىم» دەپ چارقىرىشىپ، دائىم ھۆرمىتىنى قىلاتتى. ئىش - ئوقەتتە ئۇنىڭ ئوڭمىيى ئۇچۇن كۈچ چىقىرىشاتتى. قۇربان تېرىچىمۇ ئەنە شۇ جەھەتتە زىكرى ئەلپەتتاغا يار - يۆلەك بولغۇچىلار قاتارىدا ئىدى.

نۆۋىتىدە زىكرى ئەلپەتتامۇ قۇربان رېھىمىنىڭ ئۆزىگە بولغان ياخشى تىلەك، ئىزگۈ كۆڭلىنى، راپاۋىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بولۇپمۇ ئۇ ھېسامغا ئالاھىدە غەمخورلۇق كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىيىتى شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى «ياچېيكا» تەركىبىدە سانايىنەپىسە قۇرۇلغان چاغلاردا ياققال بىلىندى.

— داداڭ مېنىڭ يېقىن بۇرادىرىم، ئۇنى دورىساڭ ھۆرمەت تاپىسەن، — دېگەنىدى بىر كۈنى ئۇ ھېسامغا ۋەزمىنلىك بىلەن، — قارىسام سېنىڭ بويۇڭ، دىتىڭدا داداڭنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بار. بىلىمەن، سەن ئېغىر ئىشلارنى قىلالمايسەن، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن كۈنۈڭنى كۆن ئېتىپ كېتىشىڭ تەسرەك، لېكىن سەندە سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان ئىقتىدارنى سەزدىم. كۆچۈڭ يەتكۈدەك، ماھارىتىڭ يار بەرگۈدەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانىشىن، ئۇقتۇڭمۇ؟ دېمەكچى بولغىنىم، ئۆزۈڭنى تونۇ، ئۆزۈڭنى

يېتىلدۈر. مەسىلەن، مۇنۇ سەنئەت كۆرۈژۈكى ئەتراپىدا پەرۋانە بول. چەككەن جاپا، قىلغان ئەجرىڭ يەردە قالمايدۇ، ئىنشائاللا.

ھېسام زىكرى ئەلپەتتانىڭ گېپى بويىچە ئىش - ئوقەتتىن، دۇكاندىن بوشىغان چاغلاردا ياچېيكا تەسىس قىلغان كۆرۈژۈكقا سىجىل قاتناشقانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ دائىم مۇشۇ يەرنى تارتىپ تۇراتتى. سانايىنەپىسە مەشغۇلات ئېلىپ بارىدىغان ھويلىغا بىرەر كۈن بارماي قالسىلا بىر نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ھەر كۈنى ئۇ مەشغۇلات ئۆيىگە كىرىپ كەلگىنىدە، سەنئەتچىلەر ھېسامنى قىزغىن ۋە قىزىق پاراڭلىرى بىلەن قارشى ئالاتتى. ھېسامغا بولسا ئارزۇ - ھەۋەس-لىك، سەنئەت ئوتىدا پەرۋانىلارچە كۆيىدىغان بۇ ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇش، ئۇلارنىڭ تىرىڭشىتىدىغان چالغۇلىرىنى تىڭشاش، يۇمۇرلۇق، يېڭى - يېڭى گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك بىلىنەتتى. بۇ يەر گويا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئائىلىسى ئىدى. نەچچە يىللار ئىلگىرى مەدرىسىدىكى دەرسخانا، ساۋاقداشلىرىنىڭ ئارىسى ئۇنىڭغا شۇنداق يېقىن ۋە يېقىملىق تۇيۇلغانىدى.

زىكرى ئەلپەتتا «قانلىق داغ» درامىسىدا ھېسامغا ئىككى يۈزلىمچى ئەلچىنىڭ رولىنى تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ پېرسو-ناژنىڭ كىتابتا تۇتقان ئورنى ئاز، سەھنىگە چىقىدىغان ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي ئويۇندا ئىگىلىگەن سالمىقىنى ئاز مۆلچەرلەشكە بولمايتتى. يەنى درامىدىكى جىددىي، تراگېدىيە-لىك ۋەقەلىكلەر ئارىسىدا كۈلكە ھاسىل قىلىدىغان ئوبرازنىڭ بىرى مۇشۇ ئەلچى ئىدى. ھېسام زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئۆزىگە مۇشۇ بىر رولنى تەقسىم قىلغىنىغا ئەجەبلەنمىدى. ھەتتا بۇ رول ئۇنىڭغا تەبىئىيلا ئۆزلىشىپ، كۆپ ئۆتمەيلا سىڭىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئادەتتە قىلىدىغان (ئۆزى سېزىپ ياكى گاھى سەزمەي) قىلىق، ھەرىكەتلىرى ۋە گەپ - سۆزلىرىمۇ مەزكۇر رولغا خېلى يېقىنلىشىپ كېتەتتى. ھېسام ئازراقلا كۈچەپ، باش قاتۇرۇۋې-دى، باشقىلار «رولنى خېلى تەبىئىي ئالدىڭ ھېسام» دەپ مەدەت

بېرىشتى. پەقەت زىكرى ئەلپەتتالا قانائەتسىز بىر پوزىتسىيە بىلەن ھېسامغا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدى ۋە ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭغا تەنقىد، مەسلىھەت بېرىپ ماڭدى.

— سەھنە بىلەن تۇرمۇش ئىككىسى ئىككى نەرسە ھېسام، — دەيتتى ئۇ، — مەسىلەن سەن ھەر كۈنى ئۆردا مەھەللىدىن چىقىپ، مەدرىسىنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە ماڭىدىغان ئاشۇ يولدىكى مېڭىش ھەرىكىتىڭنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، يەنىلا شۇ قېلىپتا ماڭساڭ بولمايدۇ. تۇرمۇشتا سەن ھېسام، سەھنىدە بولسا ئەلچى، يەنە كېلىپ سەلبىي تىپ. سەن ئىككى يۈزلىمىچى ئەلچىنىڭ سەھنىدە قانداق ماڭىدىغانلىقى، قانداق ماڭسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ھېس قىلىپ باق. ھە، ئەنە ئاشۇنداق، توختا بولمىدى، بەك ئېغىشىۋالما، كۆپ ھجايما، سەلبىي تىپلىقىڭ چىرايىڭدىنلا چىقىپ، بىلىنىپ قالسا بولمايدۇ.

كېيىن زىكرى ئەلپەتتا ھېسامغا يەنە شۇ كىتابتىكى بىر قوشۇمچە رولنى، يايى رولىنى بەردى. بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ، ئادەم يېتىشمەسلىكتىن ئىدى. لېكىن نوقۇللا شۇ بىر سەۋەبمۇ ئەمەس، ھەر كۈنى سانايىنەپىسىگە «بىزمۇ سەنئەتكە قاتناشساق» دەپ تالاي باللار كېلىپ يۈرەتتى. زىكرى ئەلپەتتا ھېسامنى تېخىمۇ كۆپرەك چېنىقتۇرۇش، ئۇنىڭغا بىسىم ئارتىش ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلغانىدى. پىچاق — كۆپ بىلەشتىن ئىتتىكلىشىدۇ - دە!

ھېسام ئۆزىگە بېرىلگەن قوش رولنى، ئەلچى ۋە يايى رولىنى خۇشاللىق بىلەن رەپىتىس قىلىپ، ياخشى ئېلىپ چىقىشقا تىرىشتى. ئۇنىڭغا سەھنىگە كۆپرەك چىقىش، ئۆزىنى جىقراق نامايان قىلىش ياقاتتى.

— ھېسام، ماڭا قارا، قىزغىنلىقىڭ ياخشى. بىراق، قىزغىنلىقلا يېتەرلىك ئەمەس، يەنە كۆپرەك كاللا ئىشلىتىش، جاپا چېكىش كېرەك. سېنىڭ ئىككى رولدىكى ھەرىكەت، قىياپىتىڭ بىر خىل بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئەلچىنىڭ رولىدا سەن بىر مۇغەمبەر، ئىككى يۈزلىمىچى ئارتىسسەن، خوش، مۇنۇ يايى رولىدا

بولسا سەن كۆپ گەپ قىلمايسەنۇ، ئەمما جىددىي، چۇش بىر ئارتىس بولۇشۇڭ، ئاز ھەرىكەت بىلەن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر ئوبرازنى نامايان قىلىشىڭ لازىم بولىدۇ. قېنى، بۆلەكتىن بىر كېلىپ باققىنا!

«ئىتتىپاق تىياتىرى» غا ھېسامنى تونۇشتۇرۇشمۇ زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئۆز بۇرادىرىنىڭ پەرزەنتىگە غەمخورلۇق قىلىشىنىڭ داۋامى بولۇپ، ھېسامنىڭ سەنئەتنىڭ نېنىنى يەپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان بىر ئىزگۇ نىيەت ئىدى. ئۆمەككە كەلگەندىن كېيىن ھېسام زىكرى ئەلپەتتا بىلەن خىزمەتداش ھەم ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋىتىنى ئۇزاق ۋاقىتلار داۋاملاشتۇردى. تاكى زىكرى ئەلپەتتا كېيىنكى يىللاردا ئىجادىي ئىزدىنىش، مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن ئاۋامغا تېخىمۇ كەڭ تونۇلۇپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ يۈكسەك دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇپ، ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەتكۈچە ئۇ زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئىنچىل تەربىيە، غەمخورلۇقىغا نائىل بولۇپ كەلدى. ھازىرمۇ ئۇ زىكرى ئەلپەتتانىڭ گېپى چىققان ھەرقانداق سورۇندا «زىكرىكام قالتىس ئېسىل ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدەك ئىستىلى ساپ، گېپى توغرا كىشىلەر، تالانتلىق سەنئەتكار ئاز تېپىلىدۇ» دەپ قويىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ زىكرى ئەلپەتتا كەم تېپىلىدىغان ئىستېدات ئىگىسى، شۇنداقلا ئاددىي، كەمتەر، ئىزدىنىپ ھارمايدىغان سەنئەت غەيرەتكارى. خۇددى مەرھۇم يازغۇچى زۇنۇن قادىرى ئېيتقاندەك، ئۇ بىرىنچىدىن، كامالەتكە يەتكەن چالغۇچى، ئورۇندىغۇچى ئىدى. خەلقنىڭ مول ۋە يېقىملىق كۈيلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن ئورۇندايتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇ خەلق ئاھاڭلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى ھەم ئۇنى ئىجادىي بېيىتقۇچى خەلق كومپوزىتورى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئون ئىككى مۇقامنىڭ يوقالغان

قىسىملىرىنى قېزىپ، رەتلەشتە جاپالىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارغانىدى[①].

زىكرى ئەلپەتتا كەمتەر ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىشتا باشقىلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرمايتتى. رولغا چىققۇچىلارغا زېرىكمەي ناخشا ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ماھارىتىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلاتتى[②]. ھېسام قۇربان دەل زىكرى ئەلپەتتانىڭ ئەنە شۇنداق غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن كىشىلەردىن بىرى.

زىكرى ئەلپەتتا ئۇرۇمچىگە يۆتكەلگەندىن كېيىنمۇ، ھېسام ئىزچىل ئۇنىڭ ئەسلىمىلىرى، ياخشى پارىڭى بىلەن بۇ تالانتلىق زاتنى يادلاپ يۈردى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىن، بىر يىلى ئۇ ئۇرۇمچىگە خەلق ئەدەبىياتى يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگىنىدە ئالدى بىلەن زىكرى ئەلپەتتانى يوقلاپ باردى. ياشىنىپ، كېسەلچان بولۇپ قالغان بۇ مويسىپىت ھېسامنىڭ ئۆزىنى كۆرگىلى ئۆيىگە كەلگىنىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى. ئانا يۇرتى، يۇرتداشلىرىنى سورىدى:

— ھە ھېسام، غۇلجىلىق ئاغىنىلەر نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ.

— شۇ زىكرىكا، — دېدى ھېسام، — «رۇخسارى»[③]نى ئاڭلاپ، زىكرىكام ئەجەب كەلمەيدىغۇ دەپ يۈرىدۇ.

زىكرى ئەلپەتتا ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كۈلۈپ كەتتى.

زىكرى ئەلپەتتا غۇلجا شەھىرىدىكى بارلىق سورۇنلارنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ ئۆتكەن ئادەم. ئۇ قەدەم تەشرىپ قىلغان سورۇن ساھىبخانىنىڭ شەرىپى، ماختىنىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئاددىي، خەلقچىل، تەمەننا ۋە زەھەر تىللىقدىن خالىي بۇ ئادەم كاتتا باشلىق، پۇلدار، نامرات ··· ھەرقانداق كىشىگە بىر

---

① زۇنۇن قادىرى: «سەنئەتكار دوستىمىزنى ئەسلىگەندە» (زۇنۇن قادىرى ئەسەرلىرى، 694 - بەت).

② يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش (698 - بەت)

③ رۇخسارى - زىكرى ئەلپەتتا ئىشلىگەن مۇقام.

خىل، ئىللىق ۋە تۈز مۇئامىلە قىلىپ بۇ ئىناۋەتنى تاپقانىدى.

— زىكرىكام بەك ئۆز سۆزلۈك كىشى بولىدىغان، — دەپ ئەسلەيدۇ ھېسام، — ئۇ بەزى سورۇنلاردا خۇشى تۇتمىسا زادىلا مۇزىكا چالمايتتى ياكى ناخشا ئېيتمايتتى. بىر قېتىم ئەنە شۇنداق سورۇندا مەنمۇ بار ئىدىم...

شۇ كۈنى زىكرى ئەلپەتتا تازا دېگەندەك ساقلىقى يوقمۇ ياكى سورۇندىكى بىرەر گىمدەيگەكنىڭ بۇيرۇقىدىن رەنجىدىمۇ، قولىغا زادىلا چالغۇ ئالمىدى. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ بىرەر ناخشىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. بىر نەچچەيلەن زىكرى ئەلپەتتادىن ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنۇمى كۆرۈلمىدى، ساھىبخانىمۇ نەچچە قېتىم تەكلىپ قىلىپ، جىم بولدى.

— ئاغىنىلەر، زىكرىكامنى كىم ناخشا ئېيتقۇزالىسا، بۇدا يەكشەنبىدە دەريا بويىدا بىر سورۇن تۈزۈيمەن، گېپىم — گەپ، بىر قوي سويۇپ! — ئوتتۇز ئوغۇل سورۇنلىرىنىڭ گۈلى بولۇپ يۈرگەن بىر بايۋەچچە سورۇن تېشىدا، ھويلىدا ئېلان قىلدى. ئارىدا گۇدۇڭ - گۇدۇڭ قىزىپ كەتتى. بىر چاغدا ھېسام ئىستىراھەتتىن يېنىپ، شۇ يەرگە كەپقالدى، بىرەيلەن بايىقى جاكارنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى.

— گېپىڭ — گەپ ھە ھاجىم، — دېدى ھېسام، — مانا مەن زىكرىكامنى ناخشا ئېيتقۇزالايمەن.

— ھېسامكا، — دېدى سەل تەڭشىلىۋالغان بىر يىگىت، — زىكرىكامنى چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرەمسەن يا غىدىقلاپمۇ؟

ھېسام ھېلىقى مەستكە قارىدى:

— سەن ئەمەس ئۇكا، ئىچىپ مەست بولمىسا، چېكىپ مەست بولۇۋالىدىغان. ئاناڭ دەرۋازىنى تاقىۋەتمىسۇن يەنە، بالدۇرراق قايتامسەن؟

كۈلكە ئارىسىدا بايىقى بايۋەچچە ھېسامنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھېسام، ئەمالىكىن مېنىڭ گېپىم - گەپ جۇمۇ، زىكرىكامنى راستىنلا ناخشا ئېيتقۇزالامسەن؟

www.uyghurkitap.com

سەلدىن كېيىن تالادىكىلەر ئۆيگە كىرىپ، سورۇندىن قايتا جاي ئېلىشتى. چوڭلار ئارىسىدا بىر خىل سۆھبەت كېتىۋاتاتتى.

— زىكرىكا، بىر گەپ قىلسام رۇخسەتمۇ؟ — دېدى ھېسام زىكرى ئەلپەتتاغا قاراپ. تۆردە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان زىكرى ئەلپەتتا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ھە، قېنى، ئەلۋەتتە ھېسام!

— رەھمەتلىك دادام قۇربان تېرىچى بىلەن بەكمۇ يېقىن بۇرادەرلىكتە ئۆتكۈنۈڭلارنى غۇلجىدا، بولۇپمۇ شەھەر ئىچى، سۇ دەرۋازىدا ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ـ دېدى ھېسام نېرىدىن گەپ باشلاپ، ـ راستمۇ، زىكرىكا؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى زىكرى ئەلپەتتا، — رەھمەتلىك قۇربان ئاخۇن بىلەن ئارىمىزغا قىل سىغمايدىغان بۇرادەرلەردىن ئىدۇق. ئەجەب بۇنى تىلغا ئېلىپ قالدىڭا ھېسام؟

— تىلغا ئېلىشىم، زىكرىكا، — دېدى ھېسام — بۈگۈن مۇشۇ سورۇندىكىلەرنى شىپىلىقتا تارتىپ دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى.

— خوش قېنى سۆزلە! — زىكرى ئەلپەتتا سەگەكلەندى.

— دادام رەھمەتلىك، بېشىڭغا كۈن چۈشمىسە بۇنى ئىلاج بار زىكرىنىڭ يۈزىگە سالما دېگەنىدى، بۈگۈن سالمىسام بولمىدى، دادام رەھمەتلىكنىڭ سىزدە ئازراق ئېلىشى قاپتىكەن.

— ماۋۇ گەپنى ھە، دە، دە! — زىكرى ئەلپەتتا جىددىيلەشىپ ھەتتا ئورنىدىن قوزغالدى. جىددىيلىك سورۇندىكىلەرگىمۇ ئۆتتى. ھەممە ھەيرانلىقتا بىر زىكرى ئەلپەتتاغا، بىر ھېسامغا قارايتتى. ھېسامنىڭ قىياپەت، چىرايى جىددىي ئىدى.

— ئۆز ۋاقتىلىرىدا، — دېدى ھېسام، — دادام رەھمەتلىك بىلەن بىرگە مەشرەپ ئوينىغان چاغلىرىڭلاردا دادام بىر نەچچە قىزىق گەپ قىلالتىكەن، سىز بىر نەچچە ناخشا ئېيتاتتىڭىزكەن، لېكىن بىر قېتىم سىز قاتتىق تۇمۇ بوپقېلىپ، نەچچە مەشرەپتە ناخشا ئېيتالماپسىز، دادام توختىماي چاقچاق قىلىپ سورۇندىكىلەرنى ھەم سىزنى كۈلدۈرۈپتۇ...

تېگى چىقمايۋاتقان بۇ گەپتىن ھەممە ھەيران، زىكرى ئەل-پەتتاھۇ شۇ تەقلىدتە، ئۆي ئىچى تىمتاس، ھەممە كۆزلەر ھېسام-دا ئىدى.

— ئەنە شۇ چاغدا سىز دادامغا قەرزدار بولۇپ قاپتىكەنسىز، بۇگۈن ئەل - ئاغىنىلەر ئالدىدا سەل خىجالەت بولۇپ قالدىم، ئەشۇ ئون بەش كۈلكىنىڭ ھەققىنى ناخشا بىلەن قايتۇرۇۋەتسە-ڭىز زىكرىكا، قەرز قىيامەتلىك بولۇپ گەدىنىڭىزدە قالمىسا...

بىر مىنۇتلاردىن كېيىن سورۇننى پاراقلىغان كۈلكە ساداسى ئىشغال قىلدى. ھەممە قېنىپ - قېنىپ كۈلدى. زىكرى ئەلپەت-تاھۇ راھەتلىنىپ، ئۇزاققىچە كۈلدى.

— ھەي ھېسام، ھەي ھېسام، — دېدى ئۇ كۈلكە ئارىسىدا، — سەن دېگەن بىرلا ھېسامدە، ھە!

شۇ گەپلەر بىلەن زىكرى ئەلپەتتا خېلىدىن بېرى بويۇن قىسىپ تۇرغان سەدەپ نەقىشلىك دۇتارنى قولىغا ئالدى. يەڭلى-رىنى شۈمۈدەگلەپ، سازلىدى، كېيىن ھېسامغا قارىدى:

— بوپتۇ ھېسام، ئەمىسەن ھامان قەرزنى قايتۇرغاندىن كېيىن، رەھمەتلىك قۇناخۇن ئامراق ناخشىلاردىن بىرىنى ئېيى-تىپ بېرەي.

سورۇن جانلاندى، ھەممە خۇشاللىقتا ھېسامغا تەشەككۇر نەزىرىدە قارىدى. ھېلىقى بايۋەچچە باش بارمىقىنى ھېسامغا قاراتتى.

مۇڭلۇق تارانىلار بىلەن زىكرى ئەلپەتتانىڭ مۇلايىم، ئۆزگىلا خاس ناخشا ئاۋازى سورۇننى قۇچاقلىدى:

بەرق ئۇرۇپ ئاچىلدى گۇل ئايدەك جامالىڭنى كۆرۈپ،
تال - سۇۋادان تىترىدى نازۇك نىھالىڭنى كۆرۈپ.
يىڭى ئاي يىغلىدى ئەرمەس شەپەق چەرخ ئۆزرەكىم،
قامىتىنى ئەگدىلەر مۇشكىن ھىلالىڭنى كۆرۈپ.
سەير ئېتىپ كۆڭلۇم قۇشى باغلاندى زۇلپىڭ كارىغا،
دانە يەڭلىغ كىم لىۋىڭ ئۈستىدە خالىڭنى كۆرۈپ.

خىزىرى سۈيى بىرلە ئەيسا ياشۇنۇپ بولدى خىجىل،
لەئلىڭ ئىچرە ناگىھان شېرىن زۇلالىڭنى كۆرۈپ.
تۇرمىسۇن تەندە بۇ جانىم كۆرمىسەم ھەرئان سېنى،
خىزرى ئۆمرىدۇر ماڭا ئۆلسەم جامالىڭنى كۆرۈپ.
جەننەتۇل فىردەۋس ئارا سەن بولمىساڭ ئەي ئايجامال،
تاڭ ئەمەستۇر كەچسەم ئاندىن چۇن ۋىسالىڭنى كۆرۈپ.
مەھزۇنا، مەي ئىستىسەڭ سىندۇر كۆڭۈلنى بۇ گاداي،
بۇتپەرەس شەيخ مەي بېرۇر سۇنغان ساپالىڭنى كۆرۈپ[1].

سورۇن ئەھلىنىڭ ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىپ، تەنلىرى تىترىدى. ناخشا ئاخىرلىشىش بىلەن ھاي بارىكاللالار ئۆينى بىر ئالدى.

— ھېسام، قەرز ئادا بولدىمۇ، يا يەنە كېمى قالدىمۇ؟ — زىكرى ئەلپەتتا دۇتارنى يان تەرىپىگە، تامغا يۆلەپ، كىمدۇر ئۇزارتقان ئاپئاق لۆڭگىدە تەرىنى سۈرتكەچ، خۇشخۇيلۇق بىلەن ھېسامغا قارىدى.

— قەرزغۇ نەق بولدى زىكرىكا، بىراق ئۇسۇمنى بېرىمەن دېسىڭىز ھەرگىز ياق دېمەيمىز — دە!

كۈلكە ئەۋجىدە سورۇن ئەھلى يەنە بىر قېتىم راھەتلىنىشتى.

① پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ ئىككىنچى نۇسخىسى.

# 22. دەريا بويىدا

سەلىمجاننىڭ خاتىرىسىگە مۇنداق بايانلارمۇ پۈتۈلگەنىدى:

باھار ئايلىرى كېلىپ، چېچەك ۋاقتى باشلىنىش بىلەن قىش دىمىقچىلىقىدىن قۇتۇلغان، ئويۇن - كۈلكىگە ئامراق غۇلجىلىقلار سەيلىگاھ، يېشىلچىلىقلارغا ئۆزىنى ئاتىدۇ، ئىلى دەريا بويى، جىرغىلاڭ، زايومكىلاردا توپ - توپ باراۋەتچىلەر خىل - خىلى، ئۆي - ئۆيلىرى بىلەن نەغمە - ناۋا، كۈلكە - چاقچاقلىرىنى قىزىتىپ، ھاياتقا بولغان سۆيۈشمەنچىلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ. يالاڭ كىيىملەر ئۇلارنى يەڭگىل، روھلۇق كۆرسىتىدۇ، كاۋاپدانلاردىن تارىغان تونۇش مەززىلىك پۇراق ئىشتىھالارنى غىدىقلايدۇ، پۇرۇپكىلىرى پۇخۇلداپ ئېتىلىپ تۇرغان بوتۇلكىلاردىن شېرىن، كۈچلىنىپ كەتكەن بال پىۋىلىرى پىيالىلەرگە بۇژۇلداپ قۇيۇلۇپ، سورۇن ئەھلىنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ كۆتۈرىدۇ.

ئىلى دەرياسى بويىدىكى قېلىن ئورمانلىقتا ھېسام شەھەر ئىچى مەھەللىسىنىڭ يىگىتلىرى بىلەن سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغىلى نەۋاخ. قىرقىپ قويغاندەك تەكشى سورۇن ئەھلى باھارغا، دەريا بويىغا، بىر - بىرىگە قېنىشماي ناخشا - ساز، چاقچاقلىرىنى نەچچە قىزىتىپ، نەچچە پەسەيتتى.

— ئاغىنىلەر، بىر چۆمۈلمەيلىمۇ، قايسىڭ بارىسەن؟

— توپ ئىچىدىن بىر يىگىت باياتىن نەچچە دېگەن گېپىنى يەنە تەكرارلىدى، — قانداق، ئولتۇرۇۋېرىمىزمۇ سوپۇمدەك بۇ يەردە، مانا مەن مەشەدىن بارغان پېتىم، بېلىقتەك بىر شۇڭغۇيمەن.

— بولدى قىلىڭلار غىلاج پوچى، سېنىڭ بېلىقتەك شۇڭغۇيدىغانلىقىڭنىمۇ كۆرگەن بىز. گەپ قىلە ھېسام، بۇلتۇر زايومكىدا قانداق بولغان؟

www.uyghurkitap.com

قولىدا بىر زىخ كاۋاپنى ئوينىاپ ئولتۇرۇپ، قانداقتۇر خىيالغا چۆمگەن ھېسام يېنىدىكى يىگىتنىڭ تۇرتۇشى بىلەن ئېسىگە كەلدى.

— نېمە دېدىڭ؟

— ماۋۇ غىلاج دەرياغا بېلىقتەك شۇڭغۇيمەن دەيدۇ.

— شۇڭغۇيدۇ بۇ، — دېدى ھېسام ئىتتىكلا، — تازا چوڭقۇر شۇڭغۇپ، بېلىقچىنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ چىقىدۇ.

سورۇندا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، تۇشمۇ تۇشتىن چاقچاق باشلاندى:

— تامبىلىدىن ئىلىنىدۇ دېگىنە!

— يەلكەن بولۇپ چىقىدىكەندە!

— بېلىقچىنىڭ خادىسى سۇنۇپ كەتمىگىيدى.

— سۇنسىمۇ مەيلى دەيدۇ — دە، مۇنداق يوغان ئادەم بېلىقنى كۆرگەندە!

— ھەي غىلاج، — دېدى ھېسام، — تېخى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىلا مەھەللىدىكى ئېرىقنىڭ سۇيىگە «چاقام ـ چاقام، ئىلان ـ پاقام» دەپ كۆزۈڭنى ئېتىپ چۈشۈپ يۈرەتتىڭ، ئەجەب نوچى بوپكېتىپسىنا، ئىلى دەرياسى جۇمۇ ماۋۇ!

غىلاج دېگەن پاكار، دوغىلاق يىگىت چاقچاق، تەنبىھلەرنى قېتىغا ئالماي، چەتكە ئۆتۈپ كىيىم ـ كېچەكنى سالغىلى تۇردى.

— ھەي غىلاج، راستتىنلا سۇغا چۈشەمسىنا؟ — دەپ سورىدى ھېسام.

— چۈشىمەي، سەن چاقچاقتا ئۈزسەڭ، بىز قايىنامدا ئۈزدىمىز، قانداق؟

— قايىنامدا ئۈزىمىز؟ — ھېسام چاقچاق قىلغان ۋاقىتلىرىدا قىلىدىغان ئادىتىنى قىلىپ، بېشىنى سەل شىنتايىتتى، — سەنىڭۇ داستىكى سۇغا چۈشسەڭمۇ قايىنام چىقىرىدىغان نېمە.

سورۇندا «ۋەيت» قىلغان كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى. ئاڭغىچە غىلاجمۇ يېشىنىپ، يالاڭ تامبال بىلەنلا قالغانىدى.

— ھەي غىلاج، — دېدى ھېسام — يەنە،— باللارنىڭ دېگىنى توغرىكەن جۇمۇ، بۇ تامبالمۇ يە تاغارمۇ؟

سورۇندىكىلەر قوشۇق سېلىشتى:

— بېلىقچى ئىۋاننىڭ كېمىسىنىڭ يەلكىنىغۇ بۇ!

— جېلىل تۇگمەنچى كۆرسە ئالته پۇت بۇغداي قاچىلايدۇ، مىشكاپىڭغا!

— غىلاج، — دېدى ئۇلتۇرۇشنىڭ يېشى چوڭراق سازەندىسى، دۇتارىنى يېنىغا يانتۇزۇپ قويۇپ، - ماۋۇ ھېسام توغرا ئېيتىدۇ، ئالدىراپ سۇغا چۈشمە، ھازىر دەريانىڭ قىنى تاشقان چاغ، تېپىز يەر يوق. ئويناپ كېلىپ، يىغلاپ كەتمەيلى يانا!

— ماڭە ۋاي تۇرسۇنكا، سەنمۇ بىر توخۇ يۈرەككەنسەن، جۇرە بولمىسا، مەن بىلەن قىرغاققا بېرىپ، قانداق ئۈزگۈنۈمگە بىر قاراپ تۇر.

ئالدىرىماي گەپ قىلىدىغان تۇرسۇن دۇتارچى ھېسامغا قاردى:

— ھېسام، قانداق قىلىمىز؟ بالا بەك كاجلىق قىلىۋاتىدىغۇ؟

— ۋوي، بۇ بوۋاق ۋاقتىدىنلا شۇنداق كاج نېمە، — دېدى ھېسام، — ئاپىسى ئېمىتسە، سۈتى تۇگىسىمۇ چىشلەپ قويۇپ بەرمەي تۇرۇۋالىدىغان نېمىدى بۇ.

— يەنىچۇ؟ — باللار ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

— دەيمۇ غىلاج؟ ، — دېدى ھېسام غىلاجقا قاراپ كۈلگىنىچە، مەكتەپتە مۇئەللىم تۆتنى يېزىپ بەر دېسە، تەتۈر يېزىپ قويۇپ بۇ دۆم تۆت دېگىنىڭ راستمۇ؟

يالىڭاچ ئۆرە تۇرغان غىلاج ھېسامغا بېشىنى لىڭشىتتى:

—ھە، گەپ قىلە!

— كەلتۈرە ھېسام ماۋۇ توختى يالىڭاچنى، — يىگىتلەر تۇشمۇ تۇشتىن چۇرقىراشتى. ھېسام تەخىر قىلماي ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈردى:

— چاقچاقتا يېڭىلىپ قالساڭ، يالىڭاچ مۇشت ئاتقىنىڭ

راستمۇ؟

— ھۆپۆپنى يۇغدىماي يەپ، كۆمۈرنى يۇيۇپ قالىغىنىڭ راستمۇ؟

— ماۋۇ گېپىڭ كەلمىدى، — دېدى غىلاج قولىنى شىلتىپ، — ھە، گەپ قىلە!

— دەريا بويىدا بىكارغا ئوينىپ، كىيىمىڭنى سېلىپ ئۆلۈۋالىمەن دېگىنىڭ راستمۇ؟

— پۇل قاتتىما ۋاي، — غىلاج ئۆڭۈپ ۋارقىرىدى.

— كەلدى! — دەپ توۋلاشتى يىگىتلەر، — داۋاملاشتۇر ھېسام!

ھېسام داۋاملاشتۇردى:

— ھوي غىلاج، كاۋاپنى جىق يەۋېتىپ، ئېشىڭ ئارتىپ كەتسە، يالىڭاچ ئۆرە تۇرۇۋالغىنىڭ راستمۇ؟

— ئولتۇردۇم، بولدىمۇ؟ — غىلاج كىيىم - كېچەكنى قوچاقلاپ زوڭزايدى.

ھېسام يەنە داۋاملاشتۇردى:

— دەريادا تامبىلىڭ كۆپۈپ كەتسە «بۇ بېلىق تۇتىدىغان تەتۈر سېۋەت» دەپ تۇرۇۋالغىنىڭ راستمۇ؟

— قىردىكى كوكاتقا ئېسىلىپ چۆمۈلۈپ، دەريانىڭ ساقىلىنى يۇلدۇم دېگىنىڭ راستمۇ؟

كۈلكە ئەۋجى يېقىن ئەتراپتىكىلەرنىمۇ چىللاپ كەلدى، بىر دەمدىلا شەھەر ئىچىدىكىلەرنىڭ سورۇنىغا ئادەم يىغىلدى.

— ئاۋۇ غىلاي كۆز يامان نېمىكەنا!

— ھوي، ھېلىقى ناغرا چالىدىغان ئاداقۇ ئۇ!

ئادەم كۆپەيگەنسېرى ھېسامنىڭ ئىلھامى تېخىمۇ كەلدى.

— غىلاج، بولدىمۇ ئاداش، يەنە دەيمۇ؟

— دە، دە، يالغان گەپلىرىڭنى قىلىۋەر، — دېدى مۇزلاپ، توخۇ ئەتلىرى ئۆرلىگەن غىلاج دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ.

— ئەمىسە قىلغان ئىشلىرىڭدىن دەپ بېرەي — ھە، ئاغىنىلەرگە، — دېدى ھېسام كۈلۈمسىرەپ.

— بىر كۈنى غىلاج ئىككى ئاغىنىسى بىلەن مۇشۇ دەريانىڭ ئاۋۇ تۆۋەندىكى تارمىقىغا چۆمۈلگىلى كەپتۇ دەڭلار، ئۇ ھېلىقى ئىككى ئاغىنىسىنى سۇغا چۈشۈرۈپ، ئايەر تېيىزمىكەن، ماۋۇ يەرنىڭ تېگى لۆجىمىكەن دەپ سوراۋېرىپتۇ. ئاغىنىلىرىدىن بىر-سى تېرىكىپ «سەن ئۆزۈڭ نېمىشقا چۈشمەيسەن» دېسە، غىلاج نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر؟

— ھە، نېمە دەپتۇ؟ — يىگىتلەر سورىدى.

— «ئۆيدە مومام ئاغرىقتى» دەپتۇ.

ھەممەيلەن تېلىقىپ كۈلۈشتى. شۇ ئارىدا غىلاج ۋارقىرىدى:

— مومام ئەمەس، بوۋام دېدىما ۋاي، قىپقىزىل يالغانچى نېمىكەنسەن!

كۈلكىلەر تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

— يەنە بىر قېتىم، — دېدى ھېسام، — غىلاج ئۆيىدىكىلەرى بىلەن تازا سوقۇشۇپ، ئاچچىقىدا ئۆزۈمنى تاشلىۋالىمەن دەپ مۇشۇ دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ. بىر چاغدا بىر ئادەم دەريا بويىدىن نېرى تەرەپكە مېڭىپ كېتىۋېتىپ قارىسا، بىرسى دەريانىڭ لېۋىدە بىر پاي بەتىنكىسىنى يېشىپ، يالىڭاچ پۇتىنى سۇغا ھېلى چىلەغۇدەك، ھېلى تارتىۋالغۇدەك، يەنە چىلىغۇدەك… ھېلىقى كىشى بۇنى كۆرۈپ سەل چۆچۈپ قاپتۇ، ئاينىغاندىن ساقمىكەن دەيدۇ — دە، شۇنىڭ بىلەن ئاستا ھېلىقىنىڭ يېنىغا، ھە، مۇنۇ غىلاجنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۇكا، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھە، غىلاج نېمە دەپتۇ؟ — تىمتاس سورۇندىن بىر يىگىت ئالدىراپ سورىدى.

— ھە، نېمە دەپتىمەن، دېمەمسەن؟ — دېدى غىلاجمۇ.

— ئالدىرىماي تۇرمامسەن، — دېدى ھېسام غىلاجقا قاراپ، — مەن ئۆلۈۋالاي دېگەن، قارىسام سۇ بەك سوغۇقكەن، تۇمۇ تېگىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، دەپسەنغۇ!

— ماڭە ۋاي پاختا، — دېدى غىلاج كۈلكە ئارىسىدا ئورنى-

دىن دىككىدە تۇرۇپ، — ئات دېسە شۇنداقمۇ ئاتامسەنا ۋاي.

— ھەي، — دېدى ھېسام، — مەندەك پاختا بولمىسا يالىڭاچ قالامسىناۋاي!

ھېسامنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلىپ، يېڭىدىن بىر قاتار چاقچاقلار چىقار بولغىيدى، ئاڭغىچە يىگىتلەردىن بىرى ۋارقىرىدى:

— ئاغىنىلەر، ماۋۇ غىلاج ئۆمرىدە بىر ئوغۇلبالىچىلىق قىلىپ يالىڭاچلىنىپ قويدى، ھەر قايسىمىزدىن كۆڭلى قالمىسۇن، قاينامدا قانداق پىلتىڭ ئاتىدىكىن، بىر كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟

— ھەي سەمەت كەكرى، ئاچچىق گەپ قىلما جومۇ، — دېدى غىلاج كۆكىرۈپ، — پىلتىڭ ئاتىدىغان ئىت بىلىق ئەمەس، جومۇ مەن. ئاكاڭ قارىغاي بارغۇ، سۇنىڭ ئۈستىدە ئوڭدا يېتىپ ئۇخلايمەن، بىلدىڭمۇ؟

— سۇدا ئۇخلىغاندا خورەك تارتامسەن، تارتمامسەن؟ — دېدى سەمەت كەكرى قېتىغا ئالماي، — نۇقۇپ قويىدىغانغا مۇنۇ ئىسراپىل بىللە چۈشسۇن سۇغا.

شۇ ئارىدا ھېسام گەپكە ئېغىز ئاچتى:

— مۇشۇ سەمەت ئىنىمىز توغرا ئېيتىدۇ، غىلاجنىڭ كۆڭلى قېپقالمىسۇن، سۇ ئۈزگىنىنى بىر كۆرۈپ باقمايمىزمۇ. ھەي غىلاج، ئەمما تېيىزرەك يەردىن چۈش، جومۇ!

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول ھېسام، — غىلاج كىيىم-كېچەكلىرىنى يەرگە تاشلاپ، دەريا تەرەپكە ماڭدى. سورۇندىكىلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسامنىڭ گېپىنى يىرماي، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئەگەشتى. يەنە بىر قىسمى دۇتار، تەمبۇرگە تەگدى.

غىلاج بەيگە مەيدانىغا ماڭغان پالۋاندەك ئۆكۈرەك تاشلاپ، خېلى ئالدىدا ئۈزاپ كېتىۋاتاتتى. دەريا قېشى كۆرۈنۈپ قالدى. يىگىتلەر يېتىشىپ كەلگۈچە غىلاج ئۆزىنى سۇغا ئېتىۋەتتى.

— ۋاھ، يامان نېمىكەنا بۇ، راستىنلا ئاتتى جومۇ ئۆزىنى، — سورۇننىڭ ئەڭ كىچىكى، ئەركىسى سەمەت كەكرى چوقان سېلىپ دەريا لېۋىگە يۈگۈردى. ھېسامنۇ، باشقا يىگىتلەر-

مۇ هايال ئۈتمەي قىرغاققا يېتىپ كېلىشتى.

ئەمەلىيەتتە غىلاج سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيتتى. مىجەزىگە يارىشا، ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈنلا خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانىدى. ھېسامىنىڭ بايىقى چاقچاقلىرى بىرىدىن ـ بىر توغرا ئىدى.

غىلاج بىر هازا سۇدا كۆرۈنمەي، يوقاپ كەتتى. ھەممەيلەن قىرغاقتا تەشۋىش بىلەن ئۇنىڭ باش چۆكۈرۈپ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. پەقەت بىرلا يىگىت ـ سەمەت كەكرىلا تېخىچە چاقچىقىنى قويمايتتى.

— باللار، غىلاج سۇنىڭ تېگىدە تەكشى ئىزدەۋاتامدۇ نېمە، تېخى چىقمايدىغۇ؟

سەمەتنىڭ گېپى تۈگە ـ تۈگمەي، سۇنىڭ يۈزىدە پالاق ـ پۇلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. غىلاج بىرسى تېگىدە تۇتۇپ ئاتقاندەك گۇلۇپپىدە قىلىپ سۇ ئۈستىگە چىقتىدە، تېپىرلاشقا، نېمىلەرنىدۇ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. شۇ تەقلىدتە، ئىتتىك لاتقا ئېقىن ئۇنى ئېقىتىپ مېڭىشقا باشلىدى.

قىرغاقتا ئۇپۇر ـ توپۇر كۆتۈرۈلدى.

— يامان بولدى ئاغىنىلەر، كىم سۇغا ئۇستا؟ — دەپ تۋۋلىدى ھېسام.

چاقماق تېزلىكىدە يېرىم يېشىنىپ بولغان سەمەت كەكرى شۇ گەپ بىلەن تەڭلا دەرياغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىرەيلەن سەكرىدى.

— بولدى چۈشمەڭلار، — دېدى قىرغاقتىكىلەردىن بىرى يەنە سۇغا سەكرەش ئۈچۈن تەرەددۇتلىنىۋاتقانلارغا، — سەمەت كەكرى ئۆزى تېتىيدۇ. تۈگمەننىڭ نورىدىن پۈتۈن چىقىدىغان نېمە ئۇ.

دېگەندەك، باشقىلار يېتىشىپ بارغۇچە سەمەت كەكرى غىلاجنى خەتەردىن قۇتقۇزۇۋېلىپ، مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن ئۆركەشلەرگە يامىشىپ يۈرۈپ، بىردەمدە، خېلى تۆۋەندىن قىرغاققا چىقتى.

ھېسام ۋە باشقا يىگىتلەر دەرھال شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن غىلاج كىمدۇر بىرى ئاپىرىپ بەرگەن كىيىملىرىنى كىيىپ، سەمەت كەكرىنىڭ دولىسىغا قولىنى قويغىنىچە نېمىلەرنىدۇر چاقچاق قىلىپ، ھېچنېمە كۆرمىگەندەك سورۇنغا يېنىپ كەلدى. ساز بولۇۋاتاتتى، شۇڭا ھېچكىم گەپكە ئېغىز ئاچمىدى. بىر يۈرۈش ناخشا ـ ساز تۈگەپ، «باردىكاللا» ، «رەھمەت» لەردىن كېيىن سورۇندىكىلەر مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا بىر غىلاجقا، بىر ھېسامغا قاراشتى. ھېسام ئۆزىمۇ بۇ چاغدا گەپكە تەمشىلىپ تۇراتتى.

— ھەي غىلاج، — دېدى ئۇ، — سۇدا ئۇخدىسىغا يېتىپ ئالامەت ئۇخلايدىكەنسەن جۇمۇ، سەمەت ئويغىتىپ قويمىغان بولسا ـ تاس ـ تاماس ئۇخلاپ قېتىپلا قالاتتىڭا!

پاراقلىغان كۈلكىلەر ئىچىدە غىلاج شەلپەردەك قىزىرىپ، ئۆزىمۇ سەزمەي:

— ھە، گەپ قىلە! ـ دېدى.

# 23. نېمىشقا ئۆيلەنمەيسەن، ھېسام

يىللار شامالىلىرى ئۆمۈر ياپراقلىرىنى ئۇچۇرۇپ، ھەش -
پەش دېگۈچە ھېسامىمۇ يىگىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلارغا
كىرىپ قالدى. سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەۋاتقىنىغىمۇ ئىككى يىل-
دىن ئاشتى. مەھەللىدىكى ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش يىگىتلەرنىڭ
تولىسى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى.
شۇ كۈنلەردە ھېسامغا خەقلەرنىڭ دەيدىغان ئەڭ كۆپ سۆزى
«ھېسام، قاچان ئۆيلىنىسەن» دىن ئىبارەت ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ
زامانلاردا كىچىكلا ئۆيلىنىش ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، نۇر-
غۇن كىشىلەر بالىسى بىرەر ھۈنەرنىڭ پېشىنى تۇتقاندىن كېيىنلا
«ئۆز جېنىڭنى ئۆزۈڭ جان ئەت» دەپ، توينى قىلىپ، قازىنى-
نى ئايرىپ قوياتتى. ئوغۇل بالا ئۆيلەنمەي بەك ئۇزاق يۈرۈپ
كەتسە يولدىن چىقىمىغان ھالەتتىمۇ، بىباش ياكى بوشاڭ بولۇپ
قالىدۇ دەيدىغان قاراش ئومۇمىيۈزلۈك ئىدى. نۆۋىتىدە ھەسەلخان-
مۇ يالغۇز ئولتۇرۇپ ھېسامنىڭ چوڭ ئىشىنى ئويلايتتى. «رەھ-
مەتلىك قۇربان بىرەر بالىسىنىڭ قىزىقىنى كۆرەلمىدى، مەن
بولسامۇ كۆرسەم، پەيغەمبەر سۈننىتىنى ئادا قىلىپ، ھېسامى-
دىن ئوغلۇمنىڭ بېشىنى باش، ئايىغىنى تاش قىلسام، باشقا
بالىلارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى، قارىغايدەك بوي تارتىپ كې-
لىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىلىرىمۇ توسۇلۇپ قالمىسا» دەپ ئويلايت-
تى ئۇ. بىراق ئارمانغا چۈشلۈق دەرمان كەم، رەھمەتلىك ئېرى-
نىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۈن كەچۈرۈش بۇرۇنقىدىن تەسلەشكەنى-
دى. يەنە بىر جەھەتتىن ھېسام ئۆزى بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىم
يۈرۈۋاتسا، ئانا بىچارە قانداق دېگۈلۈك بۇ گەپلەرنى؟
بىراق ھەسەلخان دېيەلمىگەن گەپنى سىرتتا باشقىلار
پات - پاتلا ھېسامغا دەپ تۇراتتى.

— ھېسام ھوي، يۇرىۋېرەمسەن، تويۇڭنىڭ بولۇسىنى قاچان يەيمىز؟

— ھېسام، ساقىلىڭ ئەرلۇ باغا يەتتى دەيمەن، ئاستا ئۆيلۇنۇۋال ئاداش!

— ھېسام ...

بۇنداق كۆڭۈل بۆلۇش ۋە چاقچاق پاراڭلارغا نىسبەتەن ھېسام پەقەت كۇلۇپلا قوياتتى ياكى چاقچاققا - چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ ئاتتى. بىز بۇ ماۋزۇيىمىزدا ھېسام ئۆيلىنەمدۇ ئۆيلەنمەمدۇ؟ نېمىشقا ئۆيلەنمەيدۇ... ؟ دېگەندەك سوئاللارغا دىققىتىمىزنى بۆلمەي، ھېسامنىڭ بىر «كۆيۇمچان» ئاغىنىسىگە قانداق تاقابىل تۇرغىنىنىلا ھېكايە قىلىمىز.

ھېسام بىلەن بىر مەھەللىلىك، سىراجىدىن ئىسىملىك يىگىت «قاچان ئۆيلىنىسەن؟» دەپ ئۇنىڭ ئالدىنى ئەڭ كۆپ توسايدىغانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھېسام سىراجىدىنىنىڭ بۇدۇقشاقلىقىدىن بىزار ئىدى. يامان يېرى، سىراجىدىن چاقچاقنى ھار ئالمايتتى ياكى چۈشەنمەيتتى. بولمىسا ھېسام نەچچە قېتىم ئەتەي ئۇنى «ھاي سىراشىدىن»[1] دەپمۇ چاقىرىپ باقتى. كېيىنكى چاغلاردا سىراجنى كۆرگەندە ئۇ «ئاداش ھازىرچە ئۆيلەنمەيمەن جۇمۇ» دەپ چاقچاقمۇ قىلىپ كۆردى. لېكىن، سىراج ۋىتتۇۋالاقتىن باشقا ھۇنىرى يوق بۆدۇنىدەك ھېسامنى بىزار قىلغىنى قىلغان ئىدى.

سىراجىنىڭ ئاتا كەسپى رەۋەندىچىلىك بولۇپ، ئاتىسى توقسەنگە يېقىنلاپ قالغىنىغا قارىماي، تېخىچە ئۇن بازىرىدا ئوقەتتىن قالمىغانىدى. مەھەللىدىكىلەر بۇنىڭ سەۋەبى سىراجىنىڭ ئىش - ئوقەت قىلماي، خوتۇنىنى كۇنلەپ ھويلىسىنى ئەگىپلا يۇرىدىغانلىقىدىن دەپ پاراڭ سېلىشاتتى. ھېسامنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر سەل كېچىكىپرەك ئاڭلىنىپ قالدى.

ھېسام سىراجىنىڭ سىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئاڭلاپ «ئىش

---

[1] سىراش - يېلىم مەنىسىدە.



www.uyghurkitap.com

مۇنداقكەندە، خەپ توختاپتۇر» دەپ يۇرگەن كۆڭلىرىدە، مەھەل-لىدە بىر سورۇن تۈزۈلۈپ قالدى. ھېسام ئۆمەكتىكى رەپتىسىدىن ۋاقچىرەك بوشاپ، ئولتۇرۇش بولۇۋاتقان ئۆيگە كىرگەندە ئاغىنىلەر تازا قىزىق پاراڭغا چۈشكەنىدى. ھېسامنى كۆرۈپلا، سىراج چاقچاقلا تەگدى:

— كەل ھوي سىيىت ماڭقا، تويۇڭ قاچان؟

سىراجىنىڭ ياپتا چاقچىقىنى پەملىگەن ھېسام دەررۇ گەپكە ئېغىز ئاچتى:

— خوتۇنۇڭ بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالغانمىتىڭ سىراج، مەسچىتنىڭ تۈۋىدە كېتىۋاتىدىغۇ؟

سىراجىنىڭ چىرايى شۇ ھامان تاتىرىپ كەتتى:

— يا... يالغۇزمۇ يە؟

— ئۇنىسىنى بايقىمىدىم، قولتۇقىدا بوپىدەك بىر نېمە تۇرامدۇ...

سىراج ساھىبخانىدىن رۇخسەتمۇ ئالماي، شاپاشلاپ چىقىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر ھەيران بولۇپ ھېسامدىن سوراشتى:

— ھېسام، راست سىراجىنىڭ ئايالىنى كوچىدا كۆردۈڭمۇ؟ بالا تېرىما جۇمۇ.

— كۆرۈشۈم كۆردۈم، ئەمما ماشىنچىخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپتىكەن. كېيىم تىكتۈرسە كېرەك. بۇنىڭ نەرى بالا تېرىغىدەك؟

— سەن سىراجنى ئۇقمايسەن، — دېدى ساھىبخانا نىياز مۇھەممەت، — ئۇ خوتۇنىنى ئىلگىرى - كېيىن كۆڭلەيدىغان نېمە، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆي تۇتۇشمۇ ئۇنىڭغا بىر جاپا، مەزلۇم كىشىگە ئازاب دېگىنە. مانا شۇ تاپتا ئۇ جاھاننى تاسقىۋېتىدىغان بولدى.

— قىشتا مەشرەپكە بارىمەن دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆگزىدە ئايالىنى پايلاپ يېتىپ ئۈششۈپ قالغىلى تاسلا قالغىنىنى دەپ بەرگىنە ھېسامغا!

— ئايالىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىپ كۆمۈرخانىدا تۇنىگىنىنى-

چۇ!

— ئايالى ئۇسما قويسا، ئۇسمىنى كىم بەردى دەپ ئالتە قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىققىنىنىمۇ دەپ قوي...

يىگىتلەر تەرەپ - تەرەپتىن چۇرۇقلاشتى. ھېسام كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكتى.

ھېسامنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشنى ئىجرا ئېتىشى ئۈچۈن كۆپ كۈتۈشىگە، سىراجنى ئىزدەپ بېرىشىغىمۇ ھاجەت بولمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ ئۆمەككە مېڭىۋېدى، يولدا سىراج ئۇنى چاقىردى.

— ھېسام، مەيەرگە كىبلە!

سىراج ئادىتى بويىچە ھېسامنىڭ ئالقىنىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتۇپ، يول چېتىگىرەك ئاچىقتى.

— ھېسام ئاداش، راست گەپ قىلە، تۈنۈگۈن بىزنىڭ خوتۇننى نەگە كېتىۋاتقان يېرىدە كۆرگەنتىڭ؟

— ئۆزى نەگە بارغانتىم دەيدۇ؟

— ماشىنىچىخانىغا. بىراق سەن مەسچىتنىڭ يېنىدا كۆردۈم دېۋېدىڭا؟

— ھە توغرىغۇ، مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ياسىن كاستۇمنىڭ ماشىنىچىخانىسىغا كىرىپ كەتتىغۇ! يە ساڭا نامازدىگەرگە كىردىم، دېسە بولاتتىمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، — سىراج تېخىچىلا گۇمانسىرىغان ھالدا پىچىرلىدى. ھېسام ئاخشامقى پىلانى بويىچە گېپىنى باشلىدى:

— ھەي سىراج، مۇشۇ نەچچىنچى ئايالىڭ؟

— ئىككىنچى، نېمە بولدى؟

— بىرىنچىسىنى نېمىشقا قويۇۋەتكەنتىڭ؟

— چىقىشالماي، نېمە بولدى؟

— چىقىشالماي ئەمەس، كۆنلەپ دېگىنە.

— ھە، نېمە بولدى؟

— مۇشۇ بارغۇ قارا سىراج، ئايال كىشىنىڭ ئۆزىگە سادىق ياكى سادىق ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان بىر ئىشەنچلىك، ئەپچىل ئامال بار. بىزنىڭ تىياتىردىكى چوڭلاردىن ئاڭلىغانىدىم.

سىراجنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— ھە، ھە، ھېسام، دېگىنە، بولە قېنى!

ھېسام ئېرىنگەندەك سەل توختىۋېلىپ، كېيىن سىراجدىن سورىدى:

— بىكارغا دەپ بەرمەيمەن جۇمۇ!

— بولدى، بولدى، مېھمان قىلىمەن، سەن قورسىقىڭغا ئامراق نېمىغۇ؟ مەمەت مانتىپەزنىڭ شورپىلىق پېتىر مانتىسىدىن نەچچىنى يېيەلەيسەن؟

ھېسام تەستە ئۇناپ، كېيىن سىراجغا خوتۇن كىشىنىڭ ۋاپادارلىقىنى سىناش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بەردى.

بىر - ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، مەھەللىدە مۇسا رەۋەندىنىڭ ئوغلى سىراج ئايىنىپ قاپتۇ، ھازىر ئۆيىدە ھەر قىسما سۆزلەپ يانقۇدەك، بىردەم بېشىنى تام، ئىشىكلەرگە ئۇسسە، بىردەم تامنىڭ ھاكلىرىنى تىرناقداپ سويۇپ، ئاغزىغا كاپ ئەتكۈدەك. باشقا گەپ قىلماي پەقەتلا «ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن» دەپ تەكرارلىغۇدەك... دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغانلا ئادەم ياقىسىنى ئۇشلاپ، بېشىنى چايقاپ «يائاللا، ھەركىمنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەيتتى. پەقەت ھېساملا مىيىقىدا كۈلۈپ قوياتتى، خالاس!

شۇ ئارىلىقتا ئۆمەك ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسى بىلەن مەھەللە - مەھەللىلەرگە بېرىپ، ئىككى كۈن ئالدىراش بولدى. ئۈچىنچى كۈنى ئارتىسلار ئومۇمىيۈزلۈك دەم ئالغانىدى. ھېسامنىڭ يادىغا سىراج يېتىپ قالدى. چايدىن كېيىن ئۇ ئاستا دەسسەپ سىراجلارنىڭ كوچىسىغا قاراپ ماڭدى.

ھېسام مۇسا رەۋەندىنىڭ قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ھويلىدىن سىراجنى يوقلاپ چىقىۋاتقان ئىككى ئادەمگە يولۇقتى.

ھېلىقىلار ھېسامنى كۆرمەي بىر ـ بىرىگە «ياپاناھ، ساپساقلا بالىدى، ئەجەب بوپقاپتا!»، «ھەي، كۈنچىلىك دېگەنمۇ يامان ئىشكەن دېيىشىلىرا، مۇشۇ كېسەلنى شۇنىڭ ئاقىۋىتىمىكىن دەيـمەن» دېيىشكىنىچە ئۆتۈپ كېتىشتى. ھېسام ئۆيۈنىڭ چىڭغا چىققانلىقىنى پەملەپ، ئالدىراپ سىراجىنىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە ماڭدى.

سىراج ئۆيدە رەسمىي ئورۇن تۇتۇپ ياتقان بولۇپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىلا چىراي ـ تۇرقى راستىنلا ئاينىپ قالغانـدەك تۇسكە كىرگەندى. ئۆپچۆرىسىدە ئۆيدىكىلىرى، بىر ـ ئىككى تۇغقىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. سىراجىنىڭ ياۋاشقىنە ئايالى بولسا تولا يىغلاپ ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىغا ھېيـلىدىن ـ ھېلىغا ياغلىق تۇتۇپ، ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇراتتى.

— ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن! — سىراج ئىككى يېقىغا چايقىلىپ شۇ گەپلەرنى بەلكىم مىڭ نەچچىنچى قېتىم قىلدىدە، ئارىلىقتا، غىچچىدە ئېچىلغان ئىشىككە قاراپ ھېسامنى كۆرۈپ قالدى. تولا يېتىپ، سۆزلەپ زېرىككەن سىراج ھېسامنى كۆـرۈش بىلەن ياتقان يېرىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى، — ئەمدى كەلدىڭمۇ ھېسام؟ ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن، ساڭىمۇ ئىشەنـمەيمەن، يېقىنراق كېلە!

ھېسام سىراجىنىڭ يېنىغا ئىتتىك بېرىپ، ئەھۋال سورىغان بولۇپ ئۇنىڭ قولىقىغا:

— چاندۇرۇپ قويما، بۇگۈن نەتىجىسى چىقىدۇ، — دەپ شىۋىرلىدى. بۇنى ئاڭلىغان سىراج بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ «ئەجەب تەس ئىشكىنا بۇ» دېگىنىچە يەنە ئوڭدىسىغا تاشلاندى.

— بالا رەسمىي سۆزلىدى، — مويسىپىت مۇسا رەۋەندە بېشىنى چايقاپ، — قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمىز بار ئەمەسمۇ بىز بەندىلەرنىڭ!

قېيىناتىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كېلىنئاغىچىمۇ يەنە ئۇمـچەيدى. شۇ ئارىدا ھېسام مۇسا رەۋەندىچىگە قارىدى:

— مۇساكا، سىلەر چىقىپ تۇرامسىلەر، مەن سىراجغا بىر گەپ قىلىپ باقاي.

— شۇنداق قىلساڭلا ھېسامىدىن، ئاتاڭغا بارىكاللا! — مۇسا رەۋەندىچى شۇ گەپ بىلەن ئۆيدىكىلەرنى باشلاپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

— قىل دېسە شۇنداقمۇ ئاشۇرۇۋېتەمسەن، ھەي سىراج، — دېدى ھېسام كۈلكىسىنى ئاران بېسىپ، — تاس قاپسەن راستىنلا ساراڭ بولغىلى. بولدى، تۈگىدى ئىش، قوپە ئورنۇڭدىن!

سىراج ھەيرانلىق بىلەن چەكچىيىپ، ئورنىدىن ئۆرىلىنىپ ئولتۇردى.

— نېمە دەيدۇ، مۇشۇنداق ئاسان تۈگەمدا؟

— سېنىڭچە قانداق بولماقچىدى، بىرەر ئاي ياتاتتىڭمۇ؟ ئۇ چاغدا راستىنلا ھەممە ئادەمنى يېنىڭدىن قاچۇراتتىڭدە!

— يا، ئەمدى، خوتۇن سادىقلىقىنى دېمىدى دەيمىنا!

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ ساراڭ، خوتۇنۇڭ نەچچە كۈندىن بېرى يېنىڭدىن كەتمەي ئولتۇردىمۇ؟!

— ئولتۇردى.

— يىغلىدىمۇ؟

— يىغلىماي، ئېقىپ كەتتى دەريادەك...

— ھە، ئۇنىڭدىن باشقا نېمە قىلىپ بەرسە بولاتتى؟ سادىق بولمىسا سەندەك ساراڭ بىلەن ئۆي تۇتاتتىمۇ؟ ئاللىبۇرۇن ئانىسىنىڭكىگە كېتەتتى. بىزنىڭ ئۆمەكتە بىرسىنىڭ ئايالى ئەتىسىلا كېتىپتىكەن.

— راستىما؟ — سىراج بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھېسامغا شۈبھىلىنىپ قارىدى، — مۇشۇ بولدىما؟ تۇرۇپ كېتەمدىم ئەمدى؟

— ھېلىلا تۇرۇپ كەتسەڭ چاندۇرىسەن، — دېدى ھېسام، - ئەمدى ئالىجوقا سۆزلىمەي جىم ياتىسەن، چۈنكى مەن

ساڭا نەسھەت قىلدىم، ئۇنۇمى بولىدۇ. كېچىچە ئوخشىلىپ قالىسەن. ئەتە سەھەر ئورنۇڭدىن تۇرۇپ رەۋەندە بازىرىغا بارىسەن. ئەمدى داداڭ جاپا چېكىۋەرمىسۇن!

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ، شۇنداق ئاسانما؟ نېمە دەپ رەۋەندە بازىرىغا بارغۇدەكمەن؟

— ئىش ـ ئوقەت قىلمامسەن، ئەتىدىن ـ كەچ كىرگۈچە ئۆيۈڭنى ئەگىپ، خوتۇنۇڭنى كۈنلەۋېرەمسەن؟ مەن ساڭا دەپ قوياي، ئەمدى يەنە كۈنلەۋېرىدىغان بولساڭ، خوتۇنۇڭ بۇدا راستتىنلا كېتىپ قالىدۇ جۇمۇ سىراج!

— ئاغزىڭغا تاش! — سىراج ۋارقىرىدى، — مەنچۇ بۇ خوتۇنۇمغا شۇنداق كۆيىمەن، شۇڭلاشقا كۈنلەيمەن مەن!

— ماڭا قارا، راستىنلا ئايالىڭنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، ئەمدى كۈنلىمە سىراج مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇدا يەنە كۈنچىلىك قىلىدىغان بولساڭ، مۇنۇ بولغان ئىشلارنى ئايالىڭغا دەپ قويىمەن. ھەممىسىنى...

— سەن دەلدۈش، ئەسلىدە مېنى ئوقۇتۇپتىكەنسەندە! — سىراجىدىن بىر چىرقىراپ ھېسامغا تاشلاندى. سەلدىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ئۇ پەملەپ قالغانىدى. ئىشنىڭ ھەقىقىتى ئاشكارىلىنىپ قالغۇدەك بولسا ئايالىدىن ئايرىلغانىنى ئاز دەپ، مەھەللە ـ جامائەت ئالدىدا رەسۋا بولاتتى. ھېسامغا نەڭ كەلگىلى بولاتتىمۇ؟

— ھېسام، جېنىم ئاغىنەم، — دېدى سىراج بىر چاغدا،
— دېگىنىڭنى قىلاي. خوتۇنۇمنى ئەمدى كۈنلىمەيمەن، دادامنى ئىشتىن بىكار قىلىپ، رەۋەندىچىلىكنى ئۆزۈم قولغا ئالىمەن. راستىلا ھېسام، مەمەت مانتىپەزنىڭ شورپىلىق مانتىسىدىن قورقماي نەچچىنى يېيەلەيتتىڭ؟ ئۇدا ئون كۈن مېھمان قىلىمەن سېنى، ئەزىمىرايى.

شۇنداق قىلىپ، ئۆيۈندىن چىڭغا چىقىرىپ، ھېسام بىر كۈنلەمچىنى «ساقايتىپ» قويدى. ئۆزىمۇ سىراجنىڭ ھەر دوق-



www.uyghurkitap.com

مۇشتا بىر قېتىم سورايدىغان سوئالىدىن خالاس تاپتى.

دەرۋەقە، ھېسام قىرىق ئالتە يېشىغا قەدەر ئۆيلەنمىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىر يارانقان ئىگىسى، بىر ئۆزى بىلىدۇ.

يەنىلا يىشۇ[1] ئەقىللىق، ئارام ئارايلى! سەل - پەل ئارام ئالايلى!

---

① يىشۇ - ياپونىيە كارتون فىلمى «ئەقىللىق يىشۇ ھەققىدە رىۋايەت» نىڭ باش پېرسوناژى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورپىكتى

## 24. بەڭگىلەر ئارىسىدا

شەمەك چوقۇرنىڭ خومارى تۇتۇپ، بولالماي قالدى. پۇت - قولى بەزگەك تەگكەندەك تىترەپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا بىر يۆگەم نەشىدىن باشقا نەرسە كار قىلمايتتى.

— شەمشىدىن، ھەي شەمەك چوقۇر، يانچۇقۇڭدا مادار بارمۇ؟ — شەمەك چوقۇر قارىماستىنلا ئاۋاز ئىگىسىنىڭ كونا ئۇلپىتى قاسىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇ تاپتا ئۇمۇ شەمەكتەك ئەھۋالدا ئىدى.

— سېنىڭ يانچۇقۇڭدا زادىلا مادار بولۇپ باقمامدۇ؟
— شەمەك چوقۇر خومارنىڭ جىلىچىلىكىدە قەدىناس ئاغىنىسىگە گۆلىيىپ ۋارقىرىدى. شەمەكنى كۆرۈپ نىجاتچىسىغا يولۇققاندەك خۇشاللىنىپ، يۈگۈرۈپ كەلگەن قاسىم ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

— تە بولمىغىنە ئادىشىم، بىزگىمۇ خۇدايىم بېرىپ قالار، نېمانچىلا... — ئۇ شەمەك چوقۇرغا ئىلتىجا قىلىپ ئەمدى سۆز باشلىشىغا نېرىدا كېلىۋاتقان ھېسامغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئاۋازى چىڭقالغىنىچە گېپىنى يۆتكىدى، - ھەي، ھەي، شەمەك ... ھەي شەمشىدىن، قارا، ھېسام كېلىۋاتىدۇ.

كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، بەدىنى بوشىشىپ كېتىۋاتقان شەمەك چوقۇر خۇشياقماستىن بېشىنى بۇراپ، تۆت كوچا تەرەپتىن لىڭشىپ كېلىۋاتقان ھېسامغا قاراپ قويدى ۋە زەردى بىلەن غودۇڭشىدى:

— كەلسە نېمە بوپتۇ، ھە، بىرەر چېكىمنىڭ پۇلىنى بېرەرمىكىن دەمسىنا ئۇنى؟ چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان ھېسام ئۇ!

— توختىمامسەن، — قاسىم ئالدىراپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى، — مەنمۇ ئۇنى پۇل خەجلەپ بېرىدۇ دېمىدىم، بىراق بۈگۈن ئۇ ئاچال كوچىدىكى ياسىن ياغاچچىنىڭ ئۆيىگە ئولتۇرۇشقا بارىدۇ. شۇ تاپتا تېخى ئۇدۇل ئەشەگە ماڭدىمۇ دېگىنە!

— يارايسەن، كاللاڭ جاڭىلداپ قويىدۇ جۇمۇ سېنىڭ.

ياسىن ياغاچچى دېگەن نەشكەشلەرنىڭ پىرى تۇرسا، — شەمەك چوقۇر ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ ھىجايدى، — چاقىرە قاسىم، كىچىك بولسىمۇ ھېسامكا دەپ چاقىر!

سەلدىن كېيىن ئىككى نەشكەش ئىككى تەرەپتىن ھېسامغا خۇشامەت قىلغىلى تۇردى:

— ھېسامكا، ئۇ كۈنكى ئويۇننى دەھشەت نوچى ئوينىۋېتىپسەن جۇمۇ!

— ھېسام ··· يا، ھېسامكا، يېڭىياچە گەپلىرىڭ يوقمۇ، بىر كۈلۈۋالايلى.

— پاھ، ئىككىڭلارنىڭ خۇمارى تازا تۇتقان ئوخشىمامدۇ، يەنە سەل تۇرسام چوڭ دادا دەۋېتىسىلەرغۇ دەيمەن؟

— يامان نېمە جۇمۇ سەن ھېسام. نەگە ماڭدىڭ، بىللە بېرىپ كەلمەيلىمۇ؟

— مېنى چاقىرغان يەرگە سىلەرنىمۇ چاقىرغانمىدى؟

شەمەك گەپكە تەمشەلگۈچە قاسىم ئېغىز ئاچتى:

— چاقىرماي، ياسىن ياغاچچى دېگەن بىزنىڭ راۋۇرۇس ئۈلپەت تۇرسا ···

ھېسام بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ھېلىقى ئىككىسىگە قارىدى. كېيىن «راخماننىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ» دېگەندەك بولمىسۇن دېدىمۇ، كۈلۈمسىرەپ:

— ئەمىسە ماڭىلى، بىر شەرتىم بار، چېكىپ قىلغان قىزىق ئىشلىرىڭلاردىن سۆزلىگەچ ماڭىسىلەر، — دېدى.

— ۋاي، چاتاق يوق، — دېدى شەمەك بىر ئەسنىۋېتىپ، — ماۋۇ قاسىم بارغۇ، چېكىۋالسا ئىلگىرى - كېيىن مايمۇن ئويۇنى قويىدىغان نەرسە. قانداق، ئۆزۈڭ دەپ بېرەمسەن قاسىم،

يا مەن دەپ بېرەيمۇ؟

— سەنمۇ چاغلىق، ئاسمانغا چىقماي ئەرشنى، يەرگە دەسسىمەي كەشنى كۆرىدىغان نېمە ۋاي سەن شەمەك!

شۇنداق قىلىپ ئۈچەيلەن ئاچال كوچىدىكى ياسىن ياغاچچىنىڭ ئۈچەيدەك تار، ئەخلەت، پوزا، كېپەك بىلەن تولغان هويلىسىغا يېتىپ كەلدى. بۈگۈن بۇ يەردە ياسىن ياغاچچىنىڭ ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىدا ئامانەت قالغان ئولتۇرۇش بېرىلمەكچىدى.

— هېسام ماۋۇ ئىككىسىنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭ؟ — ياسىن ياغاچچى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ بايىقى ئىككى نەشكەشكە زەهىرىنى سانجىدى.

— بۇ ئىككىسى مەشەگە كېلىۋاتسام ياسىن ئۈلپىتىمىز، بىزنىمۇ چاقىرغان دەپ تۇرۇۋالدى! — دېدى هېسام هەيران بولۇپ.

— بوپتۇ، مېهمانىنىڭ يۈزى بولۇپ قالدى، ئەمما لېكىن ئۇكا، سەن بۇ دۆيۈز كەيپكە ئۆگىنىپ قالما جۇمۇ، قۇربانكام تېرىچى ئېسىل ئادەم ئىدى.

ئولتۇرۇش باشلىنا - باشلانمايلا پاراڭ يەنە هېلىقى ئىككىسىگە مەركەزلەشتى. ئۇ زامانلاردىكى سورۇنلاردا هاراق ئوچۇق - ئاشكارا ئىچىلمەيتتى، كۆپمۇ قويۇلمايتتى. چېكىدىغانلار «ئەدەپ» دېيىشىپ بىردىن، ئىككىدىن تالاغا چىقىپ كېتىپ، خۇشخۇيلىشىپ كىرەتتى. شەمەك چوقۇر بىلەن قاسىم كىم سىرتقا ماڭسا سوڭدىشىۋېلىپ، بىردەمدىلا لەيلەپ قېلىشتى.

— هەي قاسىم، — دېدى هېسام بىر چاغدا، — مامازىنىڭ كۈچۈكىدەك نېمە قاتراۋېرىسەن؟ پوكىنىڭ يېرىلىپ كەتمىسۇن يەنە!

ياسىن ياغاچچى پىنەكچىدىن بىرنى يۆگەپ، مەردانە قىياپەتتە هېسامغا قارىدى:

— سەن بىلمەيسەن هېسام ئۇكا، بۇ گۈيلار مۇشۇنى ئوقاق تارتىپ ساڭا ئەگەشكەن گەپ. تۇتىشە مانا هوي، هە، ياندۇرۇپمۇ بېرەيما؟ (شەمەك بىلەن قاسىم يۈگۈرۈپ كېلىپ ياسىن ياغاچچى-



www.uyghurkitap.com

نىڭ قولىدىكى تاماكىنى تالىشىپ تۇرۇپ ئالدى، نۆۋەت بىلەن بىر - بىر چېكىشىپ، تالىتىيىپ كېتىشتى) بۇ خەقچۇ قارا، ئويۇننى پاكىز ئوينىمايدۇ، ئىش - ئوقەتتىمۇ يوق، ئوغۇل بالا دېگەنگە يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدىچۇ!

— يېتىپ چەكسە دېگىنە ياسىنكا، — دېدى ھېسام چاقچاق قىلىپ.

ھېسامنىڭ ئاغزى ئېچىلىۋىدى، سورۇندا ئولتۇرغان ئون نەچچە ئادەم قىيقاس - چۇقان بىلەن چاقچاققا جور بولۇشتى.

— ھېسام ئۇكا، بۇ ئىككىسىنىڭ ھېكايىلىرىنى خېلى بىلىدىكەنسەندە؟ — تۆردە ئولتۇرغان، يوغان، قاپقارا بىر مېھمان گۈركىرىگەندەك سۆزلىدى، — بىزمۇ بىلىمىز جۇما!

— دامى كۆمۈر بىلگەن يەردە، بىز بىلمەيتتۇقمۇ، - ھېسام مېھمانغا چاقچاق كەلتۈرۈپ، كېيىن شەمەك چوقۇرغا قارىدى، — شەمەككا، ھېلىقى كۈنى دەرەخكە سالام بەرگىنىڭنى ئېيتىپ بېرە ماۋۇ مېھمانلارغا!

— ئۆزۈڭلا دەۋېتە ھېسام، — دېدى شەمەك چوقۇر كەيپچىلىكتە خىر - خىر كۈلۈپ، — ئوغۇلبالىچىلىقلىرىمىزنى ئۆلپەتلەر ئاڭلاپ قالسۇن!

— بۇ شەمەك بىلەن قاسىم تازا چېكىشىۋېلىپ، — دېدى ھېسام سۆز باشلاپ، — ئاخشىمى ئايدىڭدا ئۆيگە قايتىپتۇ. تېرەكلىك كوچىدا يولغا ياغاچنىڭ قاتار سايىسى چۈشۈپ تۇرسا ماۋۇ قاسىم «شەمەك ئاداش، يولنى يامان جىق كولىۋېتىپتۇ جۇمۇ، ئاتلاپ ماڭىلى» دەپ، ئىككىسى بىدە بازىرىدىن تاكى ناغرىچىغا بارغۇچە قىرچاڭغۇ ئاتتەك تاقلاپ مېڭىپ، ھالىدىن كېتىپتۇ. ماۋۇ شەمەككام بىر تەرەپتىن ئاتلاپ ماڭغاچ، يول ياقىسىدىكى تېرەكلەرگە بىردىن سالام قىلىپ مېڭىپتۇ. تېخى يېنىدىكى قاسىمغا «كۆردۈڭمۇ ئاداش، بىرەر ئىش چىقىمىغاندۇر، ھۆكۈمەت ئەسكەر دېگەننى تۇرغۇزۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ» دېگۈدەك.

سورۇندىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. تېخى ھەممىدىن

www.uyghurkitap.com

بەكرەك كۆلگىنى شەمەك بىلەن قاسىم ئىدى.

— يەنە بىر كۈنى شەمەككام تازا چېكىپ، كەچقۇرۇنلۇقى ئۆيگە خىماگۇدۇك قايتىپتۇ. مەھەللە دوقمۇشىدا بىر نەچچە ئايال پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، ئۇلار شەمەككامنىڭ دەلدەڭشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر ـ بىرىگە «مۇشۇ شەمشىدىن دېگەن ئادەم پەقەت ئوڭشالمىدىغۇ. ئايالى بىر ئوبدان ئايال» دەپ كوتۇلدىشىپتۇ. شەمەككام ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپتۇيۇ، گەپ قىلماپتۇ. ماڭە ـ ماڭە، مەھەللىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۆزىنىڭ قوراسىغا يېتىپ بارغاندا كەينىگە قايرىلىپ «ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولىدۇ» دېگۈدەك.

— گەپ قىلە ھېسام، سىستېمىۋەت بۇ ئىككىسىنى، كەيپىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلالمىغاندىن كېيىن، — ياسىن ياغاچچى قىيقاس سالدى.

— سەنمۇ چاغلىق ياسىنكا، — دېدى ھېسام نىشاننى بۇراپ، — سېنىڭكىدىنمۇ دەۋېتەيمۇ، يا...؟

— دەۋەت، دەۋەرگىن، — ياسىن ياغاچچى كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، مەيدىسىگە ئۇردى، ـ قورقما!

— ئەمىسە قورقمىدىم، — ھېسام گېپىنى باشلىدى، — بىر قېتىم ياسىنكامنىڭ ئايالى سەھراغا مېھماندارچىلىققا چىقىپ كېتىپ، قونۇپ قاپتۇ. كەيپىنى راسا قىلىۋالغان ياسىنكام قورسقى ئېچىپ بىر تاماق قىلىپ يېمەكچى بوپتۇ — دە، قازانغا گۆش سېلىپ، ئوچاققا ئوت قالاپتۇ. بىراق قانچە قىلىپمۇ ئوتنى تۇتاشتۇرالماپتۇ. ئوتنى پۈۋدە ـ پۈۋدە، بىر چاغدا كاللىسىغا «ئايال كىشىنىڭ ياغلىقىنى تېڭىپ ئوت قالىسا ئوڭاي تۇتىشىدۇ دەۋاتاتتى، بىر سىناپ باقمايمۇ» دەپ ئويلاپ، ئايالىنىڭ ياغلىقىدىن بىرنى ئېڭەكىدەپ چىگىپ، يەنە ئوت پۈۋدەپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا ساندۇق بۇيرۇتقان بىر خېرىدار زاكاسنى سۈيلەپ ئۆيگە كىرىپ قاپتۇ. ھېلىقى ئادەم ياغلىق چىگىۋالغان ياسىن ئۇستامنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتىكەن، ياسىنكام خېرىدارغا «قورقماڭ بۇرادەر، ساندۇق ياسىغاندا ياغلىق تاڭمايمەن» دەپتۇ.

— بېشىمدا ياغلىق چىگىگىلىك پېتى قوشنامنىڭكىگە تۇز سوراپ كىرگىنىمنى دېمىدىڭغۇ، — ياسىن ياغاچچى پەخىرلەنگەندەك سۆزلىدى.

— ھە، ئۇ يەرلىرىگىمۇ بار، — دېدى ھېسام، — كېچىدە بەڭنىڭ كەيپىدە ئېرىقتىن ئاتلىدىم دەپ ئۆكۈزگە مىنىۋېلىپ، «توۋا قىلدىم، ئېرىقمۇ قوپىدىكەن - ھە!» دېگىنىڭنىمۇ سۆزلەيمۇ يا؟

— ئەمدى مۇنۇ ياقۇپجان بىلەن ئابدۇللاملار بىردەم نەغمە قىلسۇنمىكىن، — باشتا خېلى مەرد تۇرغان ياسىن ياغاچچى بىردىنلا ھېسامنىڭ ئالدىنى توستى. سەۋەبى، ھېسام ئۇنىڭ «ھېچكىم بىلمەيدۇ» دەپ يۈرگەن مەخپىيىتىدىن بىرنى ئاشكارىلىۋەتكەنىدى. قارىغاندا ھېسام خېلى ئىشلاردىن خەۋەرداردەك ئىدى.

شۇنىڭدىن نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپ، تاشلەپكە بازىرىدا ھېسام قاسىم بەڭگىنى كۆرۈپ قالدى. ياسىن ياغاچچىنىڭ ئۆيىدىكى گەپلەر تەسىر قىلىپ، ئاز - تولا ئۇقەت قىلاي دېدىمۇ، قاسىم شۇ تاپتا ئىككى ئېشەككە تۆت داڭگالىق ئالمىنى ئارتىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى، ھېسام ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ئارىلىقتا ئالمىغا خېرىدار ئولاشقىلى تۇردى.

— ئالمىنىڭ تۇرۇشى نەچچە پۇل؟ — دەپ سورىدى بىرەيلەن.

— ئۈچ ئېشەكتىكى ئالما سەكسەن تەڭگە، — دېدى قاسىم. خېرىدار چەكچەيدى.

— نەنىڭ ئۈچ ئېشىكى ۋا ئاداش، ئىككى ئېشەك تۇرمامدۇ، مانا!

قاسىم قىزىرىپ، بىر نېمە دەي دېۋىدى، ھېسام گەپكە ئارىلاشتى:

— ئېشىكىڭ ئۈچ بولسا، قېنى ئېشەكلىرىڭنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ ساناپ باقە، قاسىم؟

— سانىسام سانىدىم، - قاسىم نېمە دېيىشىنى بىلمەي

ئاۋۋال بىر ئىشەكنىڭ ئارقىدىن يەنە بىر ئىشەكنىڭ بېشىنى تۇتتى. شۇ چاغدا ھېسام قاسىمنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېشىنى تۇتقۇزدى.

— مانا ئۈچىنچى ئىشەكنىڭ بېشى، — دېدى. ئالمىنى بازارغا ئەكىلىۋېتىپ يەنە چېكىنىۋالغان قاسىمنىڭ چېكىلىرىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي، كۆلكىلەر ئارد-سىدا يىغلامسىراپ ھىجايدى.

يەنە بىر قېتىم ئاقئۆستەڭ بويىدىكى بىر باغدا ئولتۇرۇش بولۇپ قالدى. بۇگۈنكى چوڭ سورۇندا ياسىن ياغاچچى، شەمەك چوقۇر، قاسىملارمۇ بار ئىدى. سورۇن ئاياغلاشقۇچە ئۈچەيلەن قىلىن دەرەخلىقنىڭ ئارىسىغا تالاي كىرىپ چىقتى. بۇ كۈنى ھېسام تىياتىرغا يولۇقمىسا بولمايدىغان مۇھىم ئىشى بولغاچقا، سورۇندىن بالدۇر قايتتى.

ھېلىقى ئۈچ بەڭگە ئولتۇرۇشنىڭ ئوتىنى كۆمۈۋەتكەندىن كېيىن يولدا بىر بەڭگى ئۇلپىتىنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، تولىمۇ پاكار ئۈزۈم بارىڭىنىڭ تېگىگە ئۆمىلەپ كىرىشىپ، زەي يەردە ئولتۇرۇپ يەنە بىر قەپەس چېكىشتى. ئەتىگەندىن بېرىقى كەيپ كۆچى زەيلىكتە بىراقلا كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، قايتماقچى بولۇشتى. ساھىبخانىمۇ ئۈچەيلەنگە ئەگەشتى. توت بەڭگە پاكار باراڭلىقتىن ئىڭىشكەن پېتى چىقىپ، يەنە شۇ پېتى غاز قانىتى بولۇپ شەھەرگە قايتتى. يولدا ھەممىلا ئادەم ئۇلارغا قاراپ ئەجەبلىنەتتى، ياقىلىرىنى چىڭ سىقىشىپ كۈلۈشەتتى.

ھېسام كەچقۇرۇنلۇقى شەھەر ئىچى مەھەللىسىنىڭ ئاۋات يېرىدىكى دۇكىنى ئالدىدا بىرەيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، توت كوچا ئېغىزىدىن غاز قانىتى بولۇپ تىزىلغان توت ئادەم تازىمۇ ئىڭىشىپ، قوللىرىنى كەرگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. ھېسام بىر قاراپلا كېلىۋاتقانلارنى تونۇپ، ئىشىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇنىڭغۇچە ھېلىقى توت كىشى ھېسامنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغا-نىدى. ئالدىدا كېلىۋاتقان ياسىن ياغاچچى بېشىنى كۆتۈرۈپ ھې-سامنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ۋارقىرىدى:

— ھېسام ئۇكا، باراڭلىق تۇگىدىمۇ؟
بەڭگىلەر ئۇچۇن نومۇس قىلىپ كېتىۋاتقان ھېسام قەھر بىلەن جاۋاب قايتۇردى:
— باراڭلىققۇ تۇگىدى، ئەمما ساراڭلىق تېخى تۇگىمىدى!
شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى بەڭگىلەر ھېسامنىڭ ئالدىدا ئار-تۇق زۇۋان سۇرەلمەس بولدى، بۇ تەرەپلەرگىمۇ خېلىغىچە يولى-مىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگانە ئادرېسى

# 25 . خەيرسىز سەپەر

مىلادىيە 1956 ـ يىل، ياز ئۈرۈمچى.
ھېسام ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە سەپەر قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنى «ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت» دېيىشكىمۇ بولاتتى.
ھېسام ئۈرۈمچىگە نائىل ئىسمىلىك تاتار شوپۇرنىڭ يۈك باسقان قارا ماشىنىسىدا، تۆت كۈندە يېتىپ باردى.
غۇلجىنىڭ نوۋى گۈرت مەھەللىسىدىكى چىرايلىق ھويلىلار-نىڭ بىرىدە تۇرىدىغان نائىل تولىمۇ خۇش چاقچاق، ئويۇنچى يىگىت بولۇپ، ئىلى دەرياسى بويىدىكى بىر سورۇندا ھېسامنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالغانىدى. ھېسام بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە زىيارەت ھەم تىجارەت قىلىپ ماڭغىنىدا نائىل-نىڭ نەچچە قېتىملىق تەكلىپى ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.
«ئىتتىپاق تىياتىرى» تەركىبىگە تاللانغان ئارتىسلارنىڭ بىر قىسمى شتاتلىق، يەنە بىر قىسمى شتاتسىز، ۋاقىتلىق بو-لۇپ، ھېسام كېيىنكىسىگە تەۋە ئىدى. ئۆمەك ئارتىسلارغا مۇقىم مائاش تارقىتالمايتتى. مۇقىم شتاتنىڭ ھەممىيلەنگە تولۇق ھەل بولۇپ كېتىشى نامەلۇم ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىر مۇنچە سەنئەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇقىم كەسىپ، خىزمىتى ئۈ-چۈن باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى. ھېسامىمۇ ھەم شۇ كويدا ئىدى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسامغا ئۈرۈمچىدىن بىر مىش ـ مىش خەۋەر كېلىپ يەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى ئىقتىدارلىق ئارتىسلارنى قوبۇل قىلىدىكەن، درامىدا ياخشى رول ئالالايدىغانلار بولسا، تېخىمۇ ئاسان قوبۇل قىلىنالاي-دىكەن. بۇ خەۋەردىن ئىچى قىزىغان ھېسام ئۈرۈمچىگە بېرىپ

تەلىيىنى سىناپ كۆرمەك بولۇپ نەچچە، تەرەددۇتلىنىپ، نەچچە يالتايدى. ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ يۈكى ئېغىرلاشتى، ئانىسى ھەسەلخانىمۇ خۇددى رەھمەتلىك ئېرىگە ئوخشاشلا ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولدى. ئۇ ھېسامنىڭ يىراق جايلارغا كېتىشىگە چىدىمايتتى... .

سايرامدىن ئۆتۈپ، ئۈتەيگە قاراپ سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى، تارغىنا تاشلىق يولدا چايقىلىپ كېتىۋاتقان ئىككى يېرىم توننىلىق «گاز» ماشىنىسىنىڭ دىمىق كاپىنكىسىدا ئولتۇرغان ھېسام ئالدى تەرەپكە مۇڭلۇق تىكىلگىنىچە ئەنە شۇلارنى ئويلايتتى. ئاسما مايكىسىنى مەيدىسىگىچە كۆتۈرۈۋەتكەن، قويۇق بۇدۇر چاچلىق نائىل قايسىدۇر بىر تاتارچە ئاھاڭغا توختىماي ئىسقىرتىپ كېلىۋاتاتتى، بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىزلا ناخشىغا تەگدى:

قارلىغاچنىڭ ئى قاناتى،
نىگە سىگىز بولماغان.
بۇ دۇنيانىڭ ئى راخاتى،
نىگە تىگىز بولمىغان.

«مۇنۇ نوغاي ئىچىمدىكىنى تاپتى - ھە؟» دەپ ئويلىدى ھېسام تېخىچىلا مۇڭلىنىپ. ئۇنىڭ كۆزىگە ئورۇقلاپ كەتكەن ھالسىز ئانىسى، بىر - بىرىنى كىيىپ چىقىشقان ئۇكىلىرى كەلدى.

— ھېسام ئاغىيىن، مەن كاپىنكىغا ئارتىسنى باستىممۇ، سوپىنىمۇ؟ گەپىرمەيسىزمي؟ - نائىل شوپۇر ناخشىسىنى توختىتىپ، ھېسام بىلەن نەچچىنچى قېتىمكىن، يەنە چېقىشتى. ھېسام چۆچۈپ ئۆزىگە كېلىپ، نائىلغا يانچە قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— جىرلا نائىل، يەنە جىرلىغىنا، ئۇنىڭدىن كېيىن مەن ساڭا ئالامەت قىزىق گەپ قىلىپ بېرىمەن.

— بولدى، بىزدە جىر كۆپ، — نائىل تازىمۇ ئاپئاق چىشلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ، يەنە جىر باشلىدى:

ئاتام مېنى، ئانام مېنى،
ئاق بىشىككە بۆلەگەن.

ئۆمرى بولسىن دېپ تىلەگەن،
بەختى بولسىن دېمەگەن...

ماشىنا توپىلىق يولدا چايقىلىپ، گۇركىرەپ ماڭماقتا. غىلىڭ ساي، ئۇزاق - ئۇزاقلاردا تۆگىلەر مىدىرلىماي تۇرىدۇ. پەسىل ئۆتمەستىنلا قاق ئاپتاپتا مۇددىتىدىن بالدۇر پىشىپ، سارغايغان شىۋاق غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر تىنجىق شامالدا باشلىرىنى تىنماي ئىرغىتىپ «شامال يوقتە، ئامال يوقتە» دېگەندەكلا قىلىدۇ. ھېسامنىڭ كۆزى ئىككى قاسناقتىكى ئادەمسىز دالاغا نۆۋەتلىشىپ تىكىلدى. قۇلىقىغا «ئۇررا» سادالىرى ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ يەرلەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەزىمەت جەڭچىلىرى ئارمانلار قۇچاقلاپ جەڭ قىلغان، قان تۆككەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھەر ئىچى مەھەللىسى، ئوردا مەھەللىلىك قارا كۆز يىگىتلەرمۇ بولغان... .

— ھېسام ئاغا، ئەندى نوبەت سىزگە كەلدى، — نائىل يەنە بىر قېتىم ھېسامنى خىيالدىن سەگىتتى، — قېنى، ماشىنىنىڭ كىرا پۇلىنى تۆلەڭ!

ھېسام نائىلنىڭ ئەپلىك چاقچىقىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— يامان نوغاي جۇمۇ سەن، نوغاينىڭغۇ ھەممىسى يامان! بولۇپمۇ سەن، نائىل!

نائىل ھېسامنىڭ گېپىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— قېنى ئەمىسە نوغاينى بىر كەلتۈرگىنە!

— بولىدۇ، — دېدى ھېسام گەپ باشلاپ، — بىر نوغاي موللام بازاردىن قۇربانلىققا بىر قوي سېتىۋاپتۇ. يولدا قوي ماڭماي تۇرۇۋېلىپ، موللامنى تولىمۇ جىلە قىلىۋېتىپتۇ. ئاچچىقى تازا كەلگەن موللام ئۆزىنى باسالماي، قوينى تازىمۇ يامان تىل بىلەن تىللىۋېتىپتۇ ۋە دەرھال پۇشايمان يەپتۇ. توپىدىن ئايرىلىپ يېتىمسىرىگەن قوي بىر ئاز مېڭىپلا يەنە كەينىگە شوخشۇپ، تىرەجەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاچچىقى تېخىمۇ كەلگەن نوغاي موللام قوينى ھېلىقىدەك يەنە بىر تىللىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپتىيۇ، بايىقى پۇشايمىنى يادىغا كەپتۇ. پەقەت ھەسرەت

بىلەن:

— شۇندەي بىر نېمىگە ئوخشايسەنكى، ئەيتۇرگە بولمي! — دەپتۇ. قانداق بولامدىكەن؟

نائىل قاقاقلىغىنىچە كۇلۇپ كەتتى.

— بولىدىكەن، بولمىغاندا، «ئەيتۇرگە بولمي» دېگەن پاراڭ شۇنىڭدىن قالغان ئىكەندە؟ يەنە يوقمۇ، شوقراقى؟

— ئۆزۇڭمۇ شۇ شوقىغا ئامراق، — ھېسام كۇلۇپ كېتىپ، يەنە بىر - ئىككى «شوقراق» لەتىپە سۆزلەپ، نائىلنى كۇلدۇردى. بۇ لەتىپىلەرنى ئوردا مەھەللىك چوڭلار شىرىپىدىن ئەلەم①كەيپى چاغ ۋاقىتلىرىدا ئوقۇپ بېرىدىغان لەتىپىلەر قامۇسى «ئالتە بارماق» دېگەن تاتارچە كىتابتىن ئاڭلاشقان ۋە بۇ لەتىپىلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارىلىپ، ھېسامغىچە يەتكەنىدى.

ھېسام ئۇرۇمچىدە نائىل ئورۇنلاشتۇرغان كاتتا بىر مال ئىسكىلاتىنىڭ شوپۇرلار ياتىقىدا تۇردى. ئاخشاملىرى ئۇ ھەر تەرەپتىن يىغىلغان شوپۇرلارنى قىزىق گەپلەر بىلەن كۇلدۇرەتتى. كۇندۇزلىرى ياخشىراق ئارام ئېلىپ، بازار ئايلىناتتى. ئۇرۇمچى ھېسامغا ئوخشاش ھەريەر - ھەر يەرلەردىن كېلىپ قالغان مۇساپىرلارنى كەڭ قوينىغا سىغدۇرۇپ كېتىدىغان بەردىكەتلىك شەھەر ئىدى. ھېسام بۇ شەھەرگە كېلىپ بىر نەچچە كۇندىن كېيىنلا بىر يۇرتلۇق، ھەتتا بىر مەھەللىلىك تونۇش - بىلىشلەرنى خېلىلا كەڭرى تېپىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مىللىي ئارمىيە سېپىدىن كەسىپ ئالمىشىپ، ھەر ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان ئۆزى ياش، مەنسىپى چوڭ غوللىقلار كۆپ ئىدى. يەنە، ئوقۇشقا كەلگەنلەرمۇ، ئوقۇش پۇتتۇرۇپ مۇئەللىمچىلىك ۋە باشقا خىزمەتلەردە قالغانلارمۇ، ئوقەت قىلغىلى كېلىپ تۇرۇپ قالغانلارمۇ بار ئىدى. يېرىم ئاي ئۆتە - ئۆتمەيلا ھېسام ئۇرۇمچىگە بېغىر يېقىپ قالدى. نائىل بۇ ئارىدا يۇك بېسىپ غۇلجىغا نەچچە بېرىپ كەلدى. ھېسام ئۇنىڭدىن ئائىلىسىگە دۇئايىسالام

---

① غۇلجىدا ئۆتكەن زات.

www.uyghurkitap.com

ۋە ئاز - تولا پۇل ئەۋەتىۋېتىپ، سورۇنلارغا بېشىچە كىرىپ كەتتى.

ھېسامنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم مەقسىتىنى مەزكۇر بابىمىزنىڭ بېشىدا بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزگە دەۋەتكەندۇق، ئاپتونوم رايوننىڭ سەنئەت ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان غۇلجىلىقلار، جۈملىدىن زىكرى ئەلپەتتا، ھۈسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا قاتارلىقلار ھېسامنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن ھەر قايسىسى ئۆز قاراشلىرىنى ئىزھار قىلدى. ھېسام دەسلەپ خەۋەر ئاڭلىغان چاغدىلا دەرھال كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن چوڭ تۆردىكى ئادەم قوبۇل قىلىش ئاخىرلىشىپ، ئۆمەكلەرنىڭ شتاتلىرىمۇ توشۇپ قالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ يۇرتداش بۇرادەرلەر ھېسامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن تەدبىر ئويلاشتى. ئاخىرى ئۇلار ھېسامنى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغان بولدى. ئولتۇرۇش بىر مۇزىكانتنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ يوغان، سۈرلۈك نازىرى ھېسامنىڭ قىزىق، چاقچاق پاراڭلىرىنى ئانچە كۈلمەي ئاڭلاپ ئولتۇردى. ھېسام سورۇندا ئولتۇرغان ھەممە ئادەمنىڭ، ھەتتا خېلى نامى بار سەنئەتكارلارنىڭمۇ بۇ نازىردىن ئەيمىنىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دەسلەپتە نازىردىن تەپ تارتىپ ئولتۇردى. كېيىنچە، بىر نەچچە رومكا گېلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ياشلىقىغا ئېلىپ «گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭنى ئايما» قىلىۋەردى. سۈرلۈك نازىرمۇ نەچچە قېتىم چىن كۆڭلىدىن ئېرىلىپ كۈلۈۋەتتى.

ئۇ كۈنى ئولتۇرۇش ئۆز يولىدا تۈگىدى. باشقا گەپ - سۆزمۇ بولمىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن نازىر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ بىر خادىمى ئارقىلىق ھېسامنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

ھېسام نەچچە خىل خىياللار بىلەن نازىرنىڭ ھەيۋەتلىك، ئىچكىرى - تاشقىرى خانىلىق قوبۇلخانىسىغا كىردى. نازىر كۆرۈۋاتقان ھۆججىتىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، ھېسامنى شىرەسى يېنىدىكى كرېسلوغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ھېسام كرېسلو-

غا شۇنداقلا ئولتۇرۇشغا ئۆزىنى چوڭقۇر بىر يەرگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ ھېسام، تۇرۇپ كەتتىڭغۇ؟ — نازىر ھېسامنىڭ ھەرىكىتىدىن ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— مەن تېخى مومىڭىزنىڭ قورسىقىغا ئولتۇرۇۋالدىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى ھېسام كرېسلونى قولى بىلەن بېسىپ قويۇپ، نازىر ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— يارايسەن ھېسام، يارايسەن، ھەقىقەتەن ئىتتىككەنسەن!

نازىر ھېسامنىڭ ئۇدۇلىدىكى كرېسلوغا كېلىپ ئولتۇردى، مۇشتىكىگە پاپىرۇس بېسىپ، تۇتاشتۇردى. كېيىن ھېسامغا قاراپ سۆز باشلىدى:

— ماڭا قارا ھېسام، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى يولداشلار ماڭا ئېيتتى. ئۆزۈڭنىمۇ كۆردۈم. ھەقىقەتەن تالانتىڭ بارىكەن. ھازىر بۇ يەردە ئۆمەكلەرنىڭ تەركىبى ئاساسەن تولۇقلىنىپ بولدى. ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، بىرەر شتات بوشاتماق تەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساڭا ئوخشاش كىشىلەرنى خەلق سەنئەتچىسى دەيمىز. ئەلنەغمە، فولكلور ھەممىسى خەلق سەنئىتىگە تەۋە. سەن يەردە قالمايسەن، ئارتۇقچىلىقىڭنى جارى قىلدۇرغىن، تىرىشقىن. بىز سېنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قويايلى. مەن ئىلىدىكىلەرگە بىر پارچە خەت يېزىپ بېرەي، سېنى مۇقىم، ئالاھىدىلىكىڭنى جارى قىلدۇرغۇدەك بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسۇن.

نازىر تاماكىسىنى بىر نەچچە شورۇۋېلىپ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىلى بىر خاسىيەتلىك زېمىن، مەدەنىيەت، سەنئەت بۆشۈكى، بىر ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئىلىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىڭ، تەلىيىڭ ھېسام! بۇ ئېسىل زېمىندىن ئايرىلما، سەن شۇ يەردە كۆكلەيسەن!

ھېسام سۈرلۈك نازىرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، قايىللىقى ئاشتى، كۆڭلىدىكى بەزىبىر چىگىشلەرمۇ يېشىلىپ كەتتى. كۆزىگە مەدرىسە كوچىسى، ئوردا مەھەللە، قايناق تاشلەپ-

كە، ئىلى دەريا بويى، مەشرەپ سورۇنلىرى ... كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىلا ئىلىغا قايتقۇسى كېلىپ كەتتى.

نازىر ۋەدىسىدە تۇرۇپ ھېسامغا يول خىراجىتى ۋە خېلىلا كۆپ تۇرمۇش، يول كىرا پۇلى، بىر قۇر كىيىم - كېچەك ھەل قىلىپ بەردى. ئىلى مەدەنىيەت باشقارمىسىغا ھېسامغا كۆڭۈل بۆلۈش ھەققىدە ئۆز قولى بىلەن خەتمۇ يېزىپ بەردى. ھېسام نازىرغا رەھمەت - تەزىم ئېيتىپ خوشلاشتى - دە، قايتىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىگىمۇ تۆت - بەش ئاي بولغانىدى. يېقىندىن بېرى چۈشلىرى بۇزۇلۇپ يۈرەتتى.

ئەمدى گەپنى ئىلى تەرەپتىن ئاڭلايلى.

ھېسام ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن كېيىنكى كۈنلەردە ھەسەلخاننىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇ چاغلاردا قاتناش، ئالاقە ۋاستىلىرى تېخى قالاق، ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى جاھاننىڭ ئۇ چېتى بىلەن بۇ چېتىدەك بىلىنەتتى. ئۆيدىكىلىرى شۇنچە قارىسىمۇ ھېسامدىن دېرەك بولمىدى. ھەسەلخاننىڭ ئاغرىقى ئېغىرلاشقانسېرى، بالا - ۋاقىلىرىمۇ قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىۋاتاتتى. قۇربان تېرىچىنىڭ غۇلجا ناھىيەگە يېزىسىدىكى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنى مەجبۇرىي دېگۈدەك ئۆز يانلىرىغا ئەپچىقىپ كەتتى. ھويلا - ئارامنى مەھەللە - كويغا تاپىلىدى.

ھەسەلخان گەمىگە چىقىپ ئىككى ئايچە ياتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئۆپكە كېسىلىگە ئاسان ئامال يوق ئىدى. ئانا يەتتە بالىسىنى ئۆپچۆرىسىگە ئولاشتۇرۇپ تۇرۇپمۇ، نەچچە كۈنلەر ئىشىككە تەلمۈرۈپ ياتتى. دۇنيانىڭ تازىمۇ چىرايلىق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىچارە مەزلۇم كۆز قارىچۇقىدا چوڭ ئوغلى ھېسامنىڭ ئەزىز چىرايىي قېتىپ قالغان پېتى بۇ ۋاپاسىز، يالغان دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

غۇلجىدا ھېسامنى مۇسىبەت كۈتۈۋالدى. ئۇ ئۈرۈمچىگە بارغىنىغا، بارسىمۇ تېزرەك قايتىپ كەلمىگىنىگە مىڭبىر پۇشايمان قىلدى. كۈنلەر، ھەپتىلەر ئازاب چەكتى. گەمىگە چىقىپ

هازىدار تۇغقانلىرى، بويۇپ قىسىپ قالغان ئىنى - سىڭىللىرى
بىلەن قۇچاقلاشتى. ئۇنىڭ خېلى بىر چاغلارغىچە قولى ئىشقا
بارماي يۇردى، بىراق تىرىكلەرگە جاھاندارچىلىق كېرەك، ئو-
چاق ئەجدىھاسى تىنماي دەم تارتىپ تۇراتتى. قىرقى نەزىردىن
كېيىن ھېسام بىر نەچچە ئۆكسىنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ
كەلدى. قايتىشنى خالىمىغان ئىككى ئىنىسى گەمىدە قېپقالدى
ۋە كېيىنچە شۇ يەردە يەرلەشتى. ئىنى بۇزۇلغان قۇش ئۇۋىسىغا
ئوخشاپ قالغان بۇ ئائىلىدىكى بالاپانلار شۇ تەرىقىدە ئاستا - ئاستا
ئۆز قىسمەت كېچىكلىرىگە ئاياغ بېسىشتى.

ھېسام نەچچە ئايلار ئادەم ئايىغى تەگمىگەن ھويلىسىغا كى-
رىپ، ئۇزاققىچە مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇرۇمچى سەپە-
رى ئۇنىڭ ئۈچۈن خەيرسىز سەپەر بولغانىدى. مېھرىبان ئانىسى-
نىڭ بىباھا دىدارىنى ئاخىرقى دەملەردە كۆرەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ
قەلبىدە مەڭگۈلۈك ھەسرەت قېپقالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پۈتكۈل ئادرېسى

# 26 . سەلىم جامال سۆزلەيدۇ

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، مېنى تونۇ-دۇڭلارمۇ؟ مەن ھېسام ئاكىنىڭ چاقچاقلىرىنى توپلاش، رەت-لەش، نەشر قىلدۇرۇش ئىشلىرىغا يېرىم ئۆمرىنى سەرپ قىلغان ئىشتىياقمەن سەلىم جامال بولىمەن. مۇئەللىپنىڭ ھېسام ھەق-قىدىكى بۇ تازىمۇ ئۇزۇن، بەتەپسىل قىسسىسى ئوتتۇرىلاشقان ئۇشبۇ پەيتتە، مەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ سىزلەرگە ئۆزۈم ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارنى بەرمەكچىمەن. شۇنداق قىلسام، ئۇي-لايمەنكى، بۇ ئۇزۇن ۋە قىزىقارلىق قىسسىنىڭ توققۇزى تېخىمۇ تەل بولىدۇ.

قىسسىمىزنىڭ يۈز ئاچقۇسىدىلا مۇئەللىپ سىزلەرگە مەن ھەققىدە بىر قاتار ئىلىك تەپسىلاتلارنى تەقدىم ئەتتى. مۇئەللىپكە رەھمەت، ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ھەر بابتا دېگۇدەك مېنىڭ ئاددىي-غىنا ئىسمىمنى تىلغا ئېلىپ، مەزكۇر قىسسىدىكى ئورنۇمنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئىشىنىمەنكى، قىسسىنىڭ مۇقەددىمە باب-لىرىدىن مېنى بىلىپ، تونۇپ ئالغان ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرمۇ بابلارسىرى مەن ھەققىدىكى يېڭى - يېڭى پاراڭلارنى كۈتمەكتە. دەرۋەقە، قىسسىمىزنىڭ كېيىنكى يېرىمىدە سەلىم جامال ئىسمى ھەقىقەتەن سىزلەر بىلەن پات - پات، ھېسام قۇربان بىلەن يانمۇ - يان سۈرەتتە دىدارلىشىپ تۇرىدۇ. ئەمدى مەن ھەر بىرىڭلارغا بۇ يەردە، قىسسىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نېمە ئۈچۈن پات - پات ئوتتۇرىغا چىقالمىغانلىقىم ۋە بۇ مەزگىلدە نەلەردە يۈرۈپ، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىم ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرمەكچىمەن.

بىرىنچى سەۋەب شۇكى، ھېسام ئاكا مەندىن تالاي ياش چوڭ ۋە ئىلگىرىكى زامانىنىڭ ئادىمى. ھالبۇكى مەن ھېسام ئاكا بىلەن 1968 - يىللىرى ئۆپچۆرىسىدە ئۇچرىشىپ، زور قىزىقىش ئىل-

كىمدە ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشۇپ، ئۆز ئاغزىدىن نۇرغۇن ئۇششاق، پارچە ئەسلىمىلەرنى قەغەز بېتىگە چۈشۈرۈپ ماڭدىم ۋە شۇنداقلا ئاساسلىقى ھېسامنىڭ قىزىق پاراڭ، لەتىپىسىمان چاقچاقلىرىنى بەتەپسىل، زەربىدارلىق بىلەن تېرىپ - تۆشەپ، رەتلەپ - قاناتلاندۇرۇپ، بىر ئىزگۇ ئىستەكنىڭ تەييارلىقىدا ئاۋارە بولدۇم. دەسلەپكى بابلاردا مۇئەللىپ مېنىڭ ھەرىكىتىم، ئەمگىكىمنى ئەنە شۇ تۇرغىدىن پات - پات تىلغا ئېلىپ، ئەسلەپ، مېنىڭ ئەمگىكىمگە لايىقىدا مۇكاپات بېرىپ ماڭدى.

ئىككىنچى سەۋەب شۇكى، ھېسام ھەققىدىكى مەزكۇر قىسسە سىجىل داۋاملىشىۋاتقان ئوتتۇرىلىقتىكى بىر مەزگىلدە مەن قىسسىدە ئانچە كۆرۈنمىدىم ياكى شالاڭ تىلغا ئېلىندىم. چۈنكى، بۇ چاغدا مەن بايكۆلدىكى تۇگمەننىمۇ، سۆيۈملۈك يۇرت، مەھەللىلەرنىمۇ، قەدىرلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىمنىمۇ ئامالسىز ئارقامغا تاشلاپ «زىيالىي ياشلار يېزىلارغا بېرىپ قايتا تەربىيە ئېلىشى كېرەك» دېگەن يولىيورۇقنىڭ كۈچى بىلەن يىراق تاغلىق ناھىيىگە، چېنىقىشقا سەپەر قىلدىم. شۇ سەۋەبتىن ھېسام ئاكا بىلەن كۆرۈشۈش، پاراڭلىشىش، ئۇ ھەققىدىكى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك بايانلار ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرىنى داۋاملىق ئىگەللەش، توپلاشتىن مەھرۇم قالدىم. شۇ يىللاردا، ئارىلىقلاردا يۇرتۇمغا ئاتا - ئانا، قېرىنداشلىرىمنى كۆرگىلى كەلگەندىمۇ ھېسام ئاكىنى ياكى ئىزدىيەلمىدىم ۋە ياكى ئىزدىسەممۇ ئۇچرىتالمىدىم. ھېسام قۇربانىنىڭ خېرىدارىنىڭ تولىلىقى، بىر يەردە تۇرمايدىغانلىقى ئەزەلدىن ئەلگە مەلۇم. مەن بىر يولى تۆت يىل يۇرتۇمدىن يىراقتا، تاغلىق ناھىيىدە، ئاجايىپ چىرايلىق تاغلار ئارىسىدا رومانتىك ياشلىق يىللىرىمنى غورىگۈل ئۆتكۈزدۈم. ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا، شۇ قاتاردا، ئېنىقكى، ھېسام ھەققىدىكى تېمىغا بولغان قىزىقىشىم زىنھار ئۈزۈلۈپ قالمىدى.

1974 - يىلى مەن ئۆزۈم تۇرغان تاغلىق ناھىيىدىن ئەزىز يۇرتۇمغا «زىيالىي ياش»لىق رەسمىيىتىمنى يۆتكەپ كەلدىم ۋە ھېلىقى، ئۆزۈم ئىشلىگەن تۇگمەننى باشقۇرىدىغان يېزا (ئۇ

www.uyghurkitap.com

چاغلاردا خەلق گۆڭشىسى دېيىلەتتى) تەۋەسىدە داۋاملىق «قايتا تەربىيە» ئېلىشقا باشلىدىم. مېنىڭ تاغلىق ناھىيىدىكى ھەسەلچىلىك فېرمىسىدا بىرگە «زىيالىي ياش» بولغان ساۋاقداش، ئىشداشلىرىمنىڭ تولىسى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا، شەھەر ياكى ناھىيىگە خىزمەتكە... تاللىنىپ كېتىپ قېلىشقانىدى. شور پېشانە ئاتام جامال ئەپەندىنىڭ بېشىدىكى قالپاق مېنى بۇنداق تەلەيدىن بىنەزەر قالدۇردى ۋە مەنمۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆز يۇرتۇمنىڭ يېزىسىغا، داۋاملىق ئەمگەككە ئالمىشىپ كەلدىم.

شەھەرگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر نەچچە يىلغىچە ھېسام ئاكا بىلەن ئۇچرىشالمىدىم. سەۋەبى ئۇ كەملەردە ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى. «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» تېمىسى ئاستىدا دەھشەتلىك ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئەدەبىيات بىلەن خالىغانچە شۇغۇللىنىش، بولۇپمۇ خەلق ئەدەبىياتى، قاراتمىلىقى ئاسانلا بىلىنىپ قالىدىغان ھەجۋىي بىلەن شۇغۇللىنىش ھېچكىمگە پايدا ئېلىپ كەلمەس ۋە ئاقىللىقتىن ئەمەس ئىدى. شۇ دەۋردە ياشىغانلار بۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى بىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

لېكىن شۇنداق بولسىمۇ «ئاينى ئېتەك بىلەن يېپىپ بولماس» دېگەندەك، خەلق ئاغزىدىكى ھەر خىل، ھەر مەزمۇندىكى توقۇلمىلار سورۇنلاردا، ئۆزئارا سۆھبەتلەردە ئېيتىلىپ، تارقىلىپ تۇراتتى. شۇلار قاتارىدا ھېسام ھەققىدىكى پاراڭلار ھەمدە ھېسامنىڭ (سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ) چاقچاقلىرى قۇلاقلارغا، جۇملىدىن قۇلىقىمغا يېتىپ تۇراتتى. مەن بۇلارنى دەرھال ياساپ ـ تۈزەپ، ئېكەگەدەپ، قەلەمگە ئېلىپ قوياتتىم. بۇ يەردە بىر نۇقتىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش ئەھمىيەتلىككى، شۇ دەۋرلەردە ئىچىمدىكى دەردلىرىمنى، كۆڭلۈمگە سىغماي تۇرغان ئايرىم گەپلىرىمنى ھېسامكامنىڭ ئاغزىدىن بېرىپ، بىر مۇنچە لەتىپە، چاقچاقلارنى توقۇغان ۋە ئۇلارنى خاتىرەمدە مەخپىي ساقلاپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە ئاتاپ قويغىنىم راست. بۇ

ياخشى پۇرسەت «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار بولغاندىن كېيىن، جۇملىدىن 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن يېتىپ كەلدى ۋە ھېسامكامنىڭ ئەڭ يېڭى چاقچاقلىرى سۇپىتىدە گېزىت ـ ژۇرناللاردا قايتا ـ قايتا ئېلان قىلىندى. ئوقۇرمەنلىرىمىز بۇ چاقچاقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن كېيىنكى بابلاردا تونۇشىدۇ.

ماڭا ھېسام ئاكا بىلەن قايتا كۆرۈشۈش پۇرسىتى 1976 ـ يىلى، يەنى، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار قىلىنغانلىقىغا غۇلجا شەھىرىدە تەنتەنە قىلىنىۋاتقان دەل ئاشۇ خاسىيەتلىك كۈندە نېسىپ بولدى. بۇ كۈنى شەھەر پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىردەك تەنتەنىگە چۆمگەنىدى، دىللاردا بىر خىل يەڭگىللىك، شادلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ھەرەمباغ مەھەللىسىگە، خېلى يىراقتىكى شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىن ناغرا ئاۋازى يېتىپ كەلدى. مەن بىر نەچچە مەھەللىداش ئاغىنىلىرىم بىلەن ئىختىيارسىز بەيتۇللا مەسچىتى تەرەپكە يول ئالدىم ۋە ئۇ يەردە ناگىھان ھېسام ئاكىنى ناغرا چېلىۋاتقان ھالەتتە كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ چىرايى ماڭا يەنىلا شۇنچە تونۇش، ھەرىكەتلىرى شۇ پېتىچە ئىدى. خىيالىمغا ھېسامنىڭ بالىلىق دەۋرى، مەدرىسىدىكى يىللىرى كەلدى. شۇ چاغدىمۇ ئۇ دەل مەشەدە، بەيتۇللادا زور ئىشتىياق بىلەن ناغرا ئۆگەنگەن، چالغانىدى. بىراق بىر نەرسە ئوخشىمايتتى، ھېسام بالىلىقىدا بېشى قىيىپ، ھەر لىڭشىلدىسا يۈرىكى پوكۇلداپ ئاران چىققان، بەيتۇللا مەسچىتى دەرۋازىسىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان تازىمۇ ئېگىز ناغرىخانا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلىپىدىلا ئەسەبىي ئىسيانچىلار تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەنىدى. شۇ مۇدھىش ھەرىكەتنىڭ زاۋاللىقىغا يۈز تۇتقانلىق تەنتەنە ناغرىسىنى بولسا ھېسام ھازىر مەسچىت قورۇسىغا كىرىۋېرىشتىكى يولەكلىك (لاپاسلىق) دەرۋازىنىڭ ئۆگزىسىدە چېلىۋاتاتتى. ھېسام ئاكىنىڭ بۇ كۈنى ھەققىدە قىسسىمىزدا ئايرىم بىر باب بېرىلىدۇ.

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زاۋالىغا چېلىنغان ناغرا بىز-

نىڭ ئائىلىمىزگىمۇ شادلىق، ياخشىلىق ئېلىپ كەلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، 1979 ـ يىلى ئاتامنىڭ ئۈستىدىكى ناھەقچىلىك ئاقلاندى. ئائىلىمىزنىڭ سورۇقچىلىقلىرى ئاستا ـ ئاستا ئوڭشىلىشقا يۈز تۇتتى. ئاتامنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، پېنسىيىگە چىقىرىلدى، سىياسەت بويىچە بىر پەرزەنتى يەنى مەن ئون يىللىق يېزا ئەمگىكى ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خىزمەتكە چىقتىم. نەگە دېمەمسىز، دەل ھېسامكام مەندىن يېرىم يىل ئىلگىرى «چاقچاق قىلىپ ئالغان شتات» بويىچە ئورۇنلاشقان غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىغا. مېنى يېڭى تەشكىلىمدە بىر تالاي يېڭى خىزمەتداشلىرىم، جۈملىدىن ھېسام قۇربان بىلەن تالانتلىق ناخشىچى داۋۇتجان ناسىر قارشى ئالدى.

— ئاڭلىغانتىم، سىزنى مەشەگە خىزمەتكە بۆلۈپتۇ دەپ، — دېدى ھېسامكام بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلگىنىچە، — ماۋۇ داۋۇتجان ئىككىمىز باياتىن سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىشقانتۇق...

— ھېسامكامغا دېدىم، — دېدى داۋۇتجان ناسىر ئاكا قاراڭغۇلۇقتىكى كۆزلىرىنى ماڭا ئۇدۇللاپ، — مېنىڭ چاقچاقلىرىمنى توپلاۋاتقان بالىدى، دېگەنتىمچۇ، ئەمدى ياخشى بوپتۇ، سەن چاقچاق قىلىسەن، سەلىمجان يازىدۇ، مەن ئاڭلاپ بېرىمەن دەپ ...

— بىكارغىلا ئاڭلايدىغان گەپ يوق جۇمۇ داۋۇتجان، —دېدى ھېسام چاقچاق قىلىپ، — بىز چاقچاق قىلىپ ھارغاندا، سىز چىللاپ بېرىسىز. قانداق دېدىم سەلىمجان ئۇكا؟

مەن بېشىمنى «ھەئە» گە لىڭشىتتىم، ھاياجانلانماقتا ئىدىم. سەۋەبى، خەلقىمىز سۆيگەن ئىككى تەۋەررۈك زات بىلەن خىزمەتداش بوپقالغانىدىم. دېمەكچىمۇ، بۇ ئىككىسى بىلەن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك، غەنىيمەت مەزگىللەرنى ئۆزاق بىرگە ئۆتكۈزدۈم.

ھېلىقى كۈنى، بەيتۇللا مەسچىتىدىكى تەنتەنە ناغرىسى چېلىنغان پەيتتە، ھېسامكام بىلەن دىدارلاشقان، ئۇزۇن پاراڭلاشقا



www.uyghurkitap.com

ندىم. شۇ كۇنى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ھېسام ھەققىدىكى توپلاند-
ملىرىمنى قايتىدىن قولغا ئالدىم، نەچچە كۇنلەرگىچە ھەپىلەش-
تىم. ھېسامكامنى نەچچە ئىزدەپ بېرىپ، نەچچە سورۇنلاردا
بىرگە سۆھبەتتە بولدۇم. ھېسام چاقچاقلىرىنى روياپقا چىقىد-
رىش، مەتبەئەگە كۆتۇرۇش يولىدا بىرمۇنچە يېگىلىقلار بولدى،
بىر تالاي تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتىم. بۇ يەردە بۇلارغا سەھىپە
تار. پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۆز نۆۋىتى بويىچە پۇتۇلۇۋاتقان
بابلاردىن مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئوقۇۋاتقىنىدا، مېنىڭ شۇ
سۆزلىرىمنى ئەسلەپ قويۇشسا كۇپايە. چۇنكى، پۇشكىن ئېيتقاند-
دەك «ھەممىنى ئاخىرىغىچە ئېيتىش مۇۋاپىق ئەمەس، ھەۋەسلەند-
دۇرۇشنىڭ سىرىمۇ شۇنىگدا».
ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سەلىم جامال ئوتتۇرىلىقتىن چىد-
قىپلا بىر تالاي سۆزلەپ كەتتى، قىسسە داۋاملاشسا بولاتتى، دەپ
ئويلاپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن. شۇنى ئۇنتۇماڭكى، بۇمۇ قىسسىمىز-
نىڭ بىر بۆلىكى، سىز ئۇچۇن ئەستايىدىل ئىشلىنىۋاتقان پەرماد-
بەردارلىقىمىزنىڭ بىر قەدىمى!
ئەمدىكى بابلاردا ھېسامكام يەنە سىز بىلەن سەپەردە، سۆھ-
بەتتە بولىدۇ، ئەزىز ئوقۇرمەن. خۇددى لېئونىد سولوۋيوۋنىڭ
ئۆلمەس قىسسىسىدە ئېيتىلغاندەك، قىسمەت ھېسام قۇربانغىمۇ
ئەمدىكى سەپەرلەردە داۋاملىق، يېڭىدىن - يېڭى يولۇچىلارنى
ئۇچراشتۇرىدۇ.
راستىنى ئېيتقاندا سىزمۇ، مەنمۇ، ھېسامىمۇ بۇ ھايات سە-
پىرىدىكى يولۇچىلار بىز، كىمنىڭ قەيەردە، قايسى ئۆتەڭدە چۇ-
شۇپ قالىدىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، دىدار غەنىي-
مەت بىلىشىپ، ئۇزاقراق مۇڭدىشىپ، كۆپرەك بىرگە مېڭىۋالاي-
لى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## 27 . ساقالغىمۇ كۆيە چۈشىدىكەن

ئەمدى بىز يەنە ھېسام ھەققىدىكى ھېكايىمىزغا قايتىپ كېلەيلى .

خەيرسىز ئۈرۈمچى سەپىرىدىن كېيىن، ھېسام نەچچە ئايلارغىچە گاراڭ ھالەتتە يۈردى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. رەھمەتلىك ھەسەلخان سەككىز پەرزەنتىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزى ئەڭ كۆپ ئۆيكە قاقىدىغان، ئەنسىرەيدىغان بالىسى ھېسامنى ئەڭ ئاخىرىغىچە ياد ئەتكەن، ھالسىز بېشىنى تەكىيىدىن تالاي كۆتۈرۈپ، ھەر بىر تىرىقلىغان ئىشىك تىۋىشىغا قۇلاق سالغان، رەھىمسىز كېسەل يادانقان يۈزىگە ھېسام تۇيەيلى سانسىز ياش تامچىلىرى سىرغىغان... ۋە شۇ پېتى ئالەمدىن كەتكەنىدى. ھېسام شۇلارنى ئويلاپ، باغرى مۇجۇلۇپ ئۇزاققىچە، ئۇزاق كۈنلەر يىغلىدى.

ئۈرۈمچىدىن كېلىپ بىرەر ھەپتىدىن كېيىن ھېسام مەدەنىيەت نازارىتى نازىرىنىڭ خېتىنى ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت بۆلۈمىگە ئاپىرىپ بەرگەنىدى. ئانىسىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىش، ئۈرۈق - تۇغقانلىرىنىڭكىگە پاتىھە... دېگەندەك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۇ تىياتىرغا يەنە قاتناشقا باشلىدى.

سەنئەت ئۆمىكى دېگەن شۇ، ئويۇن قويىغان، ۋەزىپە ئىجرا قىلغان چاغلاردا ئارتىسلارغا دەم ئېلىش، ھەتتا ھېيت - ئايەمۇ يوق. بىكار قالغاندا بولسا «نەگە بارىدىڭ؟ نېمە قىلدىڭ؟» دەيدىغان ئادەممۇ تېپىلمايدۇ. ھېسام بىلەن بىر قاتاردا، ئۆمەككە كەلگەن، خۇددى ئۇنىڭدەك تېخى شتاتسىزلاردىن بىر نەچچىسى كېتىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا ھېساممۇ ئۆزىنىڭ جېنىنى جايلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭغۇچە يانا بىر مەزگىل ئۆتتى.

«گۈلنىڭ غېمىنى خۇدايىم قىپتۇ» دېگەندەك، ھېسامنىڭ ئۇرۇمچىدىن ئەكەلگەن خېتى، كېچىكىپ بولسىمۇ جانغا ئەسقاتتى. ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت بۆلۈمى نازىرنىڭ خېتىنى ھەر ھالدا ئېتىبارغا ئېلىپ، ھېسامنى شۇ كۈنلەردە ئادەم تولۇقلاۋاتقان غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تونۇشتۇرۇپ، يوللاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ھېسام بىر كېچىدىلا ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ ئادىمى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇنىڭدىن خوش بولدى. ئانىسى يوق ھويلىدا تۇرۇش ئۇنىڭغا شۇ كۈنلەردە مۇشكۈل ۋە ئازابلىق تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھېسام ئۆيدە قالغان ئۇكىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، بىر قۇر نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇردىدە، «غۇلجا ناھىيىلىك ئۆمەك، نەدە سەن؟» دەپ جىللىيۇزىگە قاراپ يول ئالدى. بۇ دەل 1958 - يىلىنىڭ باھار ئايلىرى ئىدى.

غۇلجا ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ باشلىقى ئوسمان ۋەسىدۇللا زامانىسىدىنمۇ كۆرە خىزمىتىگە يارىشا ياسىنىپ - تۈزىنىپ يۈرىدىغان، چىڭگىز، گەپچى ئادەم ئىدى. ئۇ ھېسامنىڭ قولىدىن ۋىلايەتنىڭ يوللانما قەغىزىنى ئېلىپ، تازىمۇ ئۇزاق سىنچىلاپ ئوقۇدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆمەكنىڭ بولغۇسى يېڭى ئارتىسىغا، كىيىم - كېچەك، تەققى - تۇرقى غەيرىيلا ھېسامغا تازا قانائەتلەنمىگەندەك يەنە بىر ھازا قاراپ كەتتى. كېيىن بېشىنى روس پاسونىدا بىر ئىرغىتىپ قويدى.

— گىرىممۇ كەتمىگۈدەك ئۇكا، ساڭا، - دەپ غودۇڭشىدى. ھېسام ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى.

ئوسمان ۋەسىدۇللانىڭ ئەكسىچە ئارتىسلار ھېسامنى تولىمۇ قىزغىن ۋە يېقىنسىراپ كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ناھىيە مەركىزىدىكى تونۇلغان ئەلنەغمىچى، ناخشىچىلار، قالغانلىرى يېقىن - يىراق يېزىلاردىن، ئابرالنىڭ تۆت قاسنىقىدىن كەلگەن، خەلق ئارىسىدىن يېتىلىپ چىققان مەھەللە سازەندىلىرى ئىدى. ئارتىسلار ئارىسىدىكى ئاياللار، بولۇپمۇ ئۇسسۇلچىلار تولىمۇ ئاز ئىدى. ھېسام بىر تاماكا چېكىمى ئارىلىقتا يېڭى

www.uyghurkitap.com

خىزمەتداشلىرى بىلەن تونۇشۇپ، نەچچىسى بىلەن سەنلىشىشكە ئۈلگۈرۈپ كەتتى. ئارتىسلارنىڭ بىر مۇنچىسى ھېسامنىڭ نامىنى، قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئارىدا بىرى، مۆمىن ئىسىملىك تازىمۇ شوخ ۋە شەيتان تەمبۇرچى يىگىت كۆنچى مەھەللىسىدىكى بىر مەشرەپتە ھېسام بىلەن بىر سورۇندا يانمۇ يان ئولتۇرغانىكەن. ئاز كۈندىن كېيىن ھېسام قىلىقلىرىغا قاراپ ئۇنىڭغا «مۆمىن بۆرە» دەپ لەقەم قويۇۋالدى.

— ئەمما لېكىن شۇ كۈنى چاقچاقنى غەپسى قىلمۇەتتىڭ جۇمۇ، ھېسامكا، — دېدى مۆمىنجان باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ شەھەردىكى مەشرەپكە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ھىماس ئېيتقاندەك، — شەلىكلىرىڭ تىقىمىغا سىيىپ ئولتۇردا!

— ھە، شەلىك دېگەن بىر پاي پوغا يارىمايدىغان نېمىلەر دېسەڭا! — ئارىدىن بىرى ئاڭسىزلا گەپكە لوقما سالدىيۇ، دەررۇ خاتاسىنى بايقاپ، بىر قىزىرىۋالدى، - ھوي راستلا، سىزمۇ شەلىكتىكىز - ھە، ھېسامىدىن؟ رەنجىمەيسىز - دە، ئەمدى، داڭگال دېگەن مۇشۇنداق تۇزلا!

— ئارتىس داڭگال دېگىنە، - ھېسام چاقچاق قىلدى، - بۇگۈندىن باشلاپ مەنمۇ شۇغۇ، مانا!

ھېسام يىگىرمە نەچچە ئەزاسى بار بۇ كوللېكتىپقا ئەنە شۇ تەرىقىدە ھىمزىر - ھەم قوشۇلۇپ كەتتى.

غۇلجا ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەرقاچان ۋەزىيەتكە باب سەنئەت نومۇرلىرى تەييارلاپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزىلارنى ئايلىنىپ سەييارە قويۇپ، شۇ مەزگىلدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنىڭ تەشۋىقاتىغا ئۇنۇملۇك ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئادەمنىڭ ئازلىقى، ئارتىسلارنىڭ كەسپىي ساپاسىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ يوقلۇقى دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلى، تەييارلىنىدىغان نومۇرلار ھەم كىچىك، ھەم ئاددىي بولۇپ، .خەلق سەنئىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. ئاز - تولا ئىجادىي نومۇرلارمۇ بولاتتى، بىراق ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايتتى. ھېسام بۇ ئۆمەكتە ئىشلىگەن ئۈچ يىل مابەينىدە ئۆمەك

زور غەيرەت كۆرسىتىپ «ئانارخان» درامىسىنى تەييارلاپ، ناھە-
يە بازىرىدا ۋە سەھنىسى بار بىرنەچچە يېزىدا قويغان بولدى.
لېكىن بۇ كېيىنكى ئىشلار.
ئوسمان ۋەسىدۇللا ھېسامىنىڭ قانداق نومۇرغا چىقىدىغانلە-
قى ۋە چىقالايدىغانلىقى ھەققىدە تالاي قېتىم باش قاتۇردى.
— خوش ھېسام، نېمە رول ئالالايسەنا؟ ناخشا ئېيتىسەن؟
ياق، ئاۋازىڭ يوق! (ھېسام كۆلۈۋەتكىلى تاس قالدى)، ساز
چالىسەن؟ ياق، ئۇ قابىلىيەت سەندە يوق! خوش، باشلىقنىڭ
ئورنى بولسا توشۇپ كەتتى….
— كۆزەتچىلىك قىلايمىكىن ـ يە؟ — ھېسام قىلچە تارتىن-
ماستىن ئۆمەك باشلىقىنىڭ جېنىغا تەگدى.
— جىم! — ئوسمان ۋەسىدۇللا ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەت-
تى، —نېمە؟ مېنى مازاق قىلماقچىمۇ سەن؟ مەنچۇ، رومان
ئوقۇيدىغان ئادەم، رومان! (ھېسام ئەتەي ئورنىدىن لىككىدە
تۇردى) ئولتۇر، ۋىلايەتتىن كەۋەتكەن ئادەمنى كۆزەتچىلىككە
سالىدىغان بېشىم ئونمۇ مېنىڭ؟ زىياكام تەۋسىيە قىلغان ئادەمنى
ھە؟— بولدى، تاپتىم، لەپەرگە چىقىسەن ھېسام، ئىشنى لەپەر-
دىن باشلايمىز.
— بىراق مەن ناخشا ئېيتالمىسام؟ — ھېسام تېڭىرقاپ،
ئېتىراز بىلدۈردى.
— سەھنە سىرتىدا باشقىلار ئېيتىپ بېرىدۇ، سەن ئاغزىڭنى
مىدىرلىتىپ تۇرساڭ بەس. سەن قىزىقچى ئەمەسمىدىڭ؟ خوش،
لەپەرگە قىزىقچىلىق كېرەك! مانا، ساڭا لايىق رولنى تاپتۇقمۇ؟
تاپتۇق. ھازىرچە شۇنىڭدىن باشلايمىز. «مۇسۇلمانچىلىق ئاستا
ـ ئاستا» دەيدۇ. قانداق، ساڭا لايىق رولنى تاپمەن دېسەم
ئۇنۇمايسەن، رومان ئوقۇيدىغان ئادەمەن!
كىچىك يەرنىڭ كىچىكلىكى بار ـ دە، ئىلى تىياتىرىدا
چوڭ ـ چوڭ كىتابلاردا رول ئالغان، شۇ رولالارغا يارىغان ئادەم،
مانا ئەمدى سەھنىگە رول تاپالمىغىلى تاس ـ تاماس قالدى.
لېكىن، ھېسام ئەزەلدىن مۇنداق ئىشلارغا ئاھ ـ ۋاھ ئۇرۇپ،

www.uyghurkitap.com

باش قاتۇرۇپ يۈرمەيتتى. ئۇ كىلىۋارا مىجەزلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى شۇ ياخشى مىجەز بىلەن ئۆتتى. بۇنداق ئادەملەرنى گاھىدا باشقىلار «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، تېگىدە مانتا يەيدىغان» دەپ تەرىپلەپ قويۇشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ھېسام لەپەر تەييارلاپ، ئورۇنداپ سەھنىگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە لەپەرگە چىقىدىغان ئىككى ئادەم بار ئىدى. ئىككى ئەر ئورۇندايدىغان لەپەرگە ھېسام يېڭى كەلگەندە بايقىماي «شەلىك دېگەن بىر پاي پوغا يارىمايدىغان نېمىلەر دېسەڭچۇ» دەۋېتىپ قالغان داپچى، ئابدۇللا ئىسىملىك ھېسام بىلەن تەڭقۇر ئارتىس ئىدى. ئابدۇللا ناخشىنىمۇ خېلى ئوبدان ئېيتىپ قوياتتى. ئۇسسۇلغىمۇ پۇت - قولى خېلى كېلەتتى. قىزىقچى تەبىئەتلىك بۇ ئادەم ئالدىغا ئۇچرىغان كىشىگە بىر لوقما پاراڭ قىلمىسا، جېنى ئارام تاپالمايدىغانلاردىن ئىدى. مىجەزىگە يارىشا، ئۆمەكتىكىلەر ئۇنى «ۋاتىر شالاق» دېيىشىپ قوياتتى. ئەنە شۇ ئابدۇللا بىلەن ھېسام لەپەرگە تازا پار كەلدى. ھېسامنىڭ ئەسلىدىن كۆلكە قوزغاتقۇچى چىرايى ۋە مىڭىش - تۇرۇشىغا ئابدۇللامنىڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ ئىجرا ئېتىلگەن «قارا يورغا»، «بارسا بولاتتى»، «يا دوس» قاتارلىق لەپەرلەر تاماشىبىنلارنى (ئوسمان ۋەسىدۇللانىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا زىرىتىللارنى) توختىماي كۈلدۈرەتتى. سادىدا، ئويۇنغا ھېرىس دېھقانلار ياقىلىرىنى تۇتۇشقىنىچە، ئۆزئارا قىزىق پاراڭلىشىپ كېتەتتى:

— ۋاھ، ئەجەب قىزىق ئويناپتا مۇنۇ پەردىنى[1]!

— مۇنۇ يېڭىياچە كىموي، لىپىكى يوقتەكلا ماڭىدا!

— ھاسام دەمدۇ، شەدىن تونۇشتۇرۇپتەك. بايا بىزنىڭ ئۆيدە ئەتكەن چاي ئىچىشكەن، قايماقداپ تازا...

— شۇ دېدىم، شەلىك پۇرايدىغۇ دەپ، مۇنۇ ۋاتىر شالىقىڭ بىلەن تازا جۈپ كەپتە!

---

① پەردە - نومۇر، ئويۇن دېمەكچى.

بۇ چاغدا ھېسام بىلەن ئابدۇللا قىزغىن تەلەپ چاۋاكلىرى
ساداسىدا نۆۋەتتىكى نومۇرغا چىققان بولاتتى.

بارسا بولاتتى، بارسا بولاتتى،
بىزنىڭ دۆيجاڭ ئېتىزغا بارسا بولاتتى.
ھويلىسىغا زېرىكمەي كاۋا تېرىپ،
سىم كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە كۆرپە سېلىپ،
ئوڭدا ياتماي، ئېتىزغا قەدەم ئېلىپ،
قاشاڭ ئاتنىڭ ساغرىسىغا سالسا بولاتتى.

ھېسام ئۇزۇن ئۆتمەي ناھىيىلىك ئۆمەكتە نەچچە يىللىق خىزمەتچىدەكلا يىلتىز تارتىپ كەتتى. ئوسمان ۋەسىدۇللا ئۆزىنىڭ ھېسامنى لەپەرگە تاللاپ خاتا قىلمىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن ئىدى. پات - پاتلا ئارتىسلارنىڭ، ھېسامنىڭ ئالدىدا ماختىنىپمۇ قوياتتى.

— قانداق، مېنىڭ كۆزۈم ئادەمنى خاتا تونۇمايدىغىنىغا ئىشەنگەنسىلەر؟ لەپەردىن قاس چىقىرىۋېتىدىغۇ مۇنۇ ئىككى ئەزىمەت! رومان ئوقۇغان ئادەمدە بىز!

ئەمدىلىكتە ئوسمان ۋەسىدۇللا پات - پاتلا بولۇپ قالىدىغان ناھىيە ئىچى ۋە يېقىن - يىراق يېزىلاردىكى ئولتۇرۇش سورۇنلىرىغا ھېسامنى بىللە ئېلىۋالىدىغان بولدى. لەپەردىكى قىزىقچىلىقى ۋە ئادەتتە ئۆمەكنىڭ رەپتىس ئارىلىقلىرىدا قىزىپ كېتىدىغان پاراڭ، چاقچاقلىرىدا ھېسامنىڭ نامايان قىلغان قىزىقچىلىق، دەل تېگەر پاراڭلىرى بۇنىڭغا سەۋەب بولغانىدى. شۇنداق ئولتۇرۇشلاردا ئۆمەك باشلىقى تۆردە، يۇرت كاتتىلىرى بىلەن بىرقاتاردا ئولتۇرۇپ، ئۆزىدىن خېلىلا تۆۋەندە قالغان ھېسامنى كۆرسىتىپ بىر ماختىنىۋالاتتى.

— مانا بىزنىڭ يېڭى ئارتىس! (ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ بۇ پاراڭ شۇ پېتىچە بولدى)، ئالامەت ئالغۇر گەپدان. لەپەرلىرىنى كۆرگەنسىلەر، ئۆزۈم تاللىغان رومان ئوقۇيمىز - دە، بىز!

ئۆمەكنىڭ مەخسۇس خادىكى بار ئىدى. ھېلىقىدەك سورۇنلارغا ئوسمان ۋەسىدۇللا شۇ خادىكتا يانپاشلاپ يېتىپ باراتتى.

كېيىنچە ئۇنىڭ يېنىدا ھېسام يانپاشلايدىغان بولدى. بىر قېتىم ئۇنيار مەھەللىسىدىكى ئولتۇرۇشتىن يېنىشلىرىغا خادىك بۇزۇ-لۇپ قالدى. ئاخىر ئوسمان ۋەسىدۇللا بىلەن ھېسام ھارۋىكەشنى خادىك بىلەن تاشلاپ، پىيادە مېڭىشتى. كېچە ئايدىڭ بولسىمۇ يول ئېگىز - پەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆت - بەش رومكا ئىچكەچ-كە، ئەسلىدىنمۇ پايپاسلايدىغان ھېسام زادىلا ئوڭشاپ ماڭالماي قالدى. بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان ئوسمان ۋەسىدۇللا بىر چاغدا پىيادە ماڭغانىنىڭ ئۆچىنى ھېسامدىن ئالماقچى بولغاندەك تېرىك-تى:

— نىمانداق ماڭىسەن ھېسام، ئىلگىرى خېلى تۈز ماڭىدى-غاندەك قىلىۋاتاتتىڭغۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ تۇەنجاڭ، — دېدى ھېسام دەرھال، — ئەسلىدىنغۇ راۋۇرۇس ماڭاتتىم، لەپەرگە تولا چىقىۋېرىپ، مې-ڭىشىمنى بۇزۇۋالدىم.

شۇ گەپ تەسىر قىلدىمۇ ياكى يەنە يېڭى بىر رومان ئوقۇدى-مۇ، ئوسمان ۋەسىدۇللا ئەمدى ھېسامنىڭ لەپەردىن بۆلەك نو-مۇرلارغىمۇ چىقىشىغا ئىجازەت بەردى. ئۆمەكتىكى بىرمۇنچىلار ھېسامنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى سەھنىگە چىقىپ لەتىپە سۆزلەپ، قىزىق چاقچاق پاراڭلارنى قىلىپ بەرسە، بۇمۇ يېڭىچە بىر نومۇر بولغۇدەك، دېھقانلارمۇ جەزمەن قىزىقىپ ئاڭ-لاپ، ئالقىشلايتتى، پۇرۇسۇن[1] قىلالايتتى دېيىشىپ يۈرەتتى. ئەمە-لىيەتتە ھېسام ئاشۇنداق رولغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خاس تەسۋىرلەش، ئىپادىلەش، بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن سۆزلىگەن چاقچاق، يۇمۇر، لەتىپىلىرى تاماشىبىنلارنى تېخىمۇ كۈلدۈ-رۈپ، چاۋاكلارغا نائىل بولاتتى.

بىر قېتىم ھېسام سەھنىدە ساقال تاقاپ، سەپرا بوۋاينىڭ رولىنى ئېلىپ قىزىق پاراڭ قىلىۋاتاتتى، توساتتىن، ساقىلىنى تۇتاملاپ «خەپ!» دېيىشىگە، ياخشى چاپلانمىغان يالغان ساقال

---

[1] پۇرۇسۇن - تەلەپ قىلىش دېمەكچى.

ئۇنىڭ قولىغىلا چىقتى. تۆۋەندە كۈلكە ۋە غاۋۇر - غۇۋۇر كۆتۈرۈلدى. ھەممە ئادەم ھېسامنىڭ ئەمدى قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۈتمەكتە، كۆزەتمەكتە ئىدى. ھېسام بۇنى دەرھال بايقىدى، كاللىسىغا شۇ دەمدە بىر پىكىر كەلدى.

— تۇۋا، قاراڭلار جامائەت، ئادەم قېرىغاندا ساقالىغىمۇ كۈيە چۈشىدىكەنە؟ — دېدى - دە، قولىدىكى يالغان ساقالنى تەبىئىي رەۋىشتە ئالدىرىماي يانچۇقىغا سالدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى، - ھەر بالا ئىش بولسىمۇ تېرىكمەيدىغان گەپكەن جۇمۇ!

تۆۋەندە گۈلدۈراس ئالقىش ۋە ئاپىرىنلار ياڭرىدى. تاماشىبىنلار ھېسامنىڭ ئەپچىللىكىدىن قايىل ۋە رازى بولۇشقانىدى.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ھېسام بىلەن لەپەرگە چىقىدىغان يەنە بىر ئادەم يادىمىزغا كېلىپ قالغانىدى. لېكىن بىز بۇ ھەقتە كېيىنكى بابتا پاراڭ قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

# 28. بوشۇكلۇك ئۆمەك

ھېسام بىلەن بىرگە لەپەرگە چىقىدىغان ئىككىنچى ئادەم — ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ ساناقلىق ئايال ئارتىسلىرىدىن بىرى بولغان شېرىنئاي ئىسىملىك ناخشىچى قىز بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە ھېسامنىڭ بىر مۇنچە قىزىق پاراڭلىرى، كېيىنچە سەلىمجان تەرىپىدىن «قېزىلىپ»، رەتلىنىپ «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلاردىن ئورۇن ئالغان چاقچاقلىرى مۇشۇ قىز تۈپەيلى مەيدانغا كەلگەنىدى.

شېرىنئاي ناھىيە بازىرىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، كىچىكىدىن تارتىپ ناخشىغا ھەۋەس قىلىپ، مەھەللە ـ كويدا ۋە مەكتەپ كورۇژۇكىدا ناخشا ئېيتىپ، كېيىنچە ناھىيە تەۋەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن، ھېسامدىن بىر يىل بۇرۇن مۇشۇ ئۆمەككە ئايال ناخشىچى كەملىك سەۋەبىدىن ئورۇنلىشىپ قالغانىدى. ئىسمىغا يارىشا چىرايىنىڭ تازا تايىنى يوق بۇ قىز چىرايلىق بولىمەن دەپ بولۇشىغا گىرىم قىلىپ، تېخىمۇ سەتلىشىۋالاتتى. شېرىنئايىنىڭ كاللىسىدا «سەنئەتچى دېگەن قانچە غەيرىي يۈرسە، شۇنچە كەسپكە لايىق بولىدۇ» دېگەن ئۇقۇم بولسا كېرەك، بىر كۈنى چىرايىنى ئالىيېشىل بوياپ چىقسا، يەنە بىر كۈنى چاچلىرىنى ئالۋاستىدەك پاخپايتىپ چىقاتتى. يەنە بىر كۈنى بولسا ئادەم ئويلاپ كۆرمىگەن، ئۇ زاماننىڭ ساددا ئادەملىرى (بولۇپمۇ دېھقان كىشىلەر) زادىلا كۆزگە سىغدۇرالمايدىغان بىر قىسما ساڭگىل ـ سۇڭگۇل كىيىملەرنى كىيىپ چىقاتتى. بىر قېتىم رەپتىس زالىدا بىر نەچچە ئارتىس بىلەن بىرگە تاماكا چەككەچ ئولتۇرغان ھېسام كەسپداشلىرىنىڭ ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، كۈلۈشۈپ شېرىنئايىنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. يېڭىلا زالغا كىرگەن، بۈگۈنمۇ ئالا ـ جىبا بويانغان شېرىنئاي

نېرىدا ئەينەككە قاراپ، كەم گىرىمىنى تولۇقلاۋاتاتتى.
— ھېسامىكا، — دېدى پىچىرلىشىۋاتقانلاردىن بىرى قەستەن ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ، — مۇشۇ بىزنىڭ شېرىنئايدەك چىرايلىق ئارتىس قىزلار سېنىڭ ئوبلاستلىق تىياتىرىڭدا بارمىدى؟
— بولامدىغان، — دېدى ھېسام، — ئۈرۈمچىدە بولسا، ۋايتاڭ!
يەنە بىر چالغۇچى گەپكە قوشۇلدى.
— ئەمما ئىسمى - جىسمىغا ماسلاشقان گۈزەلدە بىزنىڭ شېرىنئاي ھە، ھېسام؟ يۈرىكىڭ موپاڭ تاسقىسا ھايت - دە، ئەلچىلىكنى ئۆزۈم قىلىمەن.
ھېسام چالغۇچىنىڭ كېيىنكى گېپىگە پەرۋا قىلماي، ئالدىنقىسىغا جاۋاب قايتۇردى:
— ئامما لېكىن شېرىن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، پەرھاتنىڭ تاغقا قېچىپ چىقىپ كەتكىنىچە باركەندە، ئاغىنىلەر!
«ۋا...» قىلغان كۈلكە ساداسىدىن، زالدا يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈپ بۇ ياققا قاراشتى. شېرىنئايمۇ ئەينەكنى تاشلاپ ھېساملار تەرەپكە تاكاسلاپ كەلدى.
— قىزىق گېپىڭلارنى مەنمۇ ئاڭلايچۇ!
بىر قېتىم ئۆمەك ناھىيىگە سەل يىراق بىر يېزىدا ئويۇن قويۇپ، ئويۇندىن كېيىن ئارتىسلار غىزاغا تەكلىپ قىلىندى. ھەر دائىم بولۇپ تۇرىدىغان مۇنداق زىياپەتلەرنىڭ ئاخىرى ئولتۇرۇشقا ئايلىناتتى. شۇنچىۋالا چالغۇچى، ناخشىچىنىڭ بىراقلا كېلىشى شۇ يېزا ياكى مەھەللە ئۈچۈن چوڭ غەنىيمەت ئىش بولۇپ، ئەترەت باشلىقلىرى بۇنداق پۇرسەتنى بوش قويۇۋەتمەيتتى. بىرەر ھاللىقراق دېھقان ياكى بىرەر يېزا ئەمەلدارىنىڭ ئازادە ئۆيى سورۇن قىلىپ بېكىتىلىپ، تەييارلىقلار بالدۇرلا، ھەتتا ئۆمەك ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ئويۇن قويۇۋاتقاندىلا باشلىناتتى. چوڭ ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ باش لىڭشىتىشى بىلەن كوللېكتىپنىڭ بىرەر تۇياق قويىنىڭ قېنى ئاققۇزۇلاتتى.

ياش قىز ـ چوكانلار قىزىق كۈلكە ـ پاراڭلار بىلەن چاي ـ غىزانىڭ راسكالىقىغا چۈشەتتى، ئۈششاق باللار ئۈياق ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ قى — چۇ قىلىشاتتى. شۇ كۈنى مەھەللىدە بىرەر تويىنىڭ قىزىقى بولاتتى.

ئەنە شۇ كۈنى خۇپتەنگە يېقىن، ھېسام ئاستا «يەر تىڭشايدىغان» ماكانىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە كەسىپداشلىرى بىلەن ناھىيە بازىرىغا قايتتى. ئۇنىڭغا ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەنىدى. ناھىيە بازىرىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ ئۇ يەردە، بۇ بۇ يەردە دېگەندەك، ئۆيلىرىدە قېلىپ، ئاخىرىدا شىرىنئاي بىلەن ھېساملا ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى. شىرىنئاينىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىدىن خېلى چەتتە بولىدىغان.

— ۋىيەي، تازىمۇ كەچ بولۇپ كەتتى ـ ھە، ئاي قاراڭغۇچىلىقىچۇ تېخى! — چاچلىرىنى پاخپايتىپ، غەلىتىلا كىيىنىۋالغان شىرىنئاي ئەندىشە بىلەن ھېسامغا مۇراجىئەت قىلدى، — ھېسامكا، سىزنى ئاۋارە قىلارمەنمۇ، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويمىسىڭىز، قورقىدىغان ئوخشايمەن.

— نېمىدىن قورقىسىز شىرىنئاي، چوپچوڭ تۇرۇپ؟ — دېدى ھېسام قەستەن.

— ۋىيەي قاراڭ، كىچىك ۋاقتىمدا مومام جىنىنىڭ ھېكايىسىنى تولا ئېيتىپ بېرەتتى. شۇ، جىندىن قورقىمەن دەڭا!

ھېسامغا گەپنىڭ تازا ئېپى كەلگەنىدى. ئۇ بازار ئوتتۇرىسىدا، ستولبا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا، ئاخشىمى غەلىتىلا كۆرۈنۈپ تۇرغان شىرىنئايغا تەسەللى بەردى:

— قىزىقكەنسىز ئۇكام، مۇشۇ تۇرقىڭىزدا جىنلا سىزدىن قورقمىسا، سىز جىندىن ھەرگىز قورقماڭ!

شىرىنئاي ھە دېگەندە ھېسامنىڭ چاقچىقىنى چۈشىنەلمەي، تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى. كېيىن چۈشەندى بولغاي، قاپىقى تۈرۈلۈپ، چالۋاقىدى:

— ئۆلۈك تازا، ئوغۇل بالا دەپ گەپ قىلغان ئاغزىڭغا تاش!

— ھاي، ھاي، چىشلىرىڭىزغا ئاۋايلاڭ شىرىنئاي، چاقچاق

قىلىپ قويدۇم، يۈرۈڭ ئاپىرىپ قوياي! — ھېسام بىر نەچچە شىتىل ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، قىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى.
كېلەر يىللىقى شېرىنئاينىڭ تويى بولىدىغان بولدى. ئارتىسلىق مىجەزىگە كۆرە، قىز ئۆمەكتە بولغۇسى تويى ھەققىدە سۆزلەپ يۈرىۋېرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ھېسامغا يېرىمى چاقچاق، يېرىمى راست پاراڭ قىلدى:
— خەپ ھېسامكا، ئالدىڭىزدا شۇنچە يۈرسەم بىرەر پارچە تەلەپمۇ قويۇپ قويمىدىڭىز، مانا ئەمدى سىرتقا كېتىدىغان بولدۇم.
ھېسام ئەپسۇسلانغاندەك ئىچى - تېشىغا تارتتى:
— ئاپلارەي، بالدۇرراق شەپە بەرمەيسىزە؟ پېتىنالمىغان گەپتە، بولمىسا دېگەن بىرەر پارچە ئەمەس، بەش - ئالتە يۈز كىلو تەلەپنى توروككىدە تاشلىۋېتەتتىم ھويلىڭىزنىڭ ئالدىغا...
— ئۆلۈگە! — قىز قېيىدىدى، — سىزدىنغۇ شۇنداق گەپتىن باشقىسى چىقمايدۇ. راستلا، تويۇمغا بىرەر نەرسە قىلارسىز؟
— قىلمىغاندا، — دېدى ھېسام، — بىر ھاندۇگا قىلايمىكىن دەيمەن.
— ئۇۋۇش، يەنە ئالجىدىڭىز، مەن لايچىمىدىم، ھاندۇگىنى نېمە قىلىمەن؟
— ھاندۇگا ئىشلەتسىڭىز يۈز مايىنى تەكشى سۈركەمسىزكىن دەيمىنا!
شېرىنئاي ھېسامغا نەچچە ھەپتىگىچە قارىمىدى. لېكىن، ئىككىسى لەپەرگە چىققاندا، شېرىنئاي ھېسامغا ئىنتايىن ماسلىشاتتى. ئۇ كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان، سەھنىگە چىقسا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن رولغا كىرىشىپ كېتىدىغان ئارتىس ئىدى. ئۇسمان ۋەسىدۇللا ھېسام بىلەن شېرىنئاي بىرلىكتە ئوينىغان لەپەرلەردىنمۇ رازى ئىدى.
— مانا، يارايدۇ، گۈلى - گۈلىگە كېلىپ كەتتى. قېنى يەنە بىر چىقىۋېتىڭلار سەھنىگە ھە، ھاي چالغۇچىلار، «ۋەتىنىم-

ىنىڭ يېرى چەكسىز»گە، چېلىڭلار ھە، نۇرىمانگۇل، ئېلان قىلىڭ!

ھېسام ھېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇيرۇققا بىنائەن يەنە سەھنىگە چىقتى. بۇ پەنجىم يېزىسىنىڭ ئېغىل قوراسىدا، تۇز يەردىلا قويۇلۇۋاتقان ئويۇن ئىدى. يازنىڭ تىنجىق ئىسسىقىدا، ئەتراپتىن ئاڭقىغان چىلە پۇرىقى كۆڭۈلنى ئېلەشتۇرەتتى.

شېرىنئاي ھېسامنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ توختىغاندىن كېيىن لەپەرنى باشلىدى:

ۋەتىنىمنىڭ يېرى چەكسىز،

بايلىقى تولا.

ھېسام تۇرۇپلا ئاداشتى، ئۇ ئاۋۇ قاڭسىق ھىدنى ئويلاپ، تېكىستنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. چالغۇچىلار پائۇزىنى يەنە بىر قېتىم قايتىلىدى. ئۇلارمۇ تېكىستنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى. ئوسمان ۋەسىدۇللانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ناگىھان، ھېسام يەنە بىر قېتىم چاققانلىق قىلدى. ئۇ قول ـ پۇتىنى ئۇسسۇلغا كەلتۇرۇپ، خىرىلدىغان ئاۋازىدا لەپەرنى ئۇلاپ كەتتى:

پەنجىمسايىنىڭ گۈرۈچىدە، ئوخشايدۇ پولا،

ئوخشايدۇ پولا.

ئەتراپتىن كۈلكە، ياركاللىلار قوزغالدى.

— يارايدۇ، بىزنىڭ پەنجىمنى قېتىۋاپتۇ!

— ۋاھ، قانقۇدەك يەرۋي بۇ.

— يەنە بىرنى!

غۇلجا ناھىيىلىك ئۈمەكتە ئاپال ئارتىسلارنىڭ ئازلىقىنى بىز دەسلەپىدە ھەيت قىلىپ ئۆتكەن، بىراق بالىلىق ئاپاللارنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتمىغانىدۇق.

قىزنىق يېرى، ئۈمەك يېزىلارغا ئويۇن قويغىلى بىرەر ھەپتىلىك پىلان بويىچە ماڭسا، ئارتىسلار ئولتۇرغان خادىك ياكى دىشلۇ ھارۋىلارغا كېمىدە بىر، بولمىسا ئىككى ـ ئۈچ بۆشۈك بىرگە بېسىلاتتى.

— بۆشۈكلۈك ئۆمەك، ئالغا! — دەيتتى شەيتان مۆمىن بۆرە ئۇزۇن تەمبۇرنى ھاۋاغا كۆتۈرۈپ.

— چىدا، — دەيتتى ئۇسسۇلچى ھەم ئېلانچىك نۇرمانگۇل بېقىنىدىكى بۆشۈككە، ئىككى ئايلىق بوۋىقىغا ئېمىزگە تەڭلەپ، - قاچانقى مۆمىنسەن؟ مەھەللىدىكى قاتارلىقلىرىڭنىڭ ھەممىسى بوۋا، موما بولاي دېدى...

— راست دەيدۇ، «بوۋقىنى كالام دېمەڭ، سازەندىنى بالام» دەپ، — يەنە بىر بۆشۈكلۈك ئارتىس چىرقىراپ بۇ گەپكە قوشۇلدى، — ئۆيلىنىۋال ھوي مۆمىن بۆرە، سەنمۇ كۈچۈكلە. بولمىسا تەمبۇرۇڭنى بۆلەپ يۈرمىگىن يەنە بۆشۈككە، ھە!

— ھوي، مۆمىن تەمبۇرنى بۆشۈككە بۆلىسە، كىم ئېمىدتىدۇ؟ - ھېسام نېرىقى دىشلۇدا ئولتۇرۇپ چاقچاققا قېتىلدى.

— ۋاي - ۋۇي، سەنمۇ بارمىدىڭ ھېسامكا، مۆمىنگە تاش ئاتساق، ساڭا تېگىپ كېتىپتۇ - دە!

— تېگىدۇ - دە، تەگمەي، - مۆمىن بۆرە نىجاتلىق تاپقاندەك ۋارقىراپ يەنە تەمبۇرنى پۇلاڭلاتتى، - بويتاقلارنىڭ داھېيسى تۇرسا ھېسامكام. گەپ قىلە ئاكا!

— گەپ ئېغىر كەلسە، ماڭا چىش غىچىرلىتامسەن ھەي بۆرە، — ھېسام مۆمىنگە چاقچاق قىلدى، — ماڭا گەپ قىلمەن دېگۈچە ئاۋۇ بۆشۈكتىكى ئاغىنەڭ بىلەن ئودىكام ئوينىغىنا...

— ئودىكام ئوينىساقمۇ، ساڭا ئوخشاش بالا باقمايمىزاۋاي ھېسامكا!

— باققۇدەك بالاڭ بولسا باقارسەن!

مۆمىننىڭ ھېسامغا دېگەن گېپىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. ئۆمەك ئويۇن قويغان ۋاقىتلاردا بۆشۈكلۈك ئارتىسلار سەھنىگە چىقىش ئالدىدا دائىم ھېسامنى ياردەمگە چاقىرىشاتتى. ھېسام باشقا چالغۇچىلاردەك بويۇن تولغىماي، كىمنىڭ نۆۋىتى سەھنىگە كەپقالغان بولسا، شۇنىڭ بالىسىغا قاراپ، بالا بۆلەكلىك بولسا، قىزىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ بۆشۈك تەۋرىتىپ، ئانا ئارتىسلارنى خۇش قىلاتتى. نۆۋىتىدە ئانا ئارتىسلارمۇ ياتاقچىلىقتىكى ھېسام-

نى پات ـ پات ئۆيلىرىگە، تاماقىقا چاقىرىپ، كىيىم ـ كېچەكلە-
رىنى ئالغاچ كېتىپ يۇيۇپ بېرىشەتتى. ئۆمەكتىكى ئۆمىن بۆز-
رە، ئابدۇللامدەك شىتىللارغا بۇ ئىش تېپىلماس كۈلكە دەستىكى
ئىدى.

— ھېسام، بالاڭ يىغلاپ كەتتى، ئانىسى نەگە كەتتى؟، مەمەم بەر دېمەمسەن!

— ھېسامكا، قىزىڭ بەك قەغىشكەن جۇمۇ، تەۋرەت ھوي بۆشۈكىنى!

— ھېسامكا...

باشقا گەپلەر بولسا، چاقچاقىنىڭ جاۋابىنى نېسى قالدۇرماي، ھەقدادىغا يەتكۈزۈۋېتىدىغان ھېسام، بۇنداق چاغلاردا ئۈنچىقماي كۈلۈپلا قوياتتى. كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئۇ ئانىسى قانچە قاقشاپ، سۆيلىسىمۇ، ئۈكىلىرىنىڭ بۆشۈكىنى تەۋرىتىشكە ئۇنىماي، ھە دېسە تالاغا، ئويۇنغا قاچاتتى. مانا ئەمدى ئۇ كۈنلەر تىلىسىمۇ كەلمەيدۇ.

ئۆمەك يېزىلاردا ئويۇن قويغاندىمۇ بۆشۈكلەر ھەققىدە نەچچە خىل پاراڭ بولاتتى. ساددا، ئۆتتۇر پاراڭ دېھقان خەق ئويۇن ئارىلىقلىرىدا سەنئەت ئۆمىكىنىڭ بۆشۈكلىرىنى ئاتايىن، ھەيران ـ ھەسچىلىكتە تاماشا قىلىپ، خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلىشاتتى.

— توۋا دېسە، پەردە قويىدىغانغا ئەللىيىنى ئەكەپتا!

— خۇدايا توۋا دەپ ئۆيدە قوچىقىنى بېقىپ، ئېرى تېپىپ ئەكەلگەن ناننى يەپ ئولتۇرسىچۇ بۇ ھا ـ ھا، ھى ـ ھى خوتۇنلار!

— ئېرى دەيسەن شىرىيازدان، ئاۋۇ بۆشۈك تەۋرىتىپ ئول-تۇرغان ئەشۇ سەتەڭنىڭ ئېرىدۇ شۇ. ئۇمۇ ئارتىس قويامدىكىنە!

— شۇدە، «ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس» دەپ، ۋاھ...

مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ھېسام مىيىقىدا كۈلۈپلا قوياتتى، ئۈنچىقمايتتى. ئاۋۇ بۆشۈك ئىگىلىرى — ئارتىسلار بولسا رەنجىپ، غۇدۇرۇشۇپ كېتەتتى.

بۆشۇكلۇك ئۆمەك ئەنە شۇنداق قىزىقچىلىقلار، پىتنە -
ئىغۋالار، ھەشەم - دەرەم، جاپالار بىلەن كەڭرى ئابرال ئېتىكى-
نى بىرمۇ بىر، قايتا - كېزىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەلگە سەنئەت،
مەرىپەت تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلاتتى. بۇ جەرياندا ھېسام
بارغان يەرلىرىگە تالاي - تالاي قىزىق پاراڭلارنى يالداما قىلىپ،
تاشلاپ ماڭدى. بۇ پاراڭلار ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ،
قۇلاقتىن - قۇلاقلارغا يېتىپ، بۆشۇكلۇك ئۆمەكنىڭ ۋە ھېسام-
نىڭ داڭقىنى تارتىپ، قۇلىقىنى قىزىتىپ، بىرى ئونغا كۆپە-
يىپ، شاخلاپ كېتىۋەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# 29. دېھقان ئۆيىدىكى چاقچاق

ئۆزىنىڭ خالىس بالا بېقىپ، بوشۇك تەۋرەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۆمەكتىكىلەرنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭ پاراڭ، چاقچاقلىرىغا ئارتۇق ئۇندىمىگىنىنى بىلەن، گېزى كەلگەندە ھېسام بۇ خۇسۇسىدىكى چاقچاقلارنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈۋېتەتتى.

ناھىيىلىك ئۆمەكنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ ئويۇن قويۇشى كۆپەيگەنسېرى ئابرالىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە، يېزا، مەھەللىلەردە، سورۇن، ئۆيلەردە ھېسام دېگەن بىر قىزىقچىنىڭ بار ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆز تۇرقى - سىياقىغا ئوخشاشلا خويمۇ كۈلكىلىك ئويۇن، پاراڭلىرى ھەققىدىكى پاراڭلار، دوراشلار، كۆپتۈرۈشلەر... ئاۋۇپ باردى.

— شەدىن كەلگەن ھېسامنى كۆردۇم دېدىڭما؟ كەدىمكىدەك قىزىقچىمىكەن؟

— ۋاھ، مۇنۇ بىزنىڭ مەمە يۈزدىكى ناسىر پالكۆزنى يولدا قاتلاپ قويۇۋەتكىدەك دېسەڭا، تولا كۈلۈپ ئۈچەيلىرىم تولغىنىشىپ...

— شەخسەن كۆردىڭما؟

— نېمە دەيدۇ، يېقىن ئولتۇرۇپ كۆردۇم.

— شۇ، ئۆزۈڭمىغۇ بىر گەپ خالىتىسىدىڭ.

فېۋرالنىڭ ئاچچىق سوغ كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھېساملار ئارائۆستەڭ يېزىسىغا، شۇ چاغلاردا يوقىرىدىن تولا كېلىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن تەشۋىقات ئويۇنى قويۇشقا باردى. بىرلا ئات قوشۇلغان كۆتەك ھارۋىدا ھەر خىل ھەر رەڭ جۇۋا، پاختىلىق چاپانلارنى كىيگەن ئۈچ - تۆت ئادەم ناغرا - سۇناي چېلىپ، ئۆمەك تەركىبىدىكىلەر چۈشكەن ھارۋىلارنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

(هارۋىلارنى بۇيرۇققا بىنائەن ئاراتۇستەك گۇڭشىسى سەھەرلەپ ئەۋەتكەنىدى.) بۇرۇتلىرى چوكا مۇز بولۇپ قاتقان سۇنايچى كۇلكىلىك ھالەتتە ھارۋىدا سۇنىينى ئوينىتىپ، ھىسام باش ناغرىدا چېلىنىۋاتقان «شادىيانە» گە چىرقىراپ تەڭكەش قىلاتتى. ئۇنىڭ قاتتىق سوغۇقتا ئىككى ياقتا ئىككى سۇنايدەك داردىيىپ سوزۇلغان شاپ بۇرۇتى بىلەن قوشقاندا، ئاغزىدا ئۈچ سۇناينى بىراقلا چېلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— ۋا، ھاسامدۇنوي، يەنە پەردە قويغىلى چىقىپ قاپسىلە. رە، مەشەلىرىڭلار بولىدۇ، ــ مەھەللە تەرەپتىن غورەك جۇۋىغا ئورىنىۋالغان، قۇلاقچىسىنىڭ سالپاڭلىرى لەپەڭشىگەن ئورۇق، ئېگىز، قاپقارا بىر بوۋاي ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتقان پېتىچە سۆزلىگەن پېتى دوڭۇلداپ كېلىپ، ئۇدۇل كۆتەك ھارۋىنىڭ يېنىدا توختىدى ـ دە، — تونۇمىدىڭما، ھېپىز كاڭغۇ مەن، خۇنخايلىق؟ ، — دېدى.

ھىسام ئادىتى بويىچە بېشىنى «ھە، شۇنداقمۇ؟» غا لىڭشىتىپ قويۇپلا، داۋاملىق ناغرىسىنى تاراڭلىتىۋەردى. ھېپىز ئىسىملىك دېھقان ئاۋازىنى كۆتۈرىۋېرەك يەنە گەپ قىلدى:

— ۋاي، ۋاي، ۋاي، بىردەم گەپنى گەپكە قوشساڭ ھاسام، يوغان نېمە چالغاندەك، بىردەم توختىتىپ تۇرساڭ باشلىقىڭ جالۇن بەرمەمدا؟

ھىسام ئىلگىرى ئۆزى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان تېمەن بوۋاينىڭ گېپىدىن قىزىقسىنىپ كۇلگىنىچە، ناغرىسىنى توختاتتى.

— ھە گەپ قىلە ھېپىزكا، موخوركاڭ بارمۇ؟

— ھە، مۇنۇ گەپنى قىلمامسەن، ــ ھېپىز بوۋاي يېنىنى كولاپ، چۇچىلىق تاماكا خالتىسىنى ئالدى ۋە ھىسامغا ئۇزاتتى، — قەغەز، سەرەڭگەڭغۇ باردۇ؟ يە تايىنلىق ئۆپكەڭنىمۇ بېرىپ تۇرامدىم.

ھىسام كۇلگىنىچە، سوغۇقتا ئەپلەشمەيلا موخوركا يۆگىگەچ ھېپىزكامغا چاقچاق قىلدى:

— ئەتىگەندە ئالدىمنى توسقىنىڭغا قارىغاندا، بىر خۇسۇمى-

تىڭ بارمۇ نېمە؟ ئاما لېكىن قۇرۇق ئەتكەن چايغا ئۇنىمايمەن، جۇمۇ!

— ۋاھ، تاپتىڭ، بىكاردىن ھاسام ئەمەستە سەن، ھەرقايسىڭنى كەلگۈدەك دەپ ئاڭلاپلا، كەمپىر بىلەن مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، بۇياققا چىپپىشىم. بىزنىڭ بالا ـ ۋاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلەر سىنى بىر كۆرسەك دەپ يۈرگىنى نەۋاق. نېمىسى بارۋي ئۇ ئىنجىمارۇقنىڭ كۆرگۈدەك، دېسەم، ئۇنىمايدۇ. بىر چىچقاق توقلام بار، سويىمەن، ئاخشاملىققا بىزنىڭ كەمبەغەلخانىدا بولىسەن ئەمسە، ھە؟ كۆڭلۈڭ تارتقان ئىككى بۇرادىرىڭنى ئېلىۋال، ساز ـ مازغا ... ئەمما ھاسام (ھېپىز بوۋاي ئاۋازىنى پەسەيتىپ، ھىسام ياققىراق ئېگىشتى) مۇنۇ سۇنەيچىڭنى يولاتما، ھە؟

ھىسام تولا كۈلگىنىچە بوۋايغا ماقۇل ۋەدىسى بەردى. ئۆمەك بۈگۈن كەچتە مەشەدە قونۇپ، ئەتىسى دۆڭمازارغا بېرىپ ئويۇن قوياتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھىسام ئۆزىنىڭمۇ بۇ خۇش چاقچاق بوۋاينىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ، گەپ ئوغرىلىغۇسى كېلىۋاتاتتى.

كەچتە ھىسام ئابدۇللام ۋاتىر شالاق بىلەن مۆمىن بۆرىگە تەمبۇر، دۇتارلىرىنى كۆتۈرتۈپ، ھېپىز بوۋاي ئەۋەتكەن بىر بالىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئوغلاق سويۇلغان ھويلىغا كىردى. ھېپىز بوۋاينىڭ ئۆيىدە جامائەت جەم ئىدى. مېھمانلار تازىمۇ ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن تۆرگە باشلاندى.

— ھە، ھاسامدۇن، مانا بىزنىڭ ئۆيلەر مۇشۇ، مۇنۇلار بولسا— ... ھېپىز بوۋاي غورەك جۇۋا، سالپاڭ قۇلاقچىدىن بوشىنىۋالغان، تېخىمۇ ئىتتىكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى يەرگە پەنەر يېقىلغان، ئادراسمان پۇراپ تۇرغان سۇپىلىق ساراي ئۆيدە دەستىرخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئوغلى، كۈيئوغلى، قۇدىسى، قوشنىسى... قاتارلىق مېھمانلارنى بىر ـ بىرلەپ، قىزىق گەپلەر بىلەن تونۇشتۇردى. ئاددىي، ئەلۋەك دېھقان نېمەتلىرى بىلەن چاي ئىچىلدى. ئولتۇرغانلار ھەممىسى ھىسام ۋە ئۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئىككى بۇرادىرىنىڭ پەيزىلىرىنى تىڭشاشقا مۇشتاق ئىدى.

ھېپىز بوۋاينىڭ گېپى ئارىلىقىدا ھېسام پاراڭغا بىر - بىرلەپ «قوشۇق سىلىپ»، كۈلكىلەرنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. ئابدۇللام بىلەن مۆمىنجانمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، ئولتۇرۇشنى قىزىتىپ بەردى. ئولتۇرغانلاردىن بىرى ھېسامغا قاراپ بىر سوئال تاشلىدى:

— ھېسام ئۇكا، ئاڭلىسام سىزنى قورسىقىدا ھۈنىرى جىق، قىلالمايدىغان ئىشى يوق دەيدۇ. زادى ئەڭ ئاساسلىق ھۈنىرىڭىز نېمە؟

— بۇنى ياخشى سورىدىڭىز، — دېدى ھېسام ئاغزىدىكى لوقمىنى يۇتۇۋېتىپ، — مېنىڭ ئەڭ چوڭ ھۈنىرىم چاقچاقتىن كۈلكە ياساش.

ئۆيدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھېپىز بوۋاي قايىل بولۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھە مانىغۇ، ياسىدىغۇ! يەنە گەپ سوراڭلار، ھاسام، ھاسام دەيسىلە، ئالدىڭلارغا توككىدە ئەكىلىپ بەردىمغۇ مانا!

— ھەي ھېپىزكا، بوران قېقىۋەتكەن ئالمىغىلا ئوخشاتتىڭىدە مېنى!

— شۈكرى دېسەڭ، — دېدى ھېپىز بوۋاي غەم تارتماي، — ئاختامنىڭ چالمىسىغا ئوخشاتمىغاندىن كېيىن ...

— تازا چالا پىشقان ئاپورتقا دېگىنە، — ئابدۇللام ۋاتىر شالاق گەپ ئارىلىدى. ھېسام دەرھال ئۇنىڭغا قارىدى:

— ۋاتىرلىساڭمۇ مەيلى، شالاقلىما جۇمۇ!

— ھېسامىدىن قاراڭ، — دېدى ھېپىز بوۋاينىڭ قوشنىلىرىدىن بىرى، — ھېساملار كەلسە ئوغلاق سويىمەن دەپ يۈرەتتى مۇنۇ ھېپىزكاڭ، سىنچايىنى ئىچىپلىۋاتىمىز، ئوغلاقنىڭ شاۋ - شۇۋى تېخىچە ئاڭلانمايدا؟

— ئاڭلاندىغۇ، — دېدى ھېسام پېتىنى بۇزماستىن جىددىي

قىياپەتتە، — كېنى مەن ئاڭلىمىدىمغۇ؟①؟ ـ ھېلىقى قوشنا ئەجەبلەندى.

— بايىتتىن بىز بۇ ياققا كېلىۋاتساق، ـ دېدى ھېسام، ـ ھېپىزكام ھېلى ئۇغلاق سويغۇدەك، ھېلى قېرىنىنى تۆككۇدەك، ھېلى ئۈچىيىنى سىيرىغۇدەك دەپ، تەمەدە ساقلاپ تۇرغان بىرەر مىڭ قاغىنىڭ شاۋ ـ شۇۋى ئارائۆستەڭنى بىر ئاپتۇ.

سورۇندا قىيقاس چىقىپ كەتتى. ھەممىدىن كۆپرەك ھېپىز بوۋاي كۈلدى. ئۇ ئىككى قولىنى كېرىپ، چاڭ ـ چاڭ چاۋاك چالغىنىچە ئىشىك تەرەپكە قاراپ ھەدەپ ۋارقىرايتتى.

— مانا، مانا دېمىدىممۇ، ھاي كىم بار، ھاي كەمپىر، گۆش پىشتىمۇ؟ ئۇتنى كۈچەيتىڭلار!

«شاۋ ـ شۇۋ»غا دائىر چاقچاقلار بىردەم قىزىپ، ئۆرەدەپ بېسىقىغا چۈشكەندىن كېيىن، سورۇندىكى يەنە بىرەيلەن سوئال تاشلىدى:

— بىزنىڭ كوچىدا ئىككى ھۇرۇن بار قاراڭ ھېسام، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى مەھەللە دوقمۇشىدىكى كەپەرەتنىڭ② ئالدىدا تام يۆلەپ، بىر ـ بىرى بىلەن گەپ تالىشىش. تۈنۈگۈن قارىسام يەنە شۇ ئىككىسى «دۇنيادا ھەممىدىن تەس ئىش نېمە؟» دېگەن تالاشقا چۈشۈپتۇ. يېقىن كېلىپ ئاڭلىسام بىرسى «ياندارما يەردە كېچىسى سۇ تۇتماق ئەڭ تەس» دېۋىدى، يەنە بىرى تۇرۇپ «سەن بىلمەيدىكەنسەن، دۇنيادا كۈننىڭ ئىسسىقىدا ئورما ئورماق ئەڭ تەس» دېدى. تالىشا ـ تالىشا بىر دەمدىن كېيىن ھېلىقى ئىككىسى گالاچ ـ گۇلۇچ مۇشتلىشىپلا كەتتى قاراڭ. ئاران تەستە ئاجراتتىم. سىز دەپ بېقىڭە...

— بىلدىم، — دېدى ھېسام كۈلگىنىچە، — ھەر ئىككىسى تاپالماپتۇ، دۇنيادا ھۇرۇننىڭ ئىش تاپمىقى ئەڭ تەس.

---

① كېنى — قېنى دېمەكچى (تارانچى شېۋىسى).

② كەپەرەت ـ كوپىراتىپ، ماگىزىن.

— بارىكاللا، مانا بۇ ئوغۇل بالىدەك جاۋاب بولدى،
— سوئالچى تەسكىن تاپتى.

— يەنە سوئالىڭىز بولسا قىز بالىدەك جاۋابنى مانا ماۋۇ مۆمىنجان بېرىدۇ، — دېدى ھېسام تاپپاستۇرماستىنلا. ساز چېلىنشقا تەقەززا بولۇپ، باياتىن پارالى ئارىلىقىدا تەمبۇرىنى نەچچە سازلاپ جايىغا قويغان مۆمىن بۆرە يالغان ئاچچىقلىندى.

— بولارمىكىن ھېسامكا، ھېلى بىكار!

— تالىۋېتەرسەن شۇ، — ھېسام چاقچاق قىلدى، — ھاي ھېپىزكا، ماۋۇ مۆمىنجان ئىنىمىز پىشۇرغان گۆشۇڭدىن ئانچە يېمىدى، خام ئېپقويغۇنۇڭ يوقمۇ، بولسا بىرەر يانپاشنى ئەكېلە، چىشلىرىنىڭ قىچىشىشىنى بىر بېسۇۋالسۇن!

— ئاپلا، — ساددا دېھقان راستلا ئەپسۇسلاندى، — مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە دەپ ھەممىسىنى پوكلەپلا قازانغا تىقىپ-تىكەنمەن.

سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھېسام داۋاملىق ھوجومغا ئۆت-تى.

— ئەمىسە باياتىن چالا غاجىغان ئۇستىخانلارنى ئالايتەن بىر تاۋاقتا يىغىپ ئېلىپ قوي، بولمىسا ئۆيۈڭ ئەرەختەم - پەرەختەم بولىدۇ.

— يائاللا، — دېدى ھېپىز بوۋاي ئەمدىلىكتە گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، - مېھمان چاقىرغاننىڭ گۇناھىغا — ھە؟

— بىزنىڭ بۇ مۆمىنجان ئىنىمىز ئۇستا تەمبۇرچى، ناخشى-غىمۇ نوچى، — دېدى ھېسام، — لېكىن شۇ، قورساققا سەل ئام-راق. بىر قېتىم ئولتۇرۇشقا بېرىپ، تاۋاقدىشى بىلەن ئۇستى-خان تالىشىپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، قىزىرىشىپ قاپتۇ. ھېلىقى ئاداشمۇ سەل چىدىماس نېمىكەن، ئولتۇرۇشتىن قايتقاندا، قا-راڭغۇدە بۇنى ئۇرۇۋېتىپ قاپتۇ. ئەتىسى ئۆمەككە كەلسەم، مۇنۇ مۆمىنجاننىڭ يۈز - كۆزى كۆك ئىششىق، — «نېمە بولدى ئۇكا ۋوي» دېسەم، نېمە دەيدۇ چاندۇرماي؟ «ئاخشام دوقمۇش مەھەل-

www.uyghurkitap.com

لمسىدىكى بىر ئولتۇرۇشقا بارغانىدىم، راسا كېلىشتۇرۇپ ئۇششت قورۇغانىكەن، ئاچ قورساققا جىق يەۋېتىپتىمەن» دەيدۇ تېخى، قانداق مۆمىنجان؟ ئەمدى بىر دەم نەغمە قىلامسىز، يە، يەنە كەلتۈرەيمۇ؟

مۆمىنجان جان دەپ تەمبۇرنى قولىغا ئالدى. ئابدۇللامۇ دۇتارغا قول ئۇزارتتى. مەشرەپ قائىدىسى بويىچە بىردەم پاراڭ، بىردەم ساز دېگەندەك، سورۇن ئەھلى ئەمدى يەڭگىل ئىلى ناخشىلىرىنى مەستخۇش كەيپىياتتا تىڭشاشقا باشلىدى.

ئابلاشتىن چىقىپ كەلسەم،
ئىسلاميۇزىدە بەختەك...

— ھاي، ھاي، بىزنىڭ يۇرتلارغىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتامدۇ، نېمە؟ ـ بىرەيلەن شىتىلىلىك قىلدى. بىر نەچچە يەردىن «خەپ-شۇك» لەر ئاڭلاندى. ئۇلانما ناخشىلار بىر يۈرۈش ئېيتىلىپ، توختىغاندىن كېيىن، بايا ھېسامدىن ئوغلاقنىڭ شاۋ ـ شۇۋىنى سورىغان قوشنا ئەرز قىلدى:

— داد ھېسام ئۇكا، يانا مۇنۇ ئىككى ئىنىمىز...، مۇنۇ ۋاققاس سورۇننىڭ قائىدىسىنى بۇزۇپ، يوقىلاڭ پاراڭ قىستۇرۇپ كەيپىمىزنى قاچۇردى. يۇرتىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە ۋاق-قاسقا جازا بەرگۈلۈك. گەپ قىلە ھېپىز كا، ئۆزۈك كونا يىگىت بېشىغۇ؟

— ئۇنىسىغۇ شۇنداق بولۇۋېدى، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئۆيۈمدە دەيمىنا!

ئاڭغۇچە ۋاققاس دېگەن دوغىلاق، قارامتۇل يىگىت ئورنى-دىن لەسلا تۇردى:

— خىجىل بولما ھېپىز دادا، مەن ئەتەي شۇنداق قىلغان. ھېسامجانلارنى بىز چاقىرىپمۇ ئەكېلەلمەيمىز، بۈگۈن ئۆز ئايىغى بىلەن كېپقاپتۇ. مەشەدىن بىراقلا قوزغىلىپ بىزنىڭكىگە چىقىد-مىز، تاڭ تېخى ئۇزۇن، توقلام بولمىسىمۇ يوغان ئىككى خورد-زىم بار، سويۇپلا جاسا ـ ۋەنزە قىلىمەن. ھېسامجاننىڭ چاقچاق-

لىرى بىزنىڭ ئۆيدىمۇ قىزىپ باقسۇن.

يېزا يېرى شۇنداق، ئويۇندىن - ئويۇن توغۇلمۇېرىدۇ. نېرى تارت، بېرى تارت بىلەن سورۇندىكىلەر ھېچىز بوۋاينى قايىل قىلدى. دېھقان ئۆيىدىكى چاقچاقلار يەنە بىر دېھقان ئۆيىگە كۆچتى. ھېسام ھاياتىنى ئەنە شۇنداق غانجۇغىدىكى سورۇنلاردا چىرايلارغا كۈلكە، يۈرەكلەرگە خۇشاللىق بېغىشلاپ داۋام ئېتىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 30 . ھېسام تارقىلىپ كەتتى

ھېسامنىڭ 26 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان مەزگىلى، نۆۋەرلىك چاغلىرى غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئۆتتى. شۇ ياشتىكى قىز - يىگىتلەر بەلكىم سورايدىغاندۇر، ھېسامكام ئاشۇ يىللاردا مۇھەببەتلەشمىگەنمۇ؟

خوپ، بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى بىز سەلىمجاننىڭ توپلازمىلىرىدىن ئىزدەيلى.

ھېسامنىڭ چاقچاقلىرى ۋە ئۆمۈر بايانىنى توپلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سەلىمجان چاقچاق تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭدىن سورىغانىدى:

— ھېسامكا، غۇلجا ناھىيىسىدىكى ۋاقىتلىرىڭىزدا بىرەرى بىلەن يۈرگەن بولغىيدىڭىز؟

— ۋاھ، يۈرمەي، — دېدى ھېسام، — بىزنىڭ ئۆمەكتە تاپانچىدەك بىر قىز بولىدىغان، شۇنىڭ بىلەن يۈرگەن.

تەسىرلىك مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئاڭلاش ئىستىكىدە سەلىمجان دەرھال سورىدى:

— قانداق يۈرگەنتىڭىز؟

ھېسام كۈلمەي تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بىر نەچچە قېتىم ئۆمەكنىڭ دەرۋازىسىدىن بازارنىڭ دوقمۇشىدىكى مىلىچ ماللار دۇكىنىغىچە يۈرگەن.

سەلىمجان ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى ۋە ئىچىدە «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن تولىمۇ قىزىق تەبىئەتلىك ئىكەن» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئەمەلىيەتتە بارلىق ھېسسىياتلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش ھېسامنىڭ ياشلىقىدىمۇ ئۆزىگە يارىشا مۇھەببەت ھېكايىلىرى بولغان.

غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى كەمچىل بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن، رەھبەرلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا

ئاساسەن ھېسام 1959 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى سەنئەت تالانتلىرىدىن بىر نەچچە ئادەمنى ناھىيىلىك ئۆمەككە تەكلىپ قىلىپ ئاچىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، شۇ كەملەردە غۇلجىدا نام ـ ئاتىقى چىققان مۇزىكانت، ناخشىچىلاردىن تۇرسۇن چاڭ، مۆيدىن، نەساگۇللەرمۇ بار ئىدى. بۇ بىر تۇركۇم ئادەمنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۆمەكنىڭ كۈچى زورايدى. بىر نەچچە مەيدان يېڭى ناخشا ـ ئۇسۇل، مۇزىكىلىق ئويۇن تەييارلىغاندىن سىرت ئۆمەك يەنە «ئانارخان»، «غۇنچەم» قاتارلىق درامىلارنىمۇ رەپتىس قىلىپ، تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. دەرۋەقە، بۇ نەتىجىلەردە ھېسامنىڭمۇ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى بار ئىدى.

شەھەردىن تەكلىپ بىلەن چىققانلار ئارىسىدا ھېسام «تاپانچىدەك» دەپ تەرىپلىگەن ھېلىقى ئارتىس قىزمۇ بار ئىدى. ھېسام سەلىمجاننىڭ سوئالىغا ھەجۋىي بىلەنلا جاۋاب بېرىپ، ئەينەن تەپسىلاتلارنى ئېيتمىدى. خېلى يىللاردىن كېيىنلا سەلىمجان بۇ تەپسىلاتلارنى ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قۇرۇلتىيىدا، زىياپەتتىن كەيىپ يانغان ھېسامنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن ياتاقتا ئاڭلىدى.

— كاساپەت يامانمۇ چىرايلىق نەرسە ئىدى ئۇكا، ـ دېدى ھېسام موخوركىنى چېچىپ يۆگەۋېتىپ، — بىرەر يىگىت ئۇدۇل كېلىپ گەپ قىلىشقىمۇ ئەيمىنىدىغان. مەنمۇ ئۇنداق قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن. بىر قېتىم ئۇ قىز ئۆمەكنىڭ ھويلىسىدا يالغۇز تۇرغان يېرىمگە كېلىپ، مەندىن بىر سوئال سوراپ قالدى.

— ھېسامكا، قارىڭا، بىلەزۈكۈم يارىشىپتىمۇ؟

قارىسام تازىمۇ چوڭ ۋە چىرايلىق بىلەزۈك «تاپانچا» نىڭ (ھېسام ئىسمىنى دەپ بەرمىگەندىن كېيىن، بىزمۇ زىغىرلاپ سورىمىدۇق) چىرايلىق بىلىكىدە ۋالىلداپ، تېخىمۇ ئېسىل كۆرۈنۈپ كەتتى قاراڭ سەلىمجان ئۇكا. ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالمىدىم.

— پاھ، نېمىدىگەن چوڭ بىلەزۈك بۇ، قانچىگە ئالدىڭىز؟

— ئالمىدىم، ئالايتەن نۇسخىسىنى دەپ بىرىپ سوقتۇر-
دۇم. ئىككى مىڭ سومغا توختىدى. بوپتىمۇ، يارىشىپتىمۇ؟

— بوپتۇ، ئالامەت يارىشىپتۇ! ئىسمىڭىزغا تېخىمۇ لايىق
بوپكېتىپسىز.

— شاڭخو قىلماڭ جۇمۇڭ ھېسامكا، راستلا، بۇنى سوق-
تۇرغىنىمغا خېلى بولغان، ئوغرى ئېلىۋالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ،
ئىشەنچلىك تاقىيالماي يۈرىمەن قاراڭ. بۈگۈن بىر تويغا بارات-
تىم. شۇڭا تاقىۋالغان. ھېسامكا، سىزچە قانداق قىلسام بولار؟

— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، — دېدىم مەن، - بىلمىكىڭىزدە-
كى بىلەيزۈكىڭىزنىڭ بىر ئۇچىغا كىچىك باغلىۋېلىڭ.

«تاپانچا» ئېلىقۇدەك كۈلۈپ كەتتى. كاساپەت، كۈلسە تې-
خىمۇ چىرايلىق بوپكېتىدىكەن ئەمەسمۇ قاراڭ سەلىمجان. نېمە
دەيدۇ دېمەمسىز؟

— ۋاي ھېسامكا، ئەجەب قىزىق گەپلىرىڭىز بار ئىكەن،
مەن قىزىق گەپلەرگە ئامراق. قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەمگە
تېخىمۇ ئامراق.

يۈرىكىم جىغلا قىپقالدى، جۇمۇڭ ئۇكا. شۇنىڭدىن كېيىن
ئىختىيارسىزلا دائىم ئاشۇ «تاپانچا»نى ئويلايدىغان بوپقالدىم.
يەكشەنبە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ، دۈشەنبە
ئۆمەككە بارغۇچە ئالدىراپ كېتىمەن.

— ئۇچۇ؟ - سەلىمجان ئالدىراپ سورىدى، — كېيىن
سىزگە يېقىنلاشتىمۇ، قىزغىن بولدىمۇ؟

— ئىشقىلىپ قىز بالا دېگەنگىغۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ،
ھەر ھالدا «تاپانچا» شۇنىڭدىن كېيىن ماڭا خېلى يېقىنلىشىپ
يۈردى. بىر قېتىم ئۇنى سىنىماق بولۇپ:

— نەچچىنچى ئاياغ كىيىسىز؟ — دەپ سورىۋېدىم، «تاپان-
چا»نىڭ خۇشاللىقىدا كۆزلىرى سۈزۈلۈپ، چاقناپ كەتتى قا-
راڭ.

— سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن، جەزمەن!

— ئۇ تەرىپىنى ئېنىق ئۇقالمىدىم، ئىشقىلىپ ئاغزىنى

تۇتۇپ «ئىم» دەپ قالدىم.
— نېمىشقا ئەمدى؟
— «تاپانچا» دەرھاللا «ئوتتۇز ئالتىنچى ئاياغ كىيىمەن، ئەمما لېكىن ھېسامكا ئانداق - مانداق ئەرزان ئاياغلارنى كىيمەيمەن جۇمۇلۇڭ، ئىككى يۈز سوملۇقتىن يۇقىرى ئاياغلارنى كىيەمەن» دېمەمدۇ قارالڭ. ئىككى يۈز سوم دېگەن بىزنىڭ بەش ئايلىق مائاش ئىدى دەڭا ئۇ چاغلاردا.
— قەرز - قۇرز قىلىپ بولسىمۇ، شاققىدىلا ئېلىپ بەرمەي!
— قىزىقكەنسىز ئۇكا، ئاندىن كېيىنزە شامال يەپ، ھاۋا كېكىرىپ يۈرسەمما؟ بىر ئايىغى شۇنچە پۇل بولسا، باشقا كىيىملىرى نەچچە بوپكېتىدۇ؟
— ئۇنىسىغۇ راست، ئەمىسە «قانچىنچى ئاياغ كىيەسىز؟» دەپ سوراپ قويۇپسىز، قانداق قۇتۇلدىڭىز؟
— ئۇ ئوڭايغۇ، «مۇنۇ پۇتىڭىزدىكى ئاياغ بەكلا چوڭ كۆرۈنىدىكەن، بۇدا سەل كىچىكرەكىنى ئالسىڭىز بولىدىكەن» دەپلا قۇتۇلدۇم، شۇ.
بىر مەزگىل «تاپانچا» ماڭا يېقىنلىشىپ، سۈركىلىپ دېگەندەك يۈردى. ئويۇن قويغىلى ماڭساق، مەن بار ھارۋىغا چىقىپ، يېقىنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالاتتى، «ھېسامكا قىزىق گەپ قىلىپ بېرىڭا» دەپ ياتىقىمغىمۇ كىرىپ كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ بىرەر - يېرىم يىل مەنمۇ ئاجايىپلا بولۇپ يۈردۈم. بىر كۈنلىرى غەيرەتكە كېلىپ تەلەپ قويۇپ باقاي دېسەم ئىش باشقىچە...
— قانداق، بۆلەك بىرىنى تېپىۋاپتىمۇ؟ — سەلىمجان كاتتا بېزەلگەن ياتاقتىكى كەڭ، يۇمشاق كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتقان يېرىدىن ئۆرىدەپ تۇرۇپ، ئىتتىك سورىدى.
— ياشلارنىڭ كاللىسى يامان ھە؟ سىز دېگەندەك باشقا بىرىنى تېپىۋاپتۇ. كىم دېمەمسىز، ھېلىقى تەمبۇرچى مۆمىنجان، مۆمىن بۆرە. كاساپەت بۆرە بىزنىڭ قوزىنى چىشلەپ

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈپ يانپاشقا ئۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ!

سەلىمجان ھېسامنىڭ خاپىلىقسىز، بىپەرۋا سۆزلىگەن ھالىتىدىن قىزىقسىنىپ كۈلۈۋەتتى.

— شۇنىڭ بىلەن قىممەت توپلىيىنى شۇ بۆرە ئېلىپ بېرىپتۇ دەڭ، يە پۇلغا چىقىنالماي تېرىسىدىنلا تىكىپ بەردىمۇ؟

— يەنە تاپتىڭىز ئۇكا، ئۇ تاش پۇچاق بۆرە خەقنى يۇڭۇزلاي-مەن دەپ يۈرگەن نېمە تۇرسا... نېمە دەۋاتاتتىم، ھە، شۇنىڭ بىلەن كېيىن «تاپانچا»نى بۆرىۋاي بېلىگە قىستۇرۇۋالدى.

ھېسام نۆۋەتتىكى موخۇركىسىنى يەنە ئەپلەشمىگەنلا ھەردەكەت بىلەن بىر ئاماللاپ يۆگىۋالدى ـ دە، ئۆزىگە سوئاللىق تىكىلىپ ئولتۇرغان سەلىمجانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— بىزنىڭ ئاچچىق ئۇچەيدىكى سىرلارنى بىلىۋالدىڭىز ـ دە، ھە؟ يامان بالىكەنسىز!

— شۇنىڭ بىلەن، — دېدى سەلىمجان بايىقى پاراڭنى ھېسامنىڭ يادىغا سېلىپ، — «تاپانچا» بىلەن شۇنداقلا ئۈزۈلۈشۈپ كەتتىڭىزمۇ؟ تەۋەككۈل قارماق تاشلاپ باقمىدىڭىز؟

— قىزىقكەنسىز، بۇرۇنمۇ باغلاشقان يېرىمىز بولمىسا، ئۈزۈلىدىغان ـ ئۈزۈلمەيدىغان نەرى بولاتتى؟ ئىشقىلىپ، مۆمىن بۆرە يامان نېمىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن بىزدىن ھەم ياش، ھەم چەبدەستە!

— تەمبۇرنىڭ مۇڭى چاقچاقىنىڭ كۈلكىسىدىن زور كەپتۇ ـ دە!

— ما گەپنى قىلىڭ، كېيىن مەنمۇ تاپانچىغا دەۋالدىم، تاق سىز دېگەن گەپنى.

— نېمە دېدى، ئاڭلاپ؟

— نېمە دەيتتى، «بازار چاققانىنىڭ» دېدى. دېمىسىمۇ راستە!

— ئاندىن كېيىن يەنە باشقىلار بىلەن ئانچە ـ مۇنچە ئىچ ـ پەش تارتىششلار بولمىدىمۇ، ھېسامكا؟ — سەلىمجان ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى.

قۇۋ ھېسام بولسا ئەتەيىن ئۇزاق بىر ئەسنىۋالدى ـ دە،
جاۋابەن:
— سائەت نەچچە بوپكەتتى، يەر تىڭشاپ باقىمىزمۇ؟
— دېدى.
ئەمەلىيەتتە ھېسامنىڭ باشقا ياشلارغا ئوخشاش، بولۇپمۇ
ھازىرقى قىز ـ يىگىتلەرگە ئوخشاش كەينى ـ كەينىدىن ساناپ
بېرىدىغان ئىشق ـ كەچۈرمىشلىرى يوق، سەۋەبى، ئۇنىڭ ياشلىـ
قى باشقىچە بىر زاماندا، بۆلەكچە دەرد، سەۋدالاردا ئۆتكەنىدى.
«تاپانچا» ھەققىدىكى يەنە بىر گەپنى ئۇ سەلىمجانغا سۆزلەپ
بەرمىدى. يا ئۇنتۇپ قالدى، يا بەلكىم ياشلىقىدىكى قەلبىگە دەرد
چەككەن بىردىنبىر قىز زاتىنىڭ يامان گېپىنى قىلغۇسى،
يەنە بىر رەت ئەسلىگۈسى كەلمىدى.
مۆمىن بۆرە بىلەن بىر مەزگىل يۈرۈپ، خېلى مال، پۇلنى
كۆككە سورىغان «تاپانچا» ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ،
سىرتتىن بىرىنى تېپىۋالدى. ئۇنىمۇ بىر تالاي يۇڭۇزلىغاندىن
كېيىن، باشقا بىرىگە يۆتكەلدى. ھېسامنىڭ قۇلىقىغىمۇ بىر
مۇنچە گەپلەر يەتكەنىدى. ئوسمان ۋەسىدۇللا كىمدىن تەنقىد
ئاڭلىدىكىن، «مۇشۇنداق ئادەمنى شەھەردىن ئارتىسلىققا ئاچىقـ
تىڭمۇ؟» دەپ ھېسامغا زەھىرىنى چېچىۋالدى.
شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆمەكتە «تاپانچا» نى توي قىلـ
غۇدەك دېگەن گەپلەر تارقالدى. خەۋەر راست ئىدى. رەپتىس
ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا «تاپانچا» ئويناقشىپ ھېسامنىڭ يېنىغا
كەلدى ـ دە، ناز ئارىلاش:
— ھېسامكا، توي قىلىدىغان بولدۇم، تويۇمغا نېمە ئاپىرىـ
سىز؟ — دەپ سورىدى.
ئۆمەك باشلىقىنىڭ تەنقىدى ھېلىغىچە كۆڭلىنى غەش قىلىـ
لىپ تۇرغان ھېسام ئاچچىقىدا چاقچاقلىق جاۋاب قايتۇردى:
— ياخشى سورىدىڭىز، مەنمۇ ئويلاپ قويغان، قېلىن يۈزىـ
ڭىزنى شىلىپ نېپىزلىتىدىغانغا بىر ئىتتىك ئۇستىرا ئاپىرىمەن.
ھەمىشە ھېسامنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاشقا زوقمەن «تاـ

پانچا» بۇ قېتىم كۈلمىدى. چىرايى تاتىرىپ، ئۈنچىقماستىن تاكاسلاپ كېتىپ قالدى.

ھاياتىدا، شۇ بىر چاقچىقىغا ھېسام پۇشايمان قىلىپ قالدى. بۇنىڭ نازۇك سەۋەبىنى ئوقۇرمەن تۇيۇۋاتسا كېرەك.

«تاپانچا» نىڭ تويىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يۇقىرىدىن بۇيرۇق كېلىپ، غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى. بۇنىڭ سەۋەبىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈلمىدى. پەرەزلەر ھەر خىل بولدى. ئۇ زامانلار شۇنداق زامان ئىدى. مەدەنىيەت بۆلۈمىدىكى بىر باشلىق «ۋاقتى كەلگەندە ئۆمەكنى قايتا قۇرىمىز، شۇ چاغدا سىلەرنى چاقىرىمىز» دېدى.

«تارقا ـ تارقاڭ، جىن تارقاڭ» دېگەندەك، ھەر كىم ئۆز جېنىنى جايلىدى. ھېسام ھازىرچە شەھەرگە قايتماي، غۇلجا ناھىيىسىنىڭ گەمە يېزىسىغا بېرىپ ئورۇنلىشىشنى لايىق تاپتى. چۈنكى، ئۇ يەردە مەرھۇم قۇربان تېرىچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قولىدا ھېسامنىڭ ئىككى ئۇكىسى بار ئىدى.

گەمىگە مېڭىش تەرەددۇتىدا يۈرگەن ھېسام ناھىيە بازىرىدا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى، ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بىر يېقىنى ئۇدۇلىدىن چىقىپ قالدى، سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ھېلىقى كىشى سوراپ قالدى:

— ھە، ھېسامىدىن ئاداش، يېقىندىن بېرى ئويۇن ـ پويۇن قويمىدىڭىزما؟

ھېسام بىر خورسىنىۋېلىپ، جاۋاب ياندۇردى:

— ئاڭلىماپسىز ـ دە، ھېسام تارقىلىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## 31. گەمىدىكى كۆنلەر

شۆنداق قىلىپ، ھېسام گەمە يېزىسىغا چۈشۈپ دېھقان بولدى.

غۇلجا ناھىيىسىگە تەۋە گەمە يېزىسى غۇلجا شەھىرىدىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان شەرقى بەش ناھىيە تاشيولىنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، پىيادە ماڭغان ئادەمگە شەھەردىن ئىككى - ئۈچ سائەتلىك يول. يېرى مۇنبەت، سۈيى ئەلۋەك بۇ زېمىنغا نېمە تېرىسىڭىز بولۇق ئوخشايدۇ. ھېسام بۇ يەرگە ئىلگىرى تولا كەلگەچكە، خۇددى ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندەك بەخىرامان كىرىپ كەلدى.

ھېسام جىلىلىيۇزى بازىرىدا چۈشۈۋالغان دىشلۇ گەمىدىن ناھىيىلىك ساڭغا سۇلۇ ئەكىلىپ، زىغىر ئۇرۇقى ئېلىپ قايتاتتى. بىرەر قۇر لاقا - لۇقىسىنى زىغىر تاغارلىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويغان ھېسام يىگىرمە ياشلاردىكى ھارۋىكەش، گەمىدىكى شىرەم تۇغقىنىنىڭ ئوغلى ھىلەك قارىۋاينىڭ يېنىدا چوقچاراپ ئولتۇرۇۋېلىپ باش باھار ھاۋاسىدىن قانغۇچە سۇمۇرگەچ، يەڭگىتنى گەپكە سېلىپ ماڭدى.

— گەمىلىكلىرىڭ خوي خۇشال بولۇپ كېتىدىغان بولدى - دە، ھېسام ئاكا سېنىڭ كەلگىنىڭگە، — دەيتتى قىن - قىنىغا پاتماستىن، ھېلەك قارىۋاي بوجىنى سىلكىپ - سىلكىپ قويۇپ، ھىجاراپ، — بىر خۇشال قىلىۋېتىدىغان بولدۇمغۇ ئۇلارنى! ئۇدۇل بىزنىڭكىگە تارتايلى ھە ھېسام ئاكا؟ بۈگۈن بىزنىڭكىلەر نان يېقىپ قالغان. دادام قىزىق تونۇرغا قىزىلچا كۆمۈپ بېرىدۇ.

— قېيۇملار بار ئۆيگە، سىپىركامىنىڭكىگىلا تارتايلىمىكىن ھىلەك، — دېدى ھېسام خىيال ئارىلاش. ئۇنىڭ گەمىدىكى

ئىككى ئىنىسىنى كۆرمىگىنىگە خېلى ۋاقىتلار بولغانىدى. قېرىنداشىنىڭ ئوتى يامانغۇ!

ھىلەك قارىۋاي دومسىيىپ، جىم بولدى، بىراق يەنىلا ھېسامنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. ھېسام گەمىدە بەش - ئون كۈن ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈلدى. گەمىلىكلەرمۇ قەۋەت مېھماندوست خەق. خوشنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، تونۇمىسىمۇ ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىۋېلىشقا ئالدىرىشىدۇ. ھېسام كېلىشى بىلەن ئۆي - ئۆيلەردە مەشرەپ، بەزمە قايىنىدى. گەرچە تەبىئىي ئاپەت يىللىرى بولسىمۇ ۋە ئايىغى ئۈزۈلمەس ھەرىكەتلەر تۈپەيلى ھىمىيىقىشىپ تۇرسىمۇ، گەمىلىكلەر ئويۇن - چاقچاق، كۈلكىنى تەرك قىلمايتتى. ئەكسىچە بۇنداق سورۇنلاردا گەمىنىڭ ئەكابىر - تەكابىرلىرى تۆرنى قولدىن بەرمەيتتى.

— ھېسامدىن كېپىقاپتۇ، بىر كۈلۈۋالايلى، جاننى ئالسىمۇ شۇ!

— ھە ھېسام، بۇندىن كېيىن كۈلكىدىن خىجالەت تارتمايدىغان بولدۇقتە - ھە؟

— گەمىنىڭ ئېتىكى كەڭ، سىغىپ كېتىسەن!

— سىغماي نەگە باردۇي، كەدىمدىن ئۆزىمىزنىڭ بالىسى تۇرسا!

— رەھمەتلىك قۇناخۇنىنىڭ ئەجدادى جىق بۇ يەردە...

دېگەندەك، بىلىنمەيلا ھېسام گەمىگە بەتتەر ئۈزلىشىپ كەتتى. قاتارى سورۇنلار بىرئاز بېسىققاندىن كېيىن ئۇ دادۇي ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى. ئەمەلىيەتتە دادۇي كادىرلىرى بىلەن ئۇ سورۇنلاردا ئاللىقاچان تونۇشۇپ، قەدىناسلىشىپ بولغانىدى.

— ھە ھېسامدىن، ھاردۇقلىرىڭ چىقىپ بولغان بولسا ئۆزۈڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيىنىڭ تەۋەلىكىدىكى شياۋدۈيدە ئەمگەككە قاتناشقىن، ئىشقىلىپ مىدىرلاپ تۇرساڭ بولىدۇ، — دېدى ئادەتتە تولا كۈلمەيدىغان، ئەمما ھېسام چاقچاق قىلغان سورۇنلاردا يوغان ئالىقىنىنى ئاقىرىپ كەتكەن رابوچى ئۆتىكىنىڭ قونچىغا

ئۆرۈپ «ئانى قارا!» دەپ تازا كۆلىدىغان دادۇيجاڭ ھېسامغا موخوركا قەغىزى تەڭلەپ، — كۇندۇزى ئېتىزدا ئانچە - مۇنچە مىدىرلىساڭ يەتتە نومۇر، ئاخشاملىرى چاقچاق قىلىپ بەرسەڭ ئون نومۇر يېزىپ بېرىۋېرىمىز ساڭا!

— ئەمىسە كۇندۇزى دەم ئېلىپ، ئاخشىمىلا ئىشلىسەم بولغۇدەك، — دېدى ھېسام تاپباستۇرمايلا.

— ۋاھ - ھا - ھا، ئانى قارا!، دادۇيجاڭ يانپىشىغا شاپىلاقلاپ، كۆلۈپ كەتتى.

ئېتىز بېشىدىمۇ، ھېسام بار يەردە كۆلكە ئۆكسىمەيتتى. كۆچتۆڭگۈر دېھقان يىگىتلەر ھېسامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ئەمگەك قىلغاچ ئۇنى گەپكە سالاتتى.

— ھېسامكا، بىردەم ئولتۇرۇۋاله، تاماكا چېكە!

— ئامالىكىن ئاغزىڭ گەپتىن توختاپ قالمىسۇن.

— ھېسامكا، چۈشتە بىزنىڭ ئۆيگە كېتىمىز جۇمۇ، ئاپام جەگزە نان سېلىپ قويىدۇ.

نېرىدا، كاللەك بولۇۋالغان قىز - چوكانلار پاراڭغا چۈشەتتى:

— ھېسام دېگەن ئادەم ئەجەب قىزىقكەنە؟

— ھېي، ئادەم ئەمەس، بالا!

— ھەي قىزلار، ئاڭلىسام ئۇ ھېسام دېگەن تېخى ئۆيلەنمەپتەك، قېرى يىگىتمىش. هوي زىلەي، سەن تېگىۋالامسەن - يا؟

— ئۆزۈڭ تېگىۋال نوشخىندە، كۆزۈڭمۇ چۈشۈپتىغۇ ئەنە!

ھېسام بولسا بۇ پاراڭلاردىن بىخەۋەر، بىر توپ يىگىتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، خۇددى بايا قايسىدۇر بىر يىگىت ئېيتقاندەك «ئاغزىنى بىكار قويماي» ھە دەپ چاقچاق قىلماقتا، يېزا ياشلىرىنى مىنۇتىغا بىر «مەرەتمەكتە» ئىدى.

— ھېسامكا، بىزنى بىر باشتىن ئوخشىتىۋېتە قېنى! — كەتمەن سېپىگە ئېگەك تىرىۋالغان تازىمۇ ئورۇق، چىرايىدىن يېپىشقاقلىقى چىقىپ تۇرغان بىر يىگىت ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ، ئەتراپىغا كېرىلىپ قارىدى، — قانداق دېدىم ئاغىنى-

www.uyghurkitap.com

لەر؟ قېنى، قاتار تۇرۇڭلار قىرنى ياقىلاپ، ھېساپكام ئادىشىپ كەتمىسۇن.

— سېنىڭ نەرىڭنى ئوخشىتىمەن ئەلقە، — دېدى ھېسام،

— جېنىڭ ئارانلا قاپتۇ، ھاستاياقتا ئېڭەك تىرەپ!

— ۋەيت! — گەمىلىك يىگىتلەر ھەر خىل قىياپەت ۋە بىر خىل ئاۋازدا گۇرۇلدەپ كۈلۈشتى. كۈلكە قىزىقچىلىقىدا ھېسام ياقتا تېخىمۇ شىپىقاپ كېلىشتى ئۇلار.

ئەلقە ئىسىملىك (كوسا بولغاچقىمۇ «موماي» دېگەن لەقىمى بار) يىگىت تۇيۇقسىز كۈلكىدىن ئۈندەرەپ، پەرەڭدەك قىزار-دى. بىراق ئۆزىنى تېزلا ئوڭشىۋېلىپ، ھېسامغا چاقچاق قىلدى.

— ئىشقىلىپ سەندىن ياخشىغۇ، بوۋايدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇ-رۇۋاپسەن.

ھېسام جانلاندى:

— ھەي، سېنىڭدەك مومايغا بىزدەك بوۋاي بولمىسا قانداق بولىدا ۋاي!

«ۋەيت»لەر ئەۋجىگە چىقتى. بۇ قېتىم نېرىدىكى قىز-چوكانلاردىن بىر نەچچىسى قىزىقسىنىپ بۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىشتى، ئەلقە قىزلاردىن تارتىندىمۇ ياكى ھېسامنىڭ چاقچىقى ئېغىر كەلدىمۇ، بۇ قېتىم قىزارمىدى، تاتاردى. يىغلامسىراپ:

— ھەي ھېسامكا، ئۆرۈۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى. ئەلقەنىڭ پوپوزىسى مەھەللە يىگىتلىرىگە تېپىلماس ئويۇن، كۈل-كە باھانىسى بولدى.

— بولارمىكىن ئەلقە!

— مومايلىقىڭنى بىر قىلدىڭ ـ دە!

— ھېسامكا، قورقما، بىز بار، ھۆررۇ ـ پۆررۇ دېسە ئەتە دامبىغا باسىمىز بۇ چىدىماسنى...

دامبا دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئەلقە دەررۇ ئۆزىگە كەلدى، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئىككى قولىنى «ئەل» گە كۆتۈردى.

— ھېسامكا، خاپا بولما جۇمۇ، ئەركىلەپ قويدۇم، ئاكام دەپ...

ھېسام ئەلقەنىڭ دەررۇ «پاچومى»غا يانغانلىقىغا قاراپ «دامبا» ئىشارىسىدە بىر مەنە بارلىقىنى تۇيغاندى. شۇنداقتىمۇ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاغزىغا كەلگەن چاقچاقنى بوغۇزىغا يۇتكىسى كەلمىدى.

— تووا، ئادەم قېرىغاندا «ئەل» دېسىمۇ ھەجەپ تۇرىدىكەنە!

گەمىنىڭ ئىتىزلىرىنى يەنە بىر قېتىم «ۋەيت» قاپلىدى. بۇ قېتىم ئەلقەمۇ قوشۇلۇپ كۈلدى.

بىر يىل بۇرۇن، ھېسام تېخى گەمىگە كەلمەستە ئىككىنچى شودۇي باللىرى يۇقىرىقى قاتتىكى ئىتتىك ئېقىنلىق ئۆستەڭدە دامبا ياسىغان، شۇ قېتىم ئەلقە كەچلىك ئولتۇرۇشتا چاقچاققا چىدىماسلىق قىلغاچقا، يىگىتلەر تەرىپىدىن لەپشىپ ئېقىۋاتقان سۇغا، دامبىغا بېسىلغانىدى. شۇ تاپتا مەھەللە يىگىتلىرىنىڭ جاھىل مىجەزى ئەلقەنىڭ يادىدىن كەچتى.

لېكىن ئەتىسى ھېسامنى باشقا بىر خىرىس قارشى ئالدى. ئەلقەنىڭ ئاكىسى ئەكرە (ئەكرەم دېمەكچى، ئەلقەنىڭمۇ تولۇق ئىسمى «ئەلقەم» بولىدىغان ـ مۇئەللىپ) ئىككىنچى دۈينىڭ مۇئاۋىن دۈيجاڭى ئىدى. ئەكرە دۈيجاڭ ئىنىسىدىن ھېسامنىڭ ئۇنى كۆپچىلىك ئالدىدا «كەلتۈرگەن» لىك داۋاسىنى ئاڭلىغانمۇ، ئىشقىلىپ، چاقچاق بىلەن خۇشى يوق، قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇۋېلىپ ھاراقلا ئىچىدىغان بۇ «كىچىككىنە ئەمەلدار» ھېسامغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

بىز دەۋاتقان شۇ ئەتىگەنلىكى، يەنى ھېسام ئەلقەگە چاقچاق قىلغاننىڭ ئەتىسى ئەكرە دۈيجاڭ نەچچە كۈن دەسسىمىگەن قىر سوقۇش ئەمگىكىگە ئالايىتەن كېلىپ، ھوقۇقىنى بىر ئىشلەتتى.

— ھېسامكا، مەيەرگە كەل! — دېدى ئەكرە قاپىقىنى تۈرگىنىچە، قىر بېشىدا ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇۋېلىپ، — چاپسانراق ماڭ، ھازىر ۋەزىيەت جىددىي، ئۇينىشىدىغان ئىش يوق جۇمۇ سەن بىلەن. ئەزالار قاتارى ساڭىمۇ ۋەزىپە تەقسىم قىلىپ بېرىمىز، ئورۇندىيالمىساڭ گۈڭ ـ پۇڭ تۇتى-

مىز، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم ئۇكا، سىنىڭ گېپىڭنى پىچىرلاپ دېسەڭمۇ ئاڭلايمىز دېگىنە! — ھېسام ئادىتى بويىچە ئالدىرىماي، كۈلۈمسىرەپ مېڭىپ ئەكرە تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئەتراپتا مەھەللىداشلار ھېسامنىڭ ھەرىكەت، گەپ - سۆزلىرىگە قىزىقسىنىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئەكرە دۇيجاڭنىڭ قىلىقلىرىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان ئەلقەمۇ بار ئىدى.

ئەكرە جىددىيلىكىنى ساقلىغىنىچە پۇتلىرىنى كېرىپ - كېرىپ چامداپ، ئۇسا ئېتىزنىڭ بۇ چېتىدىن تاق ئۇ چېتىگە بەش يۈزنى چامداپ، ھاسىرىغىنىچە يېنىپ كەلدى.

— مانا ھېسامكا، سىنىڭ بىر كۈنلۈك ۋەزىپەڭ، ئۇ قاتتا تۇرۇپ قارىسا، بۇ قاتقا قويغان تۇخۇم كۆرۈنگۈدەك تۈپ - تۈز تارتىسەن بۇ قىرنى، ئۇقتۇڭما؟ چاقچاق قىلىپ ئولتۇرۇۋالساڭ مەندىن رەنجىمە!

— مۇشۇ بەش يۈز مېتىر قىرنى مەن يالغۇز تارتىمەنما ئۇكا؟ - دېدى ھېسام جىددىي قىلىپ.

— ھە، شۇ، باشقىلار قانداق تارتسا، سەنمۇ شۇنداق تارتىسەن، سەن دېگەن پۈتۈن ئەمگەكتە!

ھېسام شۇ چاقىقچە مۈرىسىدە تۇرغان ئەپچىل كەتمىنىنى ئالدىرىماي يەرگە قويدى - دە، ئۆزى بىمالال ھالدا ئېتىزغا يامپاشلىدى.

— بۇ··· نېمە قىلغىنىڭ ھېسامكا؟ — ئەكرە دېھقانچە ساددىلىقىنى يوشۇرالماي، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سورىدى.

ھېسام ھېيىقماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— سەل تەخىر قىلىپ تۇر ئۇكا، ھازىر مەن مەشەدە يېتىپ، ئۆمرۈمدە بەش يۈز قەدەم يولنى بىراقلا ماڭغان ۋاقتىم بار - يوقلۇقىنى بىر ئەسلىۋالاي!

ئەكرە گەپنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئەتراپتىن گۈرۈلدەپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. مەھەللىداشلار ئەكرەنىڭ ھېسامغا قىلىۋاتقان

يولسىزلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى شۇ قاتتىق ۋە ئاچچىق كۈلكە بىلەن ئىپادىلىمەكتە ئىدى. قىزىق يېرى، بۇ كۈلۈشلەر ئارىسىدا ئەلقەنىڭمۇ ئاۋازى بار ئىدى.

ئەكرە دۈيجاڭ مەڭدەپ خېلىغىچە تۇرۇپ كەتتى، كېيىن ئۆزىمۇ سەزمەي كۈلۈۋەتتى. بۇ ئاچچىق كۈلكىمۇ، خىجالەت كۈلكىسىمۇ، بىلىپ بولمايتتى. ئۇ بايا قىر ئۆلچەپ ماڭغاندەك لوڭۇلداپ ماڭغىنىچە نېرىغا كېتىۋېتىپ، توپ ئارىسىدىكى ئەلقەگە ئالايدى.

— چېقىمچى، يەنە كۈلۈۋاتقىنىنى!

ھېسام ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئەكرە دۈيجاڭغا ھېچنېمە بولمىغاندەك مۇراجىئەت قىلىپ تووۋلىدى:

— ھوي ئەكرە، يېرىمنى بولسىمۇ چاپايمۇ، يە؟

ھېسامنىڭ نۇرغۇن مەشھۇر چاقچاقلىرى قاتارىدا مەزكۇر چاقچىقىمۇ بارغانسېرى يىراق - يىراقلارغا تاراپ، كېيىن كىشىلەر پات - پات تىلغا ئالىدىغان ئىدىئومغا ئايلىنىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

# 32. ھىسامنىڭ ئىلتىماسى

ھىسام گەمە يېزىسىدا ئىككى قېتىم ئەزا بولۇپ تۇردى. بىرىنچى قېتىم ئىككى يىل، ئىككىنچى قېتىم بىر يېرىم يىل بولۇپ، ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ئۇ «قاڭقىپ» تۇرپانيوزى يېزىسىنىڭمۇ پۇقراسى بولۇپ باققانىدى.

ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئەكرە دۆيجاڭ ھىسام بىلەن ئۆزلۈكىدىنلا يېقىن بوپكەتتى. يېزا كىشىلىرى شۇنداق بولىدۇ، دەسلەپ كۆرگەن ئادىمىگە بەزىدە ياتسىنىش، ئىشەنمەسلىك ياكى ئېھتىيات قىلىش سەۋەبلىرىدىن بىر مەھەل توڭ، قوپال تېگىپ قويىدۇ، چەتكە قاققاندەك قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، قايىللىق ئېڭى تۇراقسىز، مۇئامىلىدىشىنىڭ بىرەر ئارتۇقچىلىقى ياكى سەممىيلىكىنى كۆرگەندە ياكى بايقىغاندا، ئىلگىرىكى ئورۇنسىز رەنج، ئاداۋەتلىرىنى دەرھاللا ئۇنتۇپ، يېقىنچىلىق، قايىللىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەكرەمۇ شۇنداق كىشىلەر تىپىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كىچىككىنە بولسىمۇ «كالتە قوشۇق» نىڭ سىپىنى تۇتقان بولغاچقا، مەھەللە كويدا ئۆزىنى خېلى بىر مەرتىۋە ئىگىسى ھېسابلايتتى.

ئېيتماقچى، ئەكرە دۆيجاڭنىڭ ھىسامغا ئاشۇنداق قاتتىقلىق قىلىشىدا پەقەت ئۇنىڭ ئەلقەگە قىلغان قاتتىق چاقچىقىلا سەۋەب بولغان ئەمەس، بەلكى بۇنىڭغا ھىسامنىڭ ئۆزى بىلەر - بىلمەي ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىككىنە «سەۋەنلىك» بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گەمىگە يېڭى كەلگەن كۈنلىرىدە قايناغان قاتارى سورۇنلاردا ھىسام كاتتىلاردىن سەل تۆۋەنرەك ئولتۇرغان ئەكرەگە ھە دېگەندە دىققەت - نەزىرىنى ئانچە ئاغدۇرمىغان ۋە كۆپنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا ئالاھىدە بىرەر - ئىككى شىڭگىل چاقچاق قىلمىغانىدى. دەل مۇشۇ ئىش، مۇشۇ ئېتىبارسىزلىق ئەكرەنىڭ

ھېسامغا ھە دېمەيلا ئاداۋەت تۇتۇپ قېلىشىغا سەۋەب بوپقالدى.
قىر سوقۇش ۋەزىپىسى ۋەجىدىن ھېسامنىڭ ئەكرە دۇيجاڭغا قىلغان ھېلىقى ئۆتكۈر چاقچىقى گەمە يېزىسىدا ئەڭ يېڭى ئۇچۇر سۈپىتىدە تارقاپ، نەچچە كۈنلەر ئايلىنىپ، تەكرارلىنىپ تۇردى. سورۇنلاردا بۇ چاقچاق تىلغا ئېلىنسا خەقلەر تەبىئىي ھالدا ئەڭ ئاۋۋال «ھېسام ئەكرەگە ئالامەت بىر چاقچاق قىپتۇ جۇمۇ!» دەپ گەپ باشلايتتى. دەل مۇشۇ باشلىنىش ئەكرە دۇيجاڭنىڭ مەنىۋى نەپسىنى قاندۇردى ۋە ئۇ تەبىئىي ھالدا ئەمدى ھېسامغا يېقىنچىلىق بىلدۈرۈپ، كېيىنچە ئىككىسى ئايرىلماس «ئاكام ئاداش، ئۇكام ئاداش» لاردىن بولۇپ كەتتى.
شۇ ئىشتىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئەكرە دۇيجاڭ «كاتتىلار سورۇنى» تۈزۈپ، ھېسامنى ئۆيىگە چاقىردى. ئەلقە يېپپىشقاق ھىجىيىپ تۇرۇپ ھېسامنىڭ قولىغا ئاپتۇۋا تۇتتى. بۇ كۈنى چاقچاقنىڭ ئاساسلىق نىشانى ئەكرە بولدى، ھېسام ئۇنىڭغا قانچە كۆپ چاقچاق قىلسا، ئوخشاتسا ئۇ شۇنچە ئىچىلىپ - يايراپ كېتەتتى. ھاراقنى سۇدەك ئىچىپ، پات - پاتلا:
— ھە ھېسامكا، ئىچە، قارا سېنى! — دەپ قوياتتى.
سورۇندىكىلەرمۇ ھېسامنىڭ ھە دېسىلا ئەكرەگە پاراڭ قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىشماقتا ئىدى. بۇ تۇيەيلى بىرمۇنچىلارنىڭ ئەكرەگە ھەۋىسىمۇ كېلەتتى.
— ھوي ھېسامكا، بىزنىمۇ كەلتۈرە، بىزمۇ شودۇيجاڭ جۇمۇ!
— ھېساموي، مۇبارەك نەزىرىڭىزنى بىزگىمۇ قارىتىڭا!
— قىزىقكەنسىلەر، — دېدى ھېسام قولىدىكى ھاراق رومكىسىنى مەرغۇللىتىپ (ھېسام قولىغا پىيالە، رومكا ئالسىلا ھازىرغىچە قولى تىترەيدۇ، بۇ توغرىلىق ئۇ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ «بىز دېگەن ھاراقنى مەرغۇللىتىپ ئىچىمىز!» دەپ قويەدۇ.) تۇرۇپ، — ئەكرەدەك ئالتىنچى ئايدا ئۇنىنىڭ ئارىسىدا ساقلىغان قوۋۇرغىلىق قېزىدا نارىن قىلساڭلار، سىلەرنىمۇ كەلتۈرىمەن!

شۇنىڭدىن كېيىن ھېسامنىڭ ئىككىنچى شىيادۇيدىكى ئىش-
لىرىمۇ ئاسانلىشىپ كەتتى. ئەكرە ئەمدى ئۇنى ئۆزىنىڭ «بېزەك
ئادىمى» قىلىۋالغانىدى. ئۇ ئىشنىڭ ئۇھدىسىنى ھېسامغا تەقسىم
قىلاتتى، كەچلىكلىرى ئۇنى سورۇنلارغا ئېلىپ بېرىپ، ھېسام-
نى «چىرىس - پىرىسسىز ئەكېلەلەيدىغانلىقى» بىلەن باشقىلار
ئالدىدا ماختىناتتى. ھېسامۇ شۇنداق سورۇنلاردا ئۇنتۇپ قالماي
ئەكرەنى ئىككى - ئۈچ كەلىمە كەلتۈرۈپ قوياتتى. بۇنداق ئىش-
لاردا ئۇ بوش كەلمەيتتى. ئاخشىمى ئولتۇرۇشقا بېرىپ، يېرىم
كېچىدە قايتسا، ئەتىسى چۈشكىچە ئۇخلايتتى. بىراق گۆش -
پۇل دەپتىرىگە ئۇنتۇلماي نومۇرى قويۇلۇپ تۇراتتى. بۇنداق
چاغلاردا ھېسام چاقچاق قىلىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە «ئاخشام كەت-
مەننى يامان چېپىۋېتىپتىكەنمەن» دەپ قوياتتى.

ھېسام گەمە كاتتىلىرىنىڭ سورۇنلىرىغا تولا قاتنىشىپ يۈ-
رۈپ، يېزا ئىشلىرىنىڭ ئىگىر - چىگىر سىرلىرىنى بىلىۋالدى.
دۇينىڭ ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق سورۇنلاردا دېيىلىپ،
مۇزاكىرە قىلىنىپ، بېكىتىلىپ بولاتتى. بۇ يەردە دۇيجاڭلار
ئاددىي سۆزلەر بىلەنلا دادۇي، گۇڭشې باشلىقلىرىغا ئۆز مەھەللى-
سى، دۇيلىرىنىڭ ئەھۋالىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى، مەسىلىلەرنى
ئېيتاتتى. نۆۋىتىدە ئاددىي، تومتاق، ھەتتا چاقچاقلىق ئىبارىلەر
ئارقىلىقلا بۇ ئىشلارنىڭ، مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈچى تۈگىلەتتى،
بىر تەرەپ بولاتتى.

— مەخپىركا، ھېلىقى سامابورسكىنى چاقلىۋېتەيما؟

— نەچچە دېدىم ساڭا ھوي مولۇت، يەنە سورايسەنغۇ، يۈز
سومنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ، شەمەردەك قىلىۋەت. ئەتە ئۆگۈن
بۇغدىيىڭنى ئويناپ يىغىسەن.

— ھېلىقى… ۋاسىلنى سېنىڭ گېپىڭ بويىچە زاپخوزلىقتىن
ئېلىۋەتتۇق جۇمۇ، دادۇيجاڭ؟

— ياخشى قىپسەن، ئۇمۇ بىر يىل خېلى پېتىلىنىۋالدى،
ئەمدى ئەۋۇ ساۋۇركامنىڭ لۈم - لۈمىنى زاپخوز سايلىۋېلىڭلار.

— بولارمۇ ئۇ لۈم - لۈمۈي؟

— لۆم ـ لۆم بولغاچقا شۇنى قىل دەۋاتىمەن ساڭا ھەي بەتتال، تۆت بالىسى بىلەن ئاغرىقچان ئايالى قانداق قىلىدۇ بولمىسا، رەھمەتلىك ساۋۇر مىراپنىڭ يۇزى يوقما؟ قانداق دېدىم ھوي شۇجى ئەپەندىم؟

— مۇتلەق گەپ بولدى، — دېدى سەل كادىرچە كىيىنگەن، تۆرنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان سۇرلۇك، كەمگەپ دادۇي شۇجىسى، — ئاشۇ مەشۇر لۆم ـ لۆمۇ گىدىككىنەڭ ئاپتاپ سىنىۋالسۇن، ئەمما ئۆزۇڭ بايقاپ يۇر مولۇت چوڭ چاتاق چىقىرىپ قويمىسۇن.

— سەن دېگەندىكىن بولدى، قىلىۋەتتۇق، — مولۇت ئىسىملىك خاپانباش، كۆزلىرى بورتۇپ چىققان دۇيجاڭ قولىدىكى رومكىنىڭ يېرىم ھارىقىنى ئىچىپ، يېرىمىنى خۇشامەت بىلەن شۇجىغا تەڭلىدى، ـ قېنى، بىزمۇ بىر ھۆكۇمەتلەر بىلەن تەڭ يالىشىپ ئىچىپ قويايلى!

— ئەمدى خىزمەتنىڭ گېپىنى قويۇڭلار، — دېدى شۇجى بوم ئاۋازدا، ـ مۇنۇ ھېسامىدۇن باياتىن خېلى جىم ئولتۇرۇۋالدى، بىر كۇلەيلىلا!

— ھە، قېنى، قېنى، — دېيىشتى باشقىلار لوقما سېلىپ. ئەمما بۇ قېتىم ھېسام چاقچاققا ئالدىرىمىدى.

— سورۇن ئەھلى، شۇجى، مەخپىر دادۇيجاڭ، بىر گېپىم بار ئىدى، دېسەم بولارمۇ؟

ھېسامنىڭ جىددىي، ئەستايىدىل پارىڭى سورۇندىكىلەرگە دەررۇ تەسىر قىلدى. ئارىنى بىر ھازا جىمجىتلىق باستى. ھەممەيلەن بىرى ـ بىرىگە قاراشتى. كېيىن ئۆي ئىچىنى توساتتىن غاۋۇر ـ غۇۋۇرلار قاپلىدى.

— ھە قېنى، گەپ قىلىۋەر ھېسام!

— ئاڭقارا، سىز قىلالمايدىغان گەپ بولامدۇ ھېسامىدۇنوي، قۇلىقىمىز سىزدە.

— گەمىنىڭ جىمى گېپىنى سەن قىلىۋاتساڭ...

— خەپشۇك، قوناق بېرىڭلار — !

ھېسام ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، تامىقىنى قىرىپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

— ئەمدى، باشقا گەپمۇ ئەمەس، مەنمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ھەر بىرىڭلارنىڭ ئاتىدارچىلىقىدا مۇشۇنچىلىك كېتىپ بارىمەن. ھەر بىرىڭلار ئاتامنىڭ ئەرۋاھىنى خۇش قىلىپ، ماڭا جىق راپاۋەت قىلدىڭلار، مەنمۇ شۇ بىر ئورۇقات، مۇنۇ ئەكرەگە ھېلىقى چاغدا دېگىنىمدەك، بىر كۈندە بەش يۈز قەدەم يولنى ئاران ماڭىدىغان ئادەم.

(سورۇننى كۈلكە قاپلىدى) شۇ چاغدا تازا خاپا بولدۇڭ ھە ئەكرە؟ (ئەكرە دۈيجاڭ بىر قىزىرىۋالدى)، شۇنداق قىلىپ، دېمەكچى بولغىنىم، ئاۋۇ مەشۇر لۆم - لۆمدىن كېيىن مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر جۆندىۋالسام...

سورۇن ئەھلى باشتا ئىلگىرى - ئاخىر بىر كۈلۈشمەك قىلدى، كېيىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك شۈك بولۇشتى. كۆپچىلىك تۆردىكى ئىككى كاتتا ئەمەلدارغا، بولۇپمۇ سۇرلۇك شۇجىغا قاراشتى. ھەتتا گەپدان، يوغانباش مەخپىر داۋيجاڭمۇ يەر تېگىدىن شۇجىغا قارىدى.

— بولىدىغان گەپ، — دېدى شۇجى ئالدىرىماي، — سىز ھېسامىدۇن، بىزگە مېھمان ئەمەس، ئۆز ئادەم. قۇربان ئاكىنىڭ گەمىگە قىلغان خۇسۇمىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىڭىز شەھەردىن چىققان، ئوقۇغان ئادەم، ھۆكۈمەتتىن مائاش ئېلىپ كەلگەنسىز. راست، يېزا ئەمگەكلىرى سىزگە ئېغىر كېلىدۇ. مۇنۇ گەپنىڭغۇ بەلكىم چاقچاق قىلىپ دېمىگەنسىز، مۇبادا چاقچاق قىلىپ دېگەن بولسىڭىزمۇ بىز سىزنى بىرەر بۆردىسى بار، مەسئۇلىيىتىمۇ كەم ئەمەس ئىشقا قويساق بولىدۇ.

شۇجىنىڭ تەسىرلىك، مەنىلىك گېپى تۈگىشىلا سورۇن ۋاژىلداپ كەتتى. كەيپى خېلى تەڭشەلگەن مېھمانلار بىر - بىرىدىن ئالدىراپ ئىنكاس بىلدۈرەتتى:

— ۋاھ، مانا!

— شۇجى دېدىمۇ، پۈتتى!

— بىزنىڭ شىياۋدۈيگىلا كەلسۇنا ھېسام، بەشىنچىگە تازا دېگەندەك كۆكۈبشى كام، ئاتتا ئولتۇرۇپ...

— نېمە دەيدۇي مونۇ، زاپخوزلىقنىڭ گېپىنى قىلىۋاتسا...

— ۋاھ، يامان نىمە جۇمۇ سەن سالى، بىلمۇاپسەنە؟

— جىم تۇرۇي كۇسپاك، مەخپىركام پاراك قىلمۇاتىدۇ!

— مەنمۇ شۇجى ئەپەندىمنىك گىپىگە قوشۇلىمەن. بىراق ھىسام بۇ يەردە بىر گەپ بار، — چىڭقىلىپ سۆزلىدى مەخپىر دادۇيجاك.

— نىمە گەپ؟ — ھىسام ئاڭقىرالماي سورىدى.

— شۇ گەپكى ئۇكا، ھىسام ئەپەندىم، سەن بىزنىك گەمىدە يىلتىز تارتساك بولىدۇ ـ دە، قىلالامسەن شۇنى؟

— ۋاھ، راست گەپ، — كىمدۇر ئۇنلۇك ئاۋازدا لوقما سالدى. بىر مۇنچىلار ھىسامغا قايرىلىپ قاراشتى، جاۋابىنى كۇتتى.

ھىسام چاقچاق تىزلىكىدە ئىنكاس قايتۇردى:

— «ئۇندى ـ پىشتى»، ئەمەس، بىدە بولىدىكەنمەندە!

— بىدەك نىمىسى، تىرەك دىگىنە، تىرەك، ـ ئەكرە ھاياجانلىنىپ ۋارقىرىدى.

ھىسام دەماللىققا بىر نىمە دىمەكچى بولغانىدى، گەپنى يەنە تۆردىكى شۇجى يىغىنچاقلىدى.

— مەخپىر دادۇيجاڭمۇ جىنى بار پاراك قىلدى، ھىسامىدۇن، سىزمۇ ياخشى ئويلىنىك. كۆپنىك خىزمىتى ئەمەسمۇ، ھە! سىزلا بولسىڭىز بىز بار. ئەمىسە ھازىرچە ئۈز چاقچىقىمىزغا كىلەيلى، قىنى ھىسامىدۇن!

ھىسام دەرھال چىچەن تىلىنى ئىشقا سىلىپ، چاقچىقىنى باشلىۋەتتى. سورۇننىك كەيپىياتى لەپپىدە كۆتۈرۈلدى.

مەخپىر دادۇيجاك توغرا ئىيتقانىدى، ھىسام گەمىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، تۇيۇقسىز ئايرىلدى. بۇنىڭغىمۇ بىر تاسادىپ، بىر قىتىملىق ئولتۇرۇش سەۋەب بولغانىدى. بۇنىك تەپسىلاتىنى كىيىنكى بابتىن ئوقۇغايسىز.

بىر چاغلاردا سەلىمجان كۇندىلىك خاتىرىسىگە «ھايات تاسادىپىيلىقلارغا باي» دەپ يازغانىدى. ھەقىقەتەن شۇنداق!

# 33 . مۇنچىچى بولدى

مۇبادا خوجا نەسىردىن ئېيتقان قىسمەت توغرا كېلىپ قالمىغان بولسا، ھېسام گەمە يېزىسىدا يۇرت كاتتىلىرى بىلەن سورۇنداش بولۇپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ چاقچاقلىق ئىلتىماسى بويىچە بىرەر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ·زاپخوزلۇققا تەيىنلىنىپمۇ قالار بولغىيدى، لېكىن شۇ ئارىدا ئۇنىڭ رىسقى تۇرپانيۇزى يېزىسىغا توغرىلىنىپ قالدى. بۇنىڭغىمۇ يەنىلا چاقچاق سەۋەب بولدى.

بىر قېتىم غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۇزى يېزىسىنىڭ مەلۇم بىر دادۇيىدا دۇيجاڭلىق قىلىدىغان مۇسەللىم چىنە چىراي دېگەن كىشى گەمىگە بىر ئىش تۇپەيلى كېلىپ قالدى. ئاتمىشلارغا تاقاپ قالغان بولسىمۇ چىرايىدىن قىرىق ياشلار چامىسىدا كۆرۈنىدىغان ئاقپىشماق بۇ كىشىنى، كۆرگەن - بىلگەنلەر چىنە چىراي دېگەن چىرايلىق لەقەم بىلەن ئاتىشاتتى. ئىساق قىزىلباش دېگەن شەيران بىر يۇرتلۇقى، مۇسەللىم دادۇيجاڭنىڭ ئالدىدا دائىم خۇشامەت قىلىپ «جانابىڭىزنىڭ چىرايى ئامدان» دەپ كۆڭلىنى ئۇتاتتى.

تۇلپار بىلەن تۇلپار ياندىشار دېگەندەك، مۇسەللىم چىنە چىراي گەمىگە گەرچە شەخسىي ئىشى بىلەن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەدەم تەشرىپى دەرھال يۇرت ئەكابىر - تەكابىرلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. مەخپىر دادۇيجاڭ شەخسەن ئۆزى دەستىرخان سېلىپ مۇسەللىمنى كۈتۈۋالدى. سورۇندا ئەلۋەتتە ھېسام كەم بولمىدى. بۇ بايانلارنى مەشەدە توختىتىمىز.

ئۇلتۇرۇش ئاجايىپ قىزىپ كەتتى، ھېسامىمۇ قالتىس ئېچىلدى. ھە دېگەندە ھاراققا نېزىقاپ، ئەمەلدارلىق سۈپىتىنى نامايان قىلىپ ئولتۇرۇۋالغان چىنە چىراي زورلا - يېلىنا بىلەن ئىچكۈزۈلگەن بەش رومكىدىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇدى، ئۆزىنى

قىيادىن جىراغا قويۇپلىۋەتتى. سورۇن ئاخىرلاشقۇچە سوراپ
ئىچىپ، جايىدا ئۇسسۇل ئويناپ ئولتۇردى.
ھەممىدىن ئالاھىدە بولغىنى، مۇسەللىم دادۇيجاڭنىڭ ھې-
سامنىڭ چاقچاقلىرىغا كۆيۈپلا قالغىنى بولدى. ئۇ ئىلگىرى،
ھېسام ناھىيىلىك ئۆمەكتە ئىشلەۋاتقان چاغلاردا، ئۇنى بىر -
ئىككى قېتىم بازاردىكى سورۇنلاردا كۆرگەنىدى. پۈتۈن ئولتۇ-
رۇش داۋامىدا ئۇ، يەنى چىنە چىراي پەقەت شۇ توغرىلىقلا سۆز-
لەپ ئولتۇردى. ھېسامنى قىزىق گەپ قىلىپ بېرىشكە، ئۆزىنى
ئوخشىتىشقا زورلاۋەردى. ھېسامۇ «چىنە چىراي»نى تۇتقا قى-
لىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئىلگىرى - كېيىن ئوخشاتتى. كېيىن
مۇسەللىم مەست ھالىتىچە ھېسامنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ،
ئۇنى ئۆزى بىلەن تۇرپانيۈزىگە كېتىشكە دالالەت قىلىشقا باشلى-
دى. تۇرپانيۈزىدە ھېسامغا ئۆي سېلىپ بېرىدىغان، ئۆيلەپ قو-
يىدىغان، ھەتتا ئۇنى دادۇي كادىرلىقىغا تەيىنلەيدىغان بولدى...
ھېسام ھە دېگەندە مۇسەللىمنىڭ دەۋەتلىرىنى چاقچاققا بۇرىدى،
مەستچىلىكتىكى «سەمەرقەنت تەكلىپى» دەپ چۈشەندى. بىراق
ئاخىر كۆردىكى، چىنە چىراي جان - جەھلى بىلەن بۇ ئىشقا
كىرىشىپ قالغان، ئۇ ھاراق ئىچكەنسېرى سەگەكلىشىپ، دالالى-
تىنى ئەۋجىگە كۆتۈرەر ئىدى. قانداق بولدى، بىر چاغدا ھېسام-
نىڭمۇ قورسىقىغا جىن كىردى. «تارتىشىۋەرمەي، بىر قىزىقچى-
لىق كۆرمەيمۇ، بارسام باراي يا، تۇرپانيۈزىدىمۇ ئەل - ئاغىنى-
لەر بارغۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.
— ماقۇل، دادۇيجاڭ، بارسام باراي، لېكىن بىر شەرتىم
بار، — دېدى ھېسام ئاخىر. چىنە چىراي كەيپتىن بەقەدەك
قىزارغان كۆزلىرىنى ھېسامغا جىددىي تىكىپ قارىغىنىچە:
— خوش، نېمە شەرت ئۇ ھېسام ئۇكا، دەۋەرگىن، بولە!
— دېدى.
— ھازىر مەست دەڭا ئاكا، — دېدى ھېسام، — ئەتە تاڭ
ئاتقاندا مۇشۇ تەكلىپىڭىزنى ئۇنتۇماي دېسىڭىز، مانا مەن تەييار!
ئەتىسى مەخپىر دادۇيجاڭنىڭ قايماقلىق ئەتكەن چېيىنى

www.uyghurkitap.com

گەردىن ئاپقۇردا ئۈچ قايتۇرۇپ سۇمۇرۇۋالغان مۇسەللىم دادۇي‑
جاڭ، دۇئادىن كېيىن ھېسامغا قارىدى:

— خوش ھېسام ئۇكا، ماڭامدۇق؟

ھېسامنىڭ چىرايىغا قايىللىق كۈلكىسى يۈگۈردى.

— ئاپىرىن، ئالامەتكەنسىز ئاكا، ماڭدۇق!

گەمىلىكلەر بىرەر – يېرىمدەم ئارى تارت، بىرى تارت قىلىشتى. ئۇلارنى چىنە چىراي ئۆزى باشلىدى.

— ئاخشام رومكىنى تۇتۇۋېلىپ، يۈرەكنى ئايىمايمىز دېيىشىۋاتاتتىڭلار ئاغىنىلەر، ئەمدى بىزدىن ھېسامنى ئايامسىلەر؟

شۇنداق قىلىپ ھېسام بىر مەزگىل تۈرپانىيۈزلىك بولۇپ كەتتى. تۈرپانىيۈزلىكلەرمۇ ئۇنىڭ كەلگىنىگە قەۋەت خۇشال بولۇشتى. بىر مەزگىل مېھماندارچىلىقلار قايىندى. زامان قاتتىق ۋە ئەنسىز چاغلار بولسىمۇ، يۇرت ئەھلى كۈلكە، ئويۇنسىز يۈرەلمەيتتى. ئۇ بىر ئۇدۇم ئىدى. تۈرپانىيۈزلىكلەر ھېسامنىڭ يېڭىدىن – يېڭى چاقچاقلىرىدىن ھۇزۇرلىنىشىپ، ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزۈشۈپ، غورىگۇل تاماقلىرىغا ئۇنى بىرىدىن – بىرى قالماي چىللاپ، بىر مەزگىل «ھېسام قىزغىنلىقى» پەيدا قىلىشتى.

مۇسەللىم دادۇيجاڭ ئالدى بىلەن ھېسامنى دادۇي ئىدارىسىدىكى توپىسى تۆكۈلۈپ تۇرغان كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئىدارە قورۇسىدا شەھەردىن قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرىدىغان «خىزمەت گۇرۇپپا»لىرىغا تاماق ئېتىدىغان كوللېكتىپ ئاشخانىمۇ بار ئىدى. ھېسام ئۇ يەردىن ئانچە كۆپ تاماق يەپ كەتمىدى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى كۆپ ئىدى، ئۆزىمۇ مەھەللىنى ئارىلاپ يۈرگەچكە، قورساقنى ئۆتتۈرۈۋەتمەيتتى.

چىنە چىراي ھە دېگەندە ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ، ھېسامنى دادۇي ئىدارىسىدا يۈگۈر – يېتىم ئىشلارنى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە پەيلەپ قويدى. ئۇنىڭ ھېسامنى تۈرپانىيۈزگە ئېلىپ كېلىشىدىكى مەقسىتى سورۇن، ئولتۇرۇشلاردا ئۆزىنى كۆرسى‑

تىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. نۆۋىتىدە، مىجەزىگە يارىشا ھېسامۇ «نەگە بارساڭ قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دېگەن ماقالغا ئىتائەت قىلاتتى. «ئادەم ئەتكەنگە تەزىم ئەت» دېگەن ماقالىنىمۇ ئەمەل قىلاتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇرپانيۈزىدىكى كۈنلىرى شىر - شىر ئېقىندەك ئاستا، بىلىنمەي، بىر خىل ئۆتۈشكە باشلىدى. كەچلىكلىرى، تولىراق ئۇ گەمىدىكىگە ئوپمۇئوخشاش سورۇنلاردا مېھمان بولۇپ، مۇسەللىم چىنە چىرايىنىڭ قوماندانلىقىدا مېھمانلارنى كۈلدۈرەتتى. كۈندۈزى بولسا دادۈي ئىدارىسىدا كاتىپ، بوغالتىر ۋە باشقا «لەڭ يەيدىغانلار» بىلەن نېرى - بېرى گەپلەرنى قىلىشىپ، ئۇلارنى چۆرىسىگە يىغىپ، كۈلدۈرۈپ ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. دادۈيگە بىرەر ئىش بىلەن كېلىپ قالغان دېھقانلار بوغالتىر يە كاتىپنى ساقلىغاچ توپىسى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئىشخانا تېمىغا يۆلىنىپ، تامنىڭ توپىسىنى تېخىمۇ تۆككەچ ھېسامنى گەپكە سالاتتى ۋە «پاھ، غەلەت نېمىكەنا بۇ!»، «ئاڭقارا، ھە، يەنچۇ؟» دېيىشىپ، ۋاقاقشىپ كۈلۈشەتتى. چۈش بولاي دېگەندە بىرەرسى ئىشنى پۈتتۈرۈپ ياكى «دادۈي ئەمەلدارى»نى كۈتۈپ زېرىكىپ، قايتماقچى بولاتتى - دە، ھېسامنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆيىگە، يا كۆك پۆرىسىگە، يە گۆشسىز لەغمەنگە ئېلىپ ماڭاتتى. بۇنداقلار مەھەللىسىگە بارغاندا تولىراق قولۇم - قوشنىلىرىغا ماختىنىپ:

— دادۈيگە بارسام مۇنۇ ھېسام ئولتۇرۇپتىكەن ئەسنەپ، جۈرى دەپلا، باشلاپ كەلدىم، — دەيتتى.

تۇرپانيۈزىگە كېلىپ ئىككى ھەپتىلەردىن كېيىن مۇسەللىم دادۈيجاڭ بىر نېمىنى ئويلىدىمۇ، ھېسامغا كونكرېتنى ۋەزىپە تاپشۇردى. يەنى، ئۇنى ھەر كۈنى ناھىيىدىن كېلىدىغان پوچتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، خەت - چەك، گېزىتلەرنى تارقىتىشقا بۇيرۇدى. دەسلەپىدە ھېسام بۇ ئىشتا سەل قىينالدى، كېيىنچە كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ئېپىنى ئىگىلىۋالدى. خەتلەرنى ئۇ دادۈي ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپلا خەت ئىگىسىنى تونۇيدىغانلاردىن ماڭدۇرۇپ

تۇردى. گېزىتنىڭ ئىشى چاتاق ئىدى. موخوركا چېكىدىغانلار «مەن ئاپىرىپ بېرەي» دەپلا ئېلىۋېلىپ، تۇتۇنگە ئىشلىتىۋېتىپ قاراپ ئولتۇراتتى. بىر كۈنى دادۇي قورۇسى ئالدىدا پادىدىن قايتقان كالىلارغا قاراپ ئولتۇرغان ھېسامنىڭ كاللىسىغا ۋىللىدە بىر خىيال توغرىسى، بىر پىكىر كەلدى. شۇ پىكىرغا ئاساسەن ھېسام گېزىتكە يېزىلغانلارنىڭ كالىلىرىنى تونۇۋېلىپ، ھەر كۈ-نى كەچقۇرۇن پادا قايتقاندا گېزىتلەرنى كالىلارنىڭ مۈڭگۈزىگە سانجىپ قويىدىغان بولدى. بۇ چارە بىر مەھەل تورپانيۈزلىك-لەرنى كۈلدۈرۈپ، چاقچاق تەرىقىسىدە غۇلجا شەھىرىگىمۇ يېتىپ باردى.

تورپانيۈزدە دادۇي باشقۇرۇشىدىكى بىر كونا مۇنچا بار ئىدى. قانداق بولدى، مۇسەللىم چىنە چىرايىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ مۇنچىغا ھېسامغا قاراتقۇزغۇسى كېلىپ قالدى. يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا دەپ بىر كىچىك بالىنى قوشۇپ بەردى. بۇ ئىشتىن ھېسامنىڭ سەل قورسىقى كۆپكەن بولسىمۇ، ئەمما ئى-چىگە يۇتۇپ، مۇنچا باشقۇرۇشقا كىرىشتى. نەتىجىدە مۇنچا تۈپەي-لى بىر مۇنچە قىزىق ئىش، قىزىق گەپلەر كېلىپ چىقتى.

بىر قېتىم، كەچ كۈزنىڭ سۇس يېغىنلىق كۈنىدە چىنە چىرايىنىڭ ھاكاۋۇر ئايالى بىر دوستىنى ئېلىپ مۇنچىغا كەلدى. ئۇلار تازا يۇيۇنۇۋاتقاندا ئەتتىگەندىن بېرى ئىس چىقىپ تۇرغان پەچ بىردىنلا تېخىمۇ قاتتىق تۈتەپ، ئىس ئۇلغايدى. بىر چاغدا مۇنچىدىن ھالدار خانىمنىڭ دوستى يېرىم - يالىڭاچ كىيىنگەن پېتى قېچىپ چىقتى - دە:

— ۋاي مۇنچىچى، ۋاي ھېسام، ئادەم ئۆلدى، بولۇڭ چاق-قان! — دەپ سۈرەن سالغىلى تۇردى.

ھېسام مۇنچا ئىچىدە دادۇيجاڭ خېنىمنىڭ ئىس ئېلىپ يې-تىپ قالغانلىقىنى دەرھال سەزدى. ئۇياق - بۇياققا چاپتى. ئەتراپتا ئايال زاتى كۆرۈنمەيتتى، ھېلىقى يۈگۈر - يېتىمچى شۇمۇ نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. دادۇيجاڭ خېنىم بىلەن تالا-شىپ مۇنچىغا بىللە كەلگەن ئايال شۇ تاپتا دوزاختىن قاچقاندەك،

ئۆزى بايا قېچىپ چىققان ئىشىككە يېقىن كەلمەيتتى. ئۇنىمۇ ئىس ئېلىپ، خېلى ئېلىك - سېلىك قىلىپ قويغانىدى. ئامالى قالمىغان ھېسام ئاخىر چاپىنىنى يۈز - كۆزىنى توسۇپ بېشىغا يۆگىدى - دە، مۇنچىغا ئېتىلىپ كىرىپ، يالىڭاچ ئايالنى سۆرەپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭغۇچە سىرتتىكى ئايال ئېسىغا كې-لىپ، دادۇيجاڭنىڭ خانىمنى كىيىندۇرۇۋالدى.

ئەتىسى مۇسەللىم دادۇيجاڭ مۇنچىغا قاپىقىنى سېلىپ كى-رىپ كەلدى.

— ھە، ھېسام، مۇنچىغا ياخشى قارىساڭ بولمامدۇ، تاس قاپتا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر...

— شۇنى دەڭا دادۇيجاڭ، خۇدايىم بىر ساقلىدى.

— ھە، ئاڭلىسام بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى سەن تالاغا ئاچىقىپ-سەنە؟ ھىم ...

ھېسام دەررۇ، چىنە چىرايىنىڭ ئىچىنى غاجاۋاتقان قۇرتنى بايقىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ دادۇيجاڭ، — دېدى دەررۇ، — ئۆزۈم كىرىپ قۇتقۇزدۇم، باش - كۆزۈم تالادا قالغان.

مۇسەللىم چىنە چىراي تەپسىلاتنى ئايالى بىلەن مۇنچىغا بىللە كەلگەن خوتۇندىن ئاللىقاچان ئاڭلىغانىدى، شۇڭا ھازىر ھېسامنىڭ گېپىدىكى مەنىنى چۈشەندى ۋە يەنە بىر قېتىم خاتىر-جەم بولدى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي:

— ئەمدى كاللاڭغا ھېزى بول ھە ھېسام، مۇنچا دېگەن سەن چاقچاق قىلىدىغان مەشرەپ ئەمەس.

ھېسامنىڭ ئاچچىقى كەلدى، لېكىن ئۈنچىقمىدى. كۆپ ئۆتمەي ئۆچىنى ئېلىۋالدى. بىر كۈنى مۇسەللىم چىنە چىراي ئۆزى مۇنچىغا كىرگەنىدى، ھېسام ئۇنى ئەتەي ئۆگزىسىدە يوچۇ-قى بار، ئىسسىمايدىغان خانىغا كىرگۈزۈپ قويدى. بۇ قىش مەزگىلى ئىدى.

بىر چاغدا چالا يۇيۇنغان مۇسەللىم جالاقلاپ تىترىگىنىچە قار - يامغۇر تىل سېلىپ مۇنچىدىن چىقىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— هەي هېسام، هەي دەلدۇش، قېنى سەن، دادۇيجاڭ مۇنچىغا كەلسە، ئەسكىسىگە چۇشەمدا؟ قېنى دېگىنە؟

— توغرا دەيسىز چىنە چىرىيىم، - دېدى هېسام گەپكە - گەپ كەلگەندە ئايىماي، — سەنئەتچى تۆۋەنگە چۇشسە مۇنچىچى بولامدا؟ ! مۇشۇما سىزنىڭ مېنى گەمىدىن ئەكىلىپ، بەرگەن كادىرلىقىڭىز؟

مۇسەللىم چىنە چىراي بىر مەھەل هېسامغا دىلىنىپ يۇردى، ئەمما هېسام مىجەزىگە يارىشا كۆرگەن يېرىدە دادۇيجاڭغا سالام، چاقچاق قىلىپ يۇرىۋەردى.

ئۇنىڭغا - يۇنىڭغاندەك، بىر كۇنى مۇنچىغا ئوت كەتتى. ئۇ كۇنى هېسام ئارام ئالغان بولۇپ، مۇنچىدا مۇسەللىم چىنە چىراي يېقىندىلا هېلىقى كىچىك بالىنى كەتكۇزۇۋېتىپ، ئورنىغا ئەكېلىپ قويغان هالدار خانىمنىڭ تۇغقىنى، بىر قېرى بوۋاي بار ئىدى.

ئوت تېزلا ئۇچۇرۇۋېلىندى، ئۇنىڭغۇچە هېسامىمۇ ئۇلگۇرۇپ كەلگەندى. مازارلىقتا چاقچاق قىلىشىدىغان تۇرپانىيۇزلىكلەر هېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى:

— هېسام، تاس قالدۇقتە تۇرپانىيۇزنىڭ بىردىنبىر مۇنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغىلى هە؟ سۇ بولمىسا قانداق قىلارىدۇق؟

— خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى هېسام، — تۇرپانىيۇزلىكنىڭ هەممىسى كېلىپ بىردىن تۇكۇرسىمۇ ئۆچمەيدۇ بۇنچىلىك ئوت دېگەن!

كىشىلەر پاراقلاپ كۇلۇشتى، بىر چەتتە جىددىيلىشىپ تۇرغان مۇسەللىم دادۇيجاڭمۇ ئامالسىز جىلمايدى.

— هەي هېسام، هەي هېسام، سىياسىي سەزگۇرلۇكۇڭ تۆۋەنكەن جۇمۇ سېنىڭ هە؟ باشقا ئىشقا قويساق بولغۇدەك سېنى!

چىنە چىراي هېسامنى مۇنچىدىن يۆتكەپ قانداق ئىشقا قويدى؟ بۇنى كېلەركى بابتىن ئاڭلار.

# 34. زىرىكىپ كەتسەم قانداق قىلىمەن

بىز سەلىم جامالنىڭ خاتىرىسىنى داۋاملىق ۋاراقلىساق،
مۇنداق قىزىق ئەستىلىكلەرنىمۇ ئوقۇيمىز.
مۇسەللىم چىنە چىراي ھېسامنى «سىياسىي سەزگۈرلۈك-
نىڭ يۇقىرى ئەمەسكەن» دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنى مۇذ-
چىدىن ئازاد قىلىپ، جاۋابكارلىقى ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك خىزمەت-
كە تەيىنلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، دادۇيجاڭغا ھېسامنىڭ ھېلى-
قى بىر ئېغىز چاقچىقى، يەنى «سەنئەتچى تۆۋەنگە چۈشسە مۇنچى-
چى بولامدۇ؟» دېگەن گېپى يامانمۇ ئۆتۈپ كەتكەندى. ھېسام
ئۇ گەپنى قىلغاندا ئەلۋەتتە چىنە چىراي ئىككىسى يالغۇزلا ئەمەس
ئىدى-دە! بۇ پاراڭ ئېغىزدىن - ئېغىزغا تاراپ، كېيىنكى
كۈنلەردە تۇرپانىيۇزلىكلەر مۇسەللىمنى كوچىدا ماڭالماس، سو-
رۇندا ئولتۇرالماس قىلىپ قويغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، مۇ-
سەللىم كېيىنكى ۋاقىتتا مۇنچىغا قارانچۇقلۇققا تەيىنلىگەن ھې-
لىقى قىرىغا، ئايالىنىڭ تۇغقىنىغا سۇتسىز سىيىرنىڭكىدەك كى-
رىملىك مۇنچىنى بىراقلا ئېلىپ بەرمىسە، ئۆيىدە ئۇچ ۋاخ
غىزانى ئارامخۇدا يېيەلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ يەتكەنىدى.
خوش، بۇ يەردە يەنە بىر مۇھىم ئىش بار، ھاراققا كۆتۈ-
رۈشلۈك، ئويۇنقېپى مۇسەللىم دادۇيجاڭ كەيپچىلىك ۋە ئوغۇل
بالىچىلىقىغا ئېلىپ ھېسامنى مىڭبىر ۋەدە بىلەن ئىسسىق ئورنى-
دىن - گەمىدىن تۇرپانيۇزگە ئەكىلىپ، بۇ ئىش بەدىلىگە سوت-
سىيالىستىك تەلىم - تەربىيە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى كەسكىن
كادىرلاردىن تەنقىد يەپ قالدى. سەۋەبى، ئۇ چاقچاقلا قىلىپ،
گۇرسۇلدىتىپ كەتمەن چاپالمايدىغان بىر ئادەمنى «يۇك ئۇستىگە
يۇك قىلىپ» يۆتكەپ كەلگەنىدى. ئەكسىچە، دەل شۇ مەزگىل-
لەردە جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئوقاق تارتىپ

www.uyghurkitap.com

تۆرپانيۇزىگە كەلگەن نى ـ نى كۇچتۇڭگۇر مۇساپىرلار شياۋدۇيگە
ئۇرۇنلىشالمايۋاتاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ھىسامنىڭ چاقچاق
پاراڭلىرى خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە ياقماس، ئۇلار بۇ چاقـ
چاقلارنى سىنىپىي كۇرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەرىكىتىـ
گە پايدىسىز ھەتتا زىيانلىق دەپ تونۇيتتى. بۇ كەمگىچە خىزمەت
گۇرۇپپىسىنىڭ پەقەتلا كۇلمەيدىغان باشلىقى ھىسامنى نەچچە
چاقىرتىپ، پوپوزىلىق سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىپمۇ ئۇلگۇرگەنىـ
دى. ئۇ زامانلاردا قىلدىن قىيىق كەتسە ئاق يەردىن قىيان
كېلىۋېرىدىغان.

ئوغۇل بالا مۇسەللىم خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئاڭلىغان
گەپكە ئانچە جۇلمەرەپ كەتمىدى ـ يۇ، ھىسامنىڭ ئاچچىق چاقـ
چىقىدىن كۆڭلى خېلى كۇنلەرگىچە بىر قىسما بولۇپ يۇردى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆي سېلىپ بېرىش، ئۆيلەپ قويۇش دېگەندەك
ھىسامغا گەمدە بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋەزىيەت تۇپەيلى ئەمەل
قىلالمىغانلىقىغىمۇ («ئۆزۈم يالغانچى ئەمەس، يارىقىم يالغاذـ
چى» دېگەندەك) ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى. ئەنە شۇنداق بىر
توقاي سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن چىنە چىراي ھىسامنى مۇنچىدىن داڭ
چېلىشقا يۆتكەپ قويدى.

يېزا يېرى شۇنداق، بۇ يەردە كادىردىن تارتىپ دېھقانغىچە
ھەممە ئادەم، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇچرىغان ئىشنى قىلىدىغان
گەپ. قارىساڭ، ئايال دۇيجاڭ ئاغرىپ قالسا، ئەر دۇيجاڭ
گۇڭشىدا ئېچىلىدىغان ئاياللار خىزمىتى يىغىنىغا چاپىنىنى مۇردـ
ىسىگە سېلىپ كېتىۋاتقان، قايتىپ كېلىپ، ئەترەتتىكى بارلىق
خوتۇن ـ قىزلارنى بىر يەرگە يىغىۋېلىپ «بىز ئاياللار...» دەپ
گەپنى باشلاپ، «گۇڭشى داڭۋېيىنىڭ روھى»نى يەتكۇـ
زۇۋاتقان.» (بۇ بىر جۇملە مۇسەللىم دادۇيجاڭنىڭ ئادەت
سۆزى — مۇئەللىپ). يەنە بىر كۇنلىرى قارايسەنكى، «تۆمۇر
قىزلار بەنى»نىڭ قارىمۇتۇق، ئۇنى ئوغۇل بالىنىڭكىدەك چىقىرـ
دىغان بەنجاڭى ئالىقانلىرىغا تۇكۇرۇكدەپ قويۇپ، تاش پارتلىتىـ
دىغان سايدالومنىڭ ئۇچىغا بازغان ئۇرۇۋاتقان، لومنى بولسا

ۋىجىككىنە، قەغەز چىراي (بۇمۇ مۇسەللىمنىڭ سۆزى) زىيالىي ياش يىگىت تۇتۇپ بېرىۋاتقان...

ئەمدى ياش ئوقۇرمەنلىرىمىزگە «داڭ چېلىش» نىڭ نېمىلىكىنى سۆزلەپ بېرەيلى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو يېزىلىرىدا «سوتسىيالىستىك تەلىم ـ تەربىيە ھەرىكىتى» كەڭ كۆلەمدە ۋە تولىمۇ كەسكىن ئېلىپ بېرىلغان. 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «3 قىزىل بايراق» (چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، باشيول، خەلق گۇڭشېسى①) نى تېخىمۇ لەپىلدىتىش مەقسىتىدە يېزىلاردا يولغا قويۇلغان «دولقۇن» ھەرىكىتى بۇ كەملەرگە كېلىپ ئەۋجىگە چىققانىدى. «دولقۇن» نىڭ تەلىپى بويىچە («تۆمۈر تەلىپى بويىچە» دېسەك تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ.) كوممۇنا ئەزالىرى جاپالىق، جاپالىق، يەنە جاپالىق ئىشلىشى كېرەك ئىدى، يەنى ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە بىر داڭ چېلىنىش بىلەن قاراڭغۇ ـ ماراڭغۇدا ئېتىز بېشىغا چىقىپ، ناشتىغىچە دولقۇن قوزغاپ جىددىي ئەمگەك قىلىش، مانا شۇ تۆمۈر تۈزۈمنىڭ بىر ماددىسى، يەنى باشلانمىسى ئىدى. بىر كۈنلۈك جاپالىق، كەسكىن ئەمگەك رىتىمى ئەنە شۇ داڭ ئارقىلىق باشقۇرۇلاتتى. ئوقۇرمەنلىرىمىز ئەمدى ھېسامنىڭ مۇنچىچىلىقتىن قېلىپ، ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ قانداق ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ۋە مەزكۇر ۋەزىپىنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى چۈشىنىپ يەتكەن بولسا كېرەك.

ھەممە نەرسىگە ھەجۋىي كۆزى، كۈلكە نەزىرى بىلەن قاراپ ياشايدىغان ھېسام ئۆزىگە يۈكلەنگەن يېڭى ۋەزىپىنىمۇ يۇمۇرلۇق ئىپادە بىلەن قوبۇل قىلدى.

— پاھ، شەدىن ئالايتەن تۇرپانىيۇزلىكنى ئويغۇتىمەن دەپلا چىقىپتىكەنمەندە، ھە؟ — بوپتۇ، ئىشقىلىپ داڭدىنغۇ مۇنچىدەك ئىس يانماس!

---

① خەلق گۇڭشېسى ـ خەلق كوممۇنىسى.

— ئامالىكىن دىققەت قىلمىساڭ داڭنى ئاسقان قېرى قارىياغاچقا ئوت كېتىدۇ جۇمۇ ھېسام!

— قارىياغاچقا ئوت كەتسە داڭنى سېنىڭ بويىنۇڭغا باغلاپ قويارمەن ئېلاخونكا، — دېدى ھېسام «تۆگە» لەقەملىك، ئېگىز، قاقراڭ كىشىگە چاقچاق قىلىپ. ھېلىمۇ بۇ چاقچاقلار بولۇۋاتقاندا مۇسەللىم چىنە چىراي يوق، گۇڭشېغا جىددىي چاقىرىلغان يىغىنغا كېتىپ قالغانىدى. بولمىسا ئۇ «سىياسىي ئېڭىڭ تۆۋەن، ھېسام! مەپكۇرەڭنى جۆندە...» دېگەندەك مودا ئاتالغۇلارنى يەنە بىر قېتىم راھەتلىنىپ ئىشلىتىۋالغان بولاتتى.

دېگەنبىلەن ھېساممۇ شۇ قىلىچ بىسىدەك زاماندا ياشاۋاتقان بولغاچقا، ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىكىدىن بىخەۋەر ئەمەس ئىدى. مۇنچىدىن ئايرىلغان كۈنى، ئۇ مۇنچىنى ھېلىقى قېرىغا تاپىلاپ، ئۆتكۈزۈپ، بىر بوغچۇما لاقا - لۇقىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، دادۈي ماخوسىدىكى يېڭى ئۆيىسىغا قايتتى. يوغانلىقى دىشلۇنىڭ بىر پاي چاقىدەك كېلىدىغان، ئەمما چاقتىن تالاي كەڭ، كېلەڭسىز بىر پارچە تۆمۈر، ساما بورسكىنىڭ[1] يېپيېڭىلا بىر قانىتى نەچچە قەۋەت سىم ئارقىلىق ماخو قورۇنىڭ بىر چېتىدە مۆڭلىنىپ تۇرغان قېرى قارىياغاچنىڭ بىر غولىغا ئېسىلغان، قارىياغاچ تۈۋىدە بولسا، لومدىن كىچىكرەك بىر ئۇزۇن تۆمۈر داتلىشىپ ياتاتتى. ھېسامنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشى، يەنى ماخودىكى بىر قىزىقچى ئاتباقارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «ئىستىقامىتى» ئەنە شۇ داتلاشقان تۆمۈرنى ساما بورسكا قانىتىغا دادۈي بېكىتكەن ۋاقىت - قەرەلى بويىچە ئۇرۇپ، كوممۇنا ئەزالىرىنى تۈگمەيدىغان ئەمگەككە چىللاش ئىدى.

ھېسام مۇسەللىم دادۈيجاڭ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەرەك خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى ئۆپكىسى يوق بىر كادىرچاقنىڭ جىددىي، ئەزۋەيلەپ ئۆگىتىشى، تاپشۇرۇقى بويىچە داڭ چېلىش شەرەپلىك

---

① ساما بورسكا - بۇغداي ئورىغۇچ.



www.uyghurkitap.com

ۋەزىپىسىنى ئىجرا ئېتىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭغا ئەڭ تەس كېلى-
دىغىنى ئەزالىرىنى ھەر كۈنى تاڭ قاراڭغۇسىدىكى «دولقۇن» غا
چىللاپ چالىدىغان داڭ ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ داڭنىڭ «سىنىپىي
كۆرەش نۇقتىسىدىن مۇھىم» لىقى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى.
بۇ «مۇھىم» غا بىر قېتىم چىقمىغانلار قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرايت-
تى. ئۈچ قېتىم چىقمىغانلار «سىنىپىي دۈشمەن» سۈپىتىدە
كۆرەشكە تارتىلاتتى. خوش، ئەمدى ئۇنى بىرەر قېتىم چالماي
ياكى ۋاقتى ـ قەرەلىدىن ئۆتكۈزۈپ چالغان ئادەمچۇ؟ نوزەمبىللا،
خۇدايىم ئۇ كۈننى بەندىسىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن. كۆرۈپ تۇرۇ-
ۋاتىسىلەركى ھېسام ئەنە شۇنداق مۇقەددەس ھەم شەرەپلىك ۋەزى-
پىگە قويۇلغانىدى. مۇسەللىمنىڭ ھېسامنى تۇرپانىيۇزىدىن چاپ-
سانىراق زېرىكتۈرۈش خىيالى بارمۇ، نېمە؟!
دېگەندەك، ھېسام بۇ ۋەزىپىدىن ھەپتە ئۆتمەيلا بۇرنى ـ
قۇلىقىغىچە تويدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇيقۇسى كەم ھېلىقى قى-
زىقچى ئات باقار ھەر سەھەرلىكى دېگۈدەك ھېسامنى ئويغىتىپ
قوياتتى. ئاشۇ سەھەرلىك «دولقۇن» غا داڭ چالىمەن دەپ، ھې-
سام كۈن ئارىلاپلا تېپىلىپ تۇرىدىغان كەچكى ئولتۇرۇشلارغا
پېتىنىپ بارالمايدىغان بولدى. ھېلىمۇ ياخشى، تىنىمسىز مەھەل-
لە ياشلىرى كېيىنچە بۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتى. ئۇلار يەيدىغان ـ
ئىچىدىغانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ قاراڭغۇ چۈشكەندە ماخوغىلا كېلى-
شىدىغان بولدى ۋە ھېسامنىڭ ئوخشىتىشى بويىچە ئېيتقاندا داڭ-
نى «ئولاش ـ چولاش چېلىنىشاتتى».
سەھەرلىك دولقۇن ئىككى سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن،
ھېسام دادۈي تەرىپىدىن بېرىلگەن ئالاھىدە ئىمتىياز — بېشىنى
توختىماي لىڭشىتىپ دانلاۋاتقان مېكىيانىنىڭ سۈرىتى بار ئۈستەل
سائىتىگە قاراپ (مۇسەللىم چىنە چىراي ھېسامغا بۇ قوڭغۇراق-
لىق سائەتنىڭ جىرىڭلاپ ئويغىتىدىغان يېرىگىچە بەتەپسىل كۆر-
سىتىپ، ئۆگىتىپ، ھەتتا ئۆزى توغرىلاپ بەرگەنىدى) ئەتىگەن-
لىك چايغا داڭ چالاتتى. سەھەرنىڭ سوغۇقىدا چالا ئۇيقۇ يېتى
ئىككى سائەت مەجبۇرىي ئەمگەكنى ماشىنا ئادەمدەك ئادا قىلغان

دېھقانلار ئۆھ دېيىشىپ ئۆيلىرىگە، ئەتكەن چاي بىلەن زاغرا نانىنىڭ قېشىغا چاپاتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ھېسام داڭنى ئەمدى رەسمىي ئەتتىنگەنلىك ئەمگەككە چالاتتى… شۇ تەرىقىدە كەچلىك ئۆگىنىشكىچە داڭ توختىماي چېلىناتتى. ھەر قېتىم داڭ چېلىنغاندا كىشىلەر جاندىن جاق تويغان ئاۋاز بىلەن داڭنى ئەمەس، توپ - توغرا ھېسامنى تىلللىشاتتى:

— يانا قوپتى مۇنۇ دەلدۈش، ئەسكى دېسىنى چېلىپ…

— شۇنى دېمەمسەن، ئۆزىگىمۇ راھەت، چالىدىغاننى چېلىپ بولۇپ، خورىكىنى پاڭشىلىك تارتىدۇ.

مۇنداق دەيدىغانلارمۇ چىقاتتى:

— نەنىڭ خورىكىنى تارتىدۇ ئۇ بايقۇش، بىر داڭنى خاتا چالسا، مامىخالىسىنى كۆرسىتەر!

— ھېسامغىمۇ تەس جۇمۇ ئۇلارۇي، ئۇمۇ جان باقسام دەيدە-غۇ!

— ئۇ چالمىسا، يەنە بىرى چالارىدى بۇ دوزىخىي داڭنى…

كېيىنكى گەپلەر ھەقىقەتەن ئاقىلانە ئېيتىلغانىدى. ھېسام ھەر قېتىملىق داڭنى بويىنىدىن باغلىغاندەك چالاتتى. «مۇشۇ داڭغا ئېرىغا كۆڭۈلسىز بولغان خوتۇندەك كۆڭۈلسىز بوپكەتتىم قارا كېۋىر» دەيتتى ئۇ پات - پاتلا، قىزىقچى ئات باقارغا. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ قىلمىۋاتقىنى ئادەمنى زېرىكتۈرۈپ، تالجىقتۇ-رۇپ تۈگىتىدىغان مەززىسىز، ئاخىرى چىقماس بىر ئىش ئىدى.

ئاخىرى، ھېسام بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قىلماي قوي-مايدىغان ئىش يۈز بەردى. يازنىڭ ئۇزۇن، تىنجىق، ساراتان كۈنلىرىنىڭ بىر چۈشتىن كېيىنلىكى ھېسام چۈشۈن ۋە كۆكۈيۈن-لەر گىژىلدىغان ماخودا ئولتۇرۇپ زېرىكتى، قورۇدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئات باقارلار كەچتە پەيدا بولاتتى. ئۇزۇن كۈنلەرگە سوزۇلغان زېرىكىش، بىزارلىق، ئۇيقۇسىزلىك ۋە چارچاش ھېسامنىڭ نېرۋىلىرىنى توساتتىن جىددىيلەشتۈردى، ئويىنتمۇەتتى. ئىشتىن چۈشۈشكە تېخى بىر يېرىم سائەت ۋاقىت بار ئىدى، ھەممە ئادەم ئۇمىدا، تېپىندا، يەنە بىر، يەنە بىر

جىددىي ئىشلاردا ئىدى. بىر چاغدا ھېسام ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغان پېتى، قېرى قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە باردى. لوم تۆمۈرنى قولىغا ئالدىدە، ساما بورسكا قانتىغا ئۇردى... ئۇرىۋەردى. تۇرپانىيۇزىلىكلەر، بۇيرۇقتا ئۆگەنگەن مېخانىك ئادەملەردەك دەرھال چاقىرىقتا ئىتائەت قىلدى. پات - پاتلا بوپقالىدىغان يىغىنلارنى ئېسىگە ئېلىشىپ «خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنە بىرەر مۇھىم مەجلىس ئاچسا كېرەك» دېيىشتىدە، ئىشلىرىنى جايىغىلا تاشلاپ، دادۇي ئىدارىسىغا دەۋرەپ مېڭىشتى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بىر كادىرى ئۆڭسۈلى ئۆچۈپ، ماخوغا ۋېلىسىپىتلىك چېپىپ كىردى.

— ھەي داڭچى، نېمە قىلغىنىڭ بۇ، نېمىدەپ ئىش ۋاقتى توشماي داڭنى چالىسەن، ئېيتە؟

ھېسام كادىرغا ئۆندەرگەندەك قاراپ، كۈلۈمسىرىدى:

— زېرىكىپ چېلىپ قويغان كادىر ئەپەندىم، ئىشنىپ قاپسىلەردە!

ھېسام ئىككى كۈن تەنقىد ئاڭلىدى. مۇسەللىم دادۇيجاڭ ئارىغا كىرىپ، ئۇنى ئاياپ قالدى.

بىراق بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇ ئىش يەنە تەكرارلاندى. بۇ قېتىم ھېسام داڭنى تاق يېرىم كېچە، سائەت ئون ئىككىدە چالغانىدى. پۈتۈن تۇرپانىيۇزى تەۋرەپ كەتتى.

بۇ قېتىم سوراقنى غەزەپتىن لاغىلداپ تىترىگەن مۇسەللىم ئۆزى قىلدى:

— ھەي بىلىشىڭ، يەنە نېمە دەپ چالدىڭ داڭنى؟

ھېسام بۇ دورەم «قولۇڭدىن كەلسە ۋاتامسەن» دېگەندەك ئەلپازغىلا كەلگەنىدى. ئۇ چىنە چىرايىغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سۈرلۈك خىزمەت گۇرۇپپا كادىرلىرىغا تىكىلىپ قارىدى.

— زېرىكىپ كەتسە قانداق قىلىدۇ ئادەم؟

ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمىدى، ئاچچىقلىرىغا ھاي بېرىشتى، ئەتىمالىم!

ئەتىسى مۇسەللىم ماخوغا كەلدى.

— ھېسام، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالدىڭ، گەمىگە كېتەمسەن، ئىشقىلىپ شەھەرگە كېتەمسەن، جېنىڭنى جايلا!

ھېسام خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك كۈلۈپ كەتتى.

— خوي بولدا، خوي گەپ قىلدىڭا مۇسەللىم، ھېلىقى مۇنچىچى تۇغقىنىڭغا ئېلىپ بېرە شۇداڭنى.

چىنە چىراي ئاچچىقىدا بىر نېمە دەي دېدىيۇ، يالتايدى.

— ھەي ھېسام، ھەي ھېسام، نېمە دېسەم بولار سېنى، ئۆزۈڭ دەپ يۈرگەن نوغاي موللامنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «ئەيتۇرگە بولمىي» ــ دە!

ھېسام ئەتىسىلا تۇرپانىيۇزىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ بۇرنىغا گەمىنىڭ ھاۋاسى گۈپۈلدەپ پۇرىماقتا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

# 35. خەتتات نازارەتچىسى

مىلادىيە 1966 ـ يىلى، غۇلجا ناھىيە، گەمە.

ئەلقىسسە، ھېسام قۇرباندىن ئىبارەت بۇ باشقىلارنى كۆلدۆرۈش ھېسابىغا ساۋاب، ئالقىش شۇنداقلا رىسقى تېپىپ ياشايدىغان ئادەم تۇرپانىيۇزىدىن يەنە گەمە يېزىسىغا قايتىپ كەلگەن مەزگىللەردە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەيدىغان ساراسىمىنىڭ پەردىسى يېڭىدىن ئېچىلغانىدى، ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا لاۋۇلدىغان بۇ ئوت گەمە يېزىسىغىمۇ تۇتاشتى.

باشتا بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ پارىڭى بىلەن باشلانغان بۇ ھەرىكەت بىلىنمەي ئۆرەدەپ «4 كونىنى يوقىتايلى» دېگەن شوئار بىلەن ھەممە جاينى، ھەممىلا ئادەمنى ئەرەختەم ـ پەرەختەم قىلىدىغان، كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە گۇمانلىق، ھەتتا دۈشمەن كۆرسىتىدىغان قاينام ـ تاشقىنغا ئايلاندى. ساقىلى بارلار ساقىلىدىن، مانچېستېر دوپپا كىيگەنلەر دوپپىسىدىن ئايرىلدى. ھەممىدىن يامىنى، ئىلگىرى ئاز ـ تولا ئەمەل تۇتقانلارنىڭ ھالىغا ۋاي بولدى. يىل بويى ماخونىڭ، كاپىراتىپىنىڭ تېمىنى يۆلەپ، جېدەل چىقىرىشتا نام قازانغان بىر نەچچە قۇلاق كەستىلەر جاھانىنىڭ رايىغا يارىشىپ، بىر كېچىدىلا بىلىكىگە قىزىل لاتا تاقاپ «ئىسيانچى» بولۇشۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئىشى ئەمدى مەخپىر دادۇيجاڭ قاتارلىق مەھەللە چوڭلىرىنى كۈرەش قىلىش، سازايىدا ئاللا ـ توۋىسىنى چىقىرىش، «ياقىلار ئېتەك بولدى، ئېتەكلەر ياقا» دېگەن ماقالنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت بولماقتىدى. گەمىگە ئىككىنچى قېتىم زور ئۈمىد ۋە سېغىنىش بىلەن قايتىپ كەلگەن ھېسام بۇ قالايمىقانچىلىقلارغا ھاڭ ـ تاڭلىق ۋە ئەندىشە ئىچىدە قاراپلا قالدى. ئۇ باشقىلاردىن غۇلجىمۇ، جىلىيۇزىمۇ، تۇرپانىيۇزىمۇ ... ھەممىلا يەرنىڭ شۇ ئاي،

شۇ كۈنلەردە مۇشۇنداق قايناۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى ۋە بۆلەكچە خىياللاردا بولماستىن، ئۆزىنىڭ ئامانلىقى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە كاللا قاتۇراتتى.

دەرۋەقە، ھېسامنىڭ بۇنداق قىلىشىدىمۇ مەلۇم سەۋەب ۋە ئاساس بار ئىدى. «بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەممە نەرسىسىنى پىچەن قىلغۇچىلار ۋە يوقاتقۇچىلار» نى ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىنمۇ قۇسۇر چىقارمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. ھېسام گەمىدە ئىككىنچى رەت پەيدا بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئىلگىرى دائىم ھېسام تۆردە ئولتۇرىدىغان مەھەللە كاتتىلىرى ئولتۇرۇشلىرىدا كاۋاپ پىشۇرىدىغان، سىيىتمەت تاز دېگەن بىرى (ھازىرقى دادۇي ئىسيانچىلىرىنىڭ بىر مۇئاۋىن كاتتىۋېشى) باشتىن - ئاخىر سېرىق كىيىنىپ، مەيدىسىگە جالدۇر - جۇلدۇر ئىزنەكلەرنى ئاسقان تەقلىدتە بازار كوچىسىدا ھېسام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى - دە، ئۇنىڭسىزمۇ تازا چۆكۈرۈپ كىيگەن ھەربىيچە شەپكىسىنى يەنىمۇ ئىككى ياققا تولغاپ ئوڭشىغىنىچە، ئۆزىگە سۈرلۈك قىياپەت بېرىپ:

— ھە ھېسام، ئىدىيىڭدە تەييارلىق كۆرۈپ قوي جۇمۇ، سېرىق چاقچاقلىرىڭنى بىر كۈنى ئوققا تۇتىمىز، — دېدى ۋارقىرىغاندەك سۆزلەپ.

شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، سىيىتمەت ئىككى يېقىنغا قاراپ - قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ «گېپىمنى جىقراق كىشىلەر ئاڭلىسىدى» دەپ ئويلاۋاتقانلىقى ئېنىقلا ئىدى.

گەرچە، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئولتۇرۇش، چاقچاق دېگەن ھازىرچە خەتەرلىك نەرسىلەردىن ئۆزىنى تارتىۋاراق تۇرۇش ھەققىدە ئۆزىگە - ئۆزى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھېسام سىيىتمەتنىڭ مۇنۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆگەنگەن ئېغىزىنى تىيالماي قالدى.

— سىيىتمەت ئۇكا، مېنىڭ بىر تالاي چاقچىقىمنى جىلمىيۇزىدىكى ھاسان نوچى ئېتىۋەتكەنتى، سەن ئاتقىدەكلىرى قالدىمىكىنتاڭ!

شۇ گەپنى قىلدىيۇ، ھېسامنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، سىيىتمەتنىڭ ئەسكىلىكى ھەققىدە گەمدە بىر مۇنچە پاراڭلار تارقىلىپ يۈرەتتى.

دېگەندەك، سىيىتمەتنىڭ ئەسلىدىنمۇ قارا چىرايى ھېسامنىڭ گېپى بىلەن تېخىمۇ كۆمۈر رەڭگىگە كىردى. ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە كېكەچلەپ كېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— ھە ... ھېسام، دە ... دە ... دەلدۈش، كۆ ... كۆرستىمەن كۆ ... كۆزۈڭگە! - سىيىتمەت ئىككى بارمىقىنى ئاردەك ئايرىپ ھېسامغا تەڭلىدى - دە، شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى. باياتىن بولۇۋاتقان گەپلەرگە نېرىدىن قۇلاق سېلىپ تۇرغان گەمىنىڭ ئۆمۈر چولپىنى، 107 ياشلىق شايمەردان ئاقساقال ئاغزىدىكى ناسىنى تىرتتىدە تۈكۈرۈۋېتىپ:

— نېمە قىلاتتىڭا، پوققا چالما ئېتىپ ھاسام، - دەپ قويدى. ھېسامنىڭ يۈرىكى ئىككىنچى قېتىم جىغ قىلدى.

شايمەردان ئاقساقالنىڭ ئاغزىدىن «سائەت چىققان» ئىدى. شۇ گەپ بولۇپ ئەتىسىلا ھېسام ئۆزىنى ماخودىكى «گېزەندىلەر ئۇۋىسى» دا كۆردى. ھېلىمۇ ياخشى سىيىتمەتنىڭ باشقا بۇرادەرلىرى، يەنى «گەمىنى پىرقىرىتىۋاتقان» ئىسيانچىلار ئىلگىرى ھېسامنىڭ قىزىق پاراڭلىرىدىن كۈلۈپ يۈرگەن ئادەملەر بولغاچقىمۇ، «مىرزا قاماق» قا كىرگەن ھېسامغا ئۇنچىۋالامۇ قاتتىقلىق قىلىپ كېتىشمىدى. بەلكى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشتى. سىيىتمەت ئالدىغا «ئىگىلدۇرۇپ» ئەكەلگەن ھېسامغا «قازاق پوپوزا» سىنى بىر كۆرستىپ، ئۆزىنى تونۇتۇۋالاي دېۋىدى، باشقا ئىسيانچىلار ئۇنىڭ شېخىغا قېقىۋەتتى.

— بولدى قىلساڭا تازوي، — دېدى گەۋدىلىك، قاپىقى يامان، ئەمما ھېسام چاقچاق قىلسىلا خىرقىراپ كۈلىدىغان بىرى، — باشقا ئەسكىلىكلىرىڭمۇ يېتەر، چاقچاققىمۇ مۇشت ئاتاما، ئەمدى!

شۇ بىر گەپ ھېسامنى ئېغىلدا يېتىش ۋە تۈگىمەس سوراقلاردىن ئاياپ قالدى. يېزا ئادەملىرى ھەر ھالدا توغرا كېسەر،

www.uyghurkitap.com

تۇز كۆڭۈل كېلىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىسلەت شەھەرلىكلەردە ئاسانلىقچە تېپىلمايدۇ.

شۇ كۈنى كەچتە ھېسام دېگەن بىلەن ئېغىلدا ئەمەس، قايتىپ بېرىپ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە ياتتى. بىراق ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ماخو تەرەپكە كېلىپ «گېزەندە، قارايىپ» ۋە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» بىلەن بىرگە ئۆگىنىشكە قاتنىشىش بۇيرۇلغانىدى. بۇمۇ سىيىتمەت تازىنىڭ تۆھپىسى بولۇپ، ھېسامغا ئۆزىنى كۆڭۈلدىكىدەك تونۇتالمىغان سىيىتمەت يۇقىرىدىن كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىغا، گەرچە خەنزۇچىنى سۆزلىيەلمىسىمۇ «جىگىما، نىگىما» دەپ يۈرۈپ ھېسامنىڭ «خۇاڭ كەيۋەنشو»① قىلىدىغانلىقىنى ھەر ھالدا ئاز - تولا بىلدۈرۈپ، باشلىقتا ھېسامغا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. شۇ سەۋەب بىلەن ۋاڭ فامىلىلىك باشلىق ھېسامغا قاراپ قاپىقىنى تۈرگىنىچە:

— تيەن تيەن جىگى دىفاڭ لەي، شۆشى، گەيزاۋ شىياڭ!②

، — دېدى.

ھېسام ماخودا ئىدىيە ئۆزگەرتىشكە قاتنىشىپ يۈرگەندە، ئۇنىڭغا يېڭى بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇلۇپ قالدى. ناھىيەدىن گەمە يېزىسىغا، ئانچە - مۇنچە شېئىر يېزىپ قويىدىغان بىر «قارايىپ» نى رېجىم بىلەن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەۋەتىشكەنىدى. ئۆمەرى مۇئەللىمچىلىك بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەم تولىمۇ خۇشخەت كىشى بولۇپ، دەل مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن، ئۇ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل باشقا «قارايىپ» لار كۈنىگە ئون ئىككى سائەتلەپ ئىشلەۋاتقان مەجبۇرىي، ئېغىر ئەمگەكتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇنىڭغا پۈتۈن گەمە يېزىسىدىكى كوچا، مەھەللىلەرنىڭ تاملىرىغا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى مەدھىيىلەيدىغان دەبدەبىلىك شۇئارلارنى چوڭ خەتلىك قىلىپ يېزىپ چىقىش بۇيرۇلدى.

① سېرىق چاقچاق دېمەكچى.
② ھەر كۈنى مۇشۇ يەرگە كېلىسەن، ئۆگىنىسەن، ئىدىيە ئۆزگەرتىسەن.

بۇيرۇشنىغۇ بۇيرۇدى، لېكىن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى «هوشياروپ»لار هېلىقى «قارايىپ» شائىرنىڭ باشقا بىر نېمە-لەرنى يېزىپ سېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. كىم بىلىدۇ، «هاي-ۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دەپ، ئۆزىگە يۈكلەنگەن ئىللەتلەردىن نازارى بولۇپ يۈرگەن بولسا، قورساقتى-كى غۇممىنى «نېمە كۆرسەم كۆردىما، توختاپ تۇر!» دەپلا يوغان خەت بىلەن تامغا چىقىرىۋەتسە، خۇدا ساقلىسۇن، ئۇ چاغدا ئۆزى بىلەنلا كەتمەي، بىزگىمۇ ئاران ئېرىشكەن بۇ تۆمۈر تاۋاقتا توخ-تاش يوقتە! شۇ ئەندىشە بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن يەرلىك ئىسيانچى كاتتىۋاشلار ئۆزئارا باش قوشۇشتى. يەنىلا هېلىقى، هېسامغا «تيەن تيەن جىگى دىفاڭ لەي» دېگەن خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ كاللىسى ئىشلىدى. ئۇ كەسكىن تەرزدە، قارايىپ خەتتاتنىڭ كەينىگە ئايغاقچى سېلىشنى، يەنى يېزىلىۋاتقان خەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى هەمدە خەتتات ئۆزىنى تەڭلا نازارەت قىلىدىغان بىر ئادەم تەيىنلەشنى ئېيتتى. دەل شۇ چاغدا تالادىلا مۇزاكىرىگە باش قوشۇۋاتقان ئۇلۇغلارنىڭ يېنىدىن پۈتلى-رىنى سۆرەپ هېسام ئۆتۈپ قالدى. ئۇ هېلىلا ئېغىل ئۆگىنىشخا-نىسىدىكى ئەڭ - ئەڭ يېڭى «ئەڭ ئالىي يوليورۇق»نى ئۆز ئىدىيىلىرىگە تاقاپ ئۆگىنىشكە بۇيرۇلغان قارايىپ، «گېزەندى»لەرنى ئىلگىرى - كېيىن كۆلدۈرۈۋېتىپ، خالىجاي تەرەپكە ماڭ-غانىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى هې-سامغا ئانچە - مۇنچە سەپسېلىپ ۋە ئەهۋالىنى ئىگەللەپ، ئۇنىڭ قىلغانلا گېپىگە خەقلەرنىڭ كۈلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئىلگى-رى سەنئەت ئۆمەكتە خىزمەت قىلغانلىقىنى بىلىپ ئۈلگۈرگەنى-دى. بۇنداق ئادەمنىڭ خېلى سەۋىيىسى بولىدۇ - دە، بولۇپمۇ يېزا يېرىدە ... شۇنداق قىلىپ خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقى شارتلا قىلىپ خالىجايغا كېتىۋاتقان هېسامنى چاقىردى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن هېسام خەتتات نازارەتچىلىكىدىن ئى-بارەت يەڭگىل خىزمەتكە مۇشەررەپ بوپقالدى. هېلىقى شائىرمۇ

بىلمىلىك، پاراڭچى كىشى ئىدى. ئۇ تامىلارغا شوئار يازغاندا ھېسام ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىسىيانچىلارنىڭ يۈرىكىدەك قىپقىزىل بوياق قۇيۇلغان چاشكىنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. شائىر خەت يېزىۋاتقاندا، ھېسام ئۇزۇلدۇرمەي ئۇنى - بۇنى سۆزلەپ ئۇنى كۇلدۇرەتتى. ھەر قېتىم بىر شوئار يېزىلىپ پۈتۈشىگە خەتتاتتىن ئاۋۋال ھېسام خۇددى خەتنى شائىر ئەمەس ئۆزى يازغاندەك:

— ئۇھ، ئەجەب ئۇزۇن خەتكىنا بۇ، ھېرىپ كەتتىمغۇ ئادەم، — دەپ چۆپلۈككە يامپاشلايتتى.

— ھېسامكا، — دەيتتى خەتتات ھەر بىر قېتىم ئىشنى تاماملىغاندا، — بوپتىمۇ يازغىنىم، بىر قاراپ بېقىڭا!

ھېسام بولسا ھەر قېتىم قىزىقچىلىق قىلىپ، بىرلا گەپنى تەكرارلايتتى:

— ئۆزىڭىز ئۇنلۇك ئوقۇۋېتىڭا ئۇكا، كۆزەينىكىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

خەتتات كۇلۇمسىرىگىنىچە يازغىنىنى دانمۇدانە قىلىپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا ئوقۇپ بېرەتتى. ھېسام بېشىنى تەستىقلا لىڭشىتقىنىچە:

— بوپقاپتۇ، بىردەم يامپاشلىۋېلىڭ، موخوركىڭىز يوق - ھە؟ — دەيتتى ھەر قېتىم.

— ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، مەن تاماكا چەكمەيمەن، — دەيتتى خەتتاتمۇ ھەر قېتىمدىلا.

— راستلا ھە، ئەمىسە ئۆزەمنىڭكىنى چېكەي، — ھېسام يانچۇقلىرىنى كولاشتۇرۇشقا باشلايتتى.

ئىككىيلەن ئەنە شۇ تەقلىدتە تامىمۇ تام، مەھەللىمۇ مەھەللە، شياۋدۇيمۇ شياۋدۇي يۆتكىلەتتى. ھەر قېتىم يېڭى بىر ئورۇنغا يۆتكەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىرمۇنچە تاماشا كۆرگۈچىلەر يىغىلاتتى. بەزىلىرى ھېسامنى گەپكە سالاتتى، بەزىلىرى شائىرنىڭ خېتىنى ھەۋەس بىلەن تاماشا قىلىپ، ئاردا گايىبىرلىرى تېخى تامدىكى خەتلەرنى باھالاپ كېتەتتى.

— پاھ، ئالامەت يېزىۋېتىپتۇ جۇمۇ!



www.uyghurkitap.com

— ئەپەندىم - دە، ئەپەندىم!
— مۇنۇ ھېسام نېمە قىلىپ بېرىدىغىنىوي؟
— مەنىما؟ — دەيتتى ھېسام بۇنداق چاغلاردا، — بىزنىڭ مۇنۇ شاگىرتتىن ئىمتىھان ئېلىۋاتىمەن، خېلى ئۆگىنىپ قالدى ھازىر.

كۆلكە كۆتۈرىلەتتى، خەتتاتمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ كۆلۈپ قوياتتى.

نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن، ھېسامنىڭ ھاياتىنى قەلەمگە ئېلىۋاتقان سەلىم جامال تېلېفون ئارقىلىق ئەينى چاغدىكى «قاراىيىپ» خەتتات، ھازىر بولسا پېشقەدەم باللار شائىرى بوپقالغان ئاشۇ كىشىدىن «خەتتات نازارەتچىسى» لىكىگە ئائىت ئىشلارنى سوراپ قالدى.

— ھېسامكام بىلەن شۇنداق بىر قىزىق، غەنىيمەت كۈنلەرنى ئۆتكۈزگەنىدۇق، - دېدى پېشقەدەم شائىر تېلېفوندا، — سىزگە قايسى جەھەتتىكى تەپسىلاتلار لازىم ئىدىكىن؟ تېلېفون بىئەپرەكقۇ. كېيىنچە بىر كۆرۈشكەندە ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشارمىز. مەنمۇ بىرەر قۇر ئەسلەپ، خەتلەپ قوياي.

سەلىم جامال ئۆزىدىن تولىمۇ يىراقتىكى پېشقەدەم شائىرنى كېيىن ئىزدەپ بارالمىدى. بىراق كېيىنچە ھېسام قۇربان بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ قالدى. يۇقىرىقىلار ھېسام ئۆزىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى. ئەلۋەتتە، مۇئەللىپنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىمۇ بار.

# 36 . ھېسام پوچى بىلەن ھاسان نوچى

تۇرپانىيۇزى بىلەن گەمدە يۇرگەن مەزگىللىرىدە ھېسامنىڭ تونۇشقان يەنە بىر ئادىمى بار. بۇ ھەقتىكى ھېكايىنى مەشەگە قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كەتسەك، ئارتۇق كەتمەس.

كىشىلىك ھاياتتا ھەرخىل، ھەر قىسما ئادەملەر ئۆزىگە خاس مىجەز، ئادەت ۋە ئالاھىدىلىكى بىلەن ياشايدۇ، بىز بۇ يەردە سۆزلىمەكچى بولغان ھاسان نوچى، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرى.

ئەمەلىيەتتە، ھېسام ھاسان نوچى بىلەن غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ يۇرگەن مەزگىللىرىدىلا تونۇشقان بولۇپ، ئۇ ھېسام بىلەن خېلى يېقىن بۇرادەرچىلىكى بار سۇلتان دوختۇرنىڭ قېيىناكىسى ئىدى. ھاسان نوچى ئورتا بوي، قارىلاق كەلگەن، ئەللىك ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ، ئۇمۇر بويى ئۆيلەنمەي ئۆتكەن، ناھىيە بازىرىدىكى سىڭلىسىنىڭ قورۇسىدا، يەنى سۇلتان دوختۇرنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. ئۇ توغرۇلۇق ناھىيىدە ئاجايىپ قىزىق پاراڭلار تارقىلىپ تۇراتتى.

بەزىلەر سۇلتان دوختۇرغا «ئۆزۈڭ دوختۇر بولغاندىكىن ئالدى بىلەن قېيىناكاڭنى داۋالىساڭ بولمامدۇ؟» دەپ چاقچاق قىلىسا، سۇلتان دوختۇر «ھاساننىڭ شۇنداق يۇرگىنى ياخشى، ئۇنىڭ ھېچبىر كېسىلى يوق، پەقەت سەل ئىسسەرى بار، شۇ» دەپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە سۇلتان دوختۇر ئۆزىمۇ ھاسان نوچىدىن ئەيمىنەتتى. گەرچە «نوچى» دېگەن لەقەمنى ھاسان ئۆزىگە قىزىقچىلىق قىلىپ قويۇۋالغان بولسىمۇ.

بىر قېتىم سۇلتان دوختۇر ئۆيىگە مېھمان چاقىردى. مېھمانلار ئارىسىدا ھېسامۇ بار ئىدى. ئولتۇرۇش راسا قىزىۋاتقاندا ئىشىك ئېچىلىپ، مېھمانخانىغا قارىلاق بىرەيلەن كىرىپ كەلدى.

ئەتىگەننىڭياقى سورۇندا سۇلتان دوختۇرغا قىلىنىۋاتقان چاقچاق-
لاردىن، ھېسام كىرگۈچىنىڭ ھاسان نوچى ئىكەنلىكىنى سەز-
دى.

— ئاڭلىسام ئاراڭلاردا ھېسام پوچى بار دەيدىغۇ، قايسىسى ئۇ؟ — ھاسان سۇپىدا ئامانەتكىلا ئولتۇرۇپ، پوڭ - پوڭ سۆزلەپ سورۇندىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قارىدى. ئولتۇرغانلار شۈككىدە بولۇشۇپ، ھېسام تەرەپكە قاراشتى. سۇلتان دوختۇرمۇ لېۋىنى چىشلىدى.

ھاسان بۆرىنىڭ سوئالى بىلەن تەڭ ھېسام كۆلگىنىچە جايىدىن قوزغىلىپ جاۋاب قايتۇردى:

— ھېسام پوچى دېگەن مانا مەن، ئەمدى ھاسان نوچى دېگەن سەن بولىسەنغۇ دەيمەن - ھە، ھاسىنىكا؟

— ھەببەللى، مانا سەن بولىدىكەنسەن، مېنىڭ راست ئىسمىمنى بىلىدىكەنسەن، — ھاسان خۇشاللىقىدا باشقىدىن چازا قۇرۇپ ئولتۇردى، — ھاراق كىمدە؟ قۇيمامسەن سۇلتان. مۇنۇ ھېسام پوچى بىلەن بىر سوقۇش سالدۇرۇپ ئىچەي.

سۇلتان دوختۇر يەر تېگىدىن ساقىيغا قاراپ «ئازراق قۇي» دەپ ئىشارە قىلدى. ئەمما ھاسان ئۇنىمىدى.

— ھەي نىزام، ماۋۇ بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ھارىقى جۇمۇ، قۇيە، بېلىق كۆزى قىلىپ، ئىككى رومكىغا قۇي، كېلە ھېسام پوچى، تونۇشقان ئۈچۈن ئىچىمىز!

سۇلتان دوختۇر يېنىدا ئولتۇرغان ساقىينى ئالدىراپ نوقۇدى. بۇ ئۇنىڭ «چاپسانراق قۇي» دېگىنى ئىدى. نىزام ساقىي ئەللىك گىراملىق ئىككى رومكىغا ئوخشاش لىقشىتىپ ھاراق قۇيۇپ، ھېسام بىلەن ھاسانغا تۇتتى. شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ كۆزى بۇ ئىككىسىدە ئىدى.

ھېسام بىر پەستىلا ھاسان نوچىغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ ھاسان ھەققىدە ئىلگىرى ۋە بايىتىن ئاڭلىغان گەپلەرگە ئاساسەن، ئۇنى گەپكە سېلىشقا كىرىشتى.

— ھاسانكا، سېنى ھاراقنى بۇلبۇل سايرىغاندەك قىلىپ

ئىچىدۇ دەيدىغۇ؟

— ئىچمەي، — ھاسان نوچى ئىلگىرى زادىلا قىلىپ كۆرمىگەن قىلىقنى قىلىپ، رومكىنىڭ لېۋىنى ئاغزىغا تەگكۈزگەندەك قىلدى ـ دە، ئەتەي «چىۋ… چىۋ…» قىلىپ سايراپ قويۇپ، كېيىن ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

ھېسام چاقچاقچىلىق ھاياتىدا ھەر خىل ئادەملەرگە، قىسما ـ قىسما مىجەزلىكلەرگە يولۇققاچقا، بىرەر نەرسىگە ئارتۇقچە ھەيران بولۇپ كەتمەيتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا ئۇتتۇر مىجەز، گېپى ئوچۇق ئادەملەر ياقاتتى. شۇ تاپتا ھېسام ھاسان نوچىغا كىرىشىپلا قالدى.

— ھاسانكا، سىنى ئايروپىلانغا ئولتۇرغان دەيدۇ ـ ھە؟

ھاسان نوچى سەيدىن بىر چوكا ئېلىۋېتىپ، بەخىرامان جاۋاب بەردى:

— ۋاھ، ئولتۇرماي، سەنمۇ ئاڭلاپسەندە ھېسام پوچى! تېخى ئۈككۈنلا ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلدىمغۇ!

— بىر ئىش بىلەن بارغانمىدىڭ؟ — سورىدى ھېسام.

— شۇ، ئاپتونوم رايوندىكى كاتتىۋاش ئاغىنىلەر خىزمەتلەرگە مەسلىھەت بەرسەڭ دەپ چاقىرمامدۇ. ئوبلاستتىكىلەرغۇ ئولتۇرغۇزمايدۇ.

ھېسام كۈلۈمسىرىشىنى يوشۇرالماي، سۇلتان دوختۇرغا قارىدى. دوختۇر ئوڭايسىزلىقىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، داستىخان چۆچىسىنى بارمىقىغا يۆگەيتتى.

— راستلا ھاسانكا، ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقى ئايروپىلانغا نەچچە سائەتكەن؟

ھاسان نوچى جانلاندى.

— بارغاندا بىر يېرىم سائەت كەتكەن، قايتقاندا بىر سائەتتىلا ئۇچۇپ كېلىۋالدۇقۇ.

— نېمىشقا؟ — ھېسام راستلا ئەجەبلەندى.

ھاسان نوچى قېتىغا ئالماي، جاۋاب بەردى:



www.uyghurkitap.com

— قايتقاندا يەر تۆۋىنى ئىكەن ئەمەسمۇ.

پاراقلاپ كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ دۆرەم هاسان نوچىنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— نېمىگە كۈلىشىسەن؟ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ باقمىغان سەن نېمىلەر نېمىنى بىلىشەتتىڭ، كەچكىچە «ۋە··· ۋە··· ۋە··· » دەپ كۈلۈشنى ئۇقۇشىسەن. مانا ماۋۇ هېسام، پوچى بولسىمۇ، بىلىدۇ. جىق يەرگە بارغان بۇ. نىزام، قۇيە هارىقىڭدىن، يەنە هېسام بىلەن ئىچىمەن.

سۇلتان دوختۇر «ئەھە!» دەپ گېلىنى قىرىپ يۆتەلدى. بۇ ئۇنىڭ ساقىيغا «قۇيما» دەپ بەرگەن بەلگىسى ئىدى.

— هە، سۇلتان، گېلىڭ قىرىلىۋاتامدۇ؟ هارىقىڭ ئازمىدى؟ سىڭلىمنى چاقىرايمۇ يە؟ گېلىڭنى داۋالاپ قويسۇن! — هاسان نوچى پىلىموتتەك سۆزلىدى.

سۇلتان دوختۇر جىملا بولدى. سورۇننى ئەپسىزلىك قاپلىدى. ئىشنى يەنىلا هېسام تۈزىدى.

— بولدى، بولدى، هاسانكام بىلەن يەنە ئىچىمەن. ساقىي، بىرلا رومكىغا تولدۇرۇپ قۇيۇڭ، ئاچچىقىنى ئۆزۈم ئىچىپ، تاتلىقىنى هاسانكامغا تۇتىمەن.

— ماۋۇ گەپنى قىلماسەن، — هاسان نوچى جانلاندى، — قۇيە نىزام، تاتلىق يېرىدىن جىقراق قۇيە!

مېھمانلار كۈلۈشمەك قىلدى.

— يارايدۇ، هاسان نوچى بوش كەلمەيدۇ جۇمۇ!

— ئۇتتۇرۇۋەتمەيدۇ!

سۇلتان دوختۇرنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، هاسان نوچىنىڭ چاقىرمىسىمۇ كىرىۋېلىپ ئولتۇرۇشنى قالايمىقان قىلىدىغانلىقىنى، ئىككى رومكا ئىچىپلا مەست بولۇپ قېلىپ، چاتاق چىقىرىدىغانلىقىنى هېسام ئىلگىرى ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك تېپىرلاپ ئولتۇرغان سۇلتان دوختۇرغا «خاتىرجەم بولۇڭ» دېگەندەك مەنادا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، رومكىنى قولىغا ئالدى.

— مانا ئىچتۇق ئەمسە هاسانكا، هە! — هېسام شۇ گەپ بىلەن جۇڭگونىڭ قەدىمىي زامان ۋەقەلىرى تەسۋىرلەنگەن كىنولاردىكىدەك، ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ يۇقىرى كۆتۈردى. رومكا ئالىقانلار ئارىسىدا، دالدىدا ئىدى. شۇ پېتى هېسام رومكىنى چىمەلتىكى بىلەن تۈۋى تەرەپتىن ئېگىشتۈرۈپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە، زورۇقمايلا هەممە هاراقنى ئىچىۋەتتى ـ دە، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قۇرۇق رومكىنى ئاۋايلاپ، هاسان نوچىغا ئۇزاتتى.

— مانا هاسانكا، ئاغزىمنى تەگكۈزۈپلا هەممە هاراقنى ئۆزۈڭگە تۇتتۇم، بىزنىڭ غۇلجىنىڭ ئۇردا مەهەللىسىدە يېقىن ئاغىنىلەر خۇشكەتتىنى كۆزنى يۇمۇپ ئىچىدىغان ئادەت بار. قېنى، سەنمۇ شۇنداق ئىچىۋەتە!

— چاتاق يوق هېسام پوچى، هە، ئاغىنەم، — هاسان نوچى قۇرۇق رومكىنى ئاۋايلاپ ئالدى ـ دە، كۆزلىرىنى يۇمۇپلا ئاغزىغا ئۇڭگۈتۈردى. تېخى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئىتتىك، بىشىدىكى مايلاشقان مانچىستىر دوپپىسىنى ئېلىپ، ئىچىنى پۇرىدى.

— سەي ئاله هاسان، سەي ئاله، — كىمدۇر بىرى پىخىلدىغان ئاۋازدا پاراڭ قىلدى.

— مۇشۇ هاسانكامنىڭ، — دېدى هېسام، — خۇشكەتتىلا ئىچىدىغان مىجەزى بار، نۆۋىتىنى ئىچمەيدۇ.

— راست، هېسام بىلىدۇ، — دېدى هاسان نوچى كۆزلىرى دەسلەپكى بىر رومكىدىلا ئىلەشكىنىچە.

هېسام بايىقى تەقلىدتە هاسان نوچىغا يەنە بىر خۇشكەتتى «ئىچۈردى»، كۆزنى قىسىپ قويۇۋىدى، ساقىمۇ بىر رومكا خۇشكەتتى قىلدى.

— مۇشۇ هاسانكام، — دېدى هېسام يەنە سۆز باشلاپ، — خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن تۆت رومكىدىن ئارتۇق هاراق ئىچمەيدۇ!

— راست، ئىچمەيمەن!

— تۆت رومكا ئىچىپلا، چىقىپ ئۇخلايدۇ.

— راست، ئۇخلايمەن، — هاسان نوچى ئورنىدىن قوزغال-

www.uyghurkitap.com

دى.

سۇلتان دوختۇر پىچىرلىدى:

— دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئۇخلايدۇ.

— تېخى دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقمۇېلىپ، خورەك تارتىپ ئۇخلايدۇ، — هېسام تەكرارلىدى.

— راست، ئاخشىمى دەرەخنىڭ ئۈستى سالقىن، شۇ يەردە ئۇخلايمەن، ـ هاسان نوچى تاپىسىغا چۈشۈپ، ئىككى قولىنى تازىمۇ قىزىق قىلىپ خۇددى ئايالللاردەك، مەيدىسىگە قويدى ـ دە، سورۇندىكىلەرگە تەزىم قىلدى، — ئەمىسە ئوتتۇز ئوغۇل، ماڭا رۇخسەت قىلىسىلەر، سىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرسامىمۇ بولاتتى، بىراق ئەتە مۇھىم ئىشلىرىم بار، چىقىپ ئۇخلاي!

— نېمە ئىشلىرىڭ بار هاسانكا، ـ هېسام جىددىي قىياپەتتە سورىدى. سۇلتان دوختۇر نارازى بولۇپ هېسامغا كۆز يۇمۇشلىدى. بۇ ئۇنىڭ «گەپنى ئاۋۇتماڭ، بىكار يالتىيىۋالمىغاي» دېگىنى ئىدى.

هاسان نوچى هېسامنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىل جاۋاب بەردى:

— ساڭىغۇ دەپ بەرسەم بولاتتى هېسام پوچى، بىراق ماۋۇلارغا دېيىشكە بولمايدۇ. ئەتە... ياق، ئەتە ئەمەس، ئەتە مۇھىم ئىشلىرىم بار، ئۆگۈنلۈككە مەشەگە كەلگىن، ئۆزۈڭگىلا دەپ بېرىمەن.

هېسام ئارتۇقچە ئۈندىمىدى. هاسان نوچى ئولتۇرۇش ئەھلىگە هۆرمەت بىلەن پۈتىنى يەرگە ئۇرۇپ تەتۇر چاس بەردى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

ھەممەيلەن ئۇھ دېيىشتى، بولۇپمۇ سۇلتان دوختۇر خۇشال ئىدى.

— يائاللا هېسامىدىن، ئالامەت جايلىدىڭىزەي بىزنىڭ قېيىناكىنى، جاهانگىر كەنسىزەي!

— ئاڭۋاشقا هېسام ـ دە بۇ، ـ نىزام ساقىي هېسامغا هاراق تۇتقاچ ماختاپ قويدى. پاراڭ بىر پەس هاسان نوچى توغرىسىدا بولدى.

www.uyghurkitap.com

— ياق، بۆ ھاسىنىكامىۆ بىر دۆنياكەن، — دېدى ھېسام ئۆيلىنىپ، — بۆنىڭ قىزىق گەپلىرى خېلى باردەك قىلىدۆ. ئاستا ـ ئاستا قازساق بولغۆدەك!

دەرۋەقە ھېسام كېيىن ھاسان نوچى بىلەن خېلى نۆرغۆن رابىتە قىلدى. ھاسانىنى غىدىقلاپ، ھاي بارىكاللىلىشىپ نۆرغۆن قىزىق پاراڭلارنى چىقاردى. گەمىدە، تۆرپانىيۆزىدە يۆرگەن چاغلىرىدا ئۆ پات ـ پاتلا ئىش ـ كۆش بىلەن، تولىراقى مېھماندارچىلىق ۋەجى بىلەن جىلىيۆزىگە كېلىپ قالاتتى ۋە ھاسان نوچى بىلەن ھەر قەيەردە، ھەر قىسما ھالەتتە دىدارلىشىپ قالاتتى… ياق، سەھىپە مۆناسىۋەتى بىلەن بۆ پاراڭلارنى كېيىنكى بابتا داۋاملاشتۆرايلى.

## 37. يەنە شۇ ماۋزۇدا...

ئۆزىنى ـ ئۆزى «ھاسان نوچى» دەپ ئاتىۋالغان بۇ شەخس ئەمەلىيەتتە چۈمۈلىگە ئازار بەرمەيدىغان، نېرۋىسى سەل جايىدا ئەمەس كىشى ئىدى. ھېسام ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزىقىپ قالدى ۋە نۆۋەتتە ھاسانمۇ ھېسامنى كۆرگەن يېرىدە ئۇنىڭ بىلەن بېرىلىپ پاراڭ سېلىشىدىغان بولدى.

ھېلىقى ئولتۇرۇشتىن كېيىن ھېسام ئەلۋەتتە ئەتىسى ياكى ئۆگۈنى ھاسان نوچىنى ئىزدەپ كېلەلمىدى. بىراق، ئۇنىڭ قىزىق، ساددا گەپلىرى پات ـ پاتلا يادىغا كېلىپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قوياتتى. «ھېسام تارقىلىپ» گەمە يېزىسىغا بېرىپ ماكانلاشقانغا توپتوغرا بىر ئاي بولغاندا ئوسمان ۋەسىدۇللا تۆەنجاڭ ئادەم ئەۋەتىپ ھېسامنى نەۋرىسىنىڭ خەتنە تويىغا چاقىردى. ھېسام ھاسان نوچىنى شۇ يەردە ئۇچراتتى.

قازان بېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپلا سەۋزىلىك پولونى ئىشتىھا بىلەن سوقۇۋاتقان ھاسان نوچى توپ ئارىسىدا ئۇزاپ چىقىۋاتقان ھېسامنى كۆرۈپلا، ئالمان ـ تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئاغزىدىكى لىق لوقمىنى تەستە يۇتۇۋەتتى ـ دە:

— ھەي ھېسام پوچى، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپلا كەتتىڭغۇ، ناي ـ ناي قويمىدىڭما ، — دەپ ئاۋازىنى قويۇۋەتتى.

ھېسام ھاساننىڭ گېپىدىن، توغرىسى ئۇنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى قىزىق قول ھەرىكىتىدىن كۈلگىنىچە قازان بېشىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئاڭغىچە ئۆپچۆرىگە بىر مۇنچە ئادەم ئولاشتى.

ھاسان نوچى ھېسامنىڭ سوئالىغا قايتۇرىدىغان جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن يەنە ئۆزى گەپكە ئېغىز ئاچتى.

— ھە گەمىلەر تېچلىقما! ۋاھ، بۇدۇنە ئالامەت جىق جۇمۇ ئۇ يەردە، كەكلىكلەر تېخى. كەكلىك ئاتمىغانسەن ـ ھە؟

ھېسامغا «مەن ھازىر پالانى يەردە» دەپ ئىزاھات بېرىشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمىغانىدى. ئۇزۇن قۇلاق ھاسان نوچى ئۇنىڭ «ناي - نايخانا» دىن ئايرىلىپ نەگە بېرىۋالغىنى، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىدىن تامامەن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا، شۇ تاپتا ھېسام گەپنى كەكلىككىلا بۇراپ، ھاسان نوچىنىڭ ئۆزىنى سۆزلەتمەكچى بولدى.

— ئاڭلىسام سىنى كەكلىك ئوۋلاشقا بەك ئۇستا دەيدا ھاسىنكا؟

— ما گېپىڭنى قىلمامسەن، — ھاسان نوچى ئەتراپتا ئۆزگە شۇنچە جىق ئادەمنىڭ تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، جانلىنىپ، بارماقلىرىدىكى گۈرۈچ يۇقىلىق مايىنى بىر - بىر يالىۋەتتى -دە، گەپنى باشلىدى.

— ۋاھ، ئۇنى بىر دېمە، بىر قېتىم ئاشۇ سەن تۇرۇۋاتقان گەمىگە بىر ئاغىنەم بىلەن كەكلىك ئاتقىلى باردىم. ماناپولكا دېگەننىمۇ مىلتىقىمۇ، ئۇنى ماۋۇ خېلىپوللامدەك (ھاسان قازان بېشىدىكى ئالدىغا يوللۇق پەشتامبال تارتىۋالغان ئاشپەزنى كۆرسەتتى) پىس - پاسلار تۇتمىسا... ئاكاڭ قارىغاينىڭ قولىدا بەردەڭكە، قارىسام... ياق، ياتسام بىر توپ كەكلىك قومۇشلۇق تەرەپتىن تويدىن يانغان خوتۇنلاردەك سۇزۇلۇشۇپ، ئىرغاڭلاپ مېڭىپ چىقىپ كەلدى دېگىنە، يېنىمدىكى شېرىكىمگە قارىسام كۆزلىرى ئويناپ، مىتىقلاپ كېتىپ بارىدۇ، «جىم يات» دېگەندەك شەرەتنى قىلدىم -دە، قارىلاپ تۇرۇپ مىلتىقنى گۇملا قويۇۋېدىم، پوكلا چۈشتى بىر كەكلىك. گۇم - گۇملا قويۇۋېدىم، يەنە ئىككىسى پوك - پوكلا چۈشتى. يەنە گۇم - گۇم - گۇملا قويۇۋېدىم، پوك - پوك - پوكلا چۈشۈۋاتامدۇ كەكلىك دېگەن...

ئەتراپتا خىر - خىر كۈلكىلەر ئاڭلاندى. ھاسان نوچى قىزىپ كېتىپ، بۇ كۈلكىلەرنى ئاڭلىمايۋاتاتتى، توغرىسى سەزمەس ئىدى. خېلىپوللام پولوپەز ھېسامغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، سۆز قىستۇردى.

— ھوي ھاسان، سەن ئېتىۋەردىڭ مىلتىقىڭنى، ئۇ كەك-لىكلەر قاچماي تۇرۇپ بەردىما؟
ھاسان نوچى مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى.
ھېسام ئۇنىڭغا بولۇشقاندەك ئەلپازدا ۋە ئاۋازدا سۆزلىدى:
— قانتى بوغۇقلۇقتۇ بەلكىم!
— ھە،... باغلاقلىق، باغلاقلىق، — ھاسان نوچى خۇشلۇقىدا ۋارقىراپ كەتتى. ئەتراپتا پاراققىدە كۆلكىلەر كۆتۈرۈلدى.
— ھە، سۆزلەۋەر ھاسانكا، — دېدى ھېسام ئىلھامكار ئاھاڭدا، - بۇ خەق سەن بىلەن بىزدەك، ئۇۋنى چۈشەنمەيدۇ دېگىنە!
— ھاسانكا، ھېلىقى، مەمەيۇزدە مىنبىڭ[1]بولغان ۋاقتىڭدا قارىغا ئاتقىنىڭنى دەپ بېرە ھېسامكامغا، — توپ ئىچىدىن بىر ياش بالا ۋارقىرىدى. ھاسان نوچى پەخىرلىنىپ بىر ئاۋاز چىققان تەرەپكە، بىر ھېسامغا قاراپ قويدى.
— شۇ، پەيجاڭ يات دېدى ياتتۇق، ئات دېدى ئاتتۇق، قارا ھېسام. شۇنداق قارىسام، ھېچكىم نىشانغا تەگكۈزەلمىدى، تۇخ-تاپتۇ دەپلا گۇمىدە ئېتىۋەتتىم، تۇنجى پاي ئوقۇم نەق... يەتتىگىلا تەگدى. يەنە بىرنى ئېتىۋېدىم، ئاتايىقىنىڭ يېنىغىراق تەگدى. ئۈچىنچى پاي ئوقنى راسا قارىلاپ تۇرۇپ بىر ئاتقانتىم ...
ھاسان نوچى سەل جىم بوپقالدى.
— ھە، ئۈچۈ، قانداق بولدى؟ — سورىدى ھېسام.
ھاسان ئۆپچۆرىسىدە، ھەرخىل قىياپەتلەردە ئۆزىگە قاراپ تۇرۇشقانلارغا غىلام - غىلام قارىدى - دە، پەس ئاۋازدا:
— ئايلىنىپ بېرىپ، ئۇمۇ تەگدى. - دېدى.
— يەنە بىرنى، يەنە بىرنى ھاسانكا، — بايىقى يىگىت يەنە دالالەت قىلدى، — ھېلىقى بەش پاي ئوقنىڭ گېپىنى قىلە!
ھاسان نوچى ھېسامغا «قانداق، بىگىسىم تولىمىكەن؟» دې-

---

① مىنبىڭ - خەلق ئەسكىرى.

گەندەك نەزەردە بىر قارىدى ـ دە، كېيىن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇيۇندىدى.

— گەپ قىلىۋاتقان قايسىڭ؟ ھە، سەدىرما؟ ئۆزۈڭلا دەپ بېرە، بىلگەندىن كېيىن شۇ گەپنى ماۋۇ ھېسام پوچىغا. بىكار يەنە، مېنى ئىچىدىن چىقىرىۋالدى دەپ يۈرمىسۇن بۇ!

كىشىلەر ئارىسىدىن قىزىقچى چىراي، ئاۋارە كىيىنگەن بىر پاكار يىگىت ئالدىغىراق چىقتى.

— ئەمىسە مەن دەپ بېرەي ھە! يەنە شۇ مەمەيۈزدە بۇ ھاسانكاملارغا بەش پايدىن ئوقنى قارىغا ئاتىسىلەر دەپتۇ بىر قېتىم. ئېتىش تۈگىگەندە باشلىقلار تەكشۈرسە، ھاسانكام قارىغا ئاتقان تاختايدا بىرلا ئوقنىڭ ئىزى تۇرغۇدەك. ناھىيىدىن كەلگەن باشلىق ھاسانكامنى چاقىرىپ، سوراپتۇ:

— يەنە تۆت پاي ئوق قېنى، نەگە كەتتى يولداش؟

— نەگە كېتەتتى، — دەپتۇ ھاسانكام كۆزىنى مىت قىلماي تۇرۇپ، — ئۇ تۆت پاي ئوقمۇ مۇشۇ تۆشۈكتىن چىقىپ كەتتى ـ دە!

توي بولۇۋاتقان ھويلىنى تويغا لايىق كۈلكە، چاقچاقلار قاپلىدى. ئۇنىڭغۇچە مېھمانلارنى بىرەر قۇر ئۆزىتىپ ئۇھ دېگەن سابىق ئۆمەك باشلىقى ئوسمان ۋەسىدۇللا سورۇنغا قېتىلىپ، ھاسان نوچىنىڭ يەنە بىر قىزىق ئىشىنى سۆزلەپ بەردى.

— ماڭا قارا ھېسام، بۇ ھاساننىڭ يازسا كومېدىيە بولغۇدەك ئىشلىرى، قىزىق پاراڭلىرى تولا. مەن بىرنى دەپ بېرەي ھە! بۇ ھاسان بۆدۈنە، كەكلىك سارىڭى بۇ. ئولتۇرسا، قوپسا شۇ بۆدۈنە، كەكلىك ئوۋلىغاننىڭلا گېپىنى قىلىدۇ. بىر قېتىم ماڭا دەيدۇ، مۇشۇ شىمالىي قارىمدا[1]بۆدۈنە ئوۋلىدىم دەيدۇ، سەنجۇ سەنمىش. ھەلا دەڭلار. شۇنىڭ بىلەن نەدە بۆدۈنىجان باركىن دەپ ئەتراپنى بايقاپ كېتىپ بارسا ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر توپ دەرەخنىڭ شاخلىرىدا پومزەكتەك ـ پومزەكتەك بىر

① شىمالىي قارىم ـ يەر ئىسمى.

نېمىلەر قارغا چۈلغىنىپ، ئېسىلىپ تۇرغۇدەكمىش. ھاسانزە «بۇلار نېمە بولغىيدى، يازدا ئۈزۈلمەي توخلاپ قالغان ئالمىلارمۇ يە؟» دېگەننى ئويلاپ، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قېلىن قارنى كەچكىنچە، ئېتىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەپتۇ. پۈتۈگدا نېمىدا ھاسان، پىيىمۇ يە چۇسۇنكىمۇ؟

— چۇسۇنكا[①]، ـ دەپ پەخىرلەنگەندەك جاۋاب بەردى ھاسان نوچى ۋە «قانداق» دېگەندەك ھېسامغا قاراپ قويدى.

— ھە، شۇ چۇسۇنكىسى بىلەن ھېلىقى دەرەخنىڭ غولىغا كەلتۈرۈپ كېلىپ بىرنى تېپىپتىكەن بىزنىڭ بۇ ھاسان ئوۋچى، تۇيۇقسىزلا ئالما دەرىخىدىن بىرەر يۈز بۆدۈنە پۇرۇلداپ ئۇچۇپ، يىراق بارماي، قارغا پوك، پوك قىلىپ چۈشۈپتۇ. بايا ئالما شاخلىرىدىكىسى سىرازىم بۆدۈنىكەن ئەمەسمۇ. شۇنداقمۇ ھا-سان؟

— شۇنداق! — ھاياجاندىن ھاسان نوچىنىڭ ئاۋازى چىر-قىرغاندەك چىقىپ كەتتى، — يېرىم مىشكاپ بۆدۈنە تېرىۋالدىم، يە ـ يە...

ھېسام باشقىلارنىڭ چاقچىقىدىن، قىزىق ئىشلىرىدىن قانغۇ-چە كۈلدى. شۇ كەچتە ئوسمان ۋەسىدۇللا كىچىكرەك ئولتۇرۇش-مۇ ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ھېسامنى ئالايتەن ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرىشىمۇ شۇ ۋەجىدىن ئىدى. ھېسام بولسا ساھىبخانىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن كەچلىك ئولتۇرۇشقا ھاسان نوچىنى تۇتۇۋال-دى. بۇ ئادەم ئۈنىڭدا ئاجايىپ زور قىزىقىش قوزغىغانىدى.

كەچلىك ئولتۇرۇشتا ھېسامنىڭ ئەسلى ھاسان نوچىنى گەپ-كە سېلىش بولدى. دېمىسىمۇ ھاسان ھېسام قىرچە دېسە قىرچە، يانچە دېسە يانچە يوناققا كېلىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا، گەپ ئايروپىلانغا كېلىپ توغرىلاندى.

— ھاسانكا، مۇشۇ ئايروپىلان دەيمەن، غۇلجىغىچە كەلدى،

---

① چۇسۇنكا — كالاچلىق پىيما.

نېمىشقا جىلمىيۇزى، سامىيۇزى①تەرەپلەرگە كەلمەيدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھېسام ئەتەي.

ھاسان نوچى دەرمەھەل جاۋاب قايتۇردى:

— قىزىقكەنسەن ھېسام، قاش دەرياسىدا كۆۋرۈك بولمىسا، كەلگەن بىلەنمۇ قانداق ئۆتىدۇ؟

سورۇن ئەھلى راھەتلىنىپ، ئۇزاقتىن ــ ئۇزاق كۈلۈشتى. ھېسام بولسا يەنە «ئادەم چېلىش» تىن قالمايۋاتاتتى.

— ھاسانكا، ئۆتكەندە ئۈرۈمچىگە ئايروپىلاندا بارغىنىڭ توغرۇلۇق تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرمىدىڭغۇ؟

— راست، راست، بىزمۇ ئاڭلىمىغان، — سورۇندىكى دەيدەيچىلەر ھېسامغا قول ــ قانات بولۇشتى. قېيىنىنىسى سۇلتان دوختۇر يوق، ئارامخۇدا تۆت ــ بەش رومكا ئىچىۋېلىپ شۇ تاپتا تەييارلا بولۇپ قالغان ھاسان نوچى تەخىر قىلماي سۆز باشلىدى:

— ۋاھ، قويۇڭلار جۇمۇ، ئايروپىلان دېگەنمۇ بولمايدىغان نېمىكەن، كۆڭلۈمنى تولا غىلغىتىپ... ئۈرۈمچىگە بېرىپ ۋالغۇچە كۆزۈم تۆت بويىكەتتى زادى، يە ياندۇرغىلى بولمىغان.

— نېمە دەيسەنوي ھاسانكا، — دېدى ھېسام، ــ ئايروپىلان دېگەندە ئۇستاكاندىكى چاي چايقالماي تۇرىدىغان تۇرسا؟

— ۋايتاڭەي، — دېدى ھاسان نوچى ئېرەنسىز، — يە بىزنىڭ غۇلجىغا ئايروپىلاننىڭ ناچىرى كەلدىمىكىنتاڭ!

— بۇ گېپىڭ بولمىدى، — دېدى پىرىنسىپچان ئوسمان ۋەسىدۇللا تەھدىت ئاھاڭدا، — ھۆكۈمەت ھەرگىز ھاۋا يولىغا ناچار قاتناش قورالى سالمايدۇ، ئادەم ئاملى بىرىنچى تۇرسا، ھە!

بىچارە ھاسان نوچى قورقىنىدىن مەستلىكى شۇ ھامان تارقاپ، تىلى كالۋالىشىپ كەتتى.

— يا... يا ئەمدى دەيمىنا، غۇلجىنىڭ يولى يامان كاتاڭكەن. چۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېلىشامدۇ بۇ ئىتنىڭ كۆڭلى...

---

① غۇلجا ناھىيىسىگە تەۋە يېزا، بازارلار.

سورۇندىكىلەر تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشتى. قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان ئوسمان ۋەسىدۇللامۇ چىدىيالماي «باف» دەپ كۈلۈۋەتتى. ھېسام گەپنى ئىتتىك بۆلەك ياققا بۇرىدى.

— ئوسمان تۇەنجاڭ، كۈلۈشكىزگە قارىغاندا چۆلدە تولا يۈرگەندەك قىلىسىز جۇمۇڭ؟

شۇ چاغدا، ھېچكىم ئويلىمىغان بىر چاقچاق، ھېچ كىشى پەرەز قىلمىغان بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقتى. ئوسمان ۋەسىدۇللا ھېسامنىڭ چاقچىقىغا نېمە دەپتۇر جاۋاب ياندۇراي دەپ تۇراتتى، توساتتىن ھاسان نوچى تەمكىن ئاھاڭدا سۆزلەپ قالدى:

— شۇڭلاشقا، كۆرگەنلا ئادەمگە شالىنى چېچىپ تۇرىدىغان ئاداشتە بۇ!

كۈلكە كۆتۈرۈلدى، لېكىن ئۇزاققا بارمىدى. كۆپچىلىك بۇ گەپكە كۈلۈش تازا توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ئۆز كۆڭۈللىرىدە ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئوسمان ۋەسىدۇللا ئۇ ـ بۇ گەپلەرنى قىلىپ، يېڭىدىن كۈلكە قوزغاشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، بىراق ئوڭۇشلۇق بولمىدى.

ھېسام يېنىدا پەرۋاسىز، سەبىيلەرچە بىر نەزەر بىلەن سورۇنداشلىرىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان ھاسان نوچىغا ئەمدى باشقىچە ھېسسىيات بىلەن قارىدى. كۆڭلىدىن «يەر تەكشى ئەمەس، ئادەملەرمۇ تەكشى ئەمەس» دېگەن خىيال يالت ئېتىپ ئۆتتى.

www.uyghurkitap.com

# 38 . باللىققا قايتىش

مىلادىيە 1966 ـ يىل، يىل ئاخىرى، غۇلجا.

تۇرمۇش غەلۋىرىدە يەتكۈچە تاسقالغان ھېسام «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قايناۋاتقان مەزگىلىدە غۇلجا شەھىرىگە، يەنە كېلىپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، قەدرى كېيىن ئۆتۈلىدىغان غەنىيمەت، قايتماس باللىق دەۋرى ئۆتكەن ئوردا مەھەللىسىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ تارچۇق كوچىدىكى ھويلىسى، ئاتا ـ ئانىسى ئەركىلەتكەن، ئىنى ـ سىڭىللىرى بىلەن قىي ـ چۇۋلاشقان ئۆيىنى تالاي قېتىم چۈشىدە كۆرگەنىدى.

ئەسەبىي ھەرىكەت ئوردا مەھەللىلىكلەرنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. ئادەملەر بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن قاردىشاتتى، قاپىقى سېلىق يۈرۈشەتتى. چاقچاق ـ كۈلكە تۇرماق، گەپ ـ سۆزلەرمۇ قىسىر سىيىرنىڭ سۈتىدەك تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئاساسىي قاتلام كومىتېتىغا كەلگەن كادىرلار گەمە يېزىسىغا كەلگەن كادىرلاردىن قېلىشمايتتى. خېلى جىق ئادەم ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيىپ سازايى قىلىنىپ بولغانىدى. ئوردا مەھەللىسىدىكى بۇنداق «ئەيىبكار» لار تولىراق سېتىقچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، شۇ چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ھاياكەشلەر»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئۇنسۇر» لار ئىدى. كىشىلەرنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەنىدى.

«تۆت كونىنى يوقىتىش» شامىلى ئەڭ ئاۋۋال بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر چاغلاردا ھېسام دىكىلداپ تالاي ـ تالاي قېتىم چىققان ناغرىخانىنىڭ ئىسكەتىنى قويمىغانىدى. بۇ ئىككى نەرسە شەھەر ئىچى مەھەللىسىنىڭ كۆركى، غۇلجا شەھىرىنىڭ پەخرى ئىدى. ئۇلارنى ئەسەبىيلەشكەن ئىسىيانچىلار چاققان، بۇزۇۋەتكەن.

ھېسام بىر چاغلاردا چاقچاق، ناخشا قايناپ تۇرغان موزدۇر-
لار دۇكىنى، ھازىرقى ھۇۋۇلىلاپ تۇرغان ۋەيرانە ئۆيلەر ئالدىدا
ئۇزاق مۇڭلىنىپ، داق يەردىلا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ياش غىلغىپ
تۇرغان كۆزلىرى بەيتۇللا مەسچىتىگە، ۋەيرانە مەسچىت پەشتىقى
ۋە يېرىمى بۇزۇلغان ناغرىخانىغا تىكىلگەنىدى. شۇ ئولتۇرغىنىچە
ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى بىلمەي قالدى. ئۆتكەن - كەچ-
كەنلەر ئۇنىڭغا پاراڭ قىلاتتى، نېمىلەرنىدۇر قىزغىن، ھەيراز-
لىق ئىلكىدە (بەلكىم قاچان قايتىپ كەلگىنىنى، يەنە كېتىدىغان
- كەتمەيدىغانلىقىنى) سورىشاتتى. لېكىن ھېسام شۇ تاپتا خەق-
ىنىڭ ئۆزىدىن نېمە گەپ سورىغىنىنى، ئۆزىنىڭ نېمىدەپ جاۋاب
بەرگىنىنى ئاڭقىرالماس ئىدى. خىيال ئىلكىدە ئالدىغا كىملەر
كېلىپ، كىملەر كەتكىنىنىمۇ بايقىيالمايتتى. شۇ تاپتا ھېسام-
نىڭ كاللىسىدىن دەريا - دەريا خىياللار كەچتى. ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن باللىق چاغلىرى ئۆتكەنىدى. «زىما···تاڭگا···!» دې-
گەن چىرقىراق بىر سادا قۇلاق تۈۋىدە ۋاڭگىدە قىلىپ قالدى.
بالا ھېسام پاتقاقلىق يولنىڭ چېتى بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ، ناغرد-
خانىنى ياناپ نۇرغۇن قېتىم بۇ ھەيۋەتلىك مۇنارغا زوق بىلەن
تىكىلگەنىدى. ھېسامنىڭ قۇلىقىغا يەنە ناغرا چوكىلىرىنىڭ تۆگە
تېرىسى يۇزلۇكىگە تاراڭلاپ تەگكەندىكى ئەكس ساداسى ئاڭلانغاز-
دەك بولدى. ئادەملەر ھېيت خۇشلۇقىغا چۆمگەن ئاشۇ بايرام،
مەرىكە كۈنلىرىدە ھېسام ئۇستازىنىڭ مەدىتى ئارقىسىدا ھاياجان،
پەخىرلىنىش ئىلكىدە پۇخادىن چىققۇچە ناغرا چالغان ۋە كېچىچە
ئۇخلىمىغانىدى.
مەدرىسە ئالدىدىكى قۇربان تېرىچى ئاچقان، ھېسام كۆپرەك
سودا قىلىدىغان قوراي دۇكىنى (گەرچە ھەر خىل مىلىچ ماللار
سېلىنغان بولسىمۇ خەقلەر بۇ دۇكاننى «قۇربان تېرىچىنىڭ قو-
راي دۇكىنى» دەپ پاراڭ قىلاتتى، ھەتتا ھېسامىمۇ ھەر ئەتىگەنلى-
كى ئۆيدىن چىققاندا «ئاپا، قوراي دۇكانغا ماڭدىم» دەپ قويۇشنى
ئۇنتۇمايتتى) ئەمدى ئىزسىز يىتكەن، ئەمما ھېسامنىڭ يىللار
شامالللىرىدا قاتقان قەلبىدە ئۇنىڭ خاتىرىلىرى تېخى تۇنۇگۈنكى

ئىشلاردەكلا ساقلانغانىدى. ئۇ دۇكان ئالدىدا ئولتۇرۇپ، مەس-
چىتكە ماڭغان - يانغان چوڭلارغا قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ
ئۇرغۇن سالام قىلغانىدى. خۇش پېئىل، پەرىشتە چىراي ئابدۇل-
مۇتائالى خەلىپىتىمنىڭ نەيدەك ئىنچىكە ئاۋازدا ئۆزگىچە قىلغان
گەپلىرىنى مەشەدە ئاڭلىغانىدى. بىر قېتىم ئەتىگەندە ئۇ دۇكان
ئىشىكىنى ئېچىپلا، ئادىتى بويىچە تىۋىلغا سۇپۇرگىنى ئاچىقىپ
دۇكان ئەتراپىنى خېلى يەرلەرگىچە سۇپۇردى، دەل شۇ ئەسنادا
ئۆيى تەرەپتىن تەۋاززۇلۇق مېڭىپ كېلىۋاتقان خەلىپىتىم مېھرى-
بانلىق بىلەن كۆلۈمسىرەپ ھېسامنى ماختىدى:

— باركاللا ئوغلۇم، ئاتا بالىسى، ساۋاب ئىش قىلىۋاتى-
سەن، يەرنىڭ يۈزىنى ئېچىشىمۇ بىر ئىبادەتتۇر.

ۋەيرانە بەيتۇللا پەشتىقى ئالدىدا تۇرۇپ ھېسام شۇ يېقىم-
لىق، بىلىملىك زاتنى ئەسلىدى. ئۆزىنى شۇ دەقىقىدە خۇددى
بالىدەك، بالا پېتى سېزەر ئىدى.

ئۇردا مەھەللىلىكلەر ھېسامنىڭ ئۆز قەدىم مەھەللىسىگە
قايتىپ كەلگىنىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ھەر خىل
ئىپادە، سۆز، ھەرىكەتلەر بىلەن كۆڭۈللىرىنى بىلدۈردى. بىر-
لىرى ئۇنى ئەتىگەنلىك چايغا، بىرلىرى چۈشلۈك تاماققا، يەنە
بىرلىرى بولسا كەچلىك غىزا ۋە قونالغۇغا چاقىرىشاتتى. تائام
ئۈستىدە قولۇم - قوشنىلار ئاھ، ئۇھ چېكىشىپ رەھمەتلىك
قۇربان قىزىقچىنى، مۆمىن ھەسەلخاننى تىلغا ئالاتتى. ئىشلىرى-
نى، گەپ - سۆزلىرىنى ئەسلىشەتتى. كۆزيېشى قىلىشاتتى.
بۇنداق چاغلاردا ھېسامنىڭ قەلبى پۇچىلىپ، بۇرنىغا ھەردەم
قىممەتلىك ئاتىسى، قەدىرلىك ئانىسى پۇرايتتى. ئۇنىڭ ھويلىسى
ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن، ئەرزانلا قولدىن
چىقىپ كەتكەنىدى. ئىنى - سىڭىللىرى تۇرمۇشنىڭ جاپالىق
يوللىرىدا ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا قاڭقىرىپ، ھەر قەيەرلەرگە
بېرىپ توختىغانىدى. بىرلىرى تۇرمۇش قۇرۇپ، شۇ سەۋەب
بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەن. يەنە بىرلىرى ئوقۇشقا بېرىپ،
خىزمەت تەقسىماتى بىلەن باشقا يۇرتلاردا قېپقالغان، گاھىسى

شەھەرنىڭ باشقا مەھەللىلىرىدە ماكانلاشقان، بىر ـ ئىككىسى ئالدىنقى بابلاردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك غۇلجا ناھىيىسىنىڭ گەمە يېزىسىدا يىلتىز تارتقانىدى. ئەيتاۋۇر ھەر بىرى تەقدىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن رىسقى چۈشكەن يەرلەردە جېنىنى جان ئېتىپ كېتىۋاتاتتى. ھېسام ئاللىقاچان باشقىلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن، بالىلىقى، ئەزىز ئادەملىرىنىڭ مەۋھۇم خاتىرىلىرى يالداما بولۇپ قېلىپ قالغان شۇ سۆيۈملۈك قورۇسىنىڭ بوسۇغىسىدا كۆڭلى ئىلى دەرياسىدەك دولقۇنلىغىنىچە مۇڭلۇق خىياللارغا ئەسىر بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېدى، دەرۋازىدىن ئاتىسىنىڭ سالماقلىق قەدەم تىۋىشى يېقىنلاپ كەلگەندەك سېزىلدى. قۇلىقىغا خويمۇ ياۋاش، ئاجايىپ مېھرىبان، ئاللاتائالانىڭ ئەڭ مۆمىن بەندىلىرىدىن بىرى ھەسەلخاننىڭ مەيىن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى.

ھېسام قايتىپ كېلىپ نەچچە كۈنلەرگىچە شەھەر ئىچى مەھەللىسىنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى تەكشى ئايلىنىپ چىقتى، ئوردا مەھەللىسىنىڭ بىر چاغلاردا خۇددى ئۆزىدەك شوخ، غەمسىز ئاغىنىلىرى بىلەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈشۈپ، قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىغان تار كوچىلىرىدا سائەتلەپ، كۈنلەپ خىيالغا پاتتى. ھازىر ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ كۆپى مۇشۇ يەردە، تۇرمۇشنىڭ غېمىنى يەلكىلىرىگە ئېلىشىپ، بالا ـ ۋاقىلىق بولۇپ، ھەر خىل كەسىپ، ھۈنەرلەردە جان بېقىپ، تۇرمۇش ھارۋىسىنى تىرەجەپ سۆرەشمەكتە. لېكىن ھېسامنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇ تار كوچىلاردىن يەنىلا غەمسىز بىر توپ ھېلىقى سەبىيلەر قۇۋالىشىپ چىقىپ كېلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ ئەكس ئەتتى، كۆزلىرىگە كۆرۈنگەندەك بولدى ھەتتا!

زامان قانچە ئەنسىز بولسىمۇ، غۇلجىلىقلارغا خاس بىر خىل كۈلكە چاقچاققا ھېرىسلىق ئوردا مەھەللىلىكلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ كۆتۈرۈلمىگەنىدى. ھېسامنىڭ بالا چاغلىرىدىكى ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئارىلىرىغا يېنىپ كەلگىنىدىن تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. تەڭقۇرلار بىر نەچچە قېتىم ئۆيلەرگە يىغىلىشىپ، تاپقانلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇتتۇرىغا تۆكۈپ، دەسلەپتە ئېھتىيات بىلەن سۆزلىشىپ، بارغان-
چە ئېچىلىپ، دۇنيانى ئۇنتۇپ بالىلىق كۈنلىرىگە يېنىپ، قىزىق
پاراڭ، ئەسلىمە، بىر - بىرىگە گەپتە قوناق بەرمەي ئەسلەشلەر
... بىلەن تۈنلەرنى يېرىم قىلدى، تاڭلارنى ئاتقۇزدى. ئەل -
ئاغىنىلەر ھېسامنى تالىشىپ ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرغۇزاتتى، مېھمان-
دەك كۈتەتتى. ئۇنىڭ غېرىب كۆڭلىگە مەلھەم بولىدىغان ئىشلار-
نىڭ ھەممىسىنى قىلىشاتتى. ھېسامنىڭ كۆڭلىدىكى يېرىملىق،
غەمكىنلىكلەر، قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىنلا كۈز تۇمان-
لىرىدەك بارا - بارا تارقىلىپ كەتتى. «يۇرت ئېتىكى كەڭ»
، «ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن، ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن» دېگەن
ماقاللارنىڭ ھەقىقەتلىكىنى، ئۇلۇغلۇقىنى ئۇ تەسىرلىنىپ تو-
رۇپ چۈشەندى.

ھېسام شۇ تەرىقىدە توپتوغرا ئىككى يىلچە شەھەر ئىچى
مەھەللىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، خولۇم - قوشنا، ئەل -
ئاغىنە، بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆيىدە يۆتكىلىپ تۇردى. ماكانسىز،
تاماقسىز قالمىدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. كىچىكلەر
ئۇنى قىزىق ھەرىكەت، گەپلىرىنى ئارزۇلاپ ئىزدىسە، چوڭلار
ئاتا - ئانىسىنى دەپ، ئەرۋاھ خاتىرىسىنى ئەزىزلەپ ئۆيلىرىگە
تەكلىپ قىلاتتى. ئاغىنىلەر ئۇنىڭ ھالىدىن تېخىمۇ ئەتراپلىق
خەۋەر ئالاتتى. ئۇنى يۆلەيتتى. ئامال بار قىسىنىپ قالمىسۇن
دەپ ئويلىشاتتى. بىرلىرى تىجارەتتىن پايدا ئالغاندا يېنىڭغا سې-
لىپ قوي دەپ بەش - تۆت تەڭگە ئۇزىتاتتى، يەنە بىرلىرى
ھېسامغا لايىقراق، يەڭگىل ئىشلارنى ئىزدەپ - سوراپ تېپىپ
بېرەتتى. ئىشقىلىپ، ھېسام بۇ ئاي، بۇ يىللاردا يۇرت، مەھەللە
ئەللىقلىقىنى ئۆزى ئويلىغان، كۈتكەندىنمۇ ئارتۇق كۆردى.

1968 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە شەھەر ئىچى
مەھەللىسىنىڭ يىگىتلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرى قول سې-
لىپ ئىشلەپ ھېسامغا خاتىرجەم، مۇقىم ماكان بىر قورۇپ
بەردى. يەنى سەلىم جامال تۇنجى قېتىم ھېسام بىلەن كۆرۈش-
كەن، تونۇشقان ھېلىقى «قىزىل بىنا» نى سېلىپ بەردى. گەرچە

بۇ ئاددىيغىنا بىر ئېغىز ئۆي بولسىمۇ، يېقىن - يورۇقلارنىڭ
ئىللىق قەلبى ئىدى. ئۆي سالغان يەرنىمۇ شۇلار ھەل قىلدى.
ھېسام بۇنى مەڭگۇ ئۇنتۇماس، ئەلۋەتتە.

دەرۋەقە، بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، يەنە كېلىپ تېلېفوندا
ھېسام سەلىم جامالغا شۇنداق دېگەنىدى:

— مەن شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ قالغىنىمنى
ئۆزۈمنىڭ يەنە بىر بەختىم دەيمەن، ئۇكا!

شەھەر ئىچىلىك يارۇبۇرادەرلەر ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىنى
سېغىنغانىدى. گەرچە زامان شۇنچە قاتتىق بولسىمۇ، ئىچى سى-
قىلغان كىشىلەر ئىشىك - دېرىزىلەرنى ھىم ئېتىپ، ھېسامنىڭ
تۇگىمەس، ئۆزىگە خاس چاقچاقلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ تىڭشاپ،
قېنىپ كۇلۇشۇۋاتاتتى.

شۇنداق سورۇنلارنىڭ بىرىدە ھازىر بولغان، ئوقۇرمەنلىرى-
مىزگە غايىۋانە تونۇشلۇق سابىرجان مۇئەللىم ئۆزىگە خاس يۇ-
مۇرلۇق تىل ۋە كۇلكىسى بىلەن شۇنداق دېدى:

— ھېسامكا، جاھاننى بىر پىرقىراپ، ئەمەسلا بولۇپ كەپ-
سەن جۇمۇ ئۆزۈڭ. ھىل - ھىل بولۇپ پىشىپ كېتىپسەن
چاقچاققا. ئەمما مەھەللىدىكى ئاكتىپلارنىڭ يېنىدا گەپنى بايقاپ
قىل جۇمۇ، شۆشىبەنگە[1] كىرىپ، مەززە قىلىپ ياتما يانا!

كېيىنكى بىر قېتىمدا سابىرجان ھېسامغا يەنە مۇنداق دې-
دى:

— ھېلىقى سەلىمجان دېگەن بالىنى بازاردا كۆرۈپ قالدىم.
قايسى بىر ناھىيىگە زىيالىلىق ياش ...ھىمىس... (سابىرجان ئادىتى
بويىچە ئۆزىنىڭ قىزىق گېپىگە ئۆزى كۇلۇۋالدى. ئۇ «زىيالىي
ياش» دېمەكچىدى) بولۇپ چىقىپ كېتىپتىكەن، ساڭا ئوخشاش
سەھرادىن پېنسىيىگە چىقىپ شەھەرگە يېنىپ كەپتۇ. سېنى
سورىغانىدى، بار دېدىم. بىر كۇنى ئىزدەپ كېلىدىغۇ دەيمەن.
ئەمما، ئۇ بالىنىڭ ئىرادىسى چىڭ ئىكەن جۇمۇ، سېنىڭ چاقچاق-

---

① ئۆگىنىش كۇرسى دېمەكچى.

لىرىڭنى داۋاملىق توپلايمەن دەيدۇ. تېخى سېنىڭ نامىڭدا ئۆزۈڭ ئۇقمايدىغان بىر مۇنچە چاقچاقلارنى توقۇۋېتىپتۇ. تەييارغا ـ ھەييار بولىدىغان بولدىڭدە ھېسامكا... ھىھى... بىر ـ ئىككىسىنى دەپ بېرىۋېدى، كۈلۈپ قېتىپلا قاپتىمەن...

سەلىم جامال ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىنى قانداق قىلىپ داۋاملىق توپلىدى ۋە توقۇپ ئۈلگۈرىتتى، ھېسام بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ يەنە نېمىلەرنى دېدى... بۇ گەپلەرنى ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا تەقدىم ئېتىشنى سەل كېيىنگە تارتىپ، ھېسامنىڭ ئۇزاق يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ غۇلجا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، بىر ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش — تۇرمۇش ۋە تىرىكچىلىك غېمىنى قانداق قىلغانلىقى، نېمە ئىش ـ ئوقەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدە توختىلايلى. ئوقۇرمەنلىرىمىز كېيىنكى بابقا نەزەر ئاغدۇرسا، بۇ ئىشلاردىن خەۋەردار بولىدۇ.

# 39 . ساتىراشخانىدا

ھېسامنىڭ غۇلجا شەھرىگە قايتىپ كېلىپ قىلغان بىرىنچى
ئىش ـ ئۇقىتى ساتىراشخانىدا كاسسىرلىق قىلىش بولدى.
بۇ ئىش ھېسام «قىزىل بىنا»غا كۆچۈپ كىرگەن بىلەن
تەڭلا بولدى. يۇرتداشلارنىڭ ياردىمىدە ئاددىي بولسىمۇ خاتىرجەم
ماكانغا ئېرىشكەن (يانا كېلىپ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللـ
ـسىدە) ھېسام، يېڭى تۇرالغۇسىغا كۆچۈپ كىرىۋېلىپ ئۇھ دې
ـدى. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش، ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە يۆتكىلىۋې
ـرىش ئامالىنىڭ يوقىدا قىلىدىغان ئىش بولمىسا، ھەركىمنىڭ
جېنىغا پاتىدىغان ئازاب، ئەلۋەتتە. ھېسام بۇ ئازاب، بۇ قىيىنـ
ـچىلىقنى يەتكۈچە تېتىدى. ھېلىمۇ ياخشى شەھەر ئىچىلىكلەر بۇ
بىر ـ ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭغا تۇغقاندىن چارە مۇئامىلە
قىلدى.

ھېسامنىڭ شەھەر ئىچىلىك ئاغىنىلىرىدىن بىرى غۇلجا شە
ـھىرىنىڭ ئاۋات، مەركىزىي كوچىلىرىدىن بىرىگە جايلاشقان شە
ـھەرلىك بىرىنچى رايون (ئۇ كەملەردە غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاھالـ
ـلەر ئولتۇراق رايونى ئىككى رايونغا بۆلۈنۈپ باشقۇرۇلاتتى)
سانائەت كارخانىسىنىڭ خېلى بىر مەسئۇل كادىرى ئىدى. ھېسام
ئۇنىڭ ياردىمىدە رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ قېشىغىلا جايلاشقان ساتىـ
ـراشخانىدا ئىشلەيدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە تۆتلا ساتىراش بار
بۇ سوزۇنچاق دۇكانغا مەخسۇس كاسسىرنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.
بىراق، ھېسامنىڭ ھېلىقى كادىر ئاغىنىسى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان
ئويلاپ ئۇنىڭغا ئاز ـ تولا خىراجەت تاپاۋتى كېلىدىغان، ئۆزى
كۈچ تەلەپ قىلمايدىغان ئىشتىن پەقەت مۇشۇنى تاپالىدى. رايوـ
ـلۇق سانائەتنىڭ باشلىقى ئۇنىڭ بۇرادىرى ئىدى، ھېسامنىمۇ
خېلى ياخشى تونۇيتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېسام باشلىقنىڭ تەستىقى

بىلەن ساتىراشخانىغا ئىشقا باردى. ساتىراشلارنىڭ ھەممىسى شە-
ھەرلىكلەرگە تونۇش، پېشقەدەم ئۇستىلار ئىدى. ھېسامنىڭ كەل-
گىنىدىن ئۇلارمۇ خۇشال بولۇشتى. ساتىراشخانىدا كۈندە بىر
خىللا پاراڭ، بىر خىللا مەشغۇلات تەكرار داۋام قىلاتتى. ھېسام-
دەك تونۇلغان بىر چاقچاقچىنىڭ كېلىشى ساتىراشخانىدا يېڭى
مۇھىت پەيدا قىلدى.

ھېسامنىڭ بىرىنچى رايون ساتىراشخانىسىدا ئىشلەۋاتقانلىقى قۇلاقتىن - قۇلاققا تارقاپ، شەھەردە يەنە بىر يېڭى گەپ تېمىسى بولدى. بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى تازا ئەۋجىگە چىقىپ، ناخشا - مۇزىكا، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرلىك پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى چەكلىمىگە ئۇچرىغان، كىشىلەر بۇرۇقتۇمچىلىق ئىچىدە يۈرىدىغان چاغلار بولغاچقا، ھەممە ئادەم كۆڭۈل بەھرىنى ئاچىدىغان، بىردەملىك بولسىمۇ خۇشلۇق پەيدا قىلىدىغان ئىشلارغا، گەپ - سۆزلەرگە تەشنا ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىنمۇ ھېسام ئىشقا كىرگەن ھېلىقى ساتىراشخانىدا بىردىنلا يېڭى بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ساتىراشخانىنى ئادەم بېسىۋالدى. ئۇلار ھېسامنى تونۇيدىغانلار، تونۇمايدىغانلار، سىرتىدىن تەرىپىنى ئاڭلىغانلار، قىزىق پاراڭلىرىنى باشقىلاردىن ئاڭلاپ، ئۆزىنى بىر كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقىپ يۈرگەنلەر ئىدى. ھېلىقى سوزۇنچاق ساتىراشخانىدا ئەمدى قاچانلا قارىسا ئادەم لىق توشۇپ، ساتىراشلار قولى - قولىغا، پۇتى - پۇتىغا تەگمەي ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىلا قورۇق كەتمەيتتى. بىرلىرى چېچىنى ئالدۇراتتى، بىرلىرى ساقال - بۇرۇتىنى قىردۇراتتى. چېچى ئانچە ئۆسمىگەن ياش باللارمۇ نە - نەلەردىن كېلىپ، ئۆچىرەت ساقلىغاچ ھېسامنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھېلىدىن - ھېلىغا كۈلەتتى. گايىبىر يىگىتلەر ئۆمرىدە ھېسامنى كۆرگىنى مۇشۇ بولسىمۇ، خەقنىڭ ئالدىدا ھېسام بىلەن كونا تونۇشلۇق سالاھىيىتى بىلەن ماختاناق بولۇپ، ھېسامغا ئۇدۇللا پاراڭ قىلاتتى:

— ھېسامكا، قانداق ئەھۋالىڭ، ھە، كۆرۈنمەيسەنغۇ؟

هېسام ئۆمرىدە بىر ئادەمگە ئالدىراپ ناتونۇشلۇق مۇئامىلىسى قىلمايتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ تەبىئىيلا:

— بارغۇبىز، مانا مۇشۇ دۇكاندا، ئۆزۈڭ نەلەردە يۈرىسەن؟ ئەستا، ئېتىڭنى ئۇنتۇپ قالدىما — … دەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن ياش يىگىت ئىشەنچلىك هالدا پۈتنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، ئۆپچۆرىسىدىكى هېسام بىلەن خۇددى ئۆزىدەك يېڭى تونۇشقان، ساددا كۆڭۈل ئادەملەرگە غىلام ـ غىلام قاراپ قويۇپ، پاراڭنى دۆڭ سوقاتتى:

— ئامىلىكىن ئۆتكەندە بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئولتۇرۇشتا قەبىھ ئېچىلىپ كەتتىڭ جۇمۇ هېسامكا! روزى توخۇ ئىككىڭلار قالتىس پاراڭلاشتىڭلار…

— روزى توخۇكام دېمەمسەن، — دەيتتى هېسام بېشىنى ئەينەكتەك قىردۇرغان مويسىپىتتىن پۇل ئېلىۋېتىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، بۇ بوۋاي هېسامنى كۆرمەمسەن دەپ، مەھەللىسىدىكى چۆپقەت ساتىراشخانىنى تاشلىۋېتىپ، خېلى ئۇزۇن يولنى بېسىپ باش بېكەتتىن① كەلگەنىدى. ئۆچىرەت ساقلىغاچ هېسامنىڭ ئاغزىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپلا قالغان ئورتا ياش بىر دېهقان دادامتۇدىن② ئالايىتەن كەلگەنىدى.

هېسامنىڭ ئالدى يارىشىپ، ئاشۇ بىر ئاي ئىچىدىلا ساتىراشخانىنىڭ تاپاۋىتى بىر قاتلاندى. كونىراپ كەتكەن مانچېستېر دوپپىسىنىڭ بىر چېتىنى دائىملا پۈكلەپ كىيىۋالىدىغان ياشقا چوڭراق بىر ساتىراش هېسام يېڭى كەلگەن كۈنلەردە قاپىقىنى ئانچە ئاچماي يۈرگەنىدى. يېڭى تاپاۋەتنى كۆرۈپ ئەمدى ئۇمۇ هېسامغا بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ساتىراشخانا دېگەن ئاجايىپ بىر جاي. هەر كۈنلۈكى بۇ يەرگە هەر يەر ـ هەر يەرلەردىن، خىلمۇ خىل ئادەملەر كېلىدۇ.

---

① باش بېكەت — غۇلجا شەھرىنىڭ غەربىدىكى بىر جاي. ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ يۇقىرىدا.

② دادامتۇ — غۇلجا شەھرىگە يېقىن بىر يېزا.

ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن يېڭى ـ يېڭى خەۋەر، ئۇچۇرلارنى، ھەر تۈرلۈك قىزىق گەپلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. پاراڭ تېمىسى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىرەر گەپ، بىرەر ھېكايە ئاسانلىقچە تۈگەل ئاخىرلاشمايدۇ. چۈنكى يە دۇكانغا يېڭى بىر خېرىدار كىرىپ كېلىدۇ، يە گەپ قىلىۋاتقان خېرىدار قايسىدۇر بىر مۇھىم ئىش ئېسىگە چۈشۈپ، ئالدىراپ پۇلىنى تۆلەپ چىقىپ كېتىدۇ. زامان ئەنسىز بولغاچقا، پاراڭلارمۇ كۆپىنچە ئېھتىيات بىلەن بولىدۇ. قايسىدۇر بىر خېرىدار گەپنى سەل تاپتىن چىقىراي دېسە، بۆكىنى پۇكلەپ كىيىۋالىدىغان ئۇستام تامىقىنى قىرىپ قويۇپ:

— ھاي ـ ھاي، ئۇستىرا تېيىلىپ كېتىدۇ، ھە، قېنى ھېسامدۇن، پاراڭ قىلىڭا! — دەپ قوياتتى.

ساتىراشخانىدا ئەڭ قىزىيدىغىنى بىر سەن ـ بىر مەن چاقچاق بولاتتى. يەنە كېلىپ چاقچاق ساتىراشخانىدىكى چاچ ئېلىپ، ساقال ـ بۇرۇت قىرىشقا ماس مەزمۇندا ئايلىناتتى. بىرەر خېرىدار ئۆچىرىتى كېلىپ، يېڭىلا بوشىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشىغا، تولىراق ھېسام يېڭى بىر گەپ تاپاتتى.

— ئىسلىماخۇنكا، ياش ۋاقتىڭدا قوغۇنلۇقتا جىق ياتقانمىتىڭ نېمە؟

— قانداق دەيسەن ھېسامجان؟ — دەپ خۇدۇكسىرەپ كۈلەتتى، بېشىدىن دوپپىسىنى ئەمدىلا ئالغان ياشقا چوڭراق خېرىدار ئېھتىيات بىلەن.

— يا ئەمدى، بېشىڭنى كۆرۈپ بېسىۋالدى[1]قوغۇن يادىمغا كېلىپ قالدىچۇ.

ياندا نۆۋەت ساقلاپ ئولتۇرغان شىتىلىراق ياش بالا پاچاقچىلىق قىلاتتى:

— قانداق دەيسەن ھېسامكا، بېسىۋالدىدىن بىرەر تىلىم تىلىپ بەرسۇنما؟

ھېسام خۇددى شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، گەپنى تارى-

[1] يەرلىك قوغۇن سورتلىرىدىن بىرى.

سىدە ئۇراتتى:
— تىلغان يەردىن ئۇرۇقى تۆكۈلۈپ كەتسە دەيسەنغۇ ھە؟ تۆزۈڭمۇ ئۇرۇققا ئامراق نېمىدىك قىپىۇم!
گۇررىدە كۆتۈرۈلگەن كۈلكىدىن «پاچاقچى» نىڭ يۈزى شەل. پەردەك قىزىرىپ، نائىلاج ئۆزىمۇ كۈلكىگە قوشۇلاتتى - دە:
— ھە، گەپ قىلە ھېسامكا، گەپ قىلە! — دەيتتى.
يەنە بىر چاغلاردا، قولى ئىشتا، غىڭشىپ بىر ئاھاڭغا كەلتۈرۈۋاتقان ئۇستىلاردىن بىرى گەپكە ئېغىز ئېچىپ قالاتتى:
— ھېسام، جىمىپ كەتتىڭغۇ، گەپ قىلغاچ ئولتۇرماما. سەن!
— گەپ قىلاي دېسەم ئۆزۈڭ توگىمەيدىغان قىرائەتنى باش. لىۋالدىڭ. قاچان «ئامىن» دەيمىزكىن دەپ ساقلاپ ئولتۇردۇم شۇ، مالىڭ.
يەنە يېڭى كۈلكە، يېڭى چاقچاقلار باشلىناتتى.
ساتراشخانىغا ھېسامنىڭ مەھەللىلىكلىرىمۇ كېلىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شەھەرگە تونۇلغان قىزىقچىلاردىن ساتتار قو. رۇق، ئىبراھىم جاھانكەزدى، گايىدا روزى ئابدۇۋېلىمۇ بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا چاقچاق راسا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇستاملارمۇ، خېرىدارلارمۇ پۇخادىن چىققۇچە پەيزى قىلىۋالات. تى.
— ئىبراھىم ئۇكا، پات - پات كېلىپ تۇرىڭا يوقاپ كەت. مەي، — دەيتتى بۆكىنى پۇكلەپ كىيىدىغان ئۇستام كۈلكىدىن ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە، — سىز كەلسىڭىز ھېسامدۇن بۆلەكچە ئېچىلىپ كېتىدىكەن.
— بۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، بالاغا قالماڭ يەنە، — دەيتتى ھېسام دەررۇ، — سېنىڭ راست دەپ قويسىڭىز، دۇئاغا چاچ ئالغۇزىدىغان نېمە بۇ.
— مەيلى، مەيلى، دۇئامۇ كېرەك. دۇئا بىلەن ئەر كۆكە. رەر، دەپتىكەن. ئىبراھىملاردىن پۇل ئالمىساق نېمە بوپتۇ!
— ئاڭلىدىڭمۇ ھېسامكا، — دەيتتى ئىبراھىم جاھانكەزدى

www.uyghurkitap.com

خۇش بولۇپ، — «راخماننىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ» دەپ، خەق ئىلتىپات كۆرسەتسە، سېنىڭ قورسىقىڭ نېمە ئاغرىپ كېتىدۇ؟

— هاي ـ هاي ئىبراهىم، گەپنى بايقاپ قىل جۇمۇ، ماۋۇ مالىك ئۇستامنىڭ قولىدا پىچاق بار.

ئىبراهىممۇ، تۆۋەت ساقلاۋاتقان بولەك خېرىدارلارمۇ هېسامنىڭ چاقچىقىنىڭ تېگىنى پەملەپ، كۈلۈشۈپ كېتەتتى. مالىك ئۇستام بېشىنى يېنىك لىڭشىتىپ:

— هە، گەپ قىلە هېسام، گەپ قىلە، بىلمىگەنلەر بىلىۋالسۇن.

هېسامنى ساتىراشخانىغا ئورۇنلاشتۇرغان ئاغىنىسى بىر كۈنى ساناتەتنىڭ هېلىقى باشلىقىنى ئېلىپ ساتىراشخانىغا كىرىپ كەلدى. باشلىقنى كۆرۈپ ئۇستاملار جانلىنىپ كېتىشتى. تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ ئاخىر بىرى ئۇنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىپمۇ قويدى. هېسام باشلىققا چاقچاق قىلدى.

— يائاللا چاقچاق، بوپقويدىغان نېمە باشلىقلىقكەن جۇمۇ!

— قانداق دەيسىز هېسام؟ — دەپ سورىدى ياتما ئورۇندۇققا ئۇڭدا بوپقالغان، ئېڭەك، بويۇنلىرى مازغاپ باشلىق خىرىلداپ.

— سىز كىرىۋېدىڭىز، مۇنۇ ئۇستاملار ئېڭىكىڭىزنى تالىشىپ كەتتا. مەن مەشەگە كەلگىنى تۆت ئاي بولدى، بىرەرسى مەن دېمىسەم ئۆزلۈكىدىن «مەيەرگە كېلە هېسام» دەپ قويمايدۇ.

ئۇستاملار تىللىرىنى چاكىلدىتىپ، باشلىرىنى چايقاپ كۈلۈشتى. باشلىقنىڭ كېكىردىكىگە ئۇستىرا ئاپارغان ساتىراش كۈلكە ئارىلاش تولۇلدى:

— هېسام، شۇك جۇمۇ، كېسىۋالىمەن بىكار!

— بېشىڭىز ئۇنىمىدى، — دېدى هېسام تېخىچە خىرىلداپ كۈلۈپ ئۇڭدا ياتقان باشلىقنى شەرەتلەپ، — يە تازا بورداق مالكەن دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ!

— يامانكەن هېسام، يامانكەن، — باشلىق ياتقان جايىدا

قىمىرلاپ، خىرىلداپ كۆلدى.

سەلدىن كېيىن ئېگەكلىرى پارقىراپ باشقىچە ئىسكەتكە كىرگەن باشلىق مەگزىلىرىنى ئىككى ئالىقىنىدا سىلىغىنىچە ھې-سامىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، گەپ باشلىدى:

— قاراڭ ھېسام، مەن كىتابنى جىق ئوقۇپ قويىمەنچۇ. بىر كىتابتىن ساتىراش توغرۇلۇق بىر شېئىرنى ئوقۇپ قالدىم، ئېسىمدە قالدىغۇ دەيمەن...

باشلىق تورۇسقا قاراپ، شېئىرنى يادلاشقا باشلىدى:

بارچە ھۈنەر يىپقا ئۆتكۈزگەن دۇرۇ،
دۇرۇ ئىچىدە قىممەتلىكى ساتىراش.
چۈنكى ئەگەر ئىشقا چۈشەر بولسا ئۇ،
تەسلىم ئاڭا شاھۇ ـ گاداي ھەممە باش[1].

ھەممەيلەن ھەر خىل خىتابلار بىلەن شېئىرنى ماختاپ كې-تىشتى. ھېساممۇ ئۆز يولىچە ئىپادە بىلدۈردى:

— يائاللا، شۇڭا ماۋۇ كېرىماخۇن ئۇستام قورقماي سىزگە تىغ تەڭلەپتىكەندە!

— مۇشۇ ساتىراشلىقنى قاراڭ چاڭجاڭ، مانا سىز بىلىدى-كەنسىز، بابىدا ماختىدىڭىز. مېنىڭ ئاتام رەھمەتمۇ زامانىسىدا، يۇرتتا كامالىغا يەتكەن ساتىراش بولىدىغان، بىز بۇ ھۈنەرنى شۇ پەدەردىن ئۆگەنگەنغۇ. شۇ رەھمەتى دائىم دەيدىغان: ساتىراشلىق-نىڭ ساۋابىدىن، جىمى ساتىراش ئۆلگەندە ئۇدۇل جەننەتتى بوپ-كەتكۈدەكمىش...

— ئىنشائاللا، —دېدى بۆكىنى پۈكلەپ كىيىدىغان ساتى-راش.

ھېسام سۆزلىدى:

— مانا قارىسىلا كېرىماخۇنكا، بىز بارغۇچە جەننەت ساتى-راش بىلەن توشۇپ كېتىپ، تىچلىق بولسا بىز تالادا قالىمىزكەن-دە!

---

① «مىلە بىر كېچە» دىن.

— هاي ـ هاي، كۇپۇر، كۇپۇر، — كېرىماخۇن ئۇستام رەنجىدى. بۆكىنى پۇكلەپ كىيىدىغان ئۇستام تامىقىنى قىردى.

— هاي ـ هاي، ئۇستىرام تىيىلىپ كېتىدۇ ـ هە!

سېمىز باشلىق ئورنىدىن پىخىلداپ كۆلگىنىچە تۇرۇۋېتىپ، گۆشلۈك ئالقىنى بىلەن ھېسامنىڭ يەلكىسىگە قاقتى.

— يامان، يامان! سۇلتانجان، ھېسام بىلەن بىر كۈنى بىر ئولتۇرايلى جۇمۇك، ئۆزۈم ۋاقتىنى توغرىلايمەن.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېسام باشلىقنىڭ سورۇنىغا داخىل بولدى. شۇ يەردە ئۇ دادىخان ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن تونۇ-شۇپ قالدى.

# 40. ئامان بولۇڭ، دادىخان

بىز ھېسامنى دادىخان بىلەن ئۇچراشتۇرۇشتىن بۇرۇن، ئالدىنقى بابىمىزدا دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بىر ئىشنى ئوقۇرمەنلەر سەمىگە سالغاچ كېتەيلى ھېسام ساتىراشخانىدا ئىشلەۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سابىرجان تۇيۇقسىز تالادىنلا چاقچاق قىلىپ دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرگەن ئادەم دەل تارتىنچاق مىجەزلىك سەلىم جامال ئىدى.

— ھېسامكا، ئاڭلىسام سېنى غەللە پۇلىدىن قويىدۇ دەيدىغۇ، — سابىرجان ساتىراشخانىغا كىرە - كىرمەيلا، ئادىتى بويىچە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمنى باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ھېسامنىڭ كاسسىرلىق قىلىۋاتقانلىقىغا نىسبەتەن قىلغان چاقچىقى ئىدى.

ھېسامنۇ بوش كەلمىدى:

— يائاللا سابىر ئۇكا، كۆزۈڭ روشەندە - ھە؟ مېنى غەللىگە قول سالىدۇ دەپ چاقۇ ئاڭلاپ، ساقچى باشلاپ كەلدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ سابىرجاننىڭ ئارقىسىدا تۇرغان سەلىمگە كۆلۈپ قاراپ.

بىر پەس كۆلۈشمەك بولدى. شۇ ئارىدا سەلىم بىلەن ھېسام ئەھۋال سورىشىپ ئۈلگۈردى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشمىگىنىگە خېلى چاغلار بولغانىدى.

— ئۇنداق دېسەم، ماۋۇ ئۇستاملار باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن، چاقچاق، چاقچاق...ھىھى—...سابىرجان يەنە شەيتانلىقىنى باشلىدى، — ھېسامكام دېگەن مېھمانغا بارسا جوزىنى چېكىپ، ساھىبخانىدىن رۇخسەت سوراپ، ئەتكەن چايغا نان چىلايدىغان ئادەم. راستمۇ ھېسامكا؟

— سەن ئەمەس، دۇكاندارنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، غەللىسىگە قول سالىدىغان! — ھېسام «تۆھمىتىڭگە تۆھمەت قى-

لاي» نى باشلىدى.

— سەن ئەمەس ھېسامكا، يولدا تۇرغان ئەخلەت ساندۇقىنى غەللىمىكىن دەپ قول سالىدىغان!

— سەن ئەمەس سابىر، ئۆيگە ئاپىرىپلا ساناپچۇ دەپ، گۇگۇمدا ئەخلەت ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان!

«سەن ئەمەس» چاقچىقى بىر سەن، بىر مەن بولۇپ خېلى داۋاملاشتى. ساتىراشخانىدا بىر مەھەل كۈلكە كۆتىرىلىپ تۇردى. شۇ ئارىدا سەلىمجانمۇ يېڭى مۇھىتقا ئۆزلىشىۋالغانىدى.

دەرۋەقە، ساتىراشخانىدىكى چاقچاقلار سەلىمجاننىڭ دەپتىرىگە يەنە بىر مۇنچە يېڭى دەسمايە ئاتا قىلغانىدى. ئۇ ھېسامنىڭ تېز ئاتارلىقىنى، خەق ئېغىزىنى تاتىلىغانسىرى، چىشىغا تەگكەنسېرى يېڭىدىن - يېڭى، قالتىستىن - قالتىس گەپلەرنى قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بۈگۈنمۇ ھېس قىلدى.

سەزگۈر سابىرجان مۇئەللىم ھېسامىدىننىڭ ھەربىر گېپىگە زەن سېلىپ ئولتۇرغان سەلىمجانغا چاقچاق قىلدى:

— مانا، مانا، مانا، جىڭ پەيزى ئوغرىسىدە، بۈگۈن خېلى پۇلغا ئىشلەپ قويىدىغان بولدىڭىز دە سەلىم بالا، ھە؟ يامان يېرى ھازىرچە نېسىغا ئىشلەيسىز دە. ئاممىلىكىن خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۈنى نەقلىشىدۇ. مىليونېر بوپكېتەمسىز تېخى! ئۇ چاغقا بارغاندا ھېسامكامنىڭ كۆزى قىزىرىپ، سىزدىن قەلەم ھەققى تالىشامدىكىن تېخى! تونۇتۇپ قويغانغا خۇشال بولماي... ئۇنداق قىلمايدىغانسەن ھېسامكا؟ ھىھى...

— سەن ئەمەس...، — ھېسامنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى. سابىرجانمۇ قاراپ ئولتۇرمىدى. ساتىراشخانىنى يەنە بىر پەس شادلىق قاپلىدى.

كېتەر چاغدا سابىرجان ھېسامغا دېدى:

— ھېسامكا، ماۋۇ سەلىمجان دۇكاننى كۆرۈۋالدى. ئەمدى پات - پات سېنى يوقلاپ تۇرىدۇ. كەلسە قورۇق قايتۇرما، ھە؟

— غەللىدىن قايرىپ بېرەمدا؟ — سەلىمجاننىڭ ئاغزىدىن ناگىھان چاقچاق چىقىپ كەتتى. سابىرجان ۋارقىراپ كەتتى.

— ئوھوي، باللار يېتىشىپ قاپتۇ جۇمۇ. دىققەت قىل ھېسامكا، پات ئارىدا سېنى ئېلىپ قويغۇدەك!

— ئالدۇ، سەن ئەمەس، تەييار ئولجىنى كۆرمەيدىغان...

ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتۈپ، بىر يەكشەنبە كۈنى سەلىمجاننىڭ ساتىراشخانا تەرەپكە يولى چۈشۈپ قالدى. ئۇ يولۇقىدىغان يېرىگە يولۇقۇپ، ھېسام بىلەن ئامانلىشىپ ئۆتۈپ كېتىش خىيالىغا كەلدى. سەلىمجان ساتىراشخانىغا كىرىپ، ئويلىمىغان بىر ئىشقا يولۇقتى، يەنى ئۇ ساتىراشخانىغا كىرىپ كەلگەن چاغ، دەل بىرىنچى رايون سانائەت كارخانىسىنىڭ ھېلىقى سېمىز باشلىقى ۋەدىسىگە ئاساسەن ھېسامنى ئولتۇرۇشقا ئېلىپ ماڭغان ۋاقىت ئىدى.

ھېسام سەلىمجاننى كۆرۈپلا، خۇشاللىق بىلەن:

— تازا دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىزدە ئۇكا، بۈگۈن ئون - يىگىرمە چاقچاقلىق بوپقالىدىغان بولدىڭىز، جۇرۇڭ، — دېدى.

سەلىم تېڭىرقىدى:

— نەگە ھېسامكا، نەگە ماڭىدىڭىز؟

ھېسام سەلىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، ئۆزىنى ئولتۇ-رۇش بولىدىغان ئۆيگە باشلاپ بارىدىغان، بىز ئالدىنقى بابتا تونۇشقان بىر مەھەللىلىك كادىر ئاغىنىسىگە قارىدى.

— مانا ئالىم، بۇ مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن ھەرەم-باغلىق جامال ئەپەندىنىڭ ئوغلى سەلىم. مېنىڭ چاقچاقلىرىمنى توپلاۋاتقان...

ئالىم دېگەن كىشى جانلاندى.

— ۋاھ، تازا ياخشى بوپتۇ، جۇرۇڭ ئۇكا، بۈگۈن ھېسام ئاكىڭىزنى بىرلىكتە ئاچىمىز.

ئۇلار تاشلەپكە تەرەپتىكى بىر خالتا كوچىغا، دادىخان ئىس-مىلىك، پاكار بويلۇق، ئاقسېرىق ئادەمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بارغاندا، زەي پۇراپ تۇرىدىغان خىشلىق ساراي ئۆيدە، ئۈستى يېپىقلىق، راستلاقلىق شىرەنىڭ يېنىدا سېمىز چاڭجاڭ قوش ياستۇققا يامپاشلىغىنىچە ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنى-

دا، گىلەم ئۈستىدە يېرىم بوتۇلكا هاراق، بىر رومكا ۋە كىچىك-كىنە تەخسىدە ئۇششاقدالغان قۇرۇت تۇراتتى. باياتىن، ھېسامىلار كەلگۈچە ساھىبخانا ئىككىسىنىڭ بىرەر - ئىككى رومكىدىن «ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ» پەلەمپە قىلىشۋالغانلىقلىرى ئېنىق ئىدى.

نەچچە رومكىنىڭ تەسىرىدىنمۇ، يېڭى كەلگەنلەر سالامنىڭ چوڭىنى قىلىشىپ سارايغا كىرىشكىلا، باشلىق ھېسامغا چاقچاق باشلىدى.

— ئەجەب كېلەلمەي كەتتىڭىز ھېسام، يولدا جۇسادۇي توسۇۋالمىغاندۇر؟

— ياقەي چاڭجاڭ، — دېدى ھېسام دەرھال، — ئۇلار بىزدەك ئورۇق نېمىلەرنى توسۇمايدىكەن.

ھەدېمەيلا چاقچاق، كۈلكە باشلاندى. سېمىز باشلىق يامپاش-لىغان يېرىدىن مىدىرلىمايلا كەلگەنلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھېسام بوش كەلمەيدۇ چاڭجاڭ، ئاۋايلاپ پاراڭ قىلىڭ،

— ئاڭغۇچە پەيدە بولغان ئۆي ئىگىسى، ئاۋازى بىر خىل خىرىلدا-داپ، بوغۇق چىقىدىغان دادىخان ئىسىملىك كىشى شىرەدىكى مەزەلەرنىڭ يوپۇقىنى ئېچىۋېتىپ گەپكە قوشۇلدى. سەلىمگە بۇ ئادەم تولىمۇ ياخشى تەسىر بەردى. دەرۋەقە، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ دادىخان بىلەن «ئاكام ئاداش، ئۇكام ئاداش» لاردىن بولۇپ كەتكەنىدى.

ياش - قۇرامى شۇ چاغلاردا ھېسامغا يەتمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ خۇش چاقچاقلىقى، چىقىشقاقلىقى تۈپەيلى ھېسامنى تولىمۇ يې-قىنچىلىق بىلەن «ھېسام ئاداش» دەپ چاقىرىدىغان خۇشكۈلۈم بۇ ئادەم، يەنى دادىخان بىرىنچى رايون سانائەت كارخانىسىغا قاراشلىق «مۇزىكا زاۋۇتى» (مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياسايدىغان كىچىك كارخانا) نىڭ مەسئۇلى بولۇپ، سېمىز چاڭجاڭنىڭ ئۇلپەتلىرىدىن ئىدى. ساز چېلىشقا ماھىرلىقى، كۆپىنچە ناخشا - مۇزىكىلارغا، بولۇپمۇ ئۆزبېكچە ئاھاڭلارغا ھەۋەس بىلەن

چالىدىغانلىقى ئۇنى چاڭجاڭ بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغان. ئە-
مەلىيەتتە جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن كىشى دادىخاننى بىلەتتى. ئۇ-
نىڭ خىرگايى ناخشىلىرىنى، ئىللىق مۇئامىلىسىنى ياقتۇرىدىغان-
لار خېلى كۆپ بولىدىغان دادىخاننىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى،
ھاراققا ئامراقلىقى ئىدى. ھېچقانداق ئادەمدە يوق بىر ئادەت
ئۇنىڭدا بار بولۇپ، قىش - يېزىن قارا سومكىسىغا بىر بوتۇلكا
ھاراق، بىر رومكا، ئاز - تولا زاكۇسكا (قۇرۇتمۇ، ئالمىمۇ،
قېزىمۇ، دادۇر - پۇرچاقمۇ... ئىشقىلىپ بىرەر نېمە ئۈزۈلمەيت-
تى) سېلىۋېلىپ، پىيادە ماڭسا قولىدا كۆتۈرۈۋالاتتى، ۋېلىسى-
پىت مىنسە، سومكىنى رولغا ئېسىپ قوياتتى. قانداقلىكى يەردە
بىرەر تونۇشى، يېقىن كۆرگەن ئادىمى ئۇچراشسا، ۋېلىسىپىتتە
بولسا جايىدىلا توختاپ، ئېگەردىن چۈشەتتىمدە ئىككى پۇتىدا يەر
دەسسەپ تۇرۇپ سومكىدىن شىشە بىلەن رومكىنى ئالاتتى. مۇبادا
پىيادە كېتىۋاتقان بولسا ئۇچرىشىپ قالغان تونۇشى ياكى ئاغىنى-
سىنى يېڭىدىن تارتىپ چەتكىرەك ئېلىپ چىقاتتى. رومكىغا
ھاراقنى قۇيۇپ، ئۆپچۆرىسىگە بىر قارىۋېلىپ ئاۋۋال ئۆزى ئى-
چەتتى. ئالدىرىماي، سومكىسىدىن زاكۇسكا ئالاتتىمدە، ئاغزىغا
سېلىۋېتىپ ئاندىن يەنە ھاراق قۇياتتى. ئىككىنچى شىشە رومكى-
نى ئۇچراتقان ئاغىنىسىگە تەڭلەپ، بوغۇق ئاۋازدا:

— ئامان بولۇڭ! — دەيتتى.

بۇنداق، يولدىكى ئىچەرمەنلىككە بەزى ئادەملەر كۆنمەيتتى.
دادىخان بارا - بارا ئىچىدىغان ئادەملەرگە يولدىلا قۇيىدىغان
بولغانىدى. چوڭ كوچىدىكى بۇنداق غەلىتىلىككە پات - پاتلا
يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالاتتى. كۆپىنچىلەر كۆ-
زىگە ئىشەنمەيتتى. بەزىلەر ياقىسىغا قول ئاپىرىپ:

— خۇدايا توۋا! — دېيىشەتتى.

دادىخان ھاراققا ئىنتايىن ئامراقمۇ ياكى مېھماندوستلۇقىدىن
شۇنداق ئىشنى ئادەت قىلغانمۇ، بۇنى ياخشى بىلىدىغانلار كەمدىن
- كەم، بىزمۇ بۇ يەردە بۇ ئىشنى مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرمايلى،
ئەيتاۋۇر شۇ كۈنى سەلىمجان دادىخاننىڭ ئۆيىدىكى مېھماندارچى-

لىقتىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. سەۋەبى، بۇ كۈنى ھېسام ئالامەت ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ چاقچاق ئوبيېكتى باشلىقنىڭ سىمىزلىكى بىلەن دادىخاننىڭ سومكىسى بولدى.

— دادىخان، كۆچمە قاۋاقخانىدا ئىشلەۋاتقىنىڭىزغا قانچە يىل بولدى؟ — دەپ سورىدى ھېسام. ئۇنىڭ ھېلىقى، دادىخان ھاراق ئېلىپ يۈرىدىغان سومكىنى دەۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئالتە ـ يەتتە رومكا ئىچىۋېلىپ، شەلپەردەك قىزارغان، تېخىمۇ مۇلايىملىشىپ كەتكەن دادىخان بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئېسىمدە قالماپتۇ ھېسام ئاداش، ئىشقىلىپ سومكىدىن بەشنى ئالماشتۇردىمغۇ دەيمەن، — دېدى.

— بىزنىڭ ساتىراشخانا تەرەپلەرگىمۇ پات ـ پات ئۆتۈپ تۇرۇڭ، سودىڭىز ئوبدان ئاقىدۇ.

— چاتاق يوق ھېسام ئاداش، ئىچىدىغانلا بولسىڭىز نى ياخشى ھاراقلىرىمىز بار، بىزدە بولمىسا چاڭجاڭدا تولا. شۇنداق ھە، چاڭجاڭ؟

چاڭجاڭ «شۇنداق» دېگەندەك بېشىنى ئىرغىتتى. ھېسام بوش قويمىدى.

— چاڭجاڭنىڭ شاپائىتىدە بىزمۇ بىر سەمرىۋالدىكەن-مىزدە، زاكۇسكىسىمۇ نوچى بولىدۇدە!

گاھ چاقچاق، گاھ ناخشا، ساز بىلەن، ئولتۇرۇش ئۇزاق سوزۇلدى. دادىخاننىڭ زورى، چاڭجاڭ بىلەن ھېسامنىڭ قوش دەۋىتىدە سەلىمۇ نەچچە رومكا ئىچىپ قويدى. بۇ كۈنى ھېسام تولىراق لەتىپە سۆزلىدى. چۈنكى، سورۇندا ئۇنىڭ ئاغزىنى بابىدا تاتلىغۇدەك (سابىرجان ياكى شەھەر ئىچى مەھەللىلىك ھېلىقى بىر قاتار چاقچاقچىلار) ئادەم يوق ئىدى.

بۇ كۈنى دادىخانمۇ ئېچىلدى. ئۇنىڭ راۋاب بىلەن چالغان ئاھاڭلىرى سەلىمگە يېڭىچە تۇيۇلدى. دادىخان يەنە ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ئىجادىي ئاھاڭلىرىنىمۇ چېلىپ بەردى. ئاھاڭلارغا ئۇ ئىل-گىرى بار تېكىستلەرنى سېلىۋالغانىدى.

— سەلىمجان ئۇكا، تايىنلىق ئانچە، مۇنچە شېئىرمۇ يازد-

دىغانسىز، مۇشۇ ئاھاڭلىرىمغا كەلتۈرۈپ ئۈچ - تۆت ناخشا
تېكىستى يېزىپ بەرمەمسىز؟

دەرۋەقە، سەلىم كىچىكىدىن تارتىپ شېئىر بىلەنمۇ شۇغۇل-لىناتتى. كەيپىنىڭ قىزىقىدا دىدىللىنىپ، دادىخانغا ۋەدە بەردى.

— دادىخان بىرىنچى رايون سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، — دېدى ئارىلىقتا ھېسام سەلىمجانغا پىچىرلاپ، — يىلدا بىر - ئىككى قېتىم ئارتىسلارنى يىغىپ، ئويۇن تەييارلايدۇ. يېزىپ بېرىڭ ئۇكا، سەھنىلەرگە ئىشلىتىدۇ.

بىردەمدىن كېيىن ھېسام يەنە سەلىمگە پىچىرلىدى:

— دادىخان ياخشى ئادەم جۇمۇ، كېيىن بىلىپ قالىسىز!

ئۇنىڭغۇچە دادىخان كىچىككىنە كۈمۈش پەتنۇستا ئىككى رومكا ھاراق ئېلىپ، سەلىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قارىسام، ئىككىڭلار يامان چىرايلىق گەپلىشىپ ئولتۇ-رۇپ كېتىپسىلەر، سوقۇشتۇرۇپ بىردىن ئىچىڭلارچۇ قېنى!

— ئۆزۈڭگىمۇ بىرنى قۇيە دادىخان، — دېدى ھېسام سەنلەپ-لا، — ئۈچىمىز تەڭ ئىچەيلى. كېيىن رايوننىڭ سەنئىتىدە بىللە ئىشلەپ قالامدۇق تېخى!

— چاتاق يوق ھېسام ئاداش! — دادىخان خۇش بولۇپ كەتتى. ئىتتىك بېرىپ ئۆزىگىمۇ بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ كەل-دى. ئۈچەيلەن رومكىلىرىنى ئۆزئارا سوقۇشتۇردى.

— ئامان بول، دادىخان، — دېدى ھېسام دادىخاننى دوراپ كۈلگىنىچە.

كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان سەلىمجانمۇ ھېسامدىن كېيىن قالغۇسى كەلمەي، رومكىسىنى ئېگىز كۆتۈردى.

— ئامان بولۇڭ دادىخىنىكا! — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

# 41 . قۇلاقنى ئوخشىتىش

ھېسام «قىزىل بىنا»غا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، ئوردا مەھەللىسىدىكى بۇرادەرلىرىنىڭ ئىچ - پۇشۇقلىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن توپلىنىدىغان سورۇنىدىن يەنە بىرى كۆپەيدى. ئاخشاملىرى بىر نەچچەيلەن بىرەر شىشە هاراق ۋە ئاز - تولا زاكۇسكىنى كۆتۈرۈپ «ھېسام نەدە سەن؟» دەپ خالتا كوچىنىڭ دوقمۇشىنى پاناھ تارتىپ كېلىدىغان ئىشلار ھەر كۈنى دېگۈدەك بولۇپ تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇنداق پەتچىلەرگە ھېسامۇ ئوبدانلا كۆنۈپ قالدى. بۇرادەرلەر ئىككى - ئۈچ كۈنلا يوقاپ كەتسە، ئۇ كوچىدا بىرىنچى بولۇپ ئۇچرىغان ھەقەمسايىغا:

— يوقاپ كەتتىڭلارغۇ ئاداشۇي، چاقچاقلار قۇرۇتلاپ كەتتىغۇ، — دەپ قويياتتى.

ئۇ زامانلاردا كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى تولىمۇ قاشاق بولىدىغان. هازىرقىدەك توققۇزى تەللىك نەدە؟ رادىئونى ئاچسىڭىز بىر نەچچىلا ناخشا، كىنوغا كىرەي دېسە پۈتۈن مەملىكەتتە سەككىزلا ئۈلگىلىك تىياتىر. كونسېرت، مەشرەپ، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆز ئايىغىدىن تارتىلىپ كەتكەن. باراۋەت، دەريا سەيلىسى دېگەنلەر شېرىن ئەسلىمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالغان. ئادەملەر خۇدۇكچان، قەدەملەر تەمتىلەگىلىك··· شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر كۆڭۈل بەھرىنى ئاچقۇدەك بىرەر ئېغىز قىزىق پاراڭغىمۇ تەشنا. شەھەر ئىچلىكلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. مەھەللە ئادەملىرى ئەتىگەن تۇرۇپ تالاغا چىقىشىپ، بىر - بىرىگە سالام - سەھەت قىلىشىپ، بۇ هاۋا ھەققىدە بىر - ئىككى شىڭگىل سوئال - جاۋابلىشىۋەتكەندىن كېيىن:

— ھېسام كۆرۈنەمدۇ؟ — دەپ سورىشاتتى. بۇ ئۇلارنىڭ «يېڭىلىقچە قىزىق پاراڭلار يوقمۇ؟» دېگىنى ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسامنىڭ ئۆيىگە شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى گەپ ئاتامانلىرىدىن تۆت ـ بەشى يىغىلىپ قالدى. بۇ بىر يەكشەنبە كۈنى بولۇپ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي روزى ئابدۇۋەلىمۇ كېلىپ قالغانىدى.

— ھېسامكا، ئەل ـ ئاغىنىلەر سىنىڭ گېپىڭنى، دۆندۈرلا ئوينايمىز دەپ ئەتىگەندىلا قىچقىرىپتىغۇ مېنى، — روزى ئابدۇۋەلى ئاتايىن «قىچقىرىپتۇ»نى قوشۇپ بېسىۋىراق تەلەپپۇز قىلىپ ھېسامنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە كۈلۈپ قارىدى:

— ياخشى بوپتۇ روزى، كەچكىچە سەنلا قىچقارمايسەن، بىزنىڭ شەھەر ئىچىلىكلەرمۇ قىچقىرىدۇ. بولۇپمۇ ماۋۇ ئىبراھىملار ئەل كېزىپ قىچقىرىدۇ دېگىنە!

— ھېسامكا بىراق مۇنۇ ساتتارنىڭ قۇيرۇقىغا كەلگەندە توسۇلۇپ قالىدىكەنمەن ئەمەسمۇ، — دېدى ئىبراھىم ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ. ساتتار چاقچاققا قېتىلغۇچە ھېسام مېھماننى يامپاشقا ئالدى.

— سەندە ماۋۇ روزىنىڭكىدەك قانات يوقتە ئىبراھىم، بولمىسا ھەرقانچە ئېگىز قۇيرۇقتىنمۇ بىر پالاقلاپلا ئۆتۈپ كېتەتتىڭ.

قارىغاندا ساتتار باشقىچە بىر خىيالدىدەك قىلاتتى. راستىنمۇ ئۇ بۈگۈن ھېسامنىڭ ئاغزىنى باشقىچىرەك بىر تېمىدا ئاتىلاپ، يېڭى ئويۇن چىقارماقچى بولۇۋاتاتتى.

بۇرادەرلەرنىڭ «نېمىسچە راسچوت»ى بىلەن ھېسامنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەندىنلا ئويۇن قۇراشتۇرۇلۇپ قالدى. ھاراق بىر نەچچە ئايلىنىۋالدى، ھەممەيلەننىڭ كەيپى شاپىدە كۆتۈرۈلدى. روزىغا دائىر چاقچاقلار بەلكىم يەنە ئەۋجىگە چىقار، شاخلار ئىدى. لېكىن ساتتار ھارىقنى كومىدە ئىچىۋېتىپ، ھېسامغا بىر گەپ قىلىپ قالدى.

— ھېسامكا، ھەممە چاقچاقنى قىلىپ بېقىپتۇق، لېكىن مۇشۇ ئۆلۈم توغرۇلۇق چاقچاق قىلىپ باقماپتىمىزە؟

— توۋا دېگىنە ھەي ساتتار، — دېدى ئىبراھىم گۈرۈلدەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھېلىمۇ ماۋۇ جاھانلار يەتمەيۋاتامدۇ؟ ئەتىگەندە شۇم ئىغىزلىق قىلىپ، قۇيرۇقۇڭنى مازار قىلىۋالاي دەۋاتامسەن يا؟

— بۇنىڭ گېپىنىمۇ ئاڭلاپ باقمامسەن ئىبراھىمكا، — دېدى كېلىشتۈرۈشكە ئامراق سابىرجان مۇئەللىم.

— شۇنى دېسە، — دېدى ساتتار. كېيىن ھېسام بىلەن روزىغا بىر - بىرلەپ قارىدى، — قوزۇلۇق! دېدى ئىبراھىم ئاغزىغا ئاپارغان ھاراقنى يەرگە قويۇپ، — نېمىدەپ سېنىڭ قۇلىقىڭ ئۆلمەيدىكەن؟

— بولىدىغان گەپكەن، — دەپ قالدى شۇ ئاندا، ئىنكاسى تېز روزى ئابدۇۋەلى، — ئۆلۈپتۇ دېسىمۇ يېگەن - ئىچكەندەك، جانى بوغازدەك يوغان قۇلاقنى دېگەن ياخشىدە! قانداق دەيسەن ھېسامكا؟

— ئۆلدىمۇ دەيلى، — ھېسامىمۇ ئالىلقاچان بىر مەيدان قىزىق چاقچاقنىڭ پەيزىنى پەملەپ بولغانىدى، — ھەي ئىبراھىم، مەيلى دېگىنە، بىر باشقا بىر قۇلاق يەتمەمدۇ.

— يەككقۇلاق جاھان كەزسىمۇ ئوقەت بولىۋېرىدۇ دەڭلار، — جىمى گەپنى تاپقان ساتتار ئوتقۇيرۇقلۇق قىلدى. چاقچاقنىڭ ئىلھامىمۇ شائىرلىقنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. شۇ تاپتا روزى ئابدۇۋەلىگە ئىلھام كەلگەنىدى.

— مۇشۇ گەپنى بىر قىلىپ باقمايلىمۇ ھېسامكا. مەسىلەن قۇلىقى ۋاپات دەيلى، ئىبراھىم ئاق باغلاپ، قول قوشتۇرۇپ تۇرامدۇ؟

— شۇدە، — دېدى ھېسام جانلىنىپ، — مۇنۇ ساتتار، سابىرجان، مۇتەللىپلەر يېنىدا ھە - ھۇغا تۇرۇپ بېرىدۇ. جامائەت بامدات نامازدىن يېنىپلا پەتىگە كىرىدۇ.

ھېسامنىڭ راستىنلا قىزىغىنى قىزىق بولدى. ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى - دە، ئاندىن ئىبراھىمنى ئورنىدىن تۇرۇشقا جورىدى.

— تۇرە ئىبراھىم، نەق بىر كەلتۈرۈپ باقىلى. تۇر دەيمەن!

بۇ چاغدا ئىبراھىممۇ بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېسام ۋە روزىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن تام تۈۋىدە قول باغلاپ تۇرغىنىچە:

— ۋاي قولىقىمەي، ۋاي رەمەتلىك قولىقىم، ئارماندا كەتتىڭغۇ قولىقىم، — دېدى پىخ - پىخ كۈلكە ئارىلاش.

ھېسام سەل نېرىدىن قايغۇلۇق چىرايدا مېڭىپ كەلدى - دە، ئىبراھىمغا قول ئۇزاتتى.

— ئەلھۆكمۇلىللا ئىبراھىماخۇن، قولاقلىرى ياخشى بولالماپتۇ!

— ئاغرىقمىدى؟ — ھېسامنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن روزى ئابدۇۋەلى كۈلۈۋېتىشكە تاس - تاماس قېلىپ، سوراپ قويدى.

— كۈلمە روزى، — دېدى ھېسام ۋە ئىبراھىمغا ۋاكالىتەن جاۋاب بەردى، — خېلى ئېغىر ياتتى، ئىبراھىممۇ قولىنىڭ قىسقىلىقىغا قارىماي، ئوبدان داۋالاتتى، ئاخىر دوختۇرلار «تازا گەپ ئاڭلىمايدىغان قېلىن قولاقكەن، ئوكۇل - دورا شىپا قىلمىدى، ئاچقىپ دېگىنىنى بېرىڭلار» دەپتۇ.

— ھېسامكا، ئۆزۈڭنىڭ قولىقىنى دەۋاتامسەن؟ — ئىبراھىم توساتتىن ئۆڭدى. باشقىلار چۇرقىراشتى.

— ئويۇناۋاي بۇ ئىبراھىم، ھە، ھېسامكا، ئاندىن كېيىن قانداق بولىدۇ؟

— قانداق بولاتتى، — دېدى ھېسام، — بۇ ئىبراھىم ئاغىنىمىزنىڭ قولىقى كۆپنى كۆرگەن جاھان كەزدى قولاق ئەمەسمۇ؟ نە - نەلەردىن قولاق دېگىنىڭ ۋاگونىسى بىلەن پەتىگە كېلىدۇ. دەلدەڭ قولاق، دارداي قولاق، سالپاڭ قولاق، چۆچۈرە قولاق، پولدۇڭ ھالقا سالغان قولاق...

— ما گېپىڭ بولمىدى ھېسامكا، — دېدى سابىرجان، — ھالقا سالغان قولاق پەتىگە كېلىدىغان بولسا، ئىبراھىمكامنىڭ ئايالى بۇنىڭ ئۆلمىگەن قولىقىنىمۇ يۇلۇۋالار!

— ھا - ۋا - ۋا! — ھېسام ئالقىنى بىلەن ئاغزىغا ئۇردى، — چوڭ جېدەل چىقاتتىكەندە. بولمىسىغۇ ئىبراھىمنىڭ قولىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىككى ئادرېسى

هالقا تاقايدىغان نەچچە قۇلاقنى تونۇيتتى.
— راستما ئىبراھىم؟ — روزى قىزىقتى.
ئىبراھىم ئاتايىن بېشىنى لىڭشىتتى.
— راست بولماي، ھېساماكاملار بىلىدۇ.
چاقچاق شۇ پېتى قىزىپ، ۋەقەلىك راۋاجلىنىپ، گەپنىڭ كەينىدىن گەپ چىقىۋەردى. بولۇپمۇ ھېسام بىلەن روزى، ساتتار ئۈچى بۇ ئويۇنغا بۆلەكچىلا بېرىلىپ كەتكەنىدى. ۋاپات بولغان قۇلاق ئالىقانچىلىك تاۋۇتقا سېلىنىپ، تۇپراق بېشىغا ئاچىقىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدىراق، نامىزىنى چۈشەرگەن يەردە ئىمامئاخۇن دېگەن گەپلەر ۋە ئىبراھىمنىڭ «قۇلىقىمدا قەرزى، ئالاچىقى بارلار مېنى ئىزدىسە» دېگەن سۆزگە نىسبەتەنمۇ ئاجايىپ قىزىق پاراڭلار، ئوخشاتمىلار توقۇلغانىدى. يەرلىكتە ئىبراھىم كۆپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىمامئاخۇنۇمنىڭ ئالدىدا قول باغلىغىنىچە:
— تەقسىر، مېنىڭ قۇلىقىم قانداقراق قۇلاق ئىدىكىن؟ — دەپ سورىغاندا، ئىمام رولىدا ھېسام ئېغىز ئاچتى:
— سىلىنىڭ قۇلاقلىرى ئىبراھىماخۇن، بىر قىلغان گەپنى دەررۇ ئاڭلىمايدىغان، پايدا پاراڭ بولسا سەزگۈر، زىيانراق گەپ بولسا خۇپسەن، ئېغىر قۇلاق بولىدىغان. كىچىك ۋاقىتلىرىدا پەيشەنبىلىكنى ۋاقتىدا ئەكەلمەي، ھەپتىيەكنى يادلىغاندا دەرسخانىدا جىم ئولتۇرماي، جىق سوزۇلۇپ كەتكەن قۇلاق ئىدى. بىر قىشتا، سەنجۇسەندە نوچىلىق قىلىمەن دەپ قۇلاقچىنىڭ سالپىڭىنى كۆتۈرۈۋېتىپ يۈرگەچكە ئۈششۈپ قېلىپ، تاس قالغان ئەيۋەشكە كېلەلمىگىنى. ئىشقىلىپ سىلىنىڭ دۆلەتلىرىدە خېلى جاپالارنى تارتقان قۇلاقلىرى باقىي ئالەمدە جەننەتتى بولغاي، ئامىن!
— ئامىن! — دېيىشتى كۆپچىلىك.
— بولدىمۇ ئاغىنىلەر، — دېدى ئىبراھىم جايىغا ئولتۇرۇپ، — چوپچۇك تۇرۇپ قىلىۋاتقان قىلىقىڭلارنى قارىساڭلار!
— بۇمۇ بىر ئەمەك دېگىنە ئىبراھىم، — دېدى ساتتار،

— ئىشقىلىپ، خەقنىڭ غەيۋەتىنى قىلغاندىن ياخشىدە!

— يەنە بىر يېرى قاپتۇ، — دېدى ھېسام نېمىشدۇر يادىغا ئېلىپ، — ئىبراھىمنىڭ قۇلىقىنى يەرلىككە ئاچقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەھەللىدىكى ئايالالار ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىگە كىرىدۇ. مانا مۇنداق...

ھېسامنىڭ ئەڭ قىزىق ھەرىكەتلىرى ئەمدى باشلاندى. ئۇ بىردەم بېشىغا ئاق سېلىپ، «ۋاي بىزنىڭ ئادەمنىڭ قۇلىقى!» دەپ يىغلاۋاتقان ئىبراھىمنىڭ ئايالىنى، بىردەم پەتىگە ماڭغاچ ئىبراھىمنىڭ قۇلىقىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشقان خوتۇنلارنى دورايتتى. ھېسامنىڭ بۇ كەبى دوراشلىرى بىر سەنئەت ئىدى. ھېچكىم ئۇنى قاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭچىلىك دورىيالمايتتى. بۇ دوراشلارنى بەتەپسىل، ئەينەن قەغەز بېتىگە چۈشۈرمەك، قەلەم ئەھلىگىمۇ مۇشكۈل ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ئاشۇ بۇرۇقتۇمچىلىق زاماندا «قاغا قاق ئېتەر، ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتەر» دېگەندەك، ئۇلار ئادەمنىڭ يادىغا كەلمىگەن بىر چاقچاق ئارقىلىق كۆلكىلىرىنى ئاۋۇتۇشتى. بۇ ھەقتە ھەركىم ھەر نېمە دەر، لېكىن بۇ بولغان ئىش. بەلكىم بۇ چاقچاق گاھىيلىرىنىڭ پىسەنتىگە توغرا كەلمەس، ئۆلۈم ھەققىدە، دەپنە قائىدىلىرى ھەققىدە مۇشۇنداق چاقچاق بولامدۇ، دېيىشەر ئېھتىمال. لېكىن بىر ئىش ھەقىقەتكى، بۇ ۋاپاسىز دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرى ئاقىۋەت بىر مەيدان چاقچاقتىن، مۇڭلۇق چاقچاقتىن ئىبارەتتۇر.

شۇ سورۇن تارقىلىپ نەچچە يىللاردىن كېيىن، يەنە شۇ بۇرادەرلەر ۋە يېڭىياچە سورۇنداشلار ئالدىدا گەپتىن - گەپ، قىزىقچىلىقتىن - قىزىقچىلىق چىقىپ، ھېسام يەنە ھېلىقى چاقچاقنى قايتىلىدى. بىراق بۇ قېتىم قۇلاق ئىگىسى ئىبراھىم جاھان كەزدى ئەمەس، سورۇندا ئولتۇرغان بۆلەك بىر مېھمان، بىر قۇلىقى يەنە بىر قۇلىقىدىن خېلىلا يوغان، شۇ ئەيىبىنى ئالدى بىلەن ئۆزى چاقچاققا ماۋزۇ قىلىدىغان بىر گەزلىمىچى يىگىت ئىدى. ھېسام بۇ قېتىممۇ قۇلاق ھەققىدە يېڭىدىن - يېڭى

چاقچاقلارنى كەلتۈردى. ھالبۇكى، بۇ چاقچاقلارغا ھەممىدىن بەكرەك قۇلاق ئىگىسى قىتىپ ـ قىتىپ كۈلدى. تاق شۇ سورۇنىدا ئولتۇرغان سەلىم جامال «ھېسامكام بىزنىڭ قۇلاقلارنىمۇ كەلتۈرۈپ قالمىغىدى» دەپ، دەككە ـ دۈككىدە ئولتۇراتتى.

ھېسامنىڭ چاقچاقتىكى مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى ـ سورۇن ئەھلىنى قاتارى كەلتۈرۈش (يەنى ئوخشىتىش). نېسىپ بولۇپ قالسا ئوقۇرمەنلىرىمىز ئەمدىكى بابلارنىڭ بىرەرىدە، بۇ ھەقتىمۇ بايانلارنى ئوقۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھېسام ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە گەپدان بۇرادەرلىرىنىڭ قۇلاق ئوخشاتمىسىغا ياندىشىپ كېتىدىغان، سەل ئەپسانە تۈسكە ئىگە بۆلەك چاقچاقلىرىمۇ بارئىمىش، بىراق بىز ئېتىبارىمىزنى ئۇ مىش ـ مىشلارغا بۇرىمىدۇق.

## 42. ھېسام ۋە ئابلاخان كىپى

ھېسام قۇربان ھەققىدە سۆز بولغاندا ئابلاخان كىپى ھەققىدە توختالماي مۇمكىن ئەمەس.

ئىلى ـ سەنئەت نامايەندىلىرى، ئەھلىلىرى توپلاشقان ئو- رۇن. بۇ يەردە سەنئەتنىڭ ھەر خىل تۇرلىرىدە ئۆز ئالدىغا ئۇسلۇب ياراتقان، تونۇلغان، تۆھپە ياراتقان زاتلار بار. زىكرى ئەلپەتتا، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ، ئابلىزخان ماموت، ئابدۇكو- رەش، ھۇسەنجان جامى، ئابلىكىم ئابدۇللا··· لار بىلەن بىر قاتاردا نامى تىلغا ئېلىنىدىغان مۇقامچى ئابلىزخان كىپى ئۇزاق سەنئەت ھاياتىنى ساتار مۇڭلىرىغا بېغىشلاپ ئۆتكەن ھۆرمەتلىك بىر نامايەندە. ئىلى تىياتىرى، كېيىنچە ئىلى ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىدە ئۇنىڭ ئۇنتۇلماس مېھنىتى، تۆھپە ـ ئەجىرلىرى شۇ- نىڭ بىلەن بىرگە قىزىق ھېكايىلىرى قېپقالغان. ئىلىدا ئابلاخان كىپىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا، ئۇنى تونۇغان ھەرقانداق ئادەم- نىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ، بولۇپمۇ ئۇ ۋە ھېسام ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار، قىزىق پاراڭلار ھازىرمۇ سورۇن- لارنىڭ ئەمىكى.

ھېسام ئابلاخان ئاكا بىلەن خېلى بالدۇرلا، يەنى ئابلاخاننىڭ گاھى ـ گاھى قىلىپ قويىدىغان چاقچىقى بويىچە ئېيتقاندا «ھې- سام بالا ئېغى يوق ئىشتان كىيىپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا» تونۇشقا- نىدى. ئابلاخان بىلەن قۇربان تېرىچى بىر مەھەللىلىك، ئىچى- سىرىنى بىلىشىدىغان بۇرادەرلەردىن بولۇپ، ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئابلاخان ئاكا ھېسامغا ئامراق ئىدى. ھېسام گەمىدىن قايتىپ كىرىپ، قاڭغىرىپ يۈرگەن يىللاردا ئابلاخان ئاكا ۋە ئۇنىڭ مېھماندوست ئايالى ھېسامغا كۆپ غەمخورلۇق قىلغان.

— ھېسام، تاجىخان ئاپاڭ ئوخشىتىپ پولو ئېتىپتىكەن،

www.uyghurkitap.com

ساڭا قىسسىنىپ ئالايىتەن ئېلىپ قويدى، كىرىپ يەۋال، — دەيتتى پات ـ پاتلا ئابلاخان ئاكا. ئۇنىڭ ئۆيىدە ھېسام زادىلا قىسىلمايتتى. تاجىخان ھەدە ئۇنى ھەسەلخاننىڭ كۆزىدە كۆرەتتى. كۆز يېشى قىلىپ مەرھۇمنىڭ پارىڭىنى سائەتلەپ قىلىشقا تەييار ئىدى. «ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن» دېگەن باشقا گەپكەن، — دەپ ئويلايتتى گاھىدا ھېسام تەسىرلىنىپ، — بولمىسا مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە كىمنىڭ كىم بىلەن كارى؟...

ئابلاخان بىلەن ھېسام كېيىنچە ئىلى تىياتىرىدا بىر مەزگىل بىللە ئىشلىدى. ھېسام تۇغما قىزىقچى بولغاچقا توختىماي ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن ئېيتىشاتتى. بولۇپمۇ ئابلاخان ئاكىغا ئەركىلىگەندەك شەيتانلىقلارنى قىلاتتى. ئاق كۆڭۈل، ساددا ئابلاخان ئاكا ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا گاھ تېرىكىپ، گاھ كۈلەتتى.

— خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، — دەيتتى ئابلاخان ئاكا، — بۇ ھېسام دېگەن چوشقا، كىيىپ چىققاندە قۇربان تېرىچىنى! شۇ مەرھۇم يىگىت چېغىدا يولدا ماڭسا ئۇچرىغانغا تاش ئېتىپ ماڭىدىغان.

— قاشمۇ ئاتاتتىمۇ ئابلاخىنىكا؟ — ھېسام دادىسى توغرۇلۇق (قىزىقچىلىق قىلىپ) سوراپ قوياتتى.

— ئۇنى ساڭا دەپ بېرەمتىمم! — دەيتتى ئابلاخان سەل جىلە بولغاندەك، — ماڭا قارا ھېسام، گايىبىر يەرلىرىڭ داداڭنىڭ پوقىنى دورىيالمايدۇ جۇمۇ، قۇناخۇن دېگەن شەھەر ئىچى مەھەللىسىدە بىر ئادەم ئىدى ئۇ!

ھېسام، ئابلاخان ئاكىنى تېرىكتۈرۈپ قويۇپ، يەنە بىر دەمدىلا كۆڭلىنى ئېلىۋالاتتى.

— ئابلاخىنىكا، ماۋۇ ئۆمەكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ساتارۋاي ئاشپۇزۇلىدا كاۋا مانتا چىقىرىپتۇ، ئاجايىپ ئوخشاپتۇ دەيدۇ. چىقىپ كىرىمىزمۇ؟

رەھمەتلىك ئابلاخان قورساقتا ئامراق بولىدىغان. ۋاقتىمۇ چۈشكە يېقىنلاپ قالغانىدى. كاۋا مانتىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ،

ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، قورسىقى غولدۇرلىغاندەك بولدى.

ئابلاخان ئاكا ساتارنى يىغىشتۇرۇپ، بىر يەرگە جايلىدى - دە، ئورنىدىن تۇرماققا تەرەددۇتلاندى.

— راسا دېھقان كاۋىسىدا ئەتكەن بولسا ھە، ھېسامدۇن، شورپىلىرىنى ئېقىتىپ... جۇرە بالام!

— قۇيرۇق مايىنى كەڭرى قوشسا، — ياندا ئولتۇرغان زوردۇن شېۋەنىڭمۇ ئىشتىھاسى قوزغالدى، — مەنمۇ بىللە چىقاي.

ئۈچەيلەن ھورى پۇرقىراپ تۇرغان بىر لېگەن مانتىنى ئوخشىتىپ تەييارلانغان سىركە - لازىسى بىلەن ھۇزۇرلىنىپ سوقتى. كەينىدىن ئىچىلگەن سىنچايمۇ ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلىدى.

ساتارۋاي تائامغا پۇل ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— باش - بۇرنى، كاۋا مانتىنىڭ باش - بۇرنى. ئەمدى كىرسەڭلار پۇل ئالاي، ھۆرمەتلىكلىرىم!

— پاھ، ئامتىلىك باردە ھېسام، — دېدى زوردۇن ئاكا (تائام ھۇزۇرىدىن ئەتەي قىزىقچىلىق قىلىپ) ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە، سىرتقا چىققاندا، — بىزنىڭ سايىمىزدا بىكارغا مەززە قىلىۋالدىڭ.

— راست، سېنىڭ سايەڭمۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىغىچە چۈشىدۇ زوردۇنكا، — ھېسام ئەتەي زوردۇن شىۋەنىڭ لەقىمىگە تېگىشتى.

— مۇشۇ ھېسامنى پۇل تۆلەيدۇ دېۋىدىڭلىمۇ زوردۇن، — ئابلاخان ئاكا كۈلگىنىچە بېشىنى ئىرغىتتى، — تايىنلىق ساتارۋاي پۇل ئالمەن دەپ قوپقان بولسا، يە سىلى يە مەن تۆتۆلاتتىم.

— ھېچبولمىغاندا يانچۇقۇڭنى كولاپ، كەينىڭگە شوخشۇپمۇ قويمىدىڭا ھېسام؟ — زوردۇن ئاكا يەنە ھېسام بىلەن ئېيتىشتى. ھېسام بوش كېلەمدىغان!

— كەينىمگىمۇ شوخشۇيتتۇم زوردۇنكا، شوخشۇۋېرىپ دەرياغا چۆكۈپ كەتمەي دېدىم.

— يەنە دەرياما ھېسام، باشقا گېپىڭ يوقما؟ مانتىنىغۇ

بىكارغا يە، بوپتۇ، — ئەمدى ئابلاخان ھېسام بىلەن چىقىشتى.

قورساقلىرىنى تويغۇزۇۋالغاچقا ئۇچەيلەن ئۆيلىرىگە قايتماي، تىياتىرنىڭ ئالدىدا، يول چېتىدە ئولتۇرۇشقانىدى.

— قىزىقكەنسەن ئابلاخىنىكا، كاۋا مانتىنىڭ خەۋىرىنى مەن يەتكۈزمىگەن بولسام، بىكارلىق مانتىنى سەنمۇ يېيەلمەيتتىڭ.

— سەن بالا شۇمغۇ ھېچكىمگە گەپ بەرمەيسەن، — ئابلاخان بېشىنى ئىرغىتىپ كۈلدى.

بىز يەنە ھېسامنىڭ گەمىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنلىرىگە توختىلايلى. شۇ كۈنلەردە، شەھەر ئىچلىكلەر قاتارىدا ئابلاخان ئاكا ئائىلىسىمۇ ھېسامغا خەيرخاھلىق، شاپائەت كۆرسەتكەنلىكىنى يۇقىرىدا ئىزھار ئەتكەندۇق. ئەمدى شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە ھېسام بىلەن ئابلاخان ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن ئىشلار ۋە بولغان گەپلەر بايانىدىن بىر نەچچە شىڭگىل كەلتۈرەيلى.

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «تۆت كونا» ئەدەپلىنىپ، «سېرىق ناخشىلار» چەكلىنىپ، ئادەملەر بۇرۇقتۇمچىلىقتا چۆككەندە تالاي غۇلجىلىقلار يەنىلا خالىي سورۇنلاردا خەلق ناخشىلىرى، مۇقام، قىزىق چاقچاقلاردىن خۇپىيانە ھوزۇرلىنىپ يۈرۈۋەردى. ئابلاخان بىلەن ھېسام ئەنە شۇنداق سورۇنلاردا دائىم بىللە بولاتتى.

بىر قېتىم ھېسام ئابلاخان ئاكىنى قانۇن ئورنىدا ئىشلەيدىغان بىر يىگىتنىڭ ئىلتىماسى بويىچە، سۈننەت توي ئولتۇرۇشىغا باشلاپ باردى. ئابلاخان ئاكا ساتارىنى كۆتۈرۈپ، مېھمانلىق ساراي ئۆيگە كىرىپلا مەخدەپ كەتتى. سەۋەبى يوغان ئۆينىڭ تۆت تېمىنى بويلاپ ساپلا فورما كىيگەن كىشىلەر ئولتۇراتتى. ئولتۇرۇش يېرىمىغا كەلگەن، مېھمانلارنىڭ كۆپچىلىكى خىما - گۇدۇڭ بولۇشۇپ بولغانىدى. ھېسامىلارمۇ بىر يەردىن كەلگەن بولغاچقا (ئۇلارنى ساھىبخانا ساقچىنىڭ ماشىنىسىنى ئەۋەتىپ «تۇ-تۇپ» «توك» كەلگەنىدى) خېلى بار ئىدى.

— ھاي ھېسام شۇم، بۇ نىمە ئالامەت؟ — ئابلاخان ئاكا ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا ھېسامنىڭ بىقىنىغا تۈرتۈدى، — مەشەدە

چالىمىزما؟

— چاتاق يوق، كۆزۈڭنى يۇمۇپ چالىۋەر ئابلاخىنىكا، ساقچى بالا ياخشى رازى قىلىدىغان بولدى.

— ناخشا ـ پاخشا دېگەننىڭغۇ ئېيتىمۇېرىمىز، ئامالىكىن ئۇششاق بالىلىرىمىز بار ھە، ھېسام،— ئابلاخان پىچىرلىدى.

سەل ئۆتمەي يادىغا كەلدى،— ھە راست، سىنىڭ يوق ھە!

يىگى مېھمانلار ئاز ـ تولا چاي ئىچىپ، تاماق يەپيۇ، بىرەر ـ ئىككىدىن پەلەمە قىلغاندىن كېيىن سورۇندا ئۇ يەر، بۇ يەردىن تەلەپلەر ئاڭلاندى. ئاڭغۇچە ئابلاخان ئاكىمۇ يۈرىكىنى سەل توختىتىۋالغانىدى. ئۇ ساتارنى ئېلىپ، تەڭشىگۈچە ھېسام مېھمانلارنى گەپكە ئەمەك قىلىپ، كۆلدۈرۈپ ئولتۇراتتى.

— چالىمىزمۇ ھېسام،— تەييار بولغان ئابلاخان ھېسامغا قارىدى.

— چالىمىز، — دېدى ھېسام ساقىي بايىلا ئۇزاتقان رومكىنى ئابلاخانغا ئۇزىتىپ.

— ئېيتىمىزمۇ ھېسام؟ — دېدى ئابلاخان بوشىغان رومكىنى قايتۇرۇپ.

— ئېيتىمىز، — دېدى ھېسام ئابلاخانغا زاكۇسكا — توخۇنىڭ قىزىرىپ پىشقان تۆشىنى ئۇزىتىپ.

ئابلاخان ئاكا ھايالشىماي ساتارنى يېقىملىق بىر ئاھاڭغا سايرىتىپ، مۇقام پەدىسىدىكى يېڭى بىر ناخشىنى باشلىدى:

پارتىيە شانىم بولۇر، ھەم قەدىردانىم بولۇر...

ناخشا ئېيتىلىپ بولمايلا «باركاللا»، «ئالامەت» دېگەن خىتابلار ئاڭلاندى.

ئابلاخان ئاكا شۇ ئېيتقانچە قىزىپ، بىر نەچچە ناخشىنى ئۇلاپ ئورۇندىدى.

— كونىلىرىدىنمۇ كەلسۇن ئابلاخىنىكا، كونىلىرىدىنمۇ، — تۆردە ئولتۇرغان سالاپەتلىك بىر مېھمان ئىككى يېقىمغا تەۋرەنگىنىچە پاراڭ قىلدى. ئابلاخان ئاكا ھېسامغا قارىدى.

— ھېسام، مەيلىمۇ؟

— مەيلى ـ دە، ئابلاخىنىكا، — دېدى ھېسام، — كاتتىۋاش دەۋاتسا!

ئابلاخان ئاكا ساتارىنى بۆلەكتىن تەڭشەپ، تەلەپنى بەجا كەلتۈردى:

ساتارىم تارىغا جان رىشتىسىدىن تار ئېشىپ سالسام،
ئۈنىڭكى نالىسىدىن بىۋاپانىڭ كۆڭلىنى ئالسام...

ئابلاخان ئاكا پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن چىقىرىپ، مۇقام داستانىنى ئېيتىشقا باشلىدى. مۇقام ئەۋجىگە چىققانسېرى، سورۇننى تىمتاس جىمجىتلىق قاپلىدى. مۇقام تارانىلىرى ئولتۇرغان ھەر بىر مېھماننىڭ ۋۇجۇدىنى سېھىرلىمەكتە ئىدى.

— ياشاڭ ئابلاخان ئاكا!

— ئالامەت كەلتۈرۈۋەتتىا؟!

— ھەيىي... ي!

مۇقام ئاياغلىشىشىغا، ئۇزۇن سۈكۈتتىن تەۋرىنىپ ئويغانغان مېھمانلار بارىكاللا ياغدۇرۇشتى.

يەنە بىر قېتىم، ھېسام بىلەن ئابلاخان بىر ئولتۇرۇشتىن يېرىم كېچىدە قايتىپ، تاق ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمەكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىر نەچچە كېچىلىك قاراۋۇللارغا ئۇچراپ قالدى.

— توختا، — دېدى ئالدىدا كېلىۋاتقان بىرسى قاتتىق تەلەپپۇزدا، — شۇنچە كېچىدە نەدىن كېلىشىۋاتىسەن؟

— مانا ھېسام بالام، نايىنىنايىنىڭ دەردى چىقتى، — دېدى ئابلاخان ئاكا چۆچۈپ، ھېسامنۇ ئابلاخاندىن كەم چۆچۈمىگەندى. بىراق ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇ تاپتا چاقچاق چىقىپ كەتتى:

— «دەردى ھۇسەن» گە چالە ئابلاخىنىكا!

— شۇك تۇر، «ئېشەك ئۆلسە...» دەپ، — ئابلاخان تىرىكتى. ئۇنىڭغۇچە ھېلىقىلاردىن يەنە بىرى ئالدىغىراق كېلىپ، ئابلاخان ئاكىنىڭ قولىدىكى ساتارنى شۈبھىلىنىپ تەكشۈردى ۋە:

— نىشى شىمىرىن①؟ — دەپ سورىدى.

① سەن نېمە ئادەم؟



www.uyghurkitap.com

ئابلاخان ئاكا دەرھال قولتۇقىدىكى ساتارنى ئېلىپ، ھېلى چالىدىغاندەك قىياپەتكە كىردى ـ دە:

— بالام مەن سەنشى نيەندى دۇمىتىراڭدىرىن①، — دېۋىدى، ھېلىقى قاراۋۇل كۈلۈپ كەتتى، باشقىلىرىمۇ كۈلۈشتى.

— زو،② — دېدى بايىقى قاراۋۇل سىلىق ئاۋازدا. كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — يىخۇ جۈيى، ئا③!

ئىككىلەن ئىلدام ـ ئىلدام مېڭىشىپ، بىر دەمدىلا خېلى ئۇزاپ كەتتى. ھېسام ـ شەيتان ئابلاخىنىكامىنىڭ بايىقى گېپىگە ئەمدى كۈلۈشكە باشلىغانىدى.

— جۇۋاينىمەك، كۈلگىدەك ئىش بولۇۋاتامدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرۇشقا بارىمەن دېمەي، غىت قىسىپ ئۆيدە ئولتار، تاڭغىدە ئېتىۋەتسە قانداق قىلاتتىڭ؟

شۇ ئىش ۋە ئابلاخىنىكامىنىڭ باشقىمۇ گەپ ـ سۆزلىرى «ئىچىدە گەپ ياتماس» (ئابلاخان ئاكىنىڭ گېپى) ھېسام تەرىپىدىن بىر دەمدىلا خەقنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ، چاقچاق خۇمار غۇلجىلىقلارغا خېلىغىچە يېڭى گەپ تېپىلاتتى. ئابلاخان ئاكا ھېسامىنىڭ بۇ ئېغىز بوشلۇقلىرىدىن تالاي رەنجىگەن، بىراق ئاداۋەت تۇتماس بۇ گۆھەر ئادەم ئەتىسىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھېسام بىلەن ئەنە شۇنداق يېقىن، ھەمدەملىكتە ئۆتكەنىدى.

ئىلىنىڭ ئەل سۆيگەن سەنئەتكارلىرىدىن بىرى بولغان ئابلاخان كېپى ئاكا بىلەن ھېسام قۇربانىنىڭ ھېكايىسىنى سەھىپە ئېتىبارى بىلەن مەشەدە ئاياغلاشتۇرغاچ، ئاخىرىدا يەنە شۇ ماۋزۇغا ئائىت بىر نەچچە قىزىق پاراڭنى قوشۇپ كېتىشنى لايىق تاپتۇق.

△ ھېسام بىر سورۇندا ئابلاخان ئاكىنى ئەسلەپ مۇنداق

---

① مەن ئوتتۇز يىللىق چالغۇچىمەن.
② ماڭغىن.
③ بۇندىن كېيىن دىققەت قىل، ھە!

پاراڭ قىلغانىدى:

— بىر قېتىم ئابلاخىنىكامدىن «ئايالىڭىز تاجىخىنىدەم بىلەن چىرايىڭىز ئوخشاپ كېتىدىكەن، ئەسلىي ئۇرۇق - تۇغقان بولمىغىيدىڭلار» دەپ سورىسام، ئابلاخىنىكام نېمە دېدى دېمەمسىلەر، «بالام ھېسام، ئەر - خوتۇن دېگەن بىر ئۆيدە ئۇرۇشماي - تالاشماي ئوتتۇز - قىرىق يىل بىرگە ئۆتسە، چىرايلىرى بىر - بىرىگە تارتىشىپ كېتىدىكەن» دەپ جاۋاب بەردى.

△ بىرقاراڭغۇ كېچىدە ھېسام بىلەن ئابلاخان ئىككىيلەن شىر كەيپ ھالدا ئولتۇرۇشتىن قايتىپتۇ. ئابلاخىنىكام دەرۋازا بوسۇغىسىدىن ئاتلىدىم دەپ، بىر قارا كۆندىلەڭ يەردىن يوغان بىر چامدام ئاتلاپلا بىر نەرسىگە مىنىپ قاپتۇ. ئەسلىدە ھېلىقى، توغرىسىغا يانتاق قارا ئۆكۈز ئىكەن. چۆچۈپ كەتكەن ئۆكۈز لەسلا تۇرغانىكەن، ئابلاخىنىكام تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ - دە:

— توۋا ھېسام، كەيپچىلىكتە بوسۇغىمۇ قوپىدىكەنە! - دېگۈدەك.

△ ئابلاخىنىكام بىلەن بىر سورۇنغا باردۇق، — دېدى ھېسام، — ئارىلىقتا تالاغا چىقساق ئۆي ئىگىسى قورداقتا تۇتۇش قىلىۋېتىپتۇ.

— ھېساموي، قوردىقى ساپلا ياغىيۇ تۇرامدۇ نېمە؟ — دېدى ئابلاخىنىكام يېنىپ ئۆيگە كىرگەندە، ساتارنىمۇ ئانچە - مۇنچىلا چېلىپ بولدى قىلدى. خېلىدىن كېيىن ئۆزۈم يالغۇز تالاغا چىقسام ساھىبخانا ئىككىنچى تائامغا - قېزا نارىنغا تۇتۇش قىلىۋېتىپتۇ. يېنىپ كىرىپلا بۇ خەۋەرنى ئابلاخىنىكامغا يەتكۈزدۈم.

— شۇنداقمىكەن، — دېدى ئابلاخىنىكام دەررۇ جانلىنىپ ۋە ساتارنى قولىغا ئالدى، — بىردەم شوخ - شوخ چالىلى جۇمۇ، ھېسام! ئەۋەل، دۇتارنى ئاله!

# 43 . ئۆيلىنىش

مىلادىيە 1976 ـ يىل، 10 ـ ئاي.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغان خەيرلىك كۈن.

ھېسام 46 يېشىدا، ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆيلەندى. يەنە كېلىپ دەل ئاشۇ قۇتلۇق كۈندە ئۇنىڭ تويى بولدى.

توي — ئىنسان ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىش. ھېسام ئۇچۇن تېخىمۇ شۇنداق بولدى. تۇنجى تويى ھەققىدە سۆز ئېچىلسا، ئۇ ھازىرمۇ ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ، گېپى تۈگىمەيدۇ. سەۋەبى، بۇ توي ئۇنىڭغا كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە خالىس غەمخورلۇقنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدۇرغانىدى.

دىلمۇك تاغلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى چاپچال دىيارىدا، شاۋقۇنلۇق ئىلى دەرياسىنىڭ بويىغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سۈت مەھسۇلاتلىرى فېرمىسى جايلاشقان بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا بۇ فېرمىغا غۇلجىنىڭ مەشرەپلىرىدە ياشلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزگەن قامەتلىك، خۇشكۈلۈم، تىڭشارمەن ئابدۇقېيۇم دېگەن كىشى باشلىق ئىدى. قېيۇم چاڭجاڭ ھېسامغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا بۆلەكچە ھېرىس بولىدىغان، ئۆيىدە ئىككى مېھمىنى بولسىلا، بالا ئەۋەتىپ ھېسامنى چاقىرىپ كېلەتتى. گاھىدا ئۆيىدە يالغۇزلۇقتا ئىچى پۇشۇپ، پىغانى ئۆرلىسە ھېسامنى چاقىرىپ كېلەتتى ـ دە، خوتۇنىغا ئىككى تەخسە ئوخشىتىپ سەي قورۇتۇپ، ھېسام ئالدىرىماي دەسسەپ، شەھەر ئىچىنىڭ كوچىلىرىدا قەدەمدە بىر ئۇ ـ بۇ بىلەن چاقچاقلىشىپ يېتىپ كەلگۈچە، تاقەت قىلالماي ئىشكاپىدىن ئاللىقاچان ئېلىپ شىرەگە تىكلەپ قويغان ئالىي سورتلۇق ھاراقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، قىرلىق ئىستاكاندا يېرىم قۇيۇپ گۈپپىدە كۆتۈرۈۋالاتتى ـ دە، دۇتارنى قولىغا

www.uyghurkitap.com

ئېلىپ ناخشىغا تەنها تېگەتتى:
مەيدە يۇرگەن بىلەن،
ھېچنەلەر كۆرۈنمەيدۇ.
ئاڭغۇچە ئىشىك بىلىنمەيلا ئېچىلىپ، ھېسام شىپپىدە كىرىپ كېلەتتى ـ دە، سالامىنىڭ ئورنىغا چاقچاق قىلاتتى:
— ھېسامىنىڭ يولىغا قاراپ،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ.
— دەڭا قېيۇم چاڭچاڭ!
— ھا ـ ھا ـ ھا...، — قېيۇم چاڭچاڭ تولغان بەستىنى مىدىرلىتىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كۈلەتتى، — ۋاھھاي، ئۆزۈڭچىزە ھېسام نازىنىن خېنىم بوپكەتتىم ـ دە؟ ئىچە، ماۋۇ پالە ھاراقنى!
قېيۇم چاڭچاڭ ئىستاكاندىكى ھاراقنى بوسۇغىدىن ئەمدى تۆرگە ئاتلىغان ھېسامغا سۇندى. ھېسام ھاراقنى قولىغا ئېلىپ يەنە چاقچاق باشلىدى.
— پالىنى مۇنداق ئاز قۇيىدىغىنىڭىزنى بىلسەم، يەنە ئازراق كېچىكىپ كېلىدىكەنمەن.
— يائاللا، گەپ بەرمەيسەن ـ دە، ھە؟ ئولتار، ھاراق دېگەن تولا. ئىچىپ بىر يېرىك چىددىسىلا.
ئەمدى كۈلكە ھېسامغا ئۆتتى. ئۇ قېيۇم چاڭچاڭنىڭ قوپال ئەمما سەممىي، مېھرىبانلىق تەپچىپ تۇرىدىغان سۆزلىرىگە كۆ-نۈك ۋە ئامراق ئىدى.
— چاتاق يوق چاڭچاڭ، — دېدى ئۇ پالە ھاراقنى مەززە قىلىپ ئىچىۋېتىپ، — بۈگۈن بىكار كېچىكمىدىم، سىزنىڭ ھا-رىقىڭىزنى جىقراق ئىچەلمەي قالماي دەپ ئەشەرىمگە ئولتاڭ سال-غۇزۇۋېتىپ كەلدىم.
چاقچاق، قىزىق پاراڭ باشلىنىپ كەتتى. ئىچى سىقىلىپ ئولتۇرغان قېيۇم چاڭچاڭنىڭ چېھرى ئېچىلىپ، كەيپى لەپپىدە كۆتۈرۈلدى. ئىككىيلەن تاۋلىنىپ قالغان قورۇمىلارغا ئانچە چو-كا تەگكۈزمەيلا، ھەش ـ پەش دېگۈچە بايىقى بىر بوتۇلكا ھاراقنى

تۇۋىگە يەتكۈزۈپ قويدى. قېيۇم چاڭجاڭ پىخىلداپ، قوللىرى بىلەن گىلەمگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشىك تۇۋىدىكى گەردىرۇپ① يېنىغا باردى ۋە تۆۋەنكى قوش قانىتىنى ئېچىپ، بايىقىدەك ھاراقتىن يەنە بىر بوتۇلكا ئالدى.

— يائاللا، قېيۇم چاڭجاڭ، سۈت فېرمىسىدا ئىشلەمسىز، ھاراق فېرمىسىدىمۇ؟ — پىچەت ھاراقنى كۆرۈپ ھېسامنىڭ چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ موخوركىنى گىلەمگە تۆكۈپ تۇرۇپ يۆگىگەچ، يەنە چاقچىقىنى باشلىدى.

بۇ قېتىم قېيۇم چاڭجاڭ ھېسامنىڭ چاقچىقىغا جاۋاب قايتۇرمىدى، پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ھېسام ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان بىر پاراڭ قىلدى.

— ھېسام، ئۆيلىنەمسەن؟

شۇ دەمدە ھېسامدا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان بىر ھالەت يۈز بەردى. يەنى ئۇ تاماكا ئىسىدىن قېقىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا بىر بوتۇلكا ھاراق قولىدا، قېيۇم چاڭجاڭ ئۇنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇراتتى.

— نېمە دېدىڭىز... چاڭجاڭ؟

ھېسامنىڭ ئاۋازى ئۆزىمۇ سەزمەي چىرقىراپراق چىقىپ كەتتى. ساھىبخانا يەنە ھا ـ ھالاپ كۈلدى.

— خوتۇن ئالامسەن دەۋاتىمەن؟

— ۋاھ، ناۋات يەمسەن دېگەندەك گەپتە بۇ، ئالمىغاندا...

— ناۋات يەمسەن دېگەندەك دېگىن؟ — قېيۇم چاڭجاڭ ئولتۇرۇۋېتىپ، ھېسامنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى، — ناۋات دەپقوي! چىشىڭ بارمۇ؟

— مۈڭگۈزدەك دەڭا! — ھېسام راستتىنلا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، تاماكىدىن سارغايغان چىشلىرىنى كۆرسەتتى. قېيۇم چاڭجاڭ ئۇنىڭ چىشلىرىغا قارىمايلا يەنە سورىدى.

— لايىقىڭ بارمۇ؟

---

① گەردىرۇپ ـ بىر خىل ئىشكاپ.

www.uyghurkitap.com

— نىمە دەيدۇ، پۇتقا لايىق شىبلىت تاپالمايۋاتساق، لايىق نىمىش قىلىدۇ؟ لايىق بولغان بولسا ئاللىقاچان توي قىلىشۋالمايتتىمىز چاڭجاڭ.

— ئۆتكەندە مۇتەللىپلەر بىر لايىق تاپتۇق دەۋاتاتتىغۇ؟

— ھەلا دەڭا، ئۇردا مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئىچى پۇشسىلا ماڭا لايىق تېپىپ ئوينايدۇ.

— تاپىدۇ، ياراتمايمەن دىگىنە، — قېيۇم چاڭجاڭ ھىسامنىڭ نۆۋىتىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭغۇچە ئوخشىغان لەڭمەن ئەكىرىلدى.

— مە ھىسام، ئاۋۋال بۇنى كومىدە قويۇۋېتىپ، ئىشىڭنى يەۋال.

ھىسام بىر يىنى قىزىقچىلىق، بىر يىنى چىن ھالدا پارالا قىلدى:

— نەدىكى گەپنى قىلىپ... لەڭمەن ئۆتەمدۇ ئەمدى!

بىراق قېيۇم چاڭجاڭ بۇ گەپكە نە پەرۋا قىلمىدى، نە كۈلمىدى. ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ تاماقنى يىدى. سىركىگە ئاردىلاشتۇرۇپ مەنتىڭىنىمۇ ئىچۋالدى. ئەزەلدىن تاماقى ئاز ھىسام ئازراق لەڭمەن يەپلا، چوكا بىلەن تەخسىنى جايىغا قويدى ۋە يەنە تۆكۈپ موخوركا يۆگىگىلى تۇردى.

— تاماقىڭنى يە ھىسام، — قېيۇم چاڭجاڭ رەنجىگەندەك سۆزلىدى، — سىنىڭ مۇشۇ بەزى قىلىقلىرىڭىزە! ئولتۇرۇشتا سىنىڭ چاقچىقىڭنى خەقلەر تىنچ ئولتۇرۇپ ئاڭلىمىسا، ئاچچىقىڭ كىلىدىغاندۇر؟ ھە، بۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىش. ئالايىتەن ئەجىر قىلىپ ئەتكەن تاماقنى يىمىسەڭ، ھەدەڭ خاپا بولىدۇ.

— خاپا بولمايدۇ، — دىدى ھىسام پەرۋاسىز، — ئىككى چاقچاق قىلىپلا ھەدىمىزنى ئىچىلدۇرۇۋالىمەن.

غىزا يىيىلىپ، داستىخان بىر قۇر يىغىشتۇرۇلغاندىن كىيىن، قېيۇم چاڭجاڭ يەنە ھاراق قۇيدى.

— سەنزە ھىسام، — دىدى ئۇ كەينىگە سەل تاشلىنىپ، —

ئۆزۈڭنىڭ غېمىڭنى ئۆزۈڭ قىلمايسەن. خەقلەر سېنىڭ ئىشلىرىڭنى قىلىپ بېرىپ، يامان ئۆگىتىپ قويدى سېنى. ئۆيىنىمۇ خەق سېلىپ بەردى. قىش كەلسە كۆمۈرىڭنىمۇ ئەل - ئاغىنىلەر چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمدى خوتۇنىنىمۇ خەق ئەپبەرسە…

— يا، ئۇنىڭ ئۇ يېقىنى ئۇزۇم پۇتتۇرۇۋالىمەن چاڭجاڭ، — دېدى ھېسام دەرمەھەل قەددىنى تىكلەپ.

كونا پاسوندىكى كەڭ - كەڭرى، ياسىداق سارايدا يەنە ھا- ھا… ياڭرىدى.

— سەن كىسپۇرۇچنىڭ مەشەلىرىنى دېمىسە…، — قېيۇم چاڭجاڭ كۈلكە بىلەن سۆزلىدى، — مۇشۇ گېپىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ نۆۋەتمىنى ئىككىمىز بۆلۈپ ئىچەيلى. ئاچچىقىنى ئىچەمسەن ياكى تاتلىقىنىمۇ؟

— ئاچچىقىنى ئىچەي، — دېدى قۇۋ ھېسام، — تاتلىقى كەينىدە دېدىڭىزغۇ!

قېيۇم چاڭجاڭ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ، رومكىنى ئاۋۋال ھېسامغا بەردى. ھېسام ھاراقنىڭ يېرىمىدىن جىقىراقىنى ئىچىپ، ئىگىسىگە قايتۇردى.

— سەن ھېسام، بۇنداق يۇرىۋەرمە، — دېدى قېيۇم چاڭجاڭ تېگىشلىكىنى ئىچىۋېتىپ، — ئۆمۈر دېگەن ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ھايات دېگەن ئۇ سېنىڭ كىملا ئاڭلىسا كۈلۈپ بېرىۋېرىدىغان چاقچىقىڭ ئەمەس. مەن ساڭا دەپ قوياي، ئارقاڭدا بىرەر ئەۋلادىڭ قالمىسا، چاقچاقلىرىڭمۇ ئۆزۈڭ بىلەن تەڭلا ئۆلىدۇ. قانداق دېدىم؟

بۇ چاغدا ھېساممۇ خىيالغا پاتقانىدى. بۇ ئىشلارنى ئۇ ئويلىمايتتىمۇ؟ ئويلايتتى. بىراق شۇ، پەرۋاسىزراق ئىدى.

— توغرا دەيسىز چاڭجاڭ، — دېدى ئۇ خىيال ئارىلاش. قىزىپ قالغان ساھىبخانىنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— ھۇ سېنىڭ شۇ چاڭجاڭ، پاڭجاڭلىرىڭنى! قېيۇمكا دە!

— ييس، قېيۇمكا! — دېدى ھېسام ئىتتىكلا چاس بېرىپ.

— مەن ساڭا ئېيتسام، — دېدى ساھىبخانا (ئۇنىڭ ئاچچىد-

قىدىن بىزمۇ قورقۇپ قالدۇق. شۇڭا «قېيۇم چاڭچاڭ» دەپ ئاتىيالمايۋاتىمىز) — نەچچە كۈندىن بېرى ھەدەڭ ئۈككىمىز سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمىز. نېمىلا بولمىسۇن، بىز دېگەن ئاتا كۆرگەن، ئانا كۆرگەن خەقلەر. رەھمىتى قوناخۇنكام بىلەن ھەسەلخىنىدەم مانا سەن قاتارلىق سەككىز پەرزەنتلىك بولۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. سەن بىرەرمۇ پەرزەنتلىك بولمىساڭ، ئۇلارنىڭ روھى قورۇنامدۇ؟

ھېسامنىڭ بېشى ساڭگىلىدى. چاقچاقچى ھېسام شۇ دەمدە خىيالچان، مۇڭلۇق ھېسامغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭدا بۇنداق ھالەت كەمدىن ـ كەم كۆرۈلەتتى.

— ئاپاڭ بىلەن داداڭ بىرەرىڭلارنىڭمۇ تويىنى، قىزىقىنى كۆرمەي ئۆلۈپ كەتتى ھېسام، سەن ئەمدى ناي ـ نىنايىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ كۈنۈڭنى ئۆتكۈزۈۋەرمە. يېنىڭدا مانا بىز بار، بېشىڭنى ئوڭلاپ، ئاتا ـ ئاناڭنىڭ روھىنى خۇش قىل، بۈگۈن مانا شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى چاقىردىم.

ھېسام قاتتىق تەسىرلەندى. يۈركى قىزىق چايغا سالغان ناۋاتتەك شۈرۈلداپ ئېرىدى. ئىنسان بالىسىغا ھاياتىدا سىيرەك نېسىپ بولىدىغان ئەبەدىيلىك، بۇرچ، سۆيگۈ ھەققىدىكى خىيال-لار، تەپەككۇرلار شۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋاژىلداپ قاينىدى، ياشلىق باھارىدىن ئاللىقاچان مەھرۇم بولغان مۇزدەك تېنىنى يېلىنجاتتى.

ئۆمۈرلۈك ئىشى ھەققىدە ھېسام تالاي ـ تالاي قېتىم ئويلى-غان. دۇنيادا يالغۇزچىلىقتىنمۇ يامان نەرسە بارمۇ؟ ئۆزۈڭ يال-غۇز، تېنىڭ يالغۇز، خىياللىرىڭ يالغۇز، ئۈمىد، تەسەۋۋۇ-رۇڭ، كېلەچىكىڭ، گويا كى يالغۇز... ھېسام گاھىدا «قىزىل بىنا» دا ھەسرەتلىك، سوغۇق يالغۇزلۇقنى باشتىن كەچۈرۈۋې-تىپ، ئەلەم ئىلكىدە «دۇنيادا ماڭا جۈپ بولىدىغان ئايال زاتى بارمىدۇ؟ بولسا نەدىدۇ...؟» دەپ ئويلايتتى. ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدىمۇ بۇنداق خىياللار، ئىستەكلەر ھەتتا ھەرىكەتلەر بولغان...

ھېسامنىڭ توي ئىشىغا غۇلجىلىقلار، جۇملىدىن شەھەر ئىچى، ئۇردا مەھەللىلىكلەر تالاي كۆڭۈل بۆلگەن. ئۆيلەردە، سورۇنلاردا بۇ ھەقتە گەپ ـ سۆزلەر بولۇناتتى. ھېسامغا لايىق تاپقانلار، ئۆزىنى ـ ئۆزى لايىقلىقتا كۆرسەتكەنلەرمۇ چىققانىدى...

— ئەمدى گەپنىڭ پوسكاللىسىنى قىلاي، — دېدى قېيۇم چاڭجاڭ (دەۋەتتۇق!) گېپىنى خۇلاسىلەپ، — ئالدىنقى ھەپتە بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە كۇچاردىن بىرنەچچە مېھمان كەپتىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئۆزى قاملاشقان، يېشىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس. ئىسمىنى سائادەت دەيدۇ. غۇلجىدىن مۇۋاپىق لايىق چىقسا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قىزىنى مەشەدە ياتلىق قىلىۋېتىش خىيالى بار ئىكەن.

ھېسام گاڭگىرىغان ئادەمدەك ساھىبخانىغا قارىدى. قېيۇم چاڭجاڭ كۈلۈمسىرىدى.

— ھاڭۋېقىپ قالدىڭغۇ؟ مەن بىلەن ھەدەڭ شۇ قىزنى ساڭا لايىقكەن دەپ ئويلىدۇق، قانداق؟ يۈرىكىڭ موپاڭ تاسقامدۇ؟

شۇدەم «سائادەت» دېگەن ئىسىم ھېسامنىڭ كۆڭلىدە بىر ئىز قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قېيۇم ئاكىغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇقمىدى. ھېسام ھاياجانلانغانىدى.

«خەيرلىك ئىشنىڭ ئەتە ـ كېچى يوق» دېگەندەك، ھېسامنىڭ ھاياتىدىكى قۇتلۇق ئىش قىرىق يەتتىنچى يۇلتۇزىغا (ئەگەردە ئىنسانىنىڭ بىر يېشىنى بىر يۇلتۇز دېگىلى بولسا) پۇتۇلگەنىكەن، قالغان ئىشلار تېز پويىزدەك يۈرۈشۈپ كەتتى. مەرھەمەتلىك، ئاق كۆڭۈل ئىلى خەلقىنىڭ ئەندىزىسى بولغان قېيۇم ئاكا ئۆزى ھەممە نەرسىگە ئىگە بولۇپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئاتا بولۇپ ھېسامنىڭ تويىغا تۇتۇش قىلدى.

شۇ كۈنلەردە ھېسام چەكسىز ھاياجاندا ئىدى. ئۇ سائادەت بىلەن كۆرۈشكەن، ئۆز ـ ئۆزىگە، ئۆز بەختىگە ئىشەنمەي قالغانىدى. ئۇنىڭغا ھەسەلخان ئانا چىن قەلبىدىن يىغلاپ تىلەك تىلىگەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

ھېسامنىڭ توي قىلىدىغانلىق خەۋىرى شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىگە پۇر كەتتى. ھەممىلا يەردە شۇ گەپ ئىدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، ھېسام توي قىلىدىغان بوپتۇ!

— ھەر نېمە بولسا، خوي بوپتا. كىمنى ئالىدىكەنوي؟

— كۆچارنىڭ بىر ياش، گۈزىلىنى!

— خۇدايىم بېرىپتۇ، قاغجىراپ كېتىۋېدى.

مۇنداقمۇ پاراڭلار بولاتتى:

— ھېسام بىلەن كۆڭلۈم يېقىندى، تويىغا ئېيتار!

— ھېسام بىلەن ئەمەس، قېيۇم چاڭجاڭ بىلەن يېقىن بولساڭ بولىدۇ. تىيىننى شۇ خەجلەۋاتقۇدەكمىش.

— ۋاي - ۋۇي، بوپتىلا، ئۇ كۈنىمىغۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدە تۇغقانلارنىڭ تويى بار ئىدى.

يەنە مۇنداقمۇ گەپلەر بولاتتىكى، بۇ گەپلەرنى (توغرىسى چاقچاقلارنى) قىلغۇچىلار ئوردا مەھەللە، شەھەر ئىچىنىڭ گەپدانلىرى ئىدى.

— ھېسامكا، ئالتە چىشلىق كېۋەزدەك ھىڭگىيىپلا قاپسەنغۇ، — دېدى سابىرجان مۇئەللىم.

— مۇبارەك بولسۇن ھېسامكا، قىرىق يىل تارانچى دەپ يۈرسەك، كۆچارلىق چىقىپ قاپسەن، — دېدى ساتتار.

— ھېسامتاي، ئەمدى بىزنى ئاكا دەڭ جۇمۇ، توي يېشىغا ئاران يېتىپسىز ئەمەسمۇ، — دېدى ئىبراھىم.

ھېسام بۇ چاقچاقلارغا شۇنداق ئەپچىل جاۋابلارنى قايتۇراتتىكى، چاقچاق ئىگىلىرىمۇ، ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ قايىللىق ئىلكىدە كۈلۈپ كېتەتتى. بىز پەقەت شۇلاردىن بىرىنىلا نەقىل قىلىمىز:

— ھېسامكا، تويۇڭغا نېمە سوۋغا - سالام ئاپىراي؟ — دېدى، مەسلىھەت چېيىدا روزى ئابدۇۋەلى ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ.

تۆردە، «سۇلتان بېگىم» ئورنىدا كېلەڭسىزگىنە ياسىنىپ ئولتۇرغان ھېسام دەررۇ جاۋاب قايتۇردى:

— ئەمدى روزى، بىر ئۆي دېگەنگە ھەممە نېمە لازىم بولىد-

دۇ، دېگىنە، سەن تولا ئاۋارە بولماي، قۇيرۇقىڭدا بىر چاكوش
ياساپ كەل!

«ۋا… !» دېگەن كۈلكە ساداسى قېيۇم چاڭجاڭنىڭ كەڭرى
هويلىسىنى بىر ئالدى.

تويغا توي ياراشقاندەك، دەل ھېسامنىڭ نىكاھ كۈنى خەلقنى
ئون يىل ئازاب - ئوقۇبەتكە ۋە پاراكەندىچىلىككە سالغان لەنەت-
گەردى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تارمار قىلىنغانلىق خۇش
خەۋىرى يېتىپ كەلدى. پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدىكى خۇشلۇققا
جور بولۇپ، غۇلجا شەھىرى بۇ قۇتلۇق خەۋەرنى ناغرا شادىيانى-
سى بىلەن مۇبارەكلىدى. ئاۋامنىڭ قولىقىدىن يىتىپ كەتكەن
ناغرا پەدىلىرى بەيتۇللا ئۆگزىسىدە قايتا ياڭرىدى. شەھەرلىك
مەدەنىيەت يۇرتى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن شەھەردىكى ناغرا -
سۇناي ئۇستىلىرىنى يىغقانىدى. ئۇلار ھېسامنى تويلۇق كىيىم-
لىرى بىلەن نىكاھ سورۇنىدىن تاپتى.

ھېسام شۇ كۈنى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا شادلىق يامرىغان ھالدا
ناغرا چالدى. ئۇ باش ناغرىدا ئىدى. شۇ تاپتا مەملىكەتنىڭ
تويىغىمۇ، ئۆزىنىڭ تويىغىمۇ ناغرا چالاتتى. خۇشلۇقىنى ئەلگە
ئىزھار ئەتمەكتىدى. خىيالىدا بالا ۋاقتىدىكى ناغرا چالغان پەيت-
لىرى، بەستىدە ياش ۋاقتىدىكى كۈچ - قۇدرىتى!

توي ئولتۇرۇشىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا خەۋەر كېلەتتى.
يېڭى كېلىن سائادەت ئۇنى كۈتۈۋاتاتتى. ئەل - ئاغىنىلەر توي
سورۇنىدا قىزىق قەدەھ سۆزلىرىنى تەييارلاپ، يولىغا قارىماقتا
ئىدى. ھېسام نەچچە قېتىم رۇخسەت ئېلىپ، توي سورۇنىغا
قايتماقچى بولۇۋىدى. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئامىمۋى سەنئەت كا-
دىرى مەۋلان ئەلى «يەنە ئازراق چال ھېسامكا، بۇ دېگەن سىيا-
سىي ۋەزىپە، يەنە ئازراق چال!» دەۋەردى. بىر چاغدا ھېسام
جىلىچىلىكىنى چاقچاققا يۆلەپ، كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلدى:

— ھەي مەۋلان ئۇكا، چال، چاللا دەۋېرىدىكەنسەن، ۋاقىت
خۇپتەندىن ئاشتى، تويىمۇ تارقىدى. مەن بۇ ناغرىنى چېلىۋەر-
سەم، ئۆيدىكى ناغرىنى كىم چالىدۇ؟

مەۋلان ھوُپپىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە ھېسامنىڭ قولىدىكى ناغرا چوكىسىنى ئالدى.

— راست دەيسەن ھېسامكا، جىددىيچىلىكتە ئېسىمدىن چىقىپتۇ. بولدى، ئورنۇڭدا مەن چالاي. چېلىشتىغۇ ساڭا يەتمىدىمەن ئەمدى، بولدى ئاكا، كېلىنناغچىنىڭ يېنىغا چاپسان بارغىن!

ھېسام يەنە بىر نەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ ناغرىچىلارنى كۇلدۇرۇپ، ئاندىن ئۆيگە قايتتى. ئۇنىڭ نىكاھ كۇنى شۇنداق ئۆتكەنىدى.

ھېسامنىڭ تۇنجى تويىغا ئائىت نۇرغۇن ئەستىلىكلەر ۋە قىزىق پاراڭ، چاقچاقلار بار. بۇلارنىڭ تولىسىنى ھازىرمۇ ئۇ گاھىدا ئۆزى سۆزلەپ قويىدۇ. سەھېپىمىزدە ھەممىسىنى يېزىپ كېتىش بىزگە ئەپسىز.

ھېسام ھاياتىدا ئۇچ قېتىم ئۆيلەندى. بۇ ھەقتىكى بايانلارغا قىسسىمىزنىڭ كېيىنكى بابلىرىنىڭ بىرىدە قىسقىچە ئورۇن بېرەرمىز.

## 44. كاتەكتىكى تېلېفون

لېئونىد سولوۋيوۋنىڭ رومانىدا تىلغا ئېلىنغان قىسمەت سە-
لىم جامال بىلەن ھېسام قۇربانىى بىر مۆجىزە بىلەن توساتتىن
خىزمەتداشلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

جامال ئەپەندىنىڭ بېشىنى يىگىرمە نەچچە يىل ئېگىپ كەل-
گەن «ئوڭچىل» ، «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى «تۆت گېزەندە»
نىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ خەيرلىك بىر كۈندە چۆرۈپ تاشلاندى.
مەسىلىسى «ناھەق ئەنزە» دەپ ئاقلانغان جامال ئەپەندى تەشكى-
لىي رەسمىيەتلىرىنى قايتا ئۆتكەندىن كېيىن، پېنسىيىگە چىق-
تى. ئۇنىڭ «مايلىق قالپىقى» تۇپەيلى يېزىدا ئون يىل «قايتا
تەربىيە» ئالغان سەلىمجان شۇ چاغدىكى سىياسەت بويىچە دادىسى-
نىڭ شتاتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت
يۇرتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى.

شۇ ئارىلىقتا بىر نەرسىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەمىگە سالغاچ
كېتەيلىكى، سەلىمجاندىن سەل ئاۋۋالراق مەزكۇر مەدەنىيەت
يۇرتىغا قىزىقچى ھېسام قۇربان ۋە ئاتاقلىق ناخشىچى داۋۇتجان
ناسىر ئىككىيلەن ئېتىبار سىياسەت بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇ-
رۇلغانىدى.

شۇ چاغلاردا جەمئىيەتتە «ھېسام بىر چاقچاق بىلەن ئاپتونوم
رايوندىن شتات ھەل قىپتۇ» دېگەندەك پاراڭلار ئېقىپ يۈرگەن-
دى. بۇ ھەقتە ھېسامىمۇ گاھىدا قىزىقچىلىق قىلىپ:

دۇتارنى چالالاملا، ۋاي چالالاملا،
پەدىسىنى باسالاملا.
دادەي!
بىر چاقچاق بىلەن بىزدەك،
ۋاي جېنىم ئاللا، ۋاي تووۋا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

بىر شتات ئالالاملا،
يارەي!

دەپ ئۆزىگىلا خاس ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ناخشىسىغا ئۆزى، ئولتۇرغان پېتى ئۇسۇل ئويناپ، سورۇن ئەھلىنى كۈلدۈرىدۇ.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، شۇ يىللاردا مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەت بىناسى شەھەرنىڭ قۇرۇلۇش پىلانىغا بىنائەن چېقىۋېتىلگەن بولۇپ، خىزمەت ئورنى ھەل قىلىنغۇچە خادىملار ئاساسەن ئۆيىدە بوپقالغانىدى. پەقەت ھەر چارشەنبە كۈنلۈك ئۆگىنىش، ئاينىڭ يەتتىسىدىكى مائاش تارقىتىشقا كېلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن ئوبلاستلىق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئارقا دەرۋازىسى تۈۋىدىكى ھەم تار، ھەم سوزۇنچاق كۆزەتخانا مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ۋاقىتلىق ئالاقىلىشىش ئورنى قىلىنغانىدى. سەلىمجان تۇنجى خىزمەت كۈنى مانا مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئەڭ دەسلەپكى چارشەنبىلىك ئۆگىنىشكە قاتناشتى ۋە خىزمەتداشلار بىلەن تونۇشتى. ئۇ بۇ يەردە ھېسامنى ئۇچرىتىپ تولىمۇ خۇشال بولدى. داۋۇتجان ناسىرمۇ سەلىمجانغا غايىۋانە تونۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئېقىن سۇدەك راۋان ناخشىلىرىنى قانماي ئاڭلايتتى. مانا ئەمدى خىزمەتداش بولۇپ قالدى، سەلىمجان تۈزۈكرەك خىزمەت بىناسى يوق ئىدارىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئانچىلا كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىدى. ئون يىللىق يېزا ھاياتى ئۇنى ئەڭ ئاددىي، غورىگۈل شارائىتلارغىمۇ شۈكرى قىلىدىغان مىجەزگە كۆندۈرگەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى بىر خۇشاللىقى ئاقىۋەت سورۇقچىلىق ۋە غەم – قايغۇلار تۈگەپ، ئائىلىسىنىڭ ياخشى كۈنلەرگە ئۇلاشقىنى ۋە ئۆزىنىڭ رەسمىي خىزمەتكە ئورۇنلاشقىنى بولسا، يەنە بىر خۇشاللىقى داۋۇتجان بىلەن ھېسامغا ئوخشاش ئىككى «مەشھۇر شەخس» بىلەن خىزمەتداش بولۇپ قالغانلىقى ئىدى.

ئاشۇ چارشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىنلىك سىياسىي ئۆگىنىشتىن كېيىن، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ خىزمەتچىلىرى بىر دەمدىلا ئالدىرىشىپ كۆزدىن غايىب بولدى. باشلىقىمۇ سەلىمجانغا

بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ، ئۇنى يېڭىياچە بولغاچقا ھەر كۈنى
مەشەگە — كۆزەتخانىغا كېلىپ تۇرۇشقا جۆرىدى - دە، ۋېلىسىپە-
تىنى مىنىپ چىقىپ كەتتى. ياز ئايلىرى بولغاچقا، ئۆگىنىش
قورۇدىلا ئېلىپ بېرىلغانىدى. شۇ تاپتا كىتابخانا ھويلىسىدا،
دۆۋىلەنگەن ياغاچلار ئۈستىدە ئۇچلا كىشى قېپقالدى. ئۇلار ھې-
سام، داۋۇتجان ۋە سەلىم جامال ئىدى.
— مەۋلانجاندىن بىزگە بىر ياش بالا تەقسىم قىلىنىپتۇ دەپ
ئاڭلىۋېدىم، سىز كەنسىز - دە؟، — دېدى ھېسام موخوركىسىنى
پۇرقىرىتىپ چەككەچ، — ياخشى بوپتۇ ئۇكا، ئەمدى ئوينايمىز!
«ئەمدى ئويناىمىز» دەۋېتىپ ھېسام شۇنداق بىر قىزىق
ھەرىكەت قىلىۋېدى، سەلىمجاننىڭ كۆڭلى تېخمۇ يايراپ، يې-
نىكلەشتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كەلگۈسىگە بولغان ئۇمىتدۋار تى-
لەكلەر يەنە بىر قېتىم تەۋرەندى. ن. ۋ. گوگول «ياشلىق ئۆزد-
نىڭ كېلەچىكى بولغانلىقى بىلەن بەختلىك» دەپ بىكار ئېيتمى-
غان.
— ھېسامكا، ھەي، — دېدى داۋۇتجان يېقىملىق بىر كۈلكە
بىلەن، — بىزنىڭ بۇ يەرگە ساپلا مەندەك قېرىلار، يە سىزدەك
ھاستايىقى يېتىلەپ ماڭىدىغانلار (ھەر كۈنى ئەتىگەندە داۋۇتجان
ناسىرنى بالىلىرى يېتىلەپ، ئەكېلىپ قوياتتى ۋە ئىشتىن چۇ-
شەرگە يېقىن كېلىپ يېتىلەپ ئەكېتەتتى. داۋۇتجان شۇنىڭغا
ئىشارە قىلىدۇ) كېلىدۇ دەۋاتاتتىڭىز، مانا چەبدەس، ياش يە-
گىتلەرمۇ كەپتىغۇ!
— داۋۇتجان يامان جۇمـۇ ئۇكا، — دېدى ھېسام كۈلۈپ،
— سىزنى كۆرمەي تۇرۇپ، چەبدەسلىكىڭىزنى بىلىۋاپتۇ!
— كۆڭۈل تونۇيدۇ - دە، كۆڭۈل تونۇيدۇ، — داۋۇتجان
ناسىر كۈلۈمسىرەپ شۇ گەپنى قىلىۋېدى، سەلىمجاننىڭ ۋۇجۇدى
بىر يېقىملىق تۇيغۇغا چۆمدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى داۋۇتجان ئاكا
بىلەنمۇ كونا تونۇشلاردەكلا ھېس قىلىپ قالدى.
ئۇچەيلەن ياغاچ دۆۋىسى ئۈستىدە، ئىللىق قۇياش نۇرى
ئاستىدا خېلى پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ھېسام توختىماي داۋۇت-

جانغا چاقچاق قىلاتتى. سەلىمجاننىڭ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ھېسا-
نىڭ ئاجايىپ ئەپلىشىپ كەلگەن پاراڭ، چاقچاقلىرىنى بىر باش-
تىن خاتىرىلەپ ماڭغۇسى كېلىپ كەتتى، بەزى چاقچاقلارنى ئۇ
كۆڭلىدە بىر نەچچە تەكرارلاپ، يادلاپمۇ ئالدى. «ماۋۇ گېپىنى
مۇنداقلا ئۆزگەرتسە تەييارلا بىر يۇمۇر بولىدىكەن، ئاۋۇ پاراڭغا
ئازراق تەپسىلات قوشسا، تازا مەنىلىك لەتىپىنىڭ ئۆزىكەن...»
دەپ ئويلايتتى ئۇ شۇ مەھەلدە. ۋاقىت، پۇرسەت تېخى كۆپ
ئىدى، ئۇ ئۇنچىلا ئالدىراپ كەتمىسىمۇ بولاتتى.

ھېسام بولسا بۇ چاغدا ھەدەپ قىزىق پاراڭلىرىنى داۋام
قىلماقتا ئىدى:

— مانا ئۇكا، ئىدارىنىمۇ كۆردىڭىز، ئولتۇرۇشىمىز كا-
تەك، بېقىشىمىز تېلېفون، كۆزەتچىمىز داۋۇتجان...

سەلىم قىزىقسىنىپ ئۈنلۈك كۈلۈۋەتتى، بۇ چاغدا داۋۇتجان-
مۇ گەپتە بوش كەلمەي، ھېسامغا «قايتارما زەربە» بەردى.

— ھېسامكا، ھەي، يېڭى لەقەملىك بوپقالدىڭىزمۇ نېمە؟
كاتەكنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدىڭىز —!

داۋۇتجان شۇ گەپنى قىلىپ، سەلىمجانغا (غايىۋانە) قاراپ،
«تىنچ تۇرۇڭ» دېگەندەك كۆزلىرىنى يۇمۇشلىدى.

ھېسام بولسا داۋۇتجاننىڭ چاقچىقى قېتىغا كىرمىگەندەك،
ئۆز چاقچىقىنى يورغىلاتماقتا ئىدى.

— راستلا ئۇكا، ئەتىگىچە ئاڭلاپ قالىسىز، كاتەكتە تېخى
بىر دۇتارمۇ بار. داۋۇتجان كاتەكنى باققاچ، دۇتارغا تەگكەش
قىلىپ چىللاپ بېرىدۇ.

— مەن بازغىپ بېرىمەن دەڭا، — داۋۇتجانمۇ بوش كەلمى-
دى.

— بازغىمايمىز، چوقۇيمىز جۇمۇ داۋۇتجان، ئۇ كۈنى ئىس-
رايىلكامنى قانداق چوقۇدىما؟

چاقچاق يەنە قانچىلىك داۋاملىشاتتىكىن، ئالتە ياشلاردىكى
پومپىلاق بىر ئوغۇل داۋۇتجاننى ئۆيگە ئېلىپ كەتكىلى كەلدى.

ھېسام يەنە جىم تۇرمىدى.

— مانا، داۋۇتجاننى كـاتـەكتىن يەنە كاتەككە ئېلىپ ماڭ-
دى، — دېدى ئۇ سەلىمجانغا.
داۋۇتجان بۇ چاقچاقنى ئاڭلىماي قالدى بولغاي، ئوغلىنىڭ
قولىنى تۇتۇپ، قايتىشقا جابدۇندى.
— ماقۇل ئەمىسە، ئەتە كۆرۈشەيلى، خۇدايىمغا ئامـا-
نەت، — دېدى چىقىپ كېتىۋېتىپ، — راستىلا، ھېسامكا، ئىدا-
رىغا سىز قۇلۇپ سېلىۋېتەسىزە؟
سەلىمجان تۇنجى خىزمەت كۈنىدىن شۇنچىلىك خۇشال،
يايراپ قايتتى.
كۈنلەر ئەنە شۇنداق ئۆتۈشكە باشلىدى. ئىدارىغا (ياق،
كاتەككە! ) ئاساسەن ھېسام، داۋۇتجان ۋە سەلىمجان كۆپرەك
كېلەتتى. گىرىمسەن، تار، ئاقارتىلمىغان ئۆيگە بىر نەچچە دانە
ئۇزۇن ئورۇندۇق تام بويلىتىپ قويۇلغان. تۆر تەرەپتە، دېرىزە
يېنىدا بىر ئۈستەل، ئۈستەل ئۈستىگە تېلېفون قويۇلغانىدى.
ھېسامنىڭ «كاتەكتىكى تېلېفون» دېگىنى شۇ ئىدى.
چاقچاق ئەتىگەندىن تارتىپلا باشلىناتتى. ئۆيگە ئادەملەر كى-
رىپ - چىقىپ تۇرۇشاتتى. باشلىق كۈن ئارىلاپ مەشەگە كې-
لىپ، تېلېفون ئارقىلىق نەلەر بىلەندۇر سۆزلىشەتتى، خادىملار-
نى ئۆيلىرىدىن چاقىرتىپ، خىزمەت ئورۇنلاشتۇراتتى. سەلىممۇ
پات - پاتلا ھۆكۈمەت بىناسىغا بېرىپ، ھۆججەت، گېزىت -
ژۇرنال، خەت - چەكلەرنى ئېلىپ كېلەتتى.
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سەلىم شۇنى بايقىدىكى، شىنخۇا
كىتابخانىسىنىڭ بۇ تارغىنا كۆزەتخانىسى تولىمۇ ئاۋات جاي ئى-
كەن. بۇ يەرگە شەھەرنىڭ خېلى نامدار، نوچى ئادەملىرى
كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يا ھېسامدا، يا داۋۇتجاندا
ئىشى بولاتتى. كەچلىك ئولتۇرۇشلار، توي سورۇنلىرى ۋە باش-
قىمۇ سورۇنلارنىڭ ئىككى گۈلى — ھېسام ۋە داۋۇتجان ئەسلىدە
ئىنتايىن ئېتىبارلىق كىشىلەر ئىدى. ھەركىم ئۇلارنى ئۆز ئۆيە-
گە، مەرىكىسىگە تەكلىپ قىلىشنى، ئاپىرىشنى شەرەپ بىلەتتى.
— ئاخشام بىزنىڭ ئۆيدە ھېسامكام ئىلگىرى - كېيىن

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىپ كەتتى جۇمۇ، كۈلە ـ كۈل…، تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ!
— داۋۇتجان يىغلىتىۋەتتىغۇ تۇنۇگۈن مومايلاردىن تار-
تىپ… خۇدايىم ئاۋاز دېگەننى بېرىپ قويۇپتىكەنە؟!
— بىزنىڭ ئوغۇلنىڭ سۈننەت تويىدا ھېسامكاممۇ، داۋۇت-
جانمۇ بار!
بۇ خەۋەردارلىقلارنى كۆرگەنسېرى سەلىمجاننىڭ ئىپتىخار-
لىقى ئاشاتتى. ھېسام بىلەن داۋۇتجاننى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن
سېزەتتى ئۇ.
بىر قېتىم ھەرەمباغدىكى بىرەيلەن — سەلىمجانلارنىڭ قوش-
نىسى — ھېسام بىلەن داۋۇتجاننى ئۆيىگە ئاپىرىش ئۈچۈن سەلىم-
نى ئىشقا سالدى.
— مېھمانلارنى مۇشۇ يەكشەنبىگە دەۋەتمەكچىمەن ئۇكا،
خىزمەتداش بولغاندىن كېيىن بىرنېمە دەپ بېقىڭا. مەن دېسەم
باشقا يەرگە ماقۇل دەپ قويۇپتىكەنمىز دەپ، زادىلا يېقىن كەلمەي-
ۋاتىدۇ.
سەلىمجان تولىمۇ تەڭقىسلىقتا قالدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن دې-
يىشمۇ، دېمەسلىكمۇ ئىنتايىن قىيىن ئىدى. «ئۇ ياقتا تارتسا
ئات ئۆلىدۇ، بۇ ياقتا تارتسا ھارۋا سۇنىدۇ» دېگەندەك ئىش
بولۇۋاتاتتى.
ئاخىر سەلىمجان ھېسام بىلەن داۋۇتجان يالغۇز قالغاندا،
ئەيمىنىپ تۇرۇپ قوشنىسىنىڭ ئىلتىماسىنى ئېيتتى.
— مۇنداق دەڭ، — دېدى ھېسام، — قوشنىكەنسىلەردە.
داۋۇتجان، ھېلىقى سەمەت پاپاقنىڭ ئۆيىگە بارايلى ئەمدى. ماۋۇ
سەلىمجانلارنىڭ قوشنىسىكەن ئەمەسمۇ!
— بارىلى، بارىلى، ئۆزىدىن ئاشساق يانقا، — دېدى داۋۇت-
جان دۇتارىنى تىرىڭشىتقاچ، — سەلىمجان ئۇكىمىز قوشنىسى-
نىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىسۇن.
سەلىمنىڭ يۈرىكى تەسىرلىنىشتىن تېز ـ تېز سوقتى. بۇ
ئىككى خەلق سەنئەتكارىغا ئۇنىڭ ھۆرمىتى تېخىمۇ ئۇلغايدى.
گاھىبىر كۈنلىرى «كاتەك»نىڭ ئۆزىدىلا چاقچاق قىزىپ

كېتەتتى. سەۋەبى، شەھەرنىڭ يېتىلىپ كېلىۋاتقان چاقچاقچى يىگىتلىرى ھېسام بىلەن بىر «بەللىشىپ» باققىنى ئاتايىن بۇ يەرگە كېلەتتى.

ياش چاقچاقچىلار ھېسامغا ھەر خىل، ھەر تېمىدا چاقچاق قىلاتتى. گاھىدا تولىراق ئۇنىڭ مېخىشىغا چاقچاق ياغاتتى.

— ھېسامكا، ھاراقنى سۇدەك ئىچىدىغان بوپكېتىپسەن جۇمۇ!

— ساڭا يەتمەيمىزاۋاي، بىكار ھاراقنى كۆرسەڭ يوتقىنىڭغىچە شىلانكا تارتىدىغان نېمە سەن!

كۆلكىلەر ئارىسىدا يىگىت چاقچىقىنى داۋام ئېتەتتى:

— ئامالىكىن مەست بولمايدىكەنسەن دەيمەن، يائاللا...

— مەست بولامدۇ، ھاراق دېگەن سۇ، بىز دېگەن بېلىق...

— ھېسامكا، ھاراق تېپىلىسىغۇ ئىچەرسەن، تېپىلمىسا قانداق قىلىسەن؟

— ئۆزۈمنىڭ مېخىشىم بولىۋېرىدۇ. شۇنى دېگۈزمەكچىغۇ سەن بولۇس!

كۆلكە سادالىرى ئىچىدە يەنە بىر ياش قىزىقچى ھېسامغا شىپقاپ كېلەتتى.

— ھېسامكا، سەندىن بىر نەچچە سوئال سورىسام بولامدۇ؟ ھاراق توغرۇلۇق...

— سوراۋەر، — دېدى ھېسام، — ئۆزۈڭمۇ مەكتەپتە ئوقۇغاندا سوئالنى تولا سورايدىغان نېمىدىڭ.

— ھېسامكا، قانداق ھاراقنى ئىچسەڭ ئاسانلىقچە مەست بولمايسەن!

— بىكارلىق ھاراقنى.

— ماڭا ئوخشاشكەنسەن ھېسامكا، ئەمىسە دەپ باقە، تازا ئىچكەن كۈنۈڭ ئەتىسى نېمە يېگۈڭ كېلىدۇ؟

ھېسام بىر نېمە دەي دەپ تۇرۇۋېدى، سەلىمجان شەپشەكلىك قىلىپ قويدى:

— پۇشايمان دەڭا، ھېسامكا!

— بىزنىڭ كاتەكنىڭ بالىلىرىمۇ يېتىلىپ قالدى. ھەي ئاۋاكرى، ئەمدى قالغان سوئاللىرىڭنى ماۋۇ سەلىمجاندىن سورا! سەندەك نېمىلەرگە بىزنىڭ شاگىرتلارمۇ تاقابىل تۇرالايدۇ.

بۇمۇ بىر چاقچاق بولدى. ئېغىز ئىتتىكلىكتىن دەرھال قىزىرىپ كەتكەن سەلىم ئۇھ دېدى.

بەزىلەر چىن نىيىتى بىلەن ھېسامدىن بىر ئىشلارغا مەسلىھەت سوراپ كېلەتتى.

بىر قېتىم ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بىر شوپۇر «كاتەك»تە ھېسامدىن سورىدى:

— ھېسامكا، ئايالىم بوشانغانىدى، خۇدايىم بېرىپ يەنە ئوغۇل تۇغدى دېگىنە. ئىسمىنى ئاكىلىرىنىڭكىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويااي دەپ زادىلا ئىسىم تاپالمايۋاتىمەن. سەن بىر ئىسىم تېپىپ بېرە، ھازىرقى ئەپەندى بولغاندىن كېيىن…

— قالغان بالىلىرىڭنىڭ ئىسمىلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى ھېسام.

شوپۇر ئەستايىدىل جاۋاب بەردى:

— چوڭىنىڭ سۇلتانمۇرات، ئوتتۇرانچىسىنىڭ دىلمۇرات، ئۈچىنچىسىنىڭ خالمۇرات.

ھېسامنىڭ چىرايىغا مۇغەمبەر كۈلكە يۈگۈردى:

— ئەمىسە بۇداقىسىنى دامكىرات قوي!

كۈلكە ئارىسىدا شوپۇر بىر قىزىرىۋېلىپ، كېيىن ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— يامان گۆي جۇمۇ بۇ!

— ھاي ـ ھاي، — دېدى ھېسام ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، — ئىسمىم تېپىپەرمىسەك ئۇرامدۇ نېمە بۇ! سەلىمجان سىز بىر ئىسىم دەڭا، شائىر بولغاندىكىن!

شۇ ئارىلىقتا نېرىقى ئۆستەلدە تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

— ھەي، ھەي، كۈلمەي تۇرۇڭلار، — دېدى ھېسام، — بىزنىڭ باشلىق ئۆيىدە تۇرۇپ كۈلكىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا جىرىڭلاۋاتىدۇ.

# 45. ئۆنتۆلماس ئالداش بايرىمى

ھېسامنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىققاندەك شۇئان «كاتەك» نىڭ بوسۇغىسىدا مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقىنىڭ كايىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي - ۋاي- ۋاي، ئىدارىمۇ بۇ، لەڭزە بېشىمۇ؟

باشلىق يەنە نېمىلەرنى دېگەن بولاتتىكىن، ئوڭايسىزلىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغان ياش چاقچاقچىلارنى قول ئىشارىتى بىلەن جايلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ھېسام گەپنى ئوڭشىدى.

— مانا، سىلەر ساقلاپ ئولتۇرغان باشلىق كەلدى. گېپىڭلارنى دەڭلار ئەمدى.

ئولتۇرغانلار «نېمىنى، نېمە دەيمىز؟» دېگەندەك بىر - بىرىگە، ئاندىن تەڭلا ھېسامغا قاراشتى. ئۇنىڭغۇچە باشلىقنىڭ چىرايىغىمۇ كۈلكە يۈگۈرگەنىدى.

— نېمە دەيدىكەن بۇ قارا كۆزلەر، قېنى، ئاڭلاپ باقايلى!

ھېسام چاندۇرماي يېنىدىكىلەرگە سىرلىق بىر ئىشارە قىلدى - دە، گەپ باشلىدى:

— شۇ، مەدەنىيەت يۇرتى قاچان ئويۇن تەييارلايدىكىن دەپ كەپتىكەن بۇلار، ئۆمەك تەشكىللىسە، بىكار يۈرگۈچە بىزمۇ قاتناشساق دەيدۇ. تونۇمىسىز، ساپلا چاقچاقچى، سازەندىلەر بۇ!

بۇ گەپ بىلەن باشلىق تېخىمۇ مۇلايىملاشتى.

— ياخشى گەپ، ياخشى گەپ، قارشى ئالىمىز، — دېدى ئۇ ھەتتا چاۋاك چېلىپ. چاۋاكقا ھېسام شەيتانىمۇ قوشۇلدى. سەلىمجان چاۋاك چېلىش ياكى چالماسلىقنى ئۇقالماي تېڭىرقاپ قالدى، — تازا ياخشى كەپتۇ بۇ بالىلار. ئۆزۈمنىڭ پىلانىممۇ بار ئىدى. ئۆكتەبىر كېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ. سەلىمجان ئۇكام، قەلەم، قەغەز ئېلىپ تىزىملاڭە بىر باشتىن بۇ يىگىتلەرنى. ئىس-

www.uyghurkitap.com

مى، ئالاھىدىلىكى، ھە! راستلا، قىزلارمۇ كېرەك جۇمۇڭلار!
— ۋاھ، ياغدۇرۇۋېتىدۇ قىز دېگەننى بۇلار. قىزيېتىشىسە مانا ماۋۇ ۋەلىلەر «تەنەۋەر»گە شۇنداق تولغاپ ئوينايدىكىن ...، — ھېسامىنىڭ «ئاغزىنى تاتىلىغىلى» كەلگەن ياشلار بولۇۋات- قان ئىشلاردىن ھەيران قېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر- بىرىگە قارىشاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەر قېتىملىق ئىش- تىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكنىڭ ئىشتىراكچىلىرى راستلا ئاز ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ ھېسامىنىڭ بىر چاقچىقى بىلەن ئىشتىن سىرتقى ئۆمەك يىللاردىكىدىن بىر ئاي ئىلگىرى تەشكىل- لەندى.

رەپىتىس ئىجارىگە ئېلىنغان كەڭرى بىر زالغا ئورۇنلاشتۇ- رۇلدى. ھېسامۇ، داۋۇتجانمۇ ئەلۋەتتە ئۆمەكنىڭ غوللۇق ئار- تىسلىرى ئىدى. سەلىمجانغىمۇ بىر توقاي ئىش تېپىلدى. ئۇ ئالاقە ئىشلىرىغا ۋە تېكىستلەرنى رەتلەشكە مەسئۇل ئىدى.

كەڭرى زالغا چىققاندىن كېيىن، چاقچاقمۇ بۆلەكچە قىزىي- دىغان، قاينايدىغان بولدى.

سەنئەتچى دېگەن ئاجايىپ خەق. بىر قارىساڭ ئۇلار دۇنيادىن بىغەم ئادەملەر، يەنە بىر قارىساڭ ئويۇن ـ كۈلكە، ناخشا، ساز، چاقچاق ئۇچۇنلا يارالغان ئادەملەر. سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەرتىپ، تۈزۈملىرىمۇ شۇ ئاجايىپ تەبىئەتلىك كىشىلەرگە لايىق. دائىم كەچتە ئويۇن قويۇپ، يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتىشقا ئادەتلەنگەن بولغاچقىمۇ، سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئىشقا كېلىشى، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتىمۇ باشقا ئىدارە، ئورگانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە ھەممە يەردە خىزمەت باشلىنىپ بىرەر ـ يېرىم سائەتلەر- دىن كېيىن سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ رەپىتىس زاللىرىدا ئادەم بىردىن ـ ئىككىدىن پەيدا بولىدۇ. سازلارنىڭ تىرىڭشىشلىرى، ئاۋاز مەشىقى قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەر خىل ۋارقىراشلىرى، چاق- چاق، كۈلكە ئاۋازلىرى بۇ يەرنى بەئەينى بىر بازارغىلا ئوخشى- تىپ قويىدۇ. بۇ يەردە جىددىيچىلىك يوق، ئالدىرىغىنىڭ بىلەن- مۇ بىكار.

مەۋلان ئەلى ئالدىرىغىنىدىن ھېلى ئىشىككە، ھېلى سائىتىگە قاراپ ئاۋارە ئىدى. بايرامۇ يېقىنلىشىپ قالدى، نومۇرلار تېخى چالىسى چالا پېتىچە ئىدى. كىمگىلا گەپ قىلسىڭىز بىپەرۋا ئاھاڭدا:

— قورقماڭە مەۋلانكا، سەھنىگە چىققاندا ئوت چىقىرىۋېتىمىز، — دەيتتى.

ئاخىر، سائەت ئونلارغا يېقىن ئادەملەر تەل بولدى. ئاخشام ئۇلتۇرۇشقا بارغاچقا ھېسامۇ كېچىكىپ كەلگەنىدى.

— ھېسامكا، مەن تولا گەپ قىلىپ ھېرىپ قالدىم، سەن چوڭ بولغاندىكىن ئازراق گەپ قىلە. ئەتە باشلىقلار كېلىپ تەييارلانغان نومۇرلارنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ، باللار سەل ئەستايىدىل بولسۇن، كەچتىمۇ رەپىتىس قىلايلى!

شۇنداق قىلىپ ھېسام ئۈمرىدە تۇنجى قېتىم يىغىن باشقۇرۇپ، چاقچاقلىق مەجلىس ئاچتى.

— ئاغىنىلەر، ھەي باللار، بىردەم بېسىپ ئولتۇرۇپ بېقىڭلار، بىز بۇ يەرگە ئويۇن تەييارلايمىز دەپ ئالايىتەن كېلىۋاتىمىز. نومۇرلارنىڭ تېخى ئېغى بىلەن بېغى يوق. بىر نېمە بولسا «چاتاق يوق، چاتاق يوق»لا دەيدىكەنسىلەر. چاتاق يوق دېگەن يەردىن چاتاق تولا چىقىدۇ جۇمۇ. قانداق دېدىم مەۋلان؟

— توغرا، ھېسامكام ياخشى گەپ قىلدى، — دېدى مەۋلان جىددىي قىياپەتتە، — ھەي ئاۋاكرى، تىرىڭشىتىمىغىنە ئاۋۇ دۇتىرىڭنى!

— ئاي... ھاڭرىغانغا تەڭكەش قىلامدىكىن بۇ دۇتارنى، — ھېسام تاس چاقچاق كوچىسىغا بىراقلا كىرىپ كەتكىلى ئاز قالغانىدى. كۈلكىلەر بىر ياڭراپ توختىدى، — بۈگۈندىن باشلاپ كېچىكمەيلى، نومۇرلارنى بىر باشتىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى. قانداق دېدىم مەۋلان؟

— ۋا... گېپىڭنى قىلىۋەرگىنە ھېسامكا، «قانداق دېدىم مەۋلان» دەۋەرمەي، ھوقۇقنى بەردۇققۇ ساڭا... گەپ شۇ باللار، ئەمىسە بىر باشتىن كېلەمدۇق، ھېسامكامنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى

بويىچە، — مەۋلان ئەلى جىددىيلىكتە سائىتىگە بىر قارىۋېلىپ، سۆزىنىڭ تۈگۈننى تۈگدى.

سەلىمجانغا ھېسامنىڭ مەجلىس ئاچقىنى تولىمۇ قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى. «بۇ ئادەم مەڭگۈ جىددىي بولالمايدىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. دېمىسىمۇ ھېسامنىڭ قىياپىتى باشقىلارنى جىددىيلەشتۈرۈش بۇ ياقتا تۇرسۇن، جىددىي ئادەملەرنىمۇ كۈلدۈرۈۋېتەتتى. سەلىمجان ئۈچۈن پايدىلىق بولغىنى، ئۇ بۈگۈن ھېسامنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى، ئالاھىدىلىكىنى كۆردى.

رەپىتىس ئارىلىقلىرىدا چوڭ ـ كىچىك، ئوغۇل ـ قىز ھەممىلا ئادەم ئامال بار ھېسامنىڭ يېنىغا ئولىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلايتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېسامدىن ئۆزىمۇ ئويلىمىغان يېپيېڭى، پىچەت پاراڭلار چىقاتتى. سەلىمجاننىڭ قەلبى ئىتتىك ـ ئىتتىك شىتىرلايتتى.

بىر كۈنى رەپىتىس ئارىلىقىدا، چىرايى ساپسېرىق بىر ئۇسسۇلچى قىز ساددىلىقىدىن ھېسامنىڭ يېنىغا ئالايىتەن كېلىپ بىر سوئال سورىدى:

— ھېسامكا، سىزنى بىلمەيدىغان نەرسىسى يوق دەيدۇ، بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟

— سوراڭ، — دېدى ھېسام ئاغزىنى يىمىرىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە. بۇ ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتى ئىدى.

سېرىق قىز سورىدى:

— مۇشۇ چىرايىمغا ئەجەب ئۆچ بولۇپ كەتتىم قاراڭ ھېسامكا، بىرسى ئاسلان دەۋاتقان، بىرسى يەنە بىر نېمە دەۋاتقان...

— چىرايىڭىزنى تېگىشىۋالسىڭىز بولمامدۇ، — ھېسام مەسلىھەت بەردى.

ساددا قىز بېشىنى چايقىدى.

— تېگىشىۋالغىنى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ ھېسامكا، ئەجەب ئۆچ بولدۇم!

— ئەمىسە ئەينەككە زادىلا قارىماڭ. تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ

كەتمەڭ ئۆزىڭىزگە، — ھېسام ئۆپچۆرىسىدىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى، — قانداق دېدىم، ھە!

ساددا قىز يەنە ھېسامغا قارىدى:

— ھېسامكا، سىز تېخى مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز، مەن نېمىشقا مۇشۇنچە سېرىق، شۇنى دەپ بېرىڭە!

سەلىمجان «مۇنۇ قىز سوئالنى ئۇنتۇمىدى، قېنى، ھېسامكام نېمە دەيدىكىن، تايىنلىق بىر قىزىق سۆز قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ، ھېسامغا قارىدى.

دېگەندەك، ھايال قالمايلا، ھېسام ئۇ ئويلىغاندىنمۇ قىزىق گەپ قىلدى.

— ئاۋۋال ماڭا دەپ بېرىڭا، دادىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— دادام رىشالىچى، رىشالە ئېتىپ ساتىدۇ.

— بىلدىم، — دېدى ھېسام ئاغزىنى يىمىرىپ، — دادىڭىز تۇخۇمنىڭ ئېقىدا رىشالە ياساپ، سېرىقىدا سىزنى ياساپتۇ.

— ۋىيەي توۋا! — ساددا قىز كۈلكىلەر ئەۋجىدە تۇرۇپ قالدى.

بىر تەمبۇرچى ياش بالا ئۆزىگە ياراشمىغان بۇرۇت قويۇۋالغانىدى، سەھنىگە شۇ پېتى چىقسا، ئويۇن سۈپىتىگە تەسىر يېتەتتى. باشقىلار شۇنچە خىزمەت ئىشلىسىمۇ ئۇ بۇرۇتىنى چۈشۈرۈۋەتكىلى زادىلا ئۇنىمىدى.

— ھېسامكا، سىز بىر نېمە دەپ باقامسىز، — دېدى مەۋلان ئەلى.

ھېسام ئولتۇرغان جايىدىلا تەمبۇرچىنى چاقىردى.

— ھەي ئۇكا، مەيەرگە كېلە، سېنى دەۋاتىمەن.

تەمبۇرچى بالا بارمىقىغا ناخۇن باغلىغاچ، كۈلۈپ ھېسامنىڭ يېنىغا كەلدى.

— نېمە گەپ، ھېسامكا؟

— بۇرنۇڭ مۇزلامدۇ قانداق؟

— ياقەي، قانداق؟ — بالا ھەيران بولدى.

— يا ئەمدى، قارىسام بۇرنۇڭنىڭ تېگىگە ياقىلىق تارتىۋاپ-

www.uyghurkitap.com

سەن، شۇنىڭغا دەيمىنا، — دېدى ھېسام.
تەمبۇرچى شەلپەردەك قىزىرىپ، پىرام سىرتقا چىقىپ كەت-
تى، يېرىم سائەتتىن كېيىن بۇرۇتسىز قايتىپ كىردى.
غەنىيمەت ۋاقىتلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئۆكتەبىر بايرىمىغا
بېغىشلانغان ئويۇن خېلى ياخشى قويۇلغانىدى، بولۇپمۇ خەلق.
— ھېسامنىڭ ئۇسۇلچى گۈلسۇمئاي بىلەن ئويناپ چىققان لەپە-
رىگە ئاجايىپ قىزىقىپ، چاۋاكلار بىلەن كۈلۈشتى. «ھېسام
سەھنىدە» سەرلەۋھىسى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا «ئىلى گېزى-
تى» دە بېسىلغان ئاشۇ فوتو سۈرەت سەلىمجاننىڭ ئالبومىدا ھا-
زىرغىچە ساقلانماقتا.
«ئىلى گېزىتى» دېيىدۇق، بىر مۇھىم ئىش يادىمىزغا
چۈشتى. سەلىمجان ئۆزى توپلىغان ھېسام چاقچاقلىرىدىن بىر
بۆلىكىنى رەتلەپ، ماۋزۇلاشتۇرۇپ شۇ چاغلاردا يېرىمى يېڭى
يېزىقچە، يېرىمى كونا يېزىقچە چىقىدىغان «ئىلى گېزىتى» گە
بەرگەنىدى. مۇھەررىرلەر بۇ يازمىلارغا ئىنتايىن قىزىقتى. لې-
كىن ئەينى چاغدىكى ۋەزىيەتتە تېخىچە ئارتۇقچە ئىشلاردىن ئەندى-
شە قىلىدىغانلار بار ئىدى. «ھېسام لەتىپىلىرىدىن» دەپ تەييار-
لانغان بۇ چاقچاقلارنى گېزىتكە بېسىش ـ باسماسلىق تالاش ـ
تارتىشى بىرەر ـ ئىككى ئايغىچە داۋاملاشتى. ئاخىر بۇ ئىشقا
ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى مۇناسىۋەتلىك
خادىملار ئارىلاشتى. گېزىتخانا سەلىمجانغا «لەتىپىلەرنى گېزىت-
كە ئۇلاپ بېرىمىز، داۋاملىق رەتلەپ بېرىڭ» دەپ ئۇقتۇرۇش
قىلدى.
1980 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى دەل «ئالداش
بايرىمى» كۈنى ھېسام ئۇچۇنمۇ، سەلىم جامال ئۇچۇنمۇ ئۇنتۇل-
غۇسىز، ئەھمىيەتلىك بىر كۈن بولدى. «ئىلى گېزىتى» نىڭ
شۇ كۈنكى «ئىلى دەرياسى» ئەدەبىي بېتىگە تۇنجى قېتىم «ھېسام
لەتىپىلىرىدىن» سەرلەۋھىسىدە تۆت چاقچاق بېسىلىپ، جامائەت-
چىلىكنىڭ زور غۇلغۇلىسىنى قوزغىدى. كىشىلەر بىر ـ بىرىگە
چاقماق تېزلىكىدە بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈشتى. «ئىلى گېزى-

تى»نىڭ شۇ كۈنلۈك سانى تالاشتا قالدى.

ھېسام چاقچاقلىرى تۇنجى رەت ئېلان قىلىنغان شۇ سان گېزىتكە مۇنداق بىر «تەھرىر ئىلاۋىسى»مۇ بېرىلگەندى:

△ يولداش ھېسام ئامما ئېتىراپ قىلغان، ياقتۇرىدىغان قىزىقچى ۋە لەتىپىچىلەرنىڭ بىرى.

ئۇ 1930 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئازادلىقتىن كېيىن بىر قانچە يىل كەسپىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئىشلىگەن. 1960 ـ يىلدىن بۇيان ئىزچىل ھالدا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىپ كەلمەكتە. ئۇ كىچىكىدىنلا گەپدان، چاقچاقچى ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ ئۆتكۈر ھەجۋىي ۋە يۇمۇر خاراكتېرىنى ئالغان كۈلكىلىك سۆزلىرى خەلق ئارىسىدا خۇددى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش، قىزغىن قارشى ئېلىندى ۋە كەڭ تارقالدى. بۇ جەمئىيەتتىكى سەلبىي خاھىشلارنى پاش قىلىش، ئىجابىي ئىشلارنى مەدھىيىلەشتە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مۇشتىرىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىنى گېزىتكە بېرىپ تۇرماقچىمىز. توپلاپ رەتلىگۈچىلەرنىڭ ئەۋەتىپ بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

تەھرىر ئىلاۋىسىدىن كېيىن بېرىلگەن چاقچاقلاردىن ئىككىسىنى تۆۋەندە ئەينەن كۆچۈرۈپ، ئەستىلىك قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

△ تەرەپبازلىق ئەۋج ئالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇغدايغا سۇ تۇتۇپ كەچ قايتقان ھېسامنى كالتەك ـ چوماقلىق بىر نەچچەيلەن توسۇۋالدى.

— نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

— ئېتىزدىن، — دېدى ھېسام.

— جاۋاب بەر، سەن خۇڭزاۋ خۇيمۇ، چۇۋېيخۇيمۇ[1]؟

---

① مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئىسيانچىلار ئىككى كۆز قاراش، ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن. يۇقىرىقىلار شۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ ئىسمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېسام ھودۇقماي كەتمەننى كۆرسىتىپ:

— مەن كەتمەنخۇي، — دېدى.

△ ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە دۇيجاڭ ئالماشقانسېرى ھېسامنىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ ئالمىشىۋەردى. بەك ھەرەج تارتقان ھېسام بىر قېتىم بىنەمگە چىقىشتا كەيپى ئۇچقان ھالدا دۇيجاڭغا:

— پۇتۇم ئاغرىق ئادەممەن، زادى چىقىپ چۈشمەيدىغان يەر يوقمۇ، شۇ يەرگە چىقىپلا كەتسەم، — دېدى.

ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ مەتبەئە يۈزىدە كۆرۈنۈشى بىر خاسىيەتلىك ئىشنىڭ باشلانمىسى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھېسامنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى چاقچاقلىرى ئۇزۇلمەي «ئىلى گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە بېسىلىپ تۇردى. كېيىنچە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللارغا كېڭەيدى. رادىئو، ئۈنئالغۇ لېنتىسى، تېلېۋىزور، VCD پلاستىنكىلىرىدا نامايان بولدى. باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىندى، چەت ئەللەردە نەشر يۈزى كۆردى، داڭق قازاندى. لېكىن ئۇنتۇلمايدىغان بىر سان گېزىت بار. سەلىمجامالنىڭ ئىشكاپىدا سارغايغان، قىرچىلغان ھالەتتە ساقلىنىۋاتقان ئۇ گېزىت دەل «ئىلى گېزىتى»نىڭ 1980 ـ يىللىق 1 ـ ئاپرېل سانى!

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مۇئەللىپ قەلەمنى قويۇپ، ئۇزاق خىياللارغا چۆمدى…

# 46. تاشكۆۋرۈكتىكى بەزمىدە

غۇلجا شەھىرىنىڭ تاشكۆۋرۈك شىپاخىدا ھېسام قاتناشقان، قىزىتقان يۈزلەپ بەزمىلەرنىڭ بىرى ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى.

بۇ — ئىلى دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان، كەڭ كەتكەن ئالمىزار باغ. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەل كونىراپ قالغان نەقىشلىك راۋاق، ئارامبەخش سۇپا، سالقىن، ساپ ھاۋا بۇ يەرنى غۇلجىلىقلارنىڭ ئەڭ ئېجىل سەيلىگاھلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرغانىدى.

— گېپىڭىز تۇغرا، ئەمما ھېسامكام سورۇندا بولسا تېخىمۇ شۇنداق، — دېدى شىپاخغا قارايدىغان ياش باغۋەن. ئۇ ئۆزىمۇ چاقچاقچى، سازەندە يىگىت بولۇپ، تاشكۆۋرۈك يېزىسىدىكى ياشلار مەشرىپىنىڭ داربەگى[1] ئىدى.

— ئەمىسە مۇشۇ تاپتا ھېسام مەشرەپ سورۇنىدا بارمۇ؟ — دەپ سورىدى يېڭى كەلگەن مېھمانلاردىن بىرى.

— بولمىغاندا، — دېدى داربەگ زوقى بىلەن، — ھېسامكام بولمىغان سورۇندا كۈلكە مۇنداق ئوخشىمايدۇ جۇمۇڭ. ئاڭلاڭا!

مېھمانلار دىققەتتە قۇلاق سالدى. راست دېگەندەك قويۇق ئالما تېرەكلىرى بىلەن چۆمكەلگەن شىپاڭ ياقتىن مىنۇتىغا بىر قېتىم دېگۈدەك، دۈرۈلدىگەن كۈلكە ياڭراپ، ئۈزۈلۈپ، ياڭراپ، ئۈزۈلۈپ… داۋام قىلاتتى.

— ھېسامكام نېمە دەۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئاپارات كۆتۈرۈۋالغان بۇدۇر چاچ بىر مېھمان. ئۇ مۇخبىر ئىدى، —ئەجەب بۇ كۈلكە ھەم تېز، ھەم قىسقا رىتىمدا تەكرارلىنىۋاتىدۇيا؟

---

[1] داربەگ ــ سازچىلار يېتەكچىسى.

www.uyghurkitap.com

باغۋەن يىگىت خاتىرجەم جاۋاب بەردى.

— ئولتۇرۇش يېڭىلا باشلانغان، ساھىبخانا مېھمانلارنى سىدلەر كېلىشتىن سەللا ئاۋۋال ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ بولغان. مانا ئەمدى ھېسامكام شىپاڭدىكى قىرىققا يېقىن مېھماننى بىربىردىن ئوخشىتىپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئادىتى، ھوي راستلا، ئۇنتۇغىنىمنى قارا، قېنى مېھمانلار، شىپاڭغا مەرھەمەت!

مۇبادا بۇ گەپ سەل ئىلگىرى دېيىلگەن بولسا، يىراقتىن كەلگەن بۇ تۆت مېھمان جان دەپ شىپاڭغا، سورۇنغا كىرىپ بولغان بولاتتى. بىراق، ھازىر ئۇلار بىر نەرسىدىن تەڭلا ئەنسىرىشىپ، تەكلىپتىن باش تارتىشتى. گەرچە ھېسامنى شۇنچىلىك كۆرگۈسى، چاقچاقلىرىنى نەقەدەر ئاڭلىغۇسى بولسىمۇ.

چېچەن باغۋەن يىگىت، يەنى داربەگ ياقا يۇرتلۇق مېھمانلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال چۈشەندى.

— كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — ھېسامكام ئەزەلدىن باشقىلارنى قوپال ئوخشاتمايدۇ، سىلەردەك مېھمانلارغا بولسا كۆپ چاقچاقمۇ قىلمايدۇ.

— راستمۇ، — دېدى مۇخبىر ئىشەنمەي.

— راست، بولدى، مەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ قوياي، سىلەرگە چاقچاق قىلمىسۇن. قېنى جۈرۈڭلار، غۇلجىغا كېلىپ تاشكۆۋرۈك شىپاڭىدا ئولتۇرماي، ھېسامكامنىڭ چاقچىقىنى ئاڭلىماي كەتسەڭلار، كېيىن پۇشايمان قىلىسىلەر.

مېھمانلارنى قىزىقىش يەڭدى. داربەگ ئۇلارنى سورۇنغا باشلىدى ـ دە، دېگەندەك ئايلىنىپ بېرىپ ھېسامنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىدى.

ھېسام كۈلۈپ كەتتى.

— ھوي مېھمانلار، سىيىت نوچىنىڭ يۇرتىدىن كېلىپ، مەندىن قورقۇۋاتامسىلەر. ئازادە ئولتۇرۇڭلار!

سورۇندىكىلەردىن بىرى، ئوزايىدىن چاقچاقچىلىقى چىقىپ تۇرغان ئوتتۇز ياشلاردىكى مانچېستېر دوپپىلىق قارىلاق يىگىت ئورنىدا لىك قىلىپ قوزغىلىپ قويۇپ، ھېسامغا چاقچاق قىلدى:

— ھېسامكا، سەن يامان چىرايلىق ئەمەسمۇ، مېھمانلار ئەيمىنىۋاتىدۇ!

ھېسام شۇ ھامان جايىدا تىكلەندى، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرىدى، بەئەينى ھۆرپەيگەن خورازغا ئوخشىدى.

— ھەي ئابلەكى، يەر تېپىلماي ئەمدى شىپاڭدا ھاڭراي دەۋاتامسەن. ھاڭرىساڭمۇ ھاڭرا، ئەمما داستىخان ئۈستىدە قۇيرۇقىڭنى كۆتۈرۈپ يۈرمە جۇمۇ!

كۈلكە ئەۋجىلىرى ئارىسىدا ئابلەكى دېگەن چاقچاقچى پال كۆزلىرىنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ، كۈلگىنىچە ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىقتى. كېيىن ھېسامغا قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— ھەي ھېسامكا، سېنى چاقچاقتا ئۇستا دەپ قويسا، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۇشۇرگىنىڭ راستمۇ؟

سورۇن ئەھلى بىر كۈلۈپ توختىدى ـ دە، «ھېسامكام نېمە دەيدىكىن؟» دېيىشكەندەك جىم بولۇشتى.

— ھە، ئەسلىي ساتىراشكەنسەندە؟ ھىم…، — ھېسام ئاغزىنى ھېلىقىدەك قورۇپ كۈلدى، كېيىن رەسمىي قايتۇرما چاقچىقىنى باشلىدى:

— ھەي ئابلەكى، چاقچاقتا يېڭىلىپ قالساڭ مۇشت ئاتقىنىڭ راستمۇ؟

— ھېسامكا، ئىككى سەر ئىچىپ، تۆت سەر مەست بولغىنىڭ راستمۇ؟ — ئابلەكى جايىدا تىزلىنىپ، تىكلىنىپ ئولتۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى.

— ئاران شۇما؟ — دېدى ھېسام، — ھاراقنى بىكارغا ئىچىپ، چاپىنىڭنى يېپىنچاقلاپ ماڭغىنىڭ راستمۇ؟

— چاغلىقكەنسەن ھېسامكا، لاباكۇ كىيىۋېلىپ، نەشكەشكە ئولپەت بولغىنىڭ راستمۇ؟

— ئۆزۈڭ چاغلىقكەنسەناۋاي ئابلەكى، بىزنىڭ مالغۇ بۇ؟ نوچى بولساڭ يانچۇقۇڭدىن چىقىرىپ باقە!

— بىز چىقارساق يامان چىقىرىۋېتىمىز جۇمۇ، ھېسامكا!

— ئۇنىغۇ بىلىمەن، داڭلىق ھاياسىز نېمە ئەمەسمۇ سەن.

مەنىلىك چاقچاقتىن سورۇندىكىلەر كۈلۈپ ئېغىناپ كېتتى. يېڭى كەلگەن ھېلىقى مېھمانلارمۇ تولىراق ھېسامنىڭ چىرايى، سۆز قىياپىتىگە قىزىقسىنىپ كۈلۈشمەكتە، بۇدۇر چاچ مۇخبىر يىگىت ئاپپاراتىنى ئىشقا سېلىپ، ھېسامنىڭ ئوبرازلىرىدىن خا- تىرە قالدۇرماقتا ئىدى.

ھېسامنىڭ چاقچاقچىلىقتىكى بىر ئادىتى، تۇتۇۋالغان ئادىمى ۋە تېمىسىنى ئاسانلىقچە بوش قويۇۋەتمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ بىر خۇشكەتتى، بىر نۆۋەتنى ئىچىۋېتىپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن رومكىنى ساقىيغا قايتۇردى ـ دە، يېنىدا ئولتۇرغان بىرىنىڭ چېكىسىۋاتقان تاماكىسىنى ئېلىپ ئىككى شورىدى ۋە يەنە ئابلەكىگە يۈزلەندى.

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ھەي ئابلەكى، ئوقۇرغا تۇمشۇقىڭنى تىرەپ قاپسەن دەيمىنا!

— ھە، گەپ قىلە ھېسامكا!

— گەپ قىلمىمىز، ۋاھ، ساڭا گەپ قىلمىمىز دەپ كەلدۇققۇ بۇ شىپاڭغا. ھە، راستلا، ئۆتكەندە ئومارتىغا① چىققاندا ھەرە تۇتىمەن دەپ بېشىڭغا ھەسەل سۈركىگىنىڭ راستمۇ؟

كۈلكىلەر يەنە باشلاندى.

— گەپ قىلە ھېسامكا، ئابلەكىنى كۈلدۈرىمەن دەپ غىدىق- لىغىنىڭ راستمۇ؟

— راست دەيسەن، مەست ۋاقتىڭدا ھەرقانداق ساقچاڭدىن قورقمايمەن دەپ ۋارقىراپ، ساقچى كەلسە ئاپام قارا چايغا ئەۋەت- كەنتى دېگىنىڭ راستمۇ؟

— ماۋۇ يېڭى ئىكەن ـ ھە؟ — ئابلەكى يېنىدىكىلەرگە بوش ئاۋازدا شۇنداق دېيىشتى، بۇنى ھېسام ئاڭلاپ قالدى.

— يېڭى بولماي، نى يېڭىلىرى بار ھەي ئابلەكى، ئاڭلاپ تۇر ھە، بىردىن ساناپ ئۆتكۈزۈۋالامسەن ـ يە؟ ماتروس بولىمەن

---

① ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان ئۆي.

دەپ شەپكەڭنىڭ ئىدراسكىسىنى[①] يۇلۇۋەتكىنىڭ راستمۇ؟ گەپ قىلە دەيمەن، ھۆپۇپنى يۇڭدىماي يەپ، كۆمۈرنى يۇيۇپ قالغىنىڭ راستمۇ؟ ھاڭگىرىمايسەنغۇ، ھەرقانداق نوچىنى سىيرىيمەن دەپ سىم تاناب تۇۋرۇكىگە مۇشت ئاتقىنىڭ راستمۇ؟ ئولتۇرىسەنغۇ قاسقاندىن ئالمىغان دوبازىدەك! كېچىچە تانىسىغا پىرقىراپ، ئەتىسى ۋاي يۈرىكىم دەپ خىزمەتكە بارمىغىنىڭ راستمۇ؟ تىنىقتىن قالدىڭمۇ نېمە! بۇرۇلكامنىڭ قېرى بۇزۇلمىسۇن دەپ ، ئۆرە تۇرۇپ لەغمەن يېگىنىڭ راستمۇ؟

— بولارمىكىن ھېسامكا، — دېدى ئاخىر ئابلەكى بىر ئۆرددىنىپ، — ماۋۇ يېڭى كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈڭنى قىلىپ جىم تۇرسام، تۇل خوتۇندەك كوتۇلداپلا كەتتىڭغا ھەي ئاغىنىلەر، گەپ قىلىڭلار، نېمانچە تولا كوتۇلدايدۇ ماۋۇ ئەخمەق، ئاغزىڭ قېنى دېسە، گەجگىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەخمەق، چاقماق چېقىلسا ئاسمانغا ئوت كەتتى دەيدىغان ئەخمەق. بولدىمۇ ھېسامكا، يەنە دەيمۇ؟

ئابلەكى باياتىن جىم بولۇۋېلىپ، ئىچىدە تەييارلىق قىلىۋالغان چېغىۋا، «راستمۇ؟»نى «ئەخمەق»قا ئۆزگەرتىپ، بىر نەچچىنى كەينى - كەينىدىن كەلتۈردى. سورۇن بۆلەكتىن جانلىنىپ، كۈلكىلەر يەنە ياڭرىدى. ھېسام خاتىرجەم ئولتۇرۇپ موخوركىسىنى چەكمەكتىدى. ئابلەكىنىڭ سوئالىدىن كېيىنمۇ ئۇ خېلىغىچە ئۈندىمىدى.

— ئەمدى ھېسامكام دېسۇن، ھېسامكام! — بىرسى توۋلىدى.

— ھە، شۇنداق، ھېسامكام!

— گەپ قىلە ھېسامكا!

ھېسام ئورنىدا بىر قىمدالدى.

— ئوقۇۋڭ تۈگىدىما ئابلەكى؟ ئەمدى مەيدەڭنى تۇت، ئېشەك ھاڭگىرسا دادام ئۆلۈپتۇ دەيدىغان ئەخمەق.

---

① چىكىلىكىنى.

www.uyghurkitap.com

ھە دېگەندىلا قىيقاس كۆتۈرۈلدى. بىرىنچى «ئەخمەق»لا ئابلەكىگە ئالامەت ئۇدۇل كەلگەنىدى.

— ھە، گەپ قىلە، ساھىبخانىدىن ئازراق پۇل ئېلىپ قالسا، يېرىم كېچىدە خۇيى تۇتىدىغان ئەخمەق، — دېدى ئابلەكى ۋارقىراپ.

— ئوغۇل بالىكەنسەنغۇ، ئۆزۈڭمۇ چاغلىق، ساھىبخانا پۇلىنى ئازراق بېرىپ قالسا، يېرىم كېچىدە ئالدىنى توسۇيدىغان ئەخمەق؛ قارايسەنغۇ، ساتىراشخانىغا كىرىپ، بىر قاچا پولو دېگەن ئەخمەق؛ تىكرەك ئولتۇر، ئوبۇرنىغا سالام قىلىپ كىرىدىغان ئەخمەق؛ ماگىزىنغا كىرىپ پاختىلىق كۇسار بارمۇ دېگەن ئەخمەق؛ تولا ئالىيمۇەرمە ھەي، خەقلەر ناسوس سورىسا، يېلى تۇگەپ كېتىدۇ، دېگەن ئەخمەق؛ يەنە گېپىڭ بارمۇ ھەي، تۇگمەنگە زىغىر ئاپارغان ئەخمەق!

— سەنلا گەپ قىلامسەن ھەي ھېسامكا، بىزمۇ تىزىپ قويدۇق.

— ئاچىقە يەسلى بالىلىرىڭنى!

ئابلەكى ھە دېمەيلا قوقاسقا دەسسىۋالغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ نائىلاج كۇلۇپ تۇرۇپ ھېسامغا قايتۇرما ھۇجۇم باشلىدى.

— سەنمۇ گەپ قىلە، تېرە پۇلكەن دېسە كونا جۇۋىسىنى سۆكىدىغان ئەخمەق!

— گەپ قىلە! — دېدى ھېسام.

— قىلساق قىلدۇق، باشقىلار چاقچىقىنى توپلاپ ئەۋەتسە پۇلىنى مەن ئالىمەن دەيدىغان ئەخمەق!

— ھە سەلىمجان ئۇكا، ئاڭلاڭ ماۋۇ زوغۇيلىقنى! قەلەم ھەقنى نېمە بىلىسەناۋاي، دۇمبىسىدىن تۇڭلۇك ئاچسا، ئاشقازىنىغا يورۇق چۈشمەيدىغان ئەخمەق!

— مەن يەنە بىرنى دەيمەن! — ئابلەكى ئورنىدىن تۇردى، — ئۆگزىگە ئىككى ھارۋا شاخ بېسىۋېلىپ، كارخانىچى بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق!

— ماۋۇ كىچىككىنە يىگىتكەن، يەنە گەپ بارمۇ، چاقچاقتا

يېڭىلىپ قالسا، ئۆيگە بېرىپ خوتۇنىنى ئۇرىدىغان ئەخمەق؟
ئابلەكى «ھاۋا···ۋا!» دەپ ئالىقىنىنى ئاغزىغا ئاپاردى.
— ئۆيدىكىلەرنى چىشلەپ تارتمايمىز ھېسامكا، چىدىماسلىق قىلما!
— ئەمىسە كەلتۈرە قېنى! — ھېسام جاۋاب قايتۇردى.
— سەن دېگەن بىزنىڭ ئۇستازىمىز دېگىنە ھېسامكا، سەن-دىن كۆپرەك تەلىم ئېپقالايلى. قېنى نوچى بولساڭ، ئاشۇ «ئەخ-مەق»تىن توختىماي يەتتىنى كەلتۈرە!
— كەلتۈرەمدىم؟ — دېدى ھېسام ۋە يەكتىمىزگە ئۆزگەردى،
— ئاڭلا جۇمۇ ئابلەكى! — ھېسام بىر يولى تىن ئالماي تۇرۇپ كەلتۈرگىلى تۇردى:
چېچىنى گەدىنىگە ئۆستۈرۈۋېلىپ، ئالىم بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق!
يىڭناغۇچقا مىنىۋېلىپ، ئايغا چىقىمەن دەيدىغان ئەخمەق!
ئىككى پېتىكىنى مۇرىسىگە قويۇۋېلىپ، گېنېرال بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق!
بالىلارنىڭ سالپاڭ قۇلاقچىسىنى كىيىۋېلىپ، ليۇتچىك بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق!
— مەست ۋاقتىدا خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ساقايغاندا يارىشى-ۋالىدىغان ئەخمەق! ھوي، ھاۋا··· ۋا!
ساق ۋاقتىدا بىر سوم خەجلىگىلى ئۇنىماي، مەست بولسا ئون سوم خەجلىۋېتىدىغان ئەخمەق!
ئالىدىغان قىزى ياراتمىسا، دادىسىغا قېيىدايدىغان ئەخمەق!
كۆلكە پايدىلىق دېسە، ئاغرىق ياتقان چوڭ دادىسىنى غىدىق-لايدىغان ئەخمەق!
ئالدىغا بىر چېلەك سۇنى قويۇپ ئىسقىرتىپ بەرسە، قورسى-قى يېرىلغۇدەك ئىچىدىغان ئەخمەق!
··· ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان رەڭگارەڭ ئوخشىتىشلار ھېسامنىڭ ئاغزىدىن پىلىموت ئوقىدەك ئۈزۈلمەي چىقتى. سو-رۇندا كۈلكە ئۈزۈلمىدى. ئاخىرقى «ئەخمەق» كۈلكىلەرنى ئەۋ-

جىگە چىقاردى. سەۋەبى ئۇ ئابلەكىگە دەل تەگكەن ئوق ئىدى.
ئابلەكى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئايلىنىپ كېلىپ، ھې-
سامغا قولىنى ئۇزاتتى.
— رەھمەت ئاكا، رەھمەت!
— تېخى تالاي رەھمەت دەيسەن بىزگە! — ھېسام قولىدىكى
ھاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ ئابلەكىگە ئۇزاتتى.
— ساڭىمۇ رەھمەت ئۇكا!
مۇخبىر يىگىت قاتارلىق مېھمانلار شۇ تاپتا ئۆز قايىلىلىقلە-
رىنى بىر - بىرى بىلەن ئورتاقلاشماقتا ئىدى.
باغۋەن يىگىت، يەنى داربەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېسامغا
قارىدى.
— ھېسامكا، چاقچىقىمىز ئاجايىپ قىزىدى، ئەمدى بىرەر
قەپەس ناخشا، ساز بولسا قانداق دەيسىز!
— تازا ياخشى گەپ، ئاڭلايلى، — دېدى ھېسام رازىمەنلىك
بىلەن.
تاشكۆۋرۈك شىپاڭىدا ئارامبەخش ئىلى ناخشىلىرى ياڭرى-
دى.

# 47 . ھېسام ھەققىدە قوشاقلار

1980 ـ يىلى قىشتا ش ئۇ ئا ر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
جەمئىيىتى كۇيتۇندە شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە خەلق ئې-
غىز ئەدەبىياتى يىغىنى ئۆتكۈزدى. بۇ يىغىنغا غۇلجىدىن نىزامە-
دىن ھاپىز، ھېسام قۇربان، تۇرسۇن زىيردىن، غوجا ئەخمەت
يۇنۇس، سەلىم جامال، مۇتەللىپ پالتاجى قاتارلىق كىشىلەر
قاتناشتى. بۇ يىغىندىن قىزىق ئەسلىمىلەر ۋە بىر نەچچە قوشاقلار
يالداما بولۇپ قېپقالدى. تۆۋەندە سۆزلەيدىغانلىرىمىز ئەنە شۇ
قوشاقلار ۋە ئۇلارنىڭ بايانى.

كۆزگە كۆرۈنگەن قەلەم ساھىبى غوجا ئەخمەت يۇنۇس مۇنۇ-
لارنى ئەسلەيدۇ:

— ھاۋا سوغۇق بولغاچقا، غۇلجىدا، يولغا چىقىشتىن بۇ-
رۇن ئىسسىقراق كىيىنىش تەلەپ قىلىنىدى. مەن ھېسامنىڭ
يازلىق شىبلىت كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىر پار پىيما
تېپىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدىم ۋە يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن
ئاپىرىپ بەردىم. يولغا چىققان كۈنى ھېسام قۇربان كېچىكىپ
قالدى. شوپۇر مېڭىشقا بىر نەچچە قېتىم تەرەددۇت قىلىۋېدى،
بىز ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، توختىتىپ قالدۇق. ئاخىرى بول-
ماي، ئاپتوبۇس ماڭدى. ئاپتوبۇس قوزغىلىشىغا ھېسام بېكەت
ئىچىدە پەيدا بولدى. بىز تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىرىساقمۇ ئۇ
ئاڭلىمىدى، شوپۇرمۇ يەنە ساقلىغىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن
ھېسام قۇربان ئاپتوبۇستىن قېپقالدى.

يولدا بارغۇچە بىز ھەدەپ ھېسامنىڭ بېكەتكە كېلىپ تۇرۇپ
قېپقالغىنى ئېچىنىپ، مۇلاھىزىلەر قىلىشتۇق. جىددىي پاراڭلار
بىلىنمەي چاقچاققا ئۆزگەردى. ئۇ بىر مىسرا، بۇ بىر مىسرا
قىلىپ، ھېسامغا بېغىشلاپ قوشاقمۇ توقۇلدى:

www.uyghurkitap.com

بىز غۇلجىدىن چىققاندا،
ھېسامىدىن قېپقالغان.
قولتۇقىدا پىيمىسى،
قارا كۆزىگە ياش ئالغان.
ماشىنىغا چۈشەلمەي،
ئىككى قولىغا تاش ئالغان.

كېيىن ئۇقساق ھېسام ئەتىسى يولغا چىقىپتۇ. كۈيتۈنگە كەلگەندە قارىساق، پۇتىدا يەنىلا ھېلىقى يازلىق شىبلىت.

ھېسامكامدا قېپقالدى.
غوجا ئەخمەتنىڭ پىيمىسى.
ئاپتوبۇسقا ئۈلگۈرۈپ،
قېپقالغىنى نېمىسى؟
بەرگەن پىيمىنى كىيمەي،
سېتىۋەتتىمۇ ھېسام؟
ئىگىسىنى كۆرگەندە،
تىكىۋەتتىمۇ ھېسام.

سەنجۇسەن زىمىستاندا،
كۈيتۈندە يىغىن بولدى.
پىيمىنى بېرىپ قويۇپ،
ئالماقلىق قىيىن بولدى.

ئەلقىسسە، ھېسام كۈيتۈنگە يېتىپ كېلىشى بىلەن، يىغىن ئەھلى جانلىنىپ كەتتى. چاقچاق، قىزىق پاراڭلار باشلاندى. تولىمۇ پاكار بويلۇق، يېشى توختىغان بىر كۈتكۈچى ئايال ھېسامغا تولىمۇ قىزىقىپ قالغاندى. ئەمدى چاقچاقلارمۇ شۇ تېمەنى چۆرىدەپ بولاتتى. ھەممىدىن بەكرەك چاقچاقنى ھېسام ئۆزى قىزىتاتتى.

كۈيتۈننىڭ گۈلى دەيدۇ،
پاكار قىزغا يەتمەيدۇ.

بال، خاسىڭ بېرىپ قويسا،
ئاشخانىدىن كەتمەيدۇ.

كۈيتۈننىڭ گۈلىمەن دەيدۇ،
ئېشەك مەدىكى بويلۇق.
قولىدا قىرىق ئاچقۇچ،
ئىشىك ئېچىشى مۇڭلۇق.

كۈيتۈننىڭ گۈلىمەن دەيدۇ،
ئېيتقان ناخشىسى سەرخىل.
ئىشىكنى ئېچىڭ دېسەم،
قىلغان خۇلقىسى ھەرخىل.

ھېسام غۇلجىدىن كەلگۈچە يالغۇزچىلىقتا ۋە پىيمىنى كىيە-
مىگەچكە تولىمۇ جاپا تارتقانىدى. ئۇ بۇ ھېكايىنى نەچچە قېتىم
قايتىلاپ، تەگەپ، ئاجايىپ قىزىق گەپلەر بىلەن سۈرەتلەپ ئېيە-
تىپ بەردى. غۇلجىلىقلار بۇنىمۇ قوشاقتا ئالدى:

كۈيتۈنگە كېلەشمىدە،
كەڭسايدا يېدىم لەڭمەن.
يالغۇزلۇق يامان ئىكەن،
گالدىن ئۆتمىدى مەنتەڭ.

كۈيتۈننىڭ بازارىدا،
سوكنا مالنى ساتمايدۇ.
بىزگە كەلگەن دەردلەرنى،
كۈيتۈنلىكلەر تارتمايدۇ.

بۇ يولدا تولا مېڭىپ،
ئاچلىقتىن ئۆلگۈدەك بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توختاتامسەن كوڭكاڭنى،
ئېڭەككە قويغۇدەك بولدۇم.

كۆيتۆندىكى يىغىن مەزگىلىدە، ئاخشاملىرى مېھماندارچىلىقلار ئۈزۈلمىدى. بۇ شەھەردە ئۇيغۇرلار ئاز بولسىمۇ، ئەمما ھېسامنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ نۇرغۇن كىشى مېھمانخانىغا كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى.

ھېسامكامنىڭ بانىسىدا،
زىياپەت تولا بولدى.
ئاخشىمى ئىشىك قاقماق،
باشقا بىر بالا بولدى.

ئېيتماقچى، مېھمانخانىنىڭ تۈزۈمى بويىچە ئاخشىمى شىنجاڭ ۋاقتى سائەت ئوندا دەرۋازا تاقىلاتتى. كۆزەتچى بوۋاي يېرىم كېچىدە قايتقان مېھمانلارغا غودۇڭشىپ تۇرۇپ ئىككى قېتىم ئىشىك ئېچىپ بەردى. ئۈچىنچى قېتىمدا بۇرادەرلەر تۆمۈر دەرۋازىنى ھەرقانچە شاراقشىتسىمۇ، بىنادىن سادا چىقمىدى. قىزىپ قالغان ھېسام شەيتانلىق قىلىپ:

— توختاڭلار، ئۆزۈم ئاچقۇزىمەن، — دېدى - دە، ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاشقا باشلىدى:

— ھاي، ئىشىكنى ئاچ، ئاكاڭ كەلدى!

كۆزەتچى ئاللىبۇرۇن ئويغىنىپ، جىلى بولۇپ تۇرغان بولسا كېرەك، ھېسام توۋلىشى بىلەن تەڭلا ئېتىلىپ چىقىپ كەلدى.

— نېمە ۋارقىرايسەن؟ كىم ئۇ؟

ھېسامنىڭ كەيپى دەرھال يېشىلدى. كەينىگە بىر شوخشۇپ، كۈلگىنىچە:

— يا ئەمدى دەيمىنا، ۋارقىرىماڭلار دېسەم ئۇنىمايدۇ ماۋۇلار!

چىراغ يورۇقىدا ھېسامنىڭ كومېدىيىلىك ھەرىكىتىنى

كۆرگەن كۆزەتچى كۈلۈۋەتتى.

يېرىم كېچىدە، ياتاقتا چاقچاق قىزىپ كەتتى.

— ھېسامكا، يەنە بىر دەپباققىنا بايىقى «يا، ئەمدى دەيمىنا!» نى؟

ھېسام شەپشەكلىك قىلىپ، ئۆزىنى ـ ئۆزى دورىدى:

— يا، ئەمدى دەيمىنا!

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، نېرىقى ياتاقتىن چىقىپ كەلگەن نىزامىدىن ھاپىز (ئۇ كىشى مېھماندارچىلىقلارغا بارمايتتى، كۆزى ئاجىز ئىدى) تەمتىلەپ كىرگىنىچە:

— ئۇخلاشساڭلارا ھوي زەگىنلەر! — دەپ كايىدى.

ھېسامكامنىمۇ كۆردۇق،
«يا ئەمدى!» سى مۇلايىم.
نىزامكامنى رەنجىتتۇق،
قارغىۋەتمەس، ئىلاھىم!

تۆۋەندىكىسى شۇ مېھماندارچىلىقلارنىڭ بىرىدىن قالغان ئەستىلىك. بۇنى ھېسامنىڭ چاقچىقىغا ئاساسەن سەلىمجان توقۇغانىدى:

شەمۇ ـ شەلەردىن يىراق،
كۈيتۇن دېگەننىڭ شەلىرى.
خوتۇنىدىن قورقۇشۇپ،
ھاراق ئىچەلمەس ئەرلىرى.

شۇ سەپەردە يەنە مۇنداق قوشاقلارمۇ توقۇلغان. تەبىئىيكى، بۇ قوشاقلارنىڭ توقۇلۇشىغا ھېسام ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغانىدى:

كۆردۇڭمۇ خالايىقلار،
سىمدا پۇل ئۇچارغاننى.

www.uyghurkitap.com

خەقنىڭ يېنىدا تىللاپ،
دالدىدا قىچقارغاننى.

كونسېرۋا دېگەن بىلەن،
بار ئىكەن كۆڭۈلگە تەگمەك.
قارىغايدىن قىيىن ئىكەن،
يارنىڭ بويىنى ئەگمەك.

گۈللەر ئېچىلىپ قاپتۇ،
بېرىپ كۆرىلى باغنى.
شالۋۇرنىڭ ياراشىقى،
ئۇزۇن قىلغۇلۇق ئاغنى.

هۆججەتنى ئوقۇۋېتىپ،
ئىككى چىقتىم تالاغا.
قوشاقنى توقۇپ قويۇپ،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

چۆچەكنى تولا ئاڭلاپ،
ئۇيقۇمىز چالا بولدى.
ئەتىگەندە تۇرماقلىق،
باشقا بىر بالا بولدى.

مەشكە ئوت سېلىپ قويسام،
جۇۋىلىقلار تىللايدۇ.
زەي يەردە يېتىپ قالدىم،
خۇدا ئۆزى قوللايدۇ...

ھېسام يىغىنىغا كەلگەن مەزگىللەر ئايالى سائادەتخاننىڭ كى-
چىككىنە مەخمۇتنى ھېسامغا، يۇرتىغا كەتكەن چاغلىرى ئىدى.

بىز بۇ ھەقتە كۆپ زىغىرلاپ، تەپسىلىي توختالمايمىز. پەقەت ھېسامنىڭ ھاراق سورۇنىدا بۇ ئەھۋالنى بۇرادەرلەرگە چاقچاق تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ بەرگەنلىكىنىلا قەيت قىلىپ، ھەمسۆھبەتلەر جاۋابەن توقۇغان قوشاقنى قەغەز بېتىگە چۈشۈرىمىز.

سائادەتنى ئېلىپ قويۇپ،
يېتىپ قالدىم تالادا.
توي بېشى قېيۇم چاڭجاڭ،
قالدى ئەمدى بالاغا.

كۆچار دېسە بىلمەيدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن شەرلەر.
سائادەت دېسە ئۇقمايدۇ،
ئېلىپ كۆرمىگەن ئەرلەر.

شۇ كۈنلەردە غۇلجا شەھىرىنىڭ توغرا كۆۋرۈكتە[1] ئولتۇ-
رۇشلۇق بىر تۇل چوكاننى ھېسامغا سايە قىلغانلارمۇ بار ئىدى.
ھېسام بۇ سىرنىمۇ بۇرادەرلەردىن ئايىمىدى ۋە شۇئان بىر كۈپ-
لېت قوشاق ئىنئام ئالدى.

ئىلىخونىڭ يېرى كەڭ،
ھەر كوچىسى شەرگە تەڭ.
قېيناتام بوپقالارمۇ،
سۆپۈرگۈچى «تاڭگا يەڭ!»

ئەلقىسسە، يىغىن قوۋناقلىقتا ئاياغلىشىپ، بۇ قېتىم ھەم-
مەيلەن بىرگە قايتىدىغان بولۇشتى. بۇ ھەقتىكى پاراڭنى يەنە
غوجا ئەخمەت يۇنۇستىن ئاڭلاڭ:

— قايتقاندا، ئاپتوبۇس تەلكە داۋنىغا كەلگەندە، سەھەر

① ھازىرقى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئەتراپى.

www.uyghurkitap.com

سائەت ئۈچتىن ئاشقانىدى. ئەتىگەندە ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغاچقا، پۇتلىرىمىزغا چوسۇنكا، بەتىنكە كىيىۋالغان باشقىلىرىمىزمۇ مۈزلاپ كەتتۇق. پۇتىغا يازلىق شىبلىت كىيگەن ھېسام قۇرباننىڭ قاتتىق مۈزلاپ كەتكەنلىكىگە گەپ ئىشلىمەيتتى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرالماي، ئاپتوبۇس ئىچىدە ئۆرە تۇرۇپ، توختىماي تىپىچەكلەيتتى. بىر چاغدا ئۇ تۇرسۇن زىردىنغا قاراپ:

— تۇرسۇن، مەن بىر كۇپلېت قوشاق توقۇدۇم، — دېدى:

تەلكىنىڭ داۋانىدىن،
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
ھېسام مۈزلىغان بىلەن،
تۇرسۇن مۈزلىماي ئۆتتى①.

گەرچە مەزكۇر بابىمىزغا ئانچە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، ئەمما كۈيتۇن سەپىرىگە ئالاقىدار ئىش بولغاچقا، بىز بۇ يەردە غوجا ئەخمەت يۈنۈسنىڭ يەنە بىر ئەسلىمىسىگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن بەردۇق.

— كۈيتۇندە، بىزنىڭ ياتاقتا، غۇلجىدىن كەلگەن بەشىمىز (نىزامىدىن ئاكا ئۆزىنىڭ ياتىقىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى) ش ئۇ ئا ر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇشۈكۈر تۇردى بىلەن بىللە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇردۇق. ھېسام قۇربان لەتىپە ئېيتىشقا باشلىدى. ئابدۇشۈكۈر تۇردى، مۇتەللىپ پالتاجىلارمۇ لەتىپە ئېيتىپ، ئۇنىڭغا پاس چىقىرىپ، ياندىشىپ تۇردى. ھېسام قۇربان بىر چاغدا دائىم ئېيتىدىغان بىر قانچە يۇمۇرنى (قازاقچە، ئۇيغۇرچە ئارىلاشتۇرۇپ) ئېيتىشقا باشلىدى:

— بىر چارۋىچى بوۋاينىڭ بالىسى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ.

---

① ئىزاھات: مەرھۇم تۇرسۇن زىردىن پۇتىغا چوسۇنكا (ئۈستىگە كالاچ كىيگىلى بولىدىغان سىپتا پىيما) كىيىۋالغانىدى.

بالىسىنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىغا چىدىمىغان بوۋاي خۇداغا
نالە قىلىشقا باشلاپتۇ: «ئويباي، قۇداياۋ، ئوسى بالاغا بېرگىن
ئاۋۇرۇۋنى ماغان بېرسىڭ بولمايما...»
ھېسام شۇنداق دەپ تۇرۇۋشىغا مۇشۇ يىغىنىغا ئۇرۇۋمچىدىن
كەلگەن ئابدۇرەشىت بايبولات، قابدەن قاتارلىق قازاق يولداشلار
ياتاققا كىرىپ كەلدى. بىز ئۇلارنى تۆرگە باشلىدۇق. چاي قۇ-
يۇلغاندىن كېيىن، لەتىپە داۋام قىلدى. ئەسلىدە بۇ لەتىپىنى
قازاقچە ئېيتىۋەرسىمۇ بولاتتى، بىراق ھېسام قۇربان ئۇقۇشماس-
لىق بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، داۋامىنى دەرھال ئۇيغۇرچە
قىلىپ ئېيتىشقا باشلىدى:
— «ئېي خۇدا، مۇشۇ بالامغا بەرگەن ئاغرىقنى ماڭا بەرگەن
بولساڭ بولماسمىدى» دەپ نالە قىلىپتۇ ھېلىقى دېھقان بوۋاي.
شۇ ئەسنادا داستىكى ھەلەپنى يەپ بولغان كالا مۇڭگۈزىگە ئىلى-
نىپ قالغان داسنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە (ئەسلىدىكىسى كىگىز ئۆي
ئىدى) كىرىپ كەپتۇ. بۇنى بالىسىنىڭ جېنىنى ئالغىلى كەلگەن
ئەزرائىل ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان بوۋاي، جان تاتلىق كې-
لىپ، بايىقى گېپىدىن يېنىۋېلىپ «كىمنىڭ ساق، كىمنىڭ
ئاغرىق ئىكەنلىكىنى ئەزرائىل غوجام ئۆزى بىلىدۇ، جۇما» دەپتۇ
(ئەسلىي تېكىستتە مۇنداق دېيىلەتتى: «كىمنىڭ ئاۋرۇۋ، كىم-
نىڭ ساۋ ئىكەنىن ئەزرائىل ئاغام ئۆزى بىلەدى») .
ياتاقتا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بىز ھېسام قۇربانىنىڭ
ھازىر جاۋابلىقىنى ئىسپاتلايدىغان يەنە بىر ئەمەلىي مىسالغا ئې-
رىشتۇق.

# 48. ھېسام پۇل خەجلىدى

بەلكىم بۇ مۇشۇ قىسسىمىزدىكى ئەڭ قىسقا باب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق بىز بۇ ۋەقەنى ئايرىم بايان قىلىشنى ئىختىيار ئەتتۇق.

كىشىلەرنىڭ ھېسام قۇربانغا قىلىدىغان چاقچاقلىرىنىڭ ئىچىدە گەۋدىلىكرەك بىرى، ئۇنى پۇل خەجلىمەيدۇ دېگەندىن ئىبارەت. راست، كېيىنكى كۈنلەردە ھېسام چاقچاقچىلىقنىڭ خاسىيىتىنى كۆردى، قولى پۇل كۆردى. بىراق ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ موھتاجلىقتا ئۆسكەن، خالاڭ ـ خۇتۇڭ پۇل خەجلەپ ئادەتلەنمىگەن، كېيىنكى كۈنلەردە بولسا باشقىلار ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىن بەھرىلىنىش ئۈچۈن پۇل خەجلەشكەن، ھېسامغا پۇل خەجلەشنىڭ ھاجىتى بولمىغان. بىز بۇ جەھەتنى مۇشۇنچىلىكلا زىغىرلايمىز، ئارتۇقچە چوڭقۇرلاپ كېتىشنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى يوق.

لېكىن بىر نەرسە روشەنكى، بەزى كىشىلەر ھېسامنىڭ نەدە، قانداق قىلىپ، قانچىلىك پۇل خەجلىگەنلىكى ھەققىدە ئالايىتەن سۆزلىشىشكە ئامراق. ئۇلارچە ھېسامنى پۇل خەجلىتىش دېگەن بەجايىكى بىر مۆجىزە.

يەنە بەزىلەر ئۆزىنى ھېسامنى ئەڭ دەسلەپ پۇل خەجلەتكۈزگەن ئادەم قىلىپ سۈرەتلەشكە زوقمەن. بۇنىمۇ توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئاۋام خەلقنىڭ ھېسامغا بولغان دىققەت ـ ئېتىبارى، ھۆرمىتى، مۇھەببىتىدىن كەلگەن.

ئۆزىنىڭ پۇل خەجلىمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى چاقچاقلارغا ھېسام ئۆزى يۇمۇرلۇق سۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇۋالىدۇ. مانا بۇ ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى.

ئاڭلاپ باقايلى:

△ بىر يىگىت مەندىن سورىدى، — دېدى ھېسام، — ھېسامكا، سەن پۇلنى تاپىدىكەنسەن، خەجلىمەيدىكەنسەن. دەپ باقە، پۇلنى يىغىۋېرىپ نېمە قىلىسەن؟

مەن دېدىم:

— لۇغەت ياسايمەن.

— △ يەنە بىر قېتىم، — دەپ ھېكايە قىلدى ھېسام، — بىرەيلەن مەندىن سورىدى:

ھېسامكا، ئاڭلىسام قوينۇڭدىكى پۇللار كىگىز كىتابتەك بوپكېتىپتۇ، ئۇستىدىكىلىرىمۇ كىرلىشىپ كېتىپتۇدەك، راستىمۇ؟

— راست بولماي، — دېدىم مەن، — ھەي ئۇكا، مېنىڭ پۇللىرىمنى يۇيىدىغانغا مەخسۇس كىرخانا ئېچىۋالامسەن يا!

ھېسام ھەرقانداق چاقچاققا، سوئالغا گەپ بەرمەي، تاقابىل تۇرۇپ يۇرىۋەرسۇن، بىز كۈيتۇندىكى ھېلىقى يىغىنغا قايتايلى.

ئەنە شۇ يىغىن مەزگىلىدە، غۇلجىلىق بۇرادەرلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، ھېسامغا بىر قاتتىق چاقچاق قىلىشماقچى بولۇشتى.

بۇ پاراڭمۇ گەپتىن ـ گەپ چىقىپ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا، ئاشخانىدا بولۇپ قالدى. ھېسام تەكلىپ بىلەن قازاق يولداشلار ئولتۇرغان شىرەگە كەتكەن ئىدى.

— ئاغىنىلەر، مۇشۇ ھېسامكامنى زادىلا پۇل خەجلىمەيدۇ دەيدىغۇ — دەپ قالدى ئابدۇشۈكۈر تۇردى، — بولمىسا ھازىر يامان ئەمەستۇر ئەھۋالى؟

— يامان ئەمەس، — دېدى سەلىم جامال بۇ ھەقتىكى چاقچاقلارنى يادىغا ئېلىپ، — پۇلدىن لۇغەت ياساۋاتىدۇ!

كىمدۇر بىرى تەكلىپ بەردى:

— بولمىسا بىز مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرمايمىزمۇ؟

— تارىختا نامىمىز قالامدۇ؟ — دەپ كۈلدى غوجا ئەخمەت يۇنۇس.

مەسلىھەت شۇنداق پۈتتى، دەل ئەتىسى يەكشەنبە بولۇپ،

يىغىن بىر كۈن دەم ئېلىش قىلىنغانىدى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ياتاقتا يەنە بىردەم پاراڭ بولدى. بۇرادەرلەر ئالدىن كېلى-شىۋالغىنى بويىچە، ھېسامنى بازارغا ئېلىپ چىقىشى كېرەك ئىدى.

— بازاردا نېمە بار؟ — دېدى ھېسام، — چۈشلۈك تامىقىمىز بار، پىت بېقىشىپ (غەيۋەت قىلىشىپ، سۆزلىشىپ دېمەكچى) ياتاقتىلا ئولتۇرايلىلا!

— جۇرىڭا ھېسامكا، — دېدى سەلىم جامال، — كۈيتۇن دېگەن شەھەرنى كۆرمەي كېتىپ قالمايلى يەنە!

— راست گەپ، جۇرە ھېسام! — دېدى تۇرسۇن زېرىدىنمۇ.

— نى مەمە يۈزىڭىزنى كۆرگەن بىز، كۈيتۇنۇڭ نېمە؟ — ھېسام چاقچىقىنى داۋام ئەتكەچ قوزغالدى.

ئۇلار كۈيتۇننىڭ ھەممىسىلا بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغاندەك — كوچىلىرىدىن خېلى مېڭىپ، ئايلىنىپ دېگەندەك، بازارنىڭ مەركىزىدىكى تۆت قەۋەتلىك تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا كىرىشتى. يېمەك ـ ئىچمەك قەۋىتى ئەڭ يۇقىرىدا ئىدى. كۆپچىلىك ھېسامنىڭ ھېرىپ قالدىم دېگىنىگە قويماي يۆلىشىپ، قىزىق گەپلەرنى قىلىشىپ تۆتىنچى قەۋەتكە چىقىشتى. ئاۋۋال ھەر خىل ھاراقلارنى، يېمەكلىكلەرنى بىر قۇر كۆرۈشتى. ھېسامنى كۆپ يېقىتىشقا بولمايتتى، يارىشقىنىنى قىلسىلا كۇپايە ئىدى. بۇرادەر-لەر بىر ـ بىرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىشىپ، ھېسامنىڭ ئۆپچۆرى-سىنى قورشىۋالدى. توپ ئىچىدە ھېسامنى باشقىلار كۆرەلمەيت-تى.

— ھېسامكا، بۇگۈن سىزنى بۇ يەرگە مەقسەتلىك ئەكەلدۇق، — دېدى غوجا ئەخمەت يۇنۇس، — بۇگۈن بىر پۇل خەجلەيسەن.

— پۇل؟ — ھېسام قاشلىرىنى كۆتۈردى، — نېمە دەيدۇ، نەنىڭ پۇلى ئۇ، پۇل يوق!

مۇتەللىپ پالتاجى ھېسامنىڭ كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقىغا قول ئۇزاتتى، — مۇشۇ قىلىن دەپتەرنىڭ ھەممىسى پۇلغۇ ھې-سامكا، بىرنى سۇغىرە!

— يۈز سومنىما؟ — هېسام چەكچەيدى، — ئوغرىمۇ سەناۋاي پالتاجى، خەقنىڭ قويىنىغا قول ئۇزىتىپ، سۇ - پۇ كېرەكما دېگەندەك...

بۇرادەرلەر زادىلا بەل قويۇۋەتمىدى، ئىككىسى هېسامنى ئىككى قولتۇقىدىن ئالدى، بىرى دۈمبىسىدىن تامغا تىرەپ ئاپاردى. پىرقىرايدىغان ئىشىكنىڭ يېنىدىلا چاقچاق ئەۋجىگە چىقتى.

— هېسامكا، — دېدى بۇرادەرلەردىن بىرى، — سېنىڭ پۇلۇڭنى خەجلەش بىزگە ئېهتىياج ئەمەس، ئەمما بىز شۇنداق نامنى ئالماقچى. بۇنىڭدىن كېيىن سېنى زادىلا پۇل خەجلە دېمەيمىز، بىز خەجلەپ بېرىمىز. بولە ئاكا، ماۋۇ سەلىمجان بىر كۈنلەردە بۈگۈنكى ئىشنى يازىدۇ.

— يازىمىز، — دېدى سەلىمجان ئىتتىكلا.

هېسام سەل بوشىدى.

— شۇمۇ گەپ بوپتۇ - دە، مېنى پۇل خەجلىتىپ نېمە ئابرۇي تېپىپ كېتەرسىلەر!

سەلدىن كېيىن ئۆزىمۇ ئەيۋەشكە كېلىپ قالدى:

— نەچچە خەجلەپ بېرىمەن.

— ئاز بولغاندا ئون سوم خەجلە.

هېسام ئۇنىمىدى:

— ئۈچ سوم خەجلەيمەن، هە، بوپتۇ بەش سوم!

كۆپچىلىك كۆپ تارتىشمىدى. هېسام ئۇلارنىڭ دالدا قىلىشىدا، غودۇڭشىپ تۇرۇپ ئىككى بۇرۇلكىسىنى يەشتى. ئۈچىنچىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر توپ پۇلنى ئېلىپ، خېلى ۋاراقلاپ، كونىراق بەش سومنى ئالدى. (كاستۇمىنىڭ قويۇن يانچۇقى تىككىلىك ئىدى)

— هەممىنى خەجلىۋەتمەڭلار هە، سەلىم ئۇكا، سىز ئېلىڭ بىر نېمىلەرنى!

كۆپچىلىك هېسامنى ماختا - ماختا پەشتاقتا تەرەپكە ماڭدى. ئۇ چاغلاردا پۇلنىڭ كۈچى بار ئىدى. ئىككى سوم ئاتمىش نەچچە تىيىنغا كۈيتۈن ئۆزىدە چىقىدىغان بىر بوتۇلكا هاراق،

ئىككى سومغا خۇاسلىق ئارىلاش كەمپۈت، ئاچا سەي ئېلىشتى. ھېسام سەلىمجاننىڭ قولىدىكى ئېشىپ قالغان ئوتتۇز نەچچە تىيىنغا قولىنى ئۇزاتتى.

— ئەكېلىڭ ئۇكا، تاماكا ئالىمىز ئۇنىڭغا، موخوركا دەيمەن!

— بولمايدۇ، ئۆزىمىز خەجلەيمىز بۇنىمۇ، — غوجا ئەخمەت يۇنۇس شۇنداق دېدى - دە، يەنىلا ھېسامنىڭ پايدىسىغا سۆزلەدى، — ھېسامكام ئارىمىزدا سەنلا تاماكا چېكىدىكەنسەن، بىر قاپ گىلىمزە ئالايلى!

سەلىمجان ئاشقان پۇلنىڭ كېلىشىگە «سەنمىنشىيا» ماركىلىق تاماكىنى ئېلىۋېدى، ھېسامغا بۇمۇ يارىمىدى:

— بايۋەچچىدەك شاڭيەن چېكىپ، بىر ھەپتە چېكىدىغان موخوركا كېلەتتى - دە!

كۆپچىلىك ھېسامنى قولتۇقلاپ، جەڭدە يەڭگەن باتۇرلاردەك پوچى قايتىشتى. ئابدۇشۈكۈر تۈردىنى ياتىقىدىن چاقىرىپ چىقىپ، ھېسام پۇل خەجلىگەن زىياپەتنى باشلىۋەتتى.

بۈگۈنكى پاراڭ پۈتۈنلەي ھېسامنىڭ ساخاۋىتى ئۈستىدىلا بولدى. ھېسام ئۆزىمۇ بۇ كۈنى قەۋەتلا ئېچىلدى.

كېيىن بۇ گەپ كۈيتۈڭگە، غۇلجىغا، ئۈرۈمچىگە... ھەممە يەرگە تارقالدى.

ھېلىقى بۇرادەرنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقمىپتىكەن، بىر كۈنلەر كېلىپ، مانا، بۇنى يېزىشمۇ نېسىپ بولدى.

## 49. ھېسام ۋە روزى ئابدۇۋەلى

روزى ئابدۇۋەلى پېشقەدەم خەلق سەنئەتكارى، چاقچاق ماھىرى، شۇنداقلا ئۇ ھېسام قۇربانىنىڭ زاماندىش بۇرادەرلىرىدىن بىرى.

ھېسام بىلەن روزى نەچچە ئون يىللار بىرلىكتە قۇۋالىشىپ، بىر - بىرىنى كىنەپ، سورۇنلاردا ئۆزئارا كېمىنى تولۇقلىشىپ، مەشرەپلەرنى قىزىتىپ ئۆتكەن غەنىيمەت ئىنسانلاردۇر.

قىسسىمىز مۇشۇ مەنزىلگە كەلگۈچە بىز ئارىلاپ روزى ئابدۇۋەلىنى بىر نەچچە رەت تىلغا ئالدۇق، ئۇنىڭ سەلىمجانغا دېگەن بىر ئېغىز سەمىمىي سۆزى، «مېنىڭ چاقچاق گەپلىرىمدىن يارىغانلىرىنى ھېسامكامغا ئاتاۋېتىڭ، بىز ھەممىمىز ھېسامكامنى گەۋدىلەندۇرەيلى» دېگەن پارىڭى ئەينى چاغدا كۆپ كىشىلەرنى تەسىرلەندۇرگەنىدى.

بىر قېتىم مەلۇم سورۇندا مۇشۇ گەپ يەنە ئېچىلىپ قېلىۋىدى، ھېسام دۇتارىنى سازلاۋاتقان روزى ئابدۇۋەلىگە چاقچاق قىلدى:

— ھەي روزى، بىر تال تۇخۇمىڭنى يەپ قويغانغا خېلى گەپ قىلىپ كېتىپسىنا، كاتىكىڭنى بۇزساق قاقاقشىپ توختىماسەن نېمە؟

روزى ئابدۇۋەلى چېلىشقا تەمشىلىۋاتقان دۇتىرىنى توختىتىپ:

— كاتەك بۇزۇلغان يەردە نېمىش قىلسەناۋاي ھېسامكا، پېشقان تۇخۇمنى ئاقلاپ بەر دەيدىغان نېمە تۇرساڭ، — دېدى.

— دەيمىزدە، شاكىلىڭنى تۇتقىمىز كەلمەي، قانداق؟

— شاكىلىڭنى تۇتماي سېرىقىنى موك سوقمەن دېگىنە!

www.uyghurkitap.com

سورۇندىكىلەر بۇ ئىككى مىقتىقنىڭ بەل تۇتىشىشىغا نەزەر سېلىپ، ھەر دائىم كۈلۈشكە تەييار تۇرۇشاتتى.

— ھېسامكا، شۇنداق قىلىپ، شۇنداق بوپكەتتىما؟ — روزى تولىراق مەۋھۇم ئىبارىلەر بىلەن گەپ باشلايتتى.

ھېسام بولسا بىراقلا ئۇدۇلىدىن كېلەتتى:

— قۇيرىقىڭما؟

— چىداپ ئوينا! — روزى كۈلۈمسىرىگىنىچە ھېسامنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى كەيپ بولغىنىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىدى.

روزى يوق سورۇنلاردا ھېسام ئۇنىڭ جېدىلىنى قىلاتتى:

— ھەي ھوسەن، روزىنى چاقىرمىدىڭما؟ ھەي، يامان قىمىسەندە!

— بالا ئەۋەتكەن ھېسامكا، ئۆيىدە يوق.

— كاكىلاپ باشقا سامانلىققا چىقىپ كېتىپتۇ ـ دە، پەيزى بار نېمىچۇ روزىنىڭ!

نۆۋەتتە روزى ئابدۇۋەلىمۇ ھېسامنىڭ ئارقىسىدىن كۆرپە سېلىپ تۇراتتى:

— قىرىق ـ ئەللىك چاقچاقچىنى يىغىۋالغۇچە، ھېسامكامىغلا دەپ قويساڭ بولمامدۇ ئۇكا، ھەممىسىنى ۋارى ـ ۋارى قىلىۋېتەتتى.

— دېگەن، بىر يەرگە ماقۇل دەپ قويۇپتىكەنمەن دەپ زادىلا ئۇنىمىدى، ئاڭلىسام بۈگۈن دەريا بويىدا قاسىم قاس ـ قاسنىڭ ئولتۇرۇشىكەن.

روزى كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— قۇلىقىغا پىچىرلىغان بىلەن يانچۇقىغا تازا پىچىرلىماپتىكەنسەندە، ھە! ھېسامكاملار كاتتا ھازىر!

ھېسام بىلەن روزى بار ئولتۇرۇشنى «خىجالىتى يوق ئولتۇرۇش» دېيىشكە بولاتتى. چاقچاقتا ئىككىيلەن كىرىشەتتى، بىر ـ بىرىگە ئاسانلىقچە بوي بەرمەيتتى. ھېسامنىڭ مىجەزىنى روزى ئابدۇۋەلى ياخشى چۈشىنەتتى. ھېسامنى قانچە ئېچىلسۇن

دېگەن ئادەم، ئۇنى شۇنچە ئۆرەدىتىشى، ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشى لازىم ئىدى.

— ھېسامكام تېرىككەندە ئاغزىدىن دانا گەپلەر پالاق - پۇلۇقلا چىقىپ كېتىدۇ، — دەيتتى روزى.

— سېنىڭ قانىتىڭ بولغىيدى ئۇ پالاقلايدىغان! — ھېسام دەررۇ ئېلىۋالاتتى.

چاقچاقنىڭ ئورنىنى مۇزىكا ئېگەللىگەندە، روزى ئابدۇۋەلى ئۆز ماھارىتىنى تولۇقى بىلەن نامايان قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئىلى خەلق ناخشىلىرىغا ئاجايىپ باب كېلەتتى. تىڭشىغانلار سادىر بىلەن يانبۇلاقتا بىللە ئات چاپتۇرغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالاتتى.

— ياشاپ كەت، روزى، ئالامەت قىچقىرىۋەتتىڭ جۇمۇ! — روزى ھەر بىر كالون ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ھېسام بىر قېتىم كەلتۈرۈۋېلىشنى ئۇنتۇمايتتى.

— دەۋىرەمسەن ھېسامكا، — دەيتتى روزى كۈلۈمسىرەپ، — يامان كونا گەپقۇ!

ھېسام بولسا شۇ گەپنىمۇ ئىلىۋالاتتى:

— كونا بولغاچقا يامانده! ھىم...

— ئامال بارمۇ؟ — روزى ئابدۇۋەلى ئۇنىڭغىچە بىر تال تاماكا چېكىپ، نۆۋىتىنى «دوگىلاپ» ئېچىۋالغان بولاتتى. تەلەپلەر ئۆيەر - بۇيەردىن ئاڭلىناقتا ئىدى. سورۇن ئەھلى ئۇنىڭ تېكىستلىرى يېڭىچە، ئويناق ئىجادىي ناخشىلىرىنى ئاڭلاش تەقەززاسىدا ئىدى.

— چالدۇقما ئەمىسە؟ — روزى دۇتارىنى بىر دۈرۈسلىۋېتىپ، ئۆزىگىلا خاس كۈلۈمسىرەش بىلەن ھېسامغا قارىدى.

— چىللاڭ! — ھېسام ئەتەي چاقچاق تەلەپپۇزىدا تەكىتلىدى. بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ، - خاۋارىش، - دەپ قويىدى.

ھايال ئۆتمەي سورۇننى دۇتارنىڭ يەڭگىل، يېقىملىق تاراڭنىسى، روزى ئابدۇۋەلىنىڭ تونۇش ئاھاڭى ئەسىر قىلدى:

www.uyghurkitap.com

...زومىۇ ـ زو دۈشمەن ياساپ،
يۈرمەيلى دۈشمەن بولمىسا!

بىر سورۇندا ھېسام روزى ئابدۇۋەلىگە چاقچاق قىلدى.
— روزى، ھېلىقى ناخشاڭ ئالامەت كەڭ تارقاپ كېتىپتۇ، جۇمىۇ!
— قايسى ناخشام؟ — روزى سەگەكلەندى.
— ھېلىقى «كەلسەڭ ئەگەر» دېگەن ناخشىچۇ! تۈنۈگۈن بىر يەرگە بارسام، يەتمىشتىن ئاشقان بىر موماي دۇتارنى راسا چالغىلى تۇرۇپتۇ. نېمە ناخشىنى ئېيتىدىكىن دەپ قاراپ تۇرسام، «كەلسەڭ ئەگەر بۈگۈن كەل يارىم، ئەتە كەلسەڭ بۇ چىرايىم يوق» دەۋاتامدۇ!
سورۇننى گۈررىدە كۈلكە قاپلىدى. روزى ئابدۇۋەلى مىت قىلماي ھېسامنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.
— توغرا ئېيتىدۇ، يالغانمۇ؟
— شۇ، راست، تۈنۈگۈن ئەتراپىتىكى خوتۇنلارمۇ «ھەئە راست» دېيىشىپ كەتتى، — ھېسام يەنە ھۇجۇم قىلدى.
— مەسىلەن؟ — دېدى روزى ئادىتى بويىچە «ئادەم چېلىپ»، بىراق ھېسام چېلىنمايتتى.
— مەسىلىنىڭگە مەسىلەن؟ — دەپ روزىغا تىكىلىپ تۇرۇۋالدى ئۇ.
ھاراق خېلى تۇتقان روزى بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، قولىنى سىلكىدى ـ دە، — خاۋارىش! — دېدى.
— ھەي ـ ھەي روزى، مەست بولساڭلا ئادەمنى ئورۇسچە تىللايدىكەنسەن.
سورۇندىكى ياش بىر يىگىت سورىدى:
— خاۋارىش دېگەن نېمە ھېسامكا، يامان تىلما؟
— روزىنىڭ قوشنىسى، — دېدى ھېسام دەررۇ. بۇ چاغدا روزى يېنىدىكى بىرەيلەن بىلەن «قەلب تۆكۈشۈپ» خۇشكەتتى ئىچمەكتە ئىدى.

— ھېسامكام بىلەن كۆرگەن قىزىق ئىشلىرىمىز جىق، —
دېگەنىدى روزى ئابدۇۋەلى بىر نۆۋەت پاراڭ قىلىپ، — بىر
قېتىم بىزنىڭ مەلىدىكى مەشرەپكە ھېسامكامنى ئاچىقتىم. نۆۋەت
مەھەللىمىزنىڭ ئىمامىنىڭ ئوغلىغا كەلگەنىدى. ئەسلىدىغۇ مەش-
رەپتە ھاراق ئىچىلمەيتتى، شۇ كۈنى ھېسامكامنى كېپەكيۈزىگە
چىقىپتۇ دەپ ئاڭلاپ، تالادىكى مەستلەرمۇ كىرىۋاپتۇ. ئۇ كۈنى
ئىمام بىر يەرگە كېتىپ، ئۆيگە كەچرەك قايتقانىكەن، ئۇ دەرۋا-
زىدىن كىرىشىگە، مەشرەپتىكى مەستلەرنى نېرىقى ئۆيگە يۆتكە-
ۋاتقان يىگىتلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ. ھەيران بولغان ئىمام:
— ھاي ـ ھاي نېمە ساراسىمە بۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.
شۇ چاغدا ھېسامكام ئىككىيلەن پېشايۋاندا سالقىنداپ ئول-
تۇرغانىدۇق. مەنغۇ ئىمامئاخۇنۇم مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ
موكلا يېتىۋالدىم. ھېسامكام يۈگۈرۈپ ئىمامنىڭ ئالدىغا باردى:
— ھېچ گەپ يوق تەقسىر، بالىلار زاراتگاھلىقنى يۆتكەۋاتى-
دۇ، ـ دېدى. يادىڭىدىمۇ ھېسامكا؟
— ئاشۇ موكلا يېتىۋالىدىغان يېرىڭ يامانده روزى، —
ھېسام روزىنىڭ گېپىدىن ئۆزىگە كېرەكلىكىنى ئۈزۈپ ئال-
دى، — خورازنى كۆرسەڭلا شۇ...
— يەنە بىر قېتىم، — دېدى روزى ئابدۇۋەلى، — ھېسامكام
ئىككىمىز بىرسىنى ساقلاپ تاشلەپكىنىڭ ئالدىدا تۇرساق، خېلى
جايىدا كىيىنگەن بىر يىگىت كېلىپ، سالامىنىڭ چوڭىنى قىلدى
ـدە:
— ھېسامكا، روزىكا، قارىسام ئىككىلىڭلار بار ئىكەنسىلەر،
بىر سوئال سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى.
— سوراڭ ئۇكا، — دېدىم مەن.
— سوراۋەر، — دېدى ھېسامكاممۇ.
— ئۆيلىنەي دېسەم دېگەندەك لايىق چىقمايۋاتىدۇ، — دېدى
ھېلىقى يىگىت ھال ئېيتىپ، — ئۆزى چىرايلىق، گەپ قىلماي
كۈلۈپلا تۇرىدىغان، ماڭ دېسەم مېڭىپ، تۇر دېسەم كۆرسەتكەن
يېرىمدە قىمىر قىلمايدىغان بىر ئايال چىقسا بولاتتى...

يىگىتنىڭ گېپىگە كۆلكەم قىستىدى.

— ھېسامكا، سەن بىر نىمە دېگىنە، شۇنداق خوتۇن نەدە باردۇ؟

ھېسامكام شۇ گەپنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، تېز جاۋاب بەردى.

— چىقىپ قالىدۇ، سىز ئۇكام ماگىزىنىدىكى قونچاقتىن بىرنى سېتىۋېلىڭ، ھەم ئەرزان...

يىگىت غىپپىدە كېتىپ قالدى.

ھېسام بىلەن روزى ئابدۇۋەلىنىڭ كۆرگەن سورۇنى جىق، ئىچكەن ھارىقى تولا، دېيىشكەن گەپلىرىمۇ ئاز ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ ھەر بىر سورۇندا ئۇلار مەڭگۈ يېڭى ھېسسىيات، يېڭى سۆھبەت، يېڭى چاقچاق بىلەن ئۇلتۇرۇشالايتتى.

— نېمىشقا دېگەندە ئۇكا، — دېدى ھېسام بىر كۈنى سەلىمەجاننىڭ شۇ تەھلىلىگە قاراپ، — روزىلار تېز يېتىلىپ، تېز چىلىلاپ، تېز... جىرۇچىنىڭ قازىنىغا چۈشۈپ كېتىدۇ دەڭا، شۇڭا دائىم يېڭىدەك تۇرىدۇ.

— دەلەلىمىدىڭ ھېسامكا، — دېدى روزى ئابدۇۋەلى، كېيىن سەلىمەجانغا قارىدى، — ھېسامكام ئۆزى كونا ئادەم، كۆپ تۇتۇلغاندە... شۇڭا يېڭىنى تازا ياقتۇرمايدۇ.

— مۇشۇمۇ چىلىلاش بوپتۇ - دە، — ھېسام كۈلۈمسىرىدى، — ھەي روزى، نامازشام بوپقاپتۇ، ئاستا قونداقتا چىقىۋالامسەن ياكى كاتەككە كىرىپ كېتەمسەن؟

بىر قېتىم، ئېھتىمال ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 80 - يىللارنىڭ باشلىرى بولسا كېرەك، غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭمەھەللىدە بىر ئولتۇرۇش بولدى. بۇ «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» دېگەن ناخشىنىڭ يېڭىدىن چىققان چاغلىرى ئىدى. ناخشا روزى ئابدۇۋەلىغا بەك يېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، «گۆھەر زېمىن» رېستورانىدىكى ھېلىقى ئولتۇرۇشتا ئۇ ناخشىنى نەچچە يېنىپ ئېيتتى. بىر چاغدا ھېسام مۇراجىئەت قىلدى:

— بولدى ۋوي زەپمۇ چىرايلىق، توختا ئەمدى!

چۈشتىن كېيىن قىزىقتىن - قىزىق چىقىپ، ئولتۇرۇش قارا دۆڭگە يۆتكىلىدىغان بولدى. ئۇ زامانلاردا تېخى تاكسى بولمىغاچقا، كۆپچىلىك ئەتىيازنىڭ پاتقىقىنى كېچىپ پىيادە مېڭىشتى. خەنزۇ بازىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىرىدا سەلىمجان بىلەن ھېسامغا قىزىق بىر پاراڭنى قىلىپ كېتىۋاتقان روزى ئابدۇۋەلى توساتتىن تېيىلىپ، ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، بېشى يول چېتىدىكى گىرۋەككە تەگدى.

ئالدى - كەينىدىكىلەر ئىتتىك كېلىپ روزىنى يۆلىدى. ئەھۋالىنى سورىدى. روزى ئابدۇۋەلى ئاغرىققا چىداپ، ئەركەكچىلىككە ئېلىپ چاقچاق قىلدى:

— ئاپىرىن، بىزنىڭمۇ تېيىلىدىغان ۋاقتلىرىمىز بولىدىكەنە!

ئاغىنىلەر بۇ ئۆتكۈر «ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد»تىن كۈلۈشمەك قىلدى.

ھېسام بولسا باشقىچە بىر چاقچاق كەلتۈردى:

— قانداقراق ھەي روزەم؟، — زەپمۇ يېقىملىق تەگدى كاللا؟!

روزىنىڭ ناخشىسى ياد بوپكەتكەن ئۈلپەتلەر چىن دىلىدىن بېرىلىپ كۈلۈشتى.

تاكى ھازىرغىچە روزى ئابدۇۋەلى سەلىم جامالنى ھەرقانداق يەردە ئۇچرىتىپ قالسا، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھېسامنىڭ ئاشۇ چاقچىقىنى ئەسلەپ، تەكرارلاپ قويىدۇ:

— زەپمۇ يېقىملىق تەگدى كاللا!

www.uyghurkitap.com

## 50 . جەنۇب قوشاقلىرى

ھېسامنىڭ نامى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا تارقالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چاقچاقلىرىغا قىزىقىدىغانلار، ئۇنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

كىشىلەر 1982 - يىلى «ھېسام چاقچاقلىرى» نامىلىق چاتما توپلاملارنىڭ بىرىنچى كىتابى نەشر قىلىندى. بۇ كىتاب دەسلەپكى باسمىسىدىلا 30 مىڭ تىراژ بىلەن تارقىتىلدى. نۇرغۇنلىغان ئۆيلەردە، ئۆزلىرى خېلى يىللاردىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ھازىر جاۋاب چاقچاقچى ھېسام قۇربانىنىڭ ئەپلىككىنە ئىشلەنگەن چاقچاق كىتابى بار بولدى. شۇ چاغلاردا شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن گېزىت - ژورناللار سەلىمجان ئەۋەتكەن ھېسام قۇربانىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى چاقچاقلىرىنى ئۇزۇلدۇرمەي ئېلان قىلىۋاتاتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ ھېسامنى ئالايىتەن تەكلىپ قىلىپ سۈرەتكە ئالدى ۋە كەڭ تاماشىبىنلارغا كۆرسەتتى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىمۇ ھېسامنىڭ ھاياتى ۋە چاقچاقلىرىنى گەۋدىلىك قىلىپ ئاڭلاتتى...

— سەلىمجان ئۇكا، بازىرىمنى يامان چىقىرىۋەتتىڭىز جۇمۇ، — دېگەنىدى ھېسام بىر قېتىم چاقچاق قىلىپ، — نەگىلا بارسام «چاقچىقىڭنى ئوقۇدۇق» دەيدۇ. ئەمىسە نېمە دەپتىمەن، يادلاپ باقە دېدىم.

سەكسىنىنچى يىللارنىڭ بېشىدىن تارتىپ، ئوتتۇرا، جەنۇبىي شىنجاڭدىن غۇلجىغا يازلىق ساياھەتكە كېلىدىغانلارنىڭ سانى يىلسېرى كۆپەيدى. ساياھەتچىلەر «بىر ئېرىقىدا ئالتۇن، بىر ئېرىقىدا كۈمۈش» ئاقىدىغان چىرايلىق دىيار ئىلىنى، ئىلى دەرياسىنى شۇنداقلا ئىلىدىكى «ئاغزى ئالمان» ھېسامدىن قىزىقچىنى كۆرگىلى كېلەتتى. ھېسام بۇ كۈنلەردە دەريا بويى،

باغ، شىپاڭلاردىن بىرى كېلەلمەيدىغان بولدى.
ئەنە شۇنداق قىزىق سورۇنلارنىڭ بىرى ئىلى دەريا بويىدىكى توقايلىقتا، بۆلەكچىلا بىر جۇشقۇنلۇق بىلەن داۋام ئېتىۋاتاتتى. مېھمانلار ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەشكىللىگەن ئۈرۈمچىدىكى ۋە ئوتتۇرا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يازغۇچى، شائىرلار بولۇپ، شۇ ۋەجىدىنمىكىن، بۈگۈنكى سورۇن ناخشا - ساز، مۇشائىرە، قىزىق لەتىپە، چاقچاقلار بىلەن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدىنمۇ بەك قىزىپ كەتكەنىدى.

— يەنە بىر سەۋەب بار، — دېدى قەشقەردىن كەلگەن بىر شائىر، — ئۇ بولسىمۇ بۈگۈنكى سورۇنىمىزدا ھېسامكام بار.

ھەقىقەتەن، ھېسام بۇ كۈنى ئەدىبلەر بەزمىسىنىڭ ئوق مەركىزىگە ئايلانغانىدى. مېھمانلار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى، تېخىمۇ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلايتتى، خاتىرە سۈرەتكە بىرگە چۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنى ھەر تەرەپكە تارتاتتى.

— ئالە، ھېسام ئەرزان! — شۇ جىددىيچىلىك ئارىلىقلىرىدا ھېسام ئۆزىنىڭ بازىرى چىقىپ كەتكەنلىكىدىن خۇشاللانغاندەك ھە دەپ ۋارقىرايتتى، — ئالامەت ھېسام، قىزىق بولمىسا پۇل بەرمە!

— ھېسامكا، سېنىڭ بىلەن سۈرەتكە چۈشۈۋالايلى دەيدىغانلار يامان جىقكەن، بىلەت ساتايلىمۇ، يە؟

— مەيلى، ئەمما پۇلىنى سەلىمجان يىغسۇن، ماۋۇ قېيۇم تۇتسا، جۆندەپ كېتىدۇ.

ھېسام ئۈچىسىغا ئاچ كۆك رەڭ پەشمەت، كۆك خادانى بورۇلكا، پۇتىغا قاچاندۇر بىر چاغلاردا قارا بولغان بەتىنكە كىيگەن، ئولتۇرۇشلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئالدىراشچىلىقىدا نەچچە كۈندىن بېرى ساقىلىنى ئالالمىغاندەك قىلاتتى. بۇلارنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ بېشىدا جەنۇبلۇق مېھمانلاردىن بىرى ئاتايىن كۆڭۈل ساناپ ئەپكېلىپ، باياتىن كىيگۈزۈپ قويغان چىرايلىق بادام دوپپا ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى.

— ھېسامكا دوپپا مۇبارەك، ئۆزۈڭنىڭما؟

— ھە، ئۆزۈمنىڭ بولماي مۇنۇ ئابدۇرېھىم غاچ ـ غاچنىڭ كەمسىيونىغا ھاجەتمەن قويغان مالمىكىن دېۋىدىڭما؟

— ئامماللىكىن ساڭا ئانچە ياراشماپتۇ جۇمۇ ھېسامكا بۇ دوپپا، — يەنە بىرى ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى، — خەقنىڭ دوپپىسىنى كىيىۋالغاندەك كۆرۈنىدىكەنسەن!

— ھەي! — ھېسام قىزىشتى، — ھېلىقى مەدەنىيەتسىز ئىنقىلابىڭدا ئون يىل خەقنىڭ دوپپىسىنى كىيىپ، نېسى تاياقنى ھارغۇچە يېگەن بىز. ماۋۇ، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ دوپپىسى جۇمۇ!

— ھېسامكا، سىياسەتنىڭ ئۈستىدە مۇز تېيىلما! — سەل نېرىدا تۇرغان روزى ئابدۇۋەلى گېلىنى «ئىم» دەپ قىرىپ قويۇپ، ئەتەي چاقچاق قىلدى.

— يا ئەمدى دەيمىنا! — ھېسامنۇ دەرھال روزىغا ماسلىشىپ، چۆچۈگەن قىياپەتتە ئىككى قولىنى «ئەل» گە كۆتۈردى. چىرايى تولىمۇ قىزىق تۈسكە كىردى. ئۇنىڭ كومېدىيىلىك تۇرقىدىن زوقلانغان مېھمانلار چىن دىللىرىدىن قاقاقلاپ كۈلۈشتى، ئاپپارات كۆتۈرۈۋالغانلىرى ھېسامنىڭ دەل ئاشۇ ئوبرازلىق تۇرقىنى مەڭگۈلۈك يالداما قىلىپ قالدۇردى.

— ھېسامكا، قەشقەر، خوتەن تەرەپكە بارغانمۇ سىز؟ — جەنۇبلۇق بىر مېھمان سورىدى.

— مەن بارمىغان، — دېدى ھېسام، — ئەمما قەشقەر، خوتەنلىك قېرىنداشلار دائىم مېنى يوقلاپ كېلىپ تۇرىدۇ.

روزى ئابدۇۋەلى گەپنى چاقچاققا ئەگىتتى:

— ھېسامكام سەپەردىن قورقىدۇ، پەنجىمدىن نېرىغا ئۆتمەيدىغۇ ھە، ھېسامكا؟

شۇ ھامان ھېسامنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— سەن ئەمەس روزى، باياندايدىن ئۆتەر ـ ئۆتمەي «غېرىبلىق ئېسەر قىلدى» دەپ كۆتەك ھارۋىنىڭ چاقىغا يۆلىنىپ يىغلايدىغان، يەنە دەيما؟

— گەپ قىلە ھېسامكا، ماۋۇ مېھمانلار ئاڭلىسۇن!

— سەن ئەمەس روزى، كاتەكتىن چىقىپ قونداققا ئۆچۈپ قونساڭ، مارسقا چىقتىم دەيدىغان!
— ھە، يەنە گەپ قىلە!
— سەن ئەمەس روزى، خەقنىڭ سامانلىقىدا بىر كىچە كاكىلاپ يېتىپ قالساڭ، خىزمەت بىلەن چەت ئەلگە چىقتىم دەيدىغان!
— يەنە بارمۇ ھېسامكا؟
— يەنە بارمۇ، يەنە بارمۇ؟ —... ھېسام قىزىشىپ توختاپ قالدى، — يەنە بارمۇدىن بىر كىلو بېرىڭ دېمەمسەن!
ھېسام بىلەن روزىنى بارغانسېرى كۆپ يازغۇچى، شائىرلار ئورىۋالدى. ھەركىم ھېسام بىلەن بىرەر چاقچاق پاراڭنى تەڭ قىلىشىۋېلىش ئارزۇسىدا ئىدى.
— ھېسامكا، مۇشۇ شائىرلارغا قانداق قارايسىز؟ — خوتەنلىك بىر يازغۇچى خىيالىدا ھېسامغا شائىرلارنى بىر ئوخ- شاتقۇزماقچى بولدىمۇ، جىددىي بىلەن چاقچاقنىڭ ئارىلىقىدا بىر سوئال سورىدى.
نۆۋەتتە ھېسام قالتىس دىپلومات.
— ئۇدۇلىدىن قارايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ تەخىر- سىز.
ياشقا چوڭراق بىر قەلەمكەش ئالدىرىماي سۆزلەپ، ھېسام- دىن بىر سوئال سورىدى:
— ھېسامدىن، سىزنىڭ بۇ چاقچاقلىرىڭىزنى ئاڭلىدۇق، قىسقا - قىسقا، ئەپچىل - ئەپچىل، تولىمۇ قىزىق بولىدىكەن. بىز تەرەپتە بەزى چاقچاق، لەتىپە سۆزلەيدىغانلار يېرىم سائەتلەپ پاراڭ قىلىدىغۇ؟
— ئۇنداق چاقچاقلارغا بىزنىڭ مەلىدىكى خوتۇنلار كىر يايدۇ، — دېدى ھېسام كۇلۇپ.
1983 - يىلىنىڭ ئەتىياز ئېيىدا، ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك كلاسسىك ئەدەبىيات، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىل-

دى. «هېسام چاقچاقلىرى» نىڭ 1 ـ كىتابىمۇ مۇكاپاتقا ئېرىشـ
كەندى. يىغىنغا قاتنىششىش ئۈچۈن خوجا ئەخمەت يۇنۇس، هېـ
سام قۇربان، سەلىمجانلار بىر ئەتىگەندە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ
«ئۈرۈمچى نەدىسەن!» دەپ يۈرۈپ كەتتى.
ئۈرۈمچىدە ئۇلار ئىلىلىق ئىككى قەلەمكەش بۇرادىرى بىلەن
ئۇچرىشىپ، بىر ـ ئىككى كۈن بىرگە بولدى. بۇ ئىككى قەلەمـ
كەش يېڭىلا جەنۇبىي شىنجاڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتقان
بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ رەتكى سەپىرىدە بىر مۇنچە ئۇقۇشماسلىقلار
ۋە قىزىق ئىشلار روي بەرگەنىدى.
ئەسلىي ئۇقۇشماسلىق ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا بارغان ئۇقتۇـ
رۇشتا ئىدى. ئەسلىدە ئۈرۈمچى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر
قەلەمكەشلەر ئالدىنقى يىللاردا بىر نۆۋەت جەنۇبىي شىنجاڭ سەپەـ
رىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان، بۇ قېتىمقىسى ئۇيغۇردىن باشقا ئاز سانـ
لىق مىللەت قەلەمكەشلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ئېكسكۇرسىيە
سەپىرى ئىدى. لېكىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتـ
چىلەر بىرلەشمىسىدىكى ئايرىم كىشىلەر هېلىقى ئىككى قەلەمـ
كەشكىمۇ ئۇقۇشماي ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىۋەتكەنىدى، ئۇقۇشماسلىق
ئۇلار ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ئاشكارىلانغان، بىرلەشمە
رەهبەرلىرىنىڭ ئىپادە بىلدۈرۈشى بىلەن بۇ ئىككى ئۇيغۇر ئەدىب
شۇ قېتىمقى سەپەرگە بېرىپ كەلگەنىدى. هېسام‌لار ئۈرۈمچىدىكى
ئىككى بۇرادىرىنىڭ بۇ قاتارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن چاقچاقنى باشلىۋەتتى.
— سەلىمجان، — دېدى هېسام كەچتە ياتاقتا ئولتۇرۇپ،
— ماۋۇ خوجا ئەخمەت ئىككىمىزلار X بىلەن g نىڭ (بىز قىسىسـ
مىزدە بۇ ئىككى قەلەمدىشىمىزنىڭ ئىسىملىرىنى شۇنداق ئالـ
دۇق، هەممىمىزگە چاقچاق ياراشقاي) بۇداقى سەپىرىگە بىر
نەچچە قىزىق قوشاق توقۇغىلار، غۇلجىغا ئالغاچ كېتەيلى!
ئۇ ئۈنى دەپ، بۇ بۈنى دەپ، بايىقى ئولتۇرۇشتا ئىچكەن
هاراقنىڭ قىزىقى بىلەن بىرمۇنچە قوشاقلار توقۇلدى. هېسام
بەزى يەرلىرىگە «مۇنداق قىلايلى» دەپ پىكىر قىلىپ قوياتتى.

ئاخىرقى نۇسخىسىنى خوجا ئەخمەت يۇنۇس بېكىتەتتى، سەلىمەجان قەلەمگە ئالاتتى.

قوشاق توقۇش ئەتىسىمۇ داۋاملاشتى. ھېلىقى ئىككى قەلەمكەش ئالدىنقى كۈنى غۇلجىغا قايتقانىدى.

سەلىمجان قوشاقلارنى ئىككى «ئاكام ئاداش» قا ئاخىرقى قېتىم، تەستىقلىتىپ، ئاندىن «جەنۇب قوشاقلىرى» دېگەن ئومۇمىي ماۋزۇ ئاستىدا رەتلەپ، كۆچۈرۈپ چىقتى.

— «لاشمان قوشاقلىرى»، «سىپىل قوشاقلىرى» دېگەندەك بىر ئىش بولدى ـ دە، — دېدى خوجا ئەخمەت يۇنۇس،

— بۇمۇ بىر خاتىرە، قانداق دېدىم ھېسامكا؟

— شۇنداق بولماي، — دېدى ھېسام، x — بىلەن g ئاڭلىسا تازا كۈلۈپ كېتىشەرمىكىن، ھە؟

— كۈلسىلا مەيلىغۇ، — دېدى سەلىم جامال، — ئاچچىقى كەلمىسىلا!

ھېسام چاقچاق قىلدى:

— ئاچچىقى كەلسە يەنە توقۇيمىز!

سەلدىن كېيىن ئۇ سەلىمجانغا قارىدى:

— يەنە بىر ئوقۇۋېتىڭا قوشاقلارنى ئۇكا، قانداق دېدىم خوجا ئەخمەت؟

سەلىمجان ئوقۇدى:

تاغ بېشىدا قارىغاي،
يول ئۈستىدە قارىماي.
ئۈرۈمچىدە تېنەپتۇ،
ئىككى شائىر يارىماي.

ئۈرۈمچى دېگەن شەدە،
دوزنا كۆن تورۇپ كەتتۇق.
ئۇقتۇرۇشى ساختىكەن،
ئالدىنىپ بىكار كەپتۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرىسى

قىيناتامنىڭ ئۆيىدە،
ياتاق بىلەت كەسمەيدۇ.
بۇ سەپەردە كۆرگەنلەر،
يادىمىزدىن كەتمەيدۇ.

«ئاتۇشۇڭغا بارغۇچە،
جىگدىگە يۆلەنگەنمۇ؟»
ئۇرۇمچىدىن x جان،
سەن ئۇچۇن ئۆيلەنگەنمۇ؟

ئۇرۇمچىدىن قارىسام،
ئىلىخو كۆرۈنمەيدۇ.
غېرىبلىق يامان ئىكەن،
دىلدا غەم ئۈزۈلمەيدۇ.

ئۇرۇمچى دېگەن شەنىڭ،
ئۆيلىرى تاش، يولى تاش.
بىزنى قايتامسىلەر دېگەن،
بىرلەشمىنىڭ دىلى تاش.

ئابلىز نازىرى دەيدۇ،
گەپ ـ سۆزلىرى مۇلايىم.
بىزنى يولغا سېپقويدى،
رەھمەت قىلسۇن خۇدايىم!

ھەر مىللەت بۇرادەرلەر،
چاقچاق قىزىتىپ ماڭدۇق.
جەنۇبتىكى دوستلارنى،
باغرىمىزغا چىڭ تاڭدۇق.

ھېيتگاھ ئالدى قىزىيدۇ،
ناغرا - سۇناي ساماداا.
تېنىمەيمىز قەشقەردە،
يەنە كەلسەك ناۋادا.

ئارىلاپ چىقتۇق خوتەننى،
مۇشائىرە، سۆھبەتتە.
چاقچىقىنى ھېسامنىڭ
قىزىتىپ ھەر پۇرسەتتە.

سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن قوشاقلار شۇنچىلىك كۆچۈرۈلدى. ھېسام ھەققىدىكى بۇ ئۇزۇن قىسسىدە، مەزكۇر قوشاقلارغا ئاز بولسىمۇ ئورۇن بەرمەي ئۆتۈپ كېتىشكە مۇئەللىپىنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى.

ئەگەر پۇرسەت ۋە رۇخسەت بولسا «جەنۇب قوشاقلىرى» نىڭ تېخىمۇ قىزىق، قالغان كۆپلىپتلىرىنى دوستلار بەزمىلىرىدە ئەستىلىك سۇپىتىدە ئوقۇپ بېرىشكە كەمىنە ھەر ۋاقىت تەييار!

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

# 51. ھېسام لاپچى

سەلىم جامالنىڭ خاتىرىلىرىدە ھېسام سۆزلىگەن لاپلار ھەق-قىدىمۇ بىر مۇنچە ئەسلىمىلەر ئۇچرايدۇ.

— ھېسامكام تازا خورۇچىغا كەلگەندە، ئاغزىدىن پىلىموت ئوقىدەك قالتىس ئوخشىتىشلار چىقىپ كېتىدۇ، — دېگەندى بىر سورۇندا روزى ئابدۇۋەلى، — راست ھە، ھېسامكا؟

ھېسام جاۋاب قايتۇرغۇچە، بىر ياش چاقچاقچى گەپكە لوقما سالدى:

— راست، ئەمما ئۈچ رومكا قىقىۋالغاندىن كېيىن، قانداق دېدىم ھېسامكا؟

— قىزىقكەنسەن ۋەلى، — دېدى ھېسام، — ماشىنىغىمۇ بېنزىن قۇيمىساڭ ماڭمايدۇ ـ دە!

— گەپ قىلغىنى ماشىنا! — ۋەلى دەررۇ چاقچاق كەلتۈر-دى، — باياتىن بىر چېلەك بېنزىن ئىچىپ بولدىڭىز، يەنە تاتىلى-مىسا، ئىچىلمايسىزا؟

— ھەي ۋەلى، لاپ ئۇر دېسە شۇنداقمۇ ئاتامسەن؟ ھېسامكام تېخى بەش رومكا ئىچتاۋاي!

— لاپ دېگەننى ھېسامكامدىن سورا! — روزى غىدىقلى-دى، — گەپ قىلە ھېسامكا، بۆدۈنە تۇتقان يەرلىرىڭدىن باشلاپ ...

ھېسام تورۇپلا قىزىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

— بىر كۈنى، — دېدى ھېسام ئادىتى بويىچە «بىر كۈنى» نى سوزۇپ، — مەھەللىمىزدىكى ئىككى پوچى بىلەن بىر ماشىنى-غا چۈشۈپ، قارىمايغا تويغا ماڭدۇق.

— سېنى قوشقاندا ئۈچ پوچى بوپسىلەردە، ھېسامكا؟ — ياش چاقچاقچىلاردىن بىرسى ھە دېمەي لوقما سالدى.

— شۇ، سېنى تاپالمىدۇق، — ھېسام «يول بويى» ۋاقلا ئۇردى، — شۇنداق قىلىپ، ئۇزۇن يولدا ئۇنى - بۇنى دېيىشكەندىن - كېيىن قىلىشىدىغان گەپمۇ تۈگەپ قالدى.

— ھېسامكا، پو ئاتقاچ ماڭمايلىمۇ، — دېدى بىر چاغدا كېرەم پوچى. ئۇنىڭ تەكلىپىگە قېيۇم پوچىمۇ قوشۇلدى:

— شۇنداق قىلايلىلا، يامان پو ئاتقۇم كېلىۋاتىدۇ!

— ئەمىسە سىلەر باشلاڭلار، — دېدىم، — كارامىتىڭلارنى بىر كۆرۈپ باقاي!

شۇنداق قىلىپ، باشتا تەكلىپ بەرگەن كېرەم پوچى گەپنى باشلىدى:

— قارا ھېسامكا، قارامايدا ئەل - ئاغىنىلەر جىق، ئۇزاقراق ئويناپ قالساق دەپ، ئاخشام تايىنچىدەك يوغان بىر قوينى كۆتۈرۈپلا بېسىپ، باللارغا سويۇپ بەردىم.

— سەنچۇ قېيۇم؟ — دېدىم.

— مېنى دېمەمسەن، ئۆيدىكى يېڭىلا تېلېۋىزورنى بالام غالتەك بېكىتىپ، ھارۋا قىلىپ ئويناپ يۈرۈپتىكەن، ئويىنساڭ ئوينا دەپلا، ئاشۇ ئەللىك سوڭلۇق تېلېۋىزوردىن ئەكېلىپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىپ مۇشۇ ياققا ماڭدىم.

ئىككى پوچى ئەمدى ماڭا قارىدى.

— ئەمدى ساڭا كەلدى ھېسامكا!

— ئاكاڭ قارىغاينى بىلىسىلەرغۇ، — دېدىم، — قاراماي تەرەپلەردە يەرلىشىپ قالامدۇق تېخى دەپ، ئۆيگە ئوت قويۇۋېتىپلا كەلدىم.

ئىككى پوچى خىجالەت بوپقالدىمۇ، بىر - بىرىگە قارىدى.

— ھە، ھېسامكا، شۇنىڭ بىلەن پورىڭلار توختاپ قالدىما؟

— توختامدۇ، ئۆگەنگەن خۇي تۈرسا!

ماشىنا ئادەتتىكى يولدىن ئاسفالىت يولغا چىقىپ بىردەم مېڭىۋېدى، قېيۇم پوچىنىڭ ئاغزى قىچىشتى.

— نېمەدېگەن ناچار يول بۇ، بىزنىڭ يۇرتنىڭ يوللىرى ھە! ئەينەك - ئەينەك! مۇز - مۇز! ماشىنىلارنىڭ مېڭىشىغا قاراپ،

چاقلىرىغا كانكى باغلىۋالدىمىكىن دەيسەن...

— ھەرقانچە نوچى بولسىمۇ، بىزنىڭ يۇرتىنىڭ يولىغا يەتمەس، — دەپ قېيۇمنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى كېرەم، — ئۇ يوللاردا، ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ تالاغا قارايدىغان بولساڭ، يول بويىدىكى ستولبا، دەل - دەرەخلەردىن بىر قەۋەت تام پەيدا بولىدۇ، مانا!

ئىككى پوچى يەنە ماڭا قارىدى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم.

— بىزنىڭ خوتۇنىنىڭ يۇرتىغا بارغانمۇ سىلەر، پاھ، توي قىلماستا بىر بارغىنىمدا، ماشىنىغا ئولتۇرغىنىمنى بىلىمەن، ئايالىم بىلەن سۆيۈپ خوشلىشاي دەپ شۇنداقلا ئېڭىشىشىگە ماشىنا چۆۋۈىدە مېڭىۋېدى، قارىسام باشقا مەلىدىكى بىرسىنى سۆيۈۋالغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن سائادەت بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، توي يېرىم يىل سوزۇلۇپ كەتتى.

— ئاتە، سالى! — دېدى سورۇندىكى بىرى.

— خەپشۇك! — دېدى يەنە بىرى، — ھېسامكامنىڭ ئىلھامىنى بۇزما!

— ئاتقاننى ئەمدى ئاڭلايسەن، — دېدى ھېسام كۆپچىلىككە قارىدى، — دەمدىم، دېمەمدىم؟

— دە، ھېسامكا! — سورۇندىكىلەر تۇشمۇ تۇشتىن چۇرقىراشتى.

ھېسام لاپنى داۋاملاشتۇردى:

— ماشىنىدا كېتىۋاتىمىز. بىر چاغدا كېرەم پوچى يانچۇقىدىن ئېسىل بىر قاپ تاماكىنى ئېلىپ، ئۆزى بىر تال تۇتاشتۇرۇپ، بىزگە بىر تالدىن تۇتتىدە، كېيىن تاماكا، چاقماقنى ماشىنا دېرىزىسىدىن سىرتقا تاشلىۋەتتى.

— ھوي كېرەم، نېمە قىلغىنىڭ بۇ، يەنە چېكمەمىز ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

كېرەم قېتىغا ئالماي:

— ھېسامكا، چەكسەك سومكىدا جىق، — دېدى تاماكىنىڭ ئىسسىنى پۇرقىراتقىنىچە.

بىر دەمدىن كېيىن قارىسام قېيۇم پوچى يانچۇقىدىن بىر يانفوننى ئېلىپ بىر يەرگە تېلېفون بەرگەندەك بولدى ـ دە، سۆزلىشىپ بولۇپ يانفوننى دېرىزىدىن تاشلىۋەتتى.

— هوي ئاداش، بۇ تاماكا ئەمەس، يەنە سۆزلەشسەڭ لازىم بولمامدۇ؟ — دېدى كېرەممۇ مەندەكلا ئەجەبلىنىپ.

قېيۇمنىڭ پەرۋايى پەلەك!

— سۆزلەشسەك يانفون دېگەن تولا!

خەپ دېدىم، ئۇنداق بولۇشى، ئىككى پوچى ئەمدى ساڭا كەلدى دېگەندەك تەڭلا ماڭا قاراشتى. تۇرۇپلا يېنىمدا ئولتۇرغان قېيۇمنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن تالاغا تاشلىۋەتتىم.

كېرەمنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى.

— هې... هېسامكا، نېمە قىلغىنىڭ بۇ، — دېدى ئۇ ئارانلا.

— نېمە قىپتىمەن؟

— ئەل ـ ئاغىنە ئادەمنىمۇ شۇنداق قىلامسەن؟

— قارامايدا ئەل ـ ئاغىنە دېگەن جىق، — دېدىم غەم تارتماي، — قانداق؟

— ئالامەت جۆندەپسەن، — دېدى روزى ئابدۇۋەلى كۈلكىلەر بېسىققاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە كۆزىنى يۇمۇشلاپ، — ئەمدى هېلىقى بۆدۈنە ئۇۋۇلىغان پولىرىڭنى دەپ بەرگىنە!

— كەچكىچە بىرلا ياڭزا قىچقىرىدىكەنسەندە روزى، يەنە ئاڭلامسىلەر پونى بالىلار؟

— ئاڭلايمىز! — باباراۋەر ۋارقىرىدى سورۇن ئەهلى مەك- تەپ بالىلىرىدەك.

— بوپتۇ، ئەمىسە سىلەرگە كاۋا بىلەن قازاننىڭ پورىنى ئېيتىپ بېرەي!

هېسام ئادىتىگە ئاساسەن بىر شىتىل هەرىكەت قىلىۋېلىپ، گەپنى «بىر كۈنى» دىن باشلىدى:

— بىر كۈنى گەمىدىكى ۋاقتىمدا دەڭلار، ئۆيۈمنىڭ ئالدى- دىكى بوش يەرگە ئازراق تۇرپان كاۋىسى تېرىدىم. كاساپەت كاۋا، قالتىس ئوخشاپ كەتتى دېمەمسىلەر. ساندۇقتەك، چامادانداك

www.uyghurkitap.com

كاۋىلار «قايسىمىزنى ئاۋۋال ئۈزىسەن ھېسام؟» دېگەندەك ساڭ-گىلىشىپ تۇرمامدۇ. ئۈزۈشكە چامىم يەتمەي، ساپىقىدا تۇرۇپلا سېتىۋەردىم. كاۋا ئالىدىغانلار بەزىلىرى لالاچەي، بەزىلىرى دىش-لۇ، گاھىلىرى تېخى بىر كاۋىنى بېسىپ ئەكېتىش ئۈچۈن تى-راكتور ئەكېلىشىدۇ. كۈلىسەنغۇ روزى، ئىچىنى ئويۇپلا كاتەك قىلىۋالغۇدەك يوغان كاۋىكەندە دەۋاتامسەن؟ — ئۇرۇقىمۇ تەييار دان، ھە؟

شۇنداق قىلىپ، كاۋىلارنى ساتە - ساتە، ئەڭ ئاخىرىدا «ئەمدى تۈگىدىغۇ» دەپ كاۋىلىقنىڭ ئاخىرىدىكى قوشنىلارنىڭ ئامبىرىغا يۆلىنىپ، پۇل ساناۋاتسام، پوت - پوت بىلەن كەلگەن بىر بايۋەچچە:

— ئاكا، كاۋىنى ساتامسىز؟ — دەيدۇ.

— كېچىكىپ قاپسەن ئۇكا، كاۋىلار تۈگىدى، — دېدىم ئېرەنشىمەي.

— نەدىن تۈگەيدۇ ئاكا، يۆلىنىۋالغىنىڭ كاۋا بولماي نېمە، ئۇنى مۇزبېيغا ئاپىرىپ بېرەمسەن - يا؟ — دەيدۇ پوت - پوتلۇق.

ئۆرۈلۈپ قارىسام، ئەيىۋەھەنناس، باياتىن يۆلىنىپ ئولتۇر-غىنىم قوشنىلارنىڭ ئامبىرى ئەمەس، ئۆيدەك يوغان كاۋىكەن ئەمەسمۇ. شۇ، بايا دۇمبەمگە مۇزدەك ئۇرۇلغىنى بىكار ئەمەس-كەن!

— تۇمۇ - پۇمۇ بولۇپ قالمىغانسەن، مۇزدەك تېگىپ؟ — روزى ئابدۇۋەلى پاچاقچىلىق قىلدى.

— بولارمىكىن روزى، خالاڭجۇردا[①]بىر پاچاق ئىككى سوم جۇمۇ! — ھېسام ئۆزى كۈلۈپ، ئۆزى سۆزلىدى.

— ھاۋا- ۋا···، - روزى ئاغزىغا شاپىلاقلىدى، — سۆزلەۋەر ھېساماكا!

— شۇنداق قىلىپ، كاۋىنى ھېلىقىنىڭغا باھاسىغا چىقىرىپ ساتتىم. بايۋەچچە كاۋىنىڭ ئىنىنى بىر سائەتتە غىرىچلاپ بولدى.

---

① توخۇ پىشۇرۇپ ساتىدىغانلارنىڭ ئاتىلىشى.

تاق بىر يۈز ئۈچ يىرىم غىرىچ كەپتۇ...

— ئاتە، سالى! — ھىلىقى ياش چاقچاقچى يەنە چىدىمىدى.

— ئاتالىسالىڭ ئات! — ھىسام دەرھال قايتۇرما زەربە بەردى، — ھەي روزى، چۈجىلىرىڭنى بىردەم باشقۇرغىنا، چۇ-كۇلداتماي!

— تۇ - تۇ - تۇ - تۇ — دەپ قويدى روزى ئابدۇۋەلى قىزىقچىلىق قىلىپ، — خەپشۇك!

ھىسام لاپنى داۋام ئەتتى:

— كاۋىنىغۇ ئوبدان ساتتىم، ئاما لىكىن بايۋەچچە يۆتكەپ كەتكۈچە راسا قىينالدى - دە، شەھەردىن كىرالىق ماشىنا باشلاپ كەينىدە «دوڭغىلىڭ» ماشىنا. گەمىدىن سەككىز ئىشلەمچى تىپىپ بەردىم. كاساپەتلەر بىر شىاۋدۇينىڭ ئارغامچىسىنى يىغىپ ئەپكى-لىپ، بىر - بىرىگە ئۇلاپ، كاۋىنى ئارانلا باغلاپ، كىرانغا ئىلىپ بەردى...

لاپ مەشەگە كەلگەندە، روزى ئابدۇۋەلى يەنە تەخىر قىلالمى-دى.

— ھىسامكا، ئۇ بايۋەچچە ھىلىقى كاۋىنى شەھەرگە ئاپىرىپ نىمە قىلىدىكىنە؟

— ئۇنى پىشۇرغۇدەك قازان بولمىسا دىگىنە! — ھىسام چىچەنلىك بىلەن كىيىنكى ھۆججۆمنىڭ ئالدىنى ئالدى، — دىدىمغۇ، شەھەرگە يىقىنراق كېپەكيۈزىگە ئاپىرىپ، ئىچىنى ئويۇپ توخۇ فىرما قىلىدىكەن.

ھەرقانداق سورۇندا ھىسام بولسىلا، بىرەر - ئىككى لاپ ئىتىلماي، ئولتۇرۇش تۈگىمەيتتى.

— ئىلى دەرياسىدا سۇ ئۈزۈۋاتسام، — دىدى ئۇ بىر سورۇن-دا، — بىر كىت مىنى يۇتۇۋەتتى.

— ھىسامكا ھەي، — دىدى بىر ساددا بالا، — ئىلى دەريا-سىدا كىت يوقتۇر؟

— سەن تۇغۇلمىغاندا بولىدىغان، — ھىسام بەقىيىت گەپ قىستۇرۇپلا، سۆزىنى داۋام ئەتتى، — يۇتۇۋەتتى شۇ. قارايسەڭغۇ

لەتى؟

— كېيىن قانداق بولدى دەيمىنا! — لەتى ئەندىشە قىلغان قىياپەتتە سورىدى.

— چىرايىم سەت بولغاچقا قوسۇۋەتتى. بولمىسا بۇ يەردە پو ئاتالاتتىممۇ؟

— ئۇرۇمچىگە ئايروپىلانلىق مېڭىپ قالدىم، — دېدى ئۇ بۆلەك بىر سورۇندا، — بۇرۇن ئايروپىلانغا چۇشۇپ باقمىغانىكەنمەن، ماۋۇ ساتتارلار ماختىسا چۇشۇپتىمەن. باياندايدىن ئۆتە ـ ئۆتمەي بېشىم قېيىپ، كۆڭلۇم ئېلىشىپ، زادىلا بولالماي قالدىم. بىر قارىسام لوسىگۇڭغا كېلىپ قاپتىمىز، چىدىمىدىم.

— ھەي لىيۇتچىك، ئايروپىلانىڭنى يولنىڭ چېتىگىرەك توختىتە، چۇشۇپ قالىمەن، — دېدىم.

— توختاتتىما؟ — دېدى بىر تارانچى.

— روزى، ھېلىمۇ ئادەم چېلىۋاتامسىنا؟ — ھېسام گەپنى ئەپقاچتى.

— ھەي ھېسامكا، — دېدى بىر ياش چاقچاقچى ئىلماقچى بولۇپ، — ئايروپىلانمۇ مۇشۇ لوسىگۇڭنىڭ يولىدا ماڭامدىكەن؟

ھېسام كېرىلىپ قويدى:

— ھە، شاۋكەت، بىلمىگەن يەرلىرىڭ بولسا مۇنداق سوراپ تۇر. يېڭى يول پۇتمىگەچكە، ۋاقىتلىق مېڭىۋاتىدۇ.

كىشىلەر باشلىرىنى چايقاپ، تىللىرىنى چاكىلدىتىپ كۇلۇشمەكتە ئىدى. ھېسامغا ئامال يوقتە!

يەنە بىر سورۇندا ھېسام تەلەپلەرگە بىنائەن، مۇنداق بىر لاپنى سۆزلىدى:

— يەنە ئايروپىلاننىڭ گېپى چىقىپ قالدى...

جىلىيۇزىدىكى ھاسان نوچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغانمۇ سىلەر؟ ھە، شۇنىڭ لىيۇتچىك ۋاقىتلىرى ئىدى. بىر كۇنى تۇرپانىيۇزىدىكى تۇغقانلارنىڭكىگە قونالغۇغا چىقىپ، ئەتىسى جىلىيۇزى تەرەپكە ئۆتۇپ قالدىم. قارىسام ھاسان غۇڭلا قىلىپ بىر ئاختامىلىقتىن چىقىپ قالدى.



www.uyghurkitap.com

— ھېسامكا، ئايروپىلانغا ئاختاملىقتا نېمە بار؟

— ئىلگىرى - كېيىن دۆت نېمىكەنسەن ئاۋاكرى، سەھرا يېرىدە ئايرودروم بولمىسا، كەڭ - كۇشادە، تۈز ئاختامغا قونمامدۇ؟

— مۇنداق دە! — دېدى ئاۋاكرى پىخىلداپ كۈلۈپ.

ھېسام لاپنى داۋام قىلدى:

— ئادەمنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىشىمغىنە ھەرقايسىڭ. نەگە كەلگەنىدىما؟ ھە، شۇنىڭ بىلەن ھاسان غۇڭلا قىلىپ بىر ئاختاملىقتىن ئايروپىلاننىڭ قاناتلىرىنى لەپەڭشىتىپ چىقىپ كەلدى. مېنى كۆرۈپ دەررۇ ئايروپىلاننى تورمۇز قىلدى. كاپىنىكىدىنلا قولىنى چىقىرىپ كۆرشتى.

خېلى ئۇزۇن ھال - ئەھۋال سوراشتۇق.

— ھېسام پوچى، بىز تەرەپكە كېلىپ قاپسەن، ھاۋانى بىر كۆرسىتەيما؟ — دېدى ھاسان نوچى كېيىن. بۇ گەپ ماڭىمۇ خۇشياقتى. لىكلا قىلىپ كاپىنكىغا چىقىۋالدىم.

ئايروپىلان دېگەننى كىنولاردىن كۆرگەن بىز، قالتىس چوڭ بولىدىغان، ھاساننىڭ ئايروپىلانى بۆدۇنىدەك گىدىككىنىلا ئىكەن. تۆرۈپلا قورقتۇم.

— ھەي ھاسان نوچى، مۇشۇ نېمەڭ ئىككىمىزنى كۆتۈرەلەرما؟ — دېدىم.

— خاتىرجەم بولە، — دېدى ھاسان، — بىر مەھەللىنىڭ ئۆشاق بالىسىنى سېلىپ ئويناتقان مەن بۇنىڭغا!

مەن يەنە بىر نېمە دەي دېگۇچە ھاسان ھاۋا كوڭكىسىنى ئاسمانغا تېخىمۇ ئېگىز ئاچىقىپ كەتتى. بىز تۇرغان تۇرپانىيۇزدىلەر پۈرچاقتەك كۆرۈندى جۇمۇ!

پەسكە قارىغانسېرى كۆڭلۈم غىلغىپ، يۈرىكىم پوكشىپ سېلىۋاتامدۇ. قارىسام ئىككى قېتىم بۇلۇتقا ئۇسسۇۋالدۇق.

— بولدى ھاسان نوچى، شەدە خوتۇن قالغان، تۇل بولۇپ قالمىسۇن، يەرگە قونايلى دېدىم، بەدىنىم تەردىن ھۆل.

— ئەمىسە خوتۇنۇڭنى بىر كۆرسىتىپ قوياي جۇمۇ ھېسام

پوچى، — دەپلا هاسان ئايروپىلاننى غۇيۇلدىتىپ ئېلىپ كەتتى.
هايت ـ هۇيت دېگۇچىلا بىر يەرلەرگە كېلىپ قالدۇق. هاسان ئايروپىلاننى شارتتىمدە پەسلەتتى. قارىسام بىزنىڭ ئوردا مەھەللە. ئايروپىلان يەنە پەسلىدى. قارىسام بىزنىڭ ئۆي. سائادەتنىڭ ماخمۇتقا ئېغىر ئاياغ چاغلىرى. هويلىدا ئىرغاڭلاپ يۈرۈپ ئارغامچىغا كىر يېيىۋاتقانىكەن. ئايروپىلاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاسمانغا قاراپلا مېنى كۆرۈپ قالدى.

— ۋاي هېسام، نەلەردە يۈرىسىز، مېنى بۇ هالىمدا يالغۇز تاشلاپ، ئۆيدە بىر چىمدىم ئۇن يوق! — دەپ ۋارقىرىدى.

— بېلىم تاسمىدا باغلاقلىق، قانداق چۈشىمەن، — دېدىم مەنمۇ خۇپسەنلىك قىلىپ.

— تىك ئۇچار ئىكەندە، هە هېسامكا؟

— سائادەت بىلەن مۇڭدىشىۋالغۇچە هويلاڭنىڭ ئاسمىنىدا توختاپ بەردى دېگىن!

هېسام هېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك گېپىنى داۋام قىلماقتا ئىدى:

— ئەمىسە پۇل تاشلىۋېتىپ كېتىڭ، سىز كەلگۈچە ئاش ئەتكەچ تۇراي، — دېدى سائادەت ئىككى قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ تەڭلەپ.

— ئايروپىلانىڭنى يەنە ئازراق پەسلىتە، — دېدىم. هاسان نوچى ئايروپىلاننى ئۆگزە بويى پەسلەتتى.

يانچۇقۇمدىن بەش سوم ئالدىم ـ دە:

— ئەمەت قاسساپتىن گۆش ئالما، ساپلا ئۇستىخان بېرىدۇ! ، — دەپلا، پۇلنى تاشلاپ بېرىپ، غارىرىدە ئۆتۈپ كەتتۇق ...

كۈلكىلەر ئارىسىدا ياشلاردىن يەنە بىرى سورىدى. بەلكىم ئوردا مەھەللىلىك بولسا كېرەك.

— هېسامكا ۋاي، نەدە سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ كىر يايغۇدەك هويلىسى بار؟

هېسام گەپ قىلغۇچىغا قارىمايلا غودۇڭشىدى:

— هازىرقى شۇملارنىڭ ھەممىسى يېتىم ئاقساقالدە! ھەي
روزى، «كەلسەڭ ئەگەر» گە چالە!
ھېسام قۇربانىنىڭ لاپلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىـ
گە. ئۇلاپ ئېيتقاندا تېخىمۇ تەبىئىيلىشىپ كېتىدۇ. زورۇقمايـ
دۇ، كاتتا ئىشلاردىن ئەمەس، ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىن لاپ ياسايـ
دۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئۇنىڭ لاپلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ بېـ
قىڭ.
يەنە ئاڭلايتتۇق دەمسىز!؟ خوپ، ئەممە ھېسامنىڭ
قىسقا ـ قىسقا لاپلىرىدىن بىر يۇرۇش كەلتۈرەيلى:
△ ھېسام بىلەن پو ئېتىشماقچى بولغان ئاغىنىسى كىشىلەر
ئارىسىدا بىر هازا پو ئاتقاندىن كېيىن، «ھېسام نۆۋەت ساڭا
كەلدى، قېنى، ئاتە پورىڭنى!» — دەپتۇ.
— بۇ يەردە پو ئېتىشتىن قورقىمەن، — دەپتۇ ھېسام.
— كىشىلەر ئالدىدا مات بولۇپ قېلىشتىن قورقۇۋېتىپسەنـ
دە! — دەپتۇ ئاغىنىسى كۆرەڭلەپ.
— يوقسۇ، — دەپتۇ ھېسام، — ئاتساق ئادەم يوق يەرگە
بېرىپ ئاتايلى، بۇ سورۇندا پو ئاتسام نۇرغۇن كىشىنىڭ ئۆلۈپ
كېتىشىدىن قورقىمەن.
△ بىر سورۇندا مەھەللىنىڭ چاقچاقچى يىگىتلىرى ھەرقاندـ
چە بىرلىشىپمۇ ھېسامغا تەڭ كېلەلمەپتۇ.
— ھېسامكا، بۇگۇن بۆلەكچىلىغۇ سەن، — دەپتۇ بىر
چاقچاقچى، — زادىلا يانمايسەنا؟
— ھەر قايسىڭ يېقىن كېلىشمە، — دەپتۇ شۇ چاغدا ھېـ
سام، — ئاكاڭ قارىغاي بۇگۇن گاۋياشيەن (يۇقىرى بېسىملىق
توك سىمى)، ھەرقاندىقىڭ تۇتتۇڭ، ئۆلىسەن!
△ ئۆمرىدە مىلتىق تۇتۇپ باقمىغان بىر پوچى كىشىلەرگە
پو ئېتىپ بېرىپتۇ:
— بىز ھەربىي بولغاندا، يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇرغان
جەڭلەرگە قاتناشقان بىز. بىر كۈنى كېچىسى كېتىپ بارسام،
بىر ئوق ئۇدۇلۇمدىن ۋىڭىلداپ ئوت بولۇپ يېنىپ كەلدى ـ دە،

www.uyghurkitap.com

تاق ماڭلىيمغا تەگدى جۇمۇك! ھېلىمۇ ياخشى، بېشىمدا پولات قالپاق بارىدى، ئوق قاڭقىپ يېنىپ، نېرىدىكى تامغا تەگدى...
— راست دەيسىز، — دەپتۇ توپ ئىچىدە ئاڭلاپ تۇرغان ھېسام گەپنى بۆلۈپ، — سىز دېگەن شۇ ئوقنىڭ ئۇچىدىكى ئۇتتا مەن موخوركا تۇتاشتۇرۇۋالغانىدىم.
گەپنىڭ مەنىسىگە يەتكەن پوچى قايتا ئۈن چىقارماپتۇ.
△ ئولتۇرۇشتا يەنە بىرەيلەن پو ئاتتى:
— تۈنۈگۈن قۇدىلارنى قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن چاقىرىۋالـ.
غانىدىم، ياۋاللا، بىزنىڭ خوتۇنمۇ يامان بەتخەج! داستىخانغا تىزغان مەزەلىرىنىڭ تولىلىقىدىن، ئىككى تەرەپتىكى مېھمانلار بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەي قالدى.
— بەزىدە شۇنداق بوپقالىدىكەن، — دېدى ھېسامۇ نۆۋىتىدە، — ئۆتكەندە مەنمۇ بىر جامائەتنى چاقىرىۋېلىۋېدىم. پولونى ئۆزۈم ئەتكەنىدىم، ياۋاللا، تاماقتىن كېيىن مېھمانلار ھويلىمىزـ.
نىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭدە قوللىرىنى چايقىشىۋېدى، ئاڭلىسام تۆۋەن مەلىگە نەچچە كۈن ماي ئېقىپتۇ!
△ يەنە شۇ مايىنىڭ پارىگى چىقىپ قېلىپ، مەھەللىدىكى بىر ماختانچاق كىشى خەقلەرگە قېقىتىپ ماختىنىپتۇ:
— پاھ، پاھ، بايىلا ئۆيدە كېلىشتۇرۇپ پولو يەپتىكەنمەن، مەيدەمنى خويما بىئارام قىلىۋاتىدۇ دېسە!
— راست دەيسىز، — دەپتۇ ئۇنىڭ پورىدىن غىجغىجى كەلگەن ھېسام، — ئايدا، يىلدا بىر يېگەچكە شۇنداق قىلىدۇ. بىزدەك كۈندىلا پولو يەپ تۇرسىڭىز، ھېچقانداق بولمايتتىڭىز!
△ بىر سۆھبەتتە ياشلار ئايغا چىقىش تېمىسىدا سۆز تالاـ.
شىپ قېلىشۋېدى، ھېسام گەپكە ئارىلاشتى.
— بولدى تالاشماڭلار، ئاي دېگەن نېمە ئۇ؟ كەلگۈسىدە قۇياشقا چىقىمىز، قۇياشقا!
ياشلاردىن بىرى شۈبھە بىلەن بېشىنى چايقىدى.
— ھېسامكا، قۇياشقا چىقساق كۆيدۈرۈۋېتەر؟
— ھېسام دەررۇ گەپنى ئوڭشىدى:

— ئاخشىمى چىقمامدۇ؟

△ ھېسامكا، — دەپ سورىدى بىر يىگىت، — ياش ۋاقىت-
لىرىڭىزدا تازا كۆچتۆڭگۈر بولغىيدىڭىز ھە؟

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — دېدى ھېسام دەرمەھەل، — ئىككى
ئاي بۇقىلارغا ئۈسۈشۈشتىن دەرس ئۆتكەنمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## 52 . ئۆچكە قوتىنىغا كىرىپ قالدۇقمۇ

هېسام ئارىلاشقان سورۇنلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياشلارنىڭ سورۇنى بولۇپ، هېسام بۇنداق سورۇنلاردا گويا ياشلىقىغا قايتقاندەك جۇشقۇنلىنىپ، ئېچىلىپ - يېيىلىپلا كېتەتتى.

ياشلىق — كۈلكە - چاقچاقنىڭ، ئويۇن، ھەۋەسلەرنىڭ پەسلى. شۇنداق بولغاچقا ياشلارنىڭ ئىجىل - ئىناقلىقىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ھازىرمۇ شۇنداق. غۇلجا ياشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك هېسامنى ئۆزلىرىگە ئەڭ يېقىن ئادەم دەپ بىلىدۇ. هېسامنى تونۇيمىز دېيىشنى، هېسام بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىشنى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئابرۇي هېسابلايدۇ. هېسام ئۆزىنىڭ ھەممىگە تونۇش سەل سۆرۈلۈپ مېڭىشى بىلەن ھەرقانداق يەردە پەيدا بولۇشىغا ياش باللار بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىدۇ:

— قارا، هېسامكام كەلدى!

ئۇلار دەرھال قولىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ، هېسام تەرەپكە مېڭىشىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كونا تونۇشلاردەك، راھەتلىنىپ سالاملىشىدۇ:

— هېسامكا، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ؟

— نەگە ماڭدىڭ هېسامكا؟

— هېسامكا، مەيەگە كېلە، تاۋۇز تىلىپ بېرەي!

نۆۋەتتە هېسامۇ يېقىملىق قىياپىتى بىلەن سالامنى (پەرۋاسىزراق بولسىمۇ) ئىلىك ئېلىپ، جاۋاب قايتۇرىدۇ.

— كۆرۈنمەيسەنغۇ؟

— ھەي قۇرۇۋان، ئۆتكەنكى گەپ ، ھە!

هېسام ئەنە شۇنداق ياشاپ كەلدى ۋە ياشاپ كەلمەكتە.

ھەتتا ئون يەتتە ياشلىق باللار ئۆز تەڭقۇرلىرى بىلەن دەريا

بويىدا ياكى خەنبىڭ شىپاڭدا ئولتۇرۇشماقچى بولسا، ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىدۇ:

— ھېسامكامنى چاقىرىمىز جۇمۇ!

— ھەي، ئۇنى چاقىرساڭ مۇنداق ئالدۇ!

— ئالسا ئالار، جانىمدى. تاماقلارنى سەل قىسقارتىمىز.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ يەتمىشىنچى يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە سەكسىنىنچى يىللارنىڭ باشلىرىدا غۇلجىدا، بولۇپمۇ ياشلار ئارىسىدا غەلىتىرەك ئىككى ئىش پەيدا بولۇپ، نەچچە يىللار داۋاملاشتى. ئۇنىڭ بىرى لاباكۇ (كانەي پۇشقاقلىق شىم) كىيىش، يەنە بىرى ئۆچكىدەك مەرەپ كۈلۈش. بۇنداق كۈلكىنىڭ باش تەرىپى بەئەينى ئۆچكىنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي مەرىشىگە ئوخشاپ، ئاخىرى تىترەك بىلەن ئاياغلىشاتتى، ھەتتا قىزلارمۇ بۇ كۈلكىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بولۇپمۇ كېيىنكى غەلىتىلىك ھەممە ئادەمگە ئاجايىپ تەسىر قىلىپ، چوڭلار سورۇنلاردا تەئەججۈپلىرىنى بىر - بىرى بىلەن ئورتاقلىشىپ، نارازىلىقلىرىنى ئىپادە قىلىپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ يۈردى. ناچار قىلىق تېز تارقىلىدۇ دېگەندەك، بۇ كۈلكە غۇلجا شەھىرى دائىرىسىدىن چىقىپ، ئىلىنىڭ خېلى بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە تارقىلىپ، كىشىلەرنى بىزار قىلدى.

نۆۋەتتە بۇ ئىش ھېسام قۇربانىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدىكى ئولتۇرۇش سەلىم جامالنىڭ ئېسىدە ھازىرقىدەكلا تۇرىدۇ. سورۇن خەنزۇ بازىرىدىكى بىر چوڭ ئاشخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئادەملەر، بىر يىغىندىن يېنىپ سورۇن تۈزۈشكەنىدى. ئاشخانىدا ئادەم كۆپ، ئەتراپتىكى بىر نەچچە شىرەدە ساپلا يىگىرمە نەچچە ياشلىق يىگىتلەر ئىچىشىۋاتاتتى. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ دىققەت مەركىزى ھېسام بار شىرەدە ئىدى.

ئاشخانا ۋاراڭ - چۇرۇڭغا، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان قىيقاسلىق كۈلكىلەرگە تولغانىدى. كۈلكىلەرنىڭ مۇتلەق ئاساسلىقى بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن بىمەنە كۈلكە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇش باشلىنىپ يېرىم سائەتلەردىن كېيىن، بۇرادەرلەرنىڭ ئىچىنى سىقىۋاتقان بىر ھېسسىيات ھېسامنىڭ ئاغزىدىن چاقچاق بولۇپ چىقتى:

— ئاغىنىلەر ھەي، ئاشخانىغا كىردۇق دەپ، ئۆچكە قوتىنىغا كىرىپ قالدۇقمۇ نېمە؟

بۇ ئۇشتۇمتۇت ئاڭلانغان قالتىس بابىدا ئوخشىتىش بۇرادەرلەرنى باپباراۋەر، قاتتىق كۈلدۈرۈۋەتتى. نېرىقى شىرەلەردىكى «ئۆچكىلەر» ھېسامنىڭ نېمە چاقچاق قىلغىنىدىن خەۋىرى يوق، بۇ تەرەپكە زوقلىنىپ قارىشىپ، بىر ـ بىرىگە «ھېسامكام ئېسىل بىر كەلتۈرۈۋەتتى تايىنلىق، بولمىسا شائىرلار ئاسان كۈلمەيدۇ» دېيىشىپ كەتتى.

بۇ چاغداھېسامنىڭ ئۇلپەتلىرىمۇ غۇلغۇلىدا ئىدى:

— ئالامەت ئوخشاتتىڭ جۇمۇ، ھېسامكا!

— شۇڭلاشقا ھېسامدە!

— نەدىن تاپتى ياش باللار مۇشۇ سەت كۈلكىنى!

— تېخى ھېلىقى لاباكۇسچۇ...

رومكا بىر نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن پاراڭ يەنە مۇشۇ تېمىغا بۇرالدى.

— ئۆتكەندە غۇلجا ناھىيىگە چىقسام، — دېدى ھېسام، — سەھرانىڭ باللىرىمۇ سىرازىم مەرەيدىغان بوپكېتىپتۇ. قارىسام ھەدىلىيۇزنىڭ بازىرىدا بەش ـ ئالتە شوركا كەينىمگە كىرىۋالدى. ئۇنى دەيدۇ، بۇنى دەيدۇ، بىر چاغدا پاكارراق، پالكۆز بىرسى ئالدىمغا كېلىپ:

— ھېسامكا، بىزنىڭ ھەدىلىيۇزلەرگە چىقىپ قاپسەنغۇ ۋەيت! — دەپ قوللىرىنى تىترىتىپ كۈلمەسما، ھەيرانلىقتا ئۇنىڭدىن ئۆتەر مەن كۈلۈۋېتىپتىمەن.

— باج ئالاتتىڭمۇ، ۋەيت، — دېدىم مەنمۇ، پالكۆزدىن قالاتتىممۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيگە بارامسەن، ۋەيت! — دېدى ئۇمۇ يەنە ئۆچكىدەك مەرەپ كۈلۈپ.

توۋا دەيمەن، مۇشۇ باللار «ۋەيت» نىڭ نېمىلىكىنى بىلـ.
مەي، دورامچىلىق قىلىشۋاتىدۇ ـ ھە!
— ئۈچ ـ تۆت ئېغىز، ئۆتكۈزۈپ پاراڭ قىلىمدىڭمۇ، —
«شائىرلار شىرەسى» دىكى بىرەيلەن لوقما سالدى.
— شاشماڭ! — دېدى ھېسام قىزىقچىلىق قىلىپ قولىنى
كۆتۈرگىنىچە، — بۇ قېتىم پالكۆزنى دورىماي پاراڭ قىلدىم:
— ئۆيۈڭ قەيەردە، كىمنىڭ بالىسى سەن؟
— ئۆيۈم ئاۋۇ كوچىدا، ھېيىز مەزىنىنىڭ نەۋرىسى مەن.
ھېيىز مەزىننى ياخشى تونۇيتتىم، ھەدىلىۋزىنىڭ پېشقە.
دەملىرىدىن ئىدى.
— ئېتىڭ نېمىدا؟
— قەمىر، — دېدى ھېلىقى «ئۆچكە» بۇرنىنى شارتتىدە
تارتىپ.
— بوۋاڭ ئەزاننى پەشتاقتا ئېيتاتتى، سەن چوڭ يولدىلا
ئېيتىدىغان بوپسەندە، دېدىم.
— بۇ گېپىڭ بولماپتۇ ھېسام، — دېدى «شائىرلار شىرە.
سى» دىكى گوبۇر كىيگەن ياشقا چوڭراق بىرسى، — ئۆچكىدەك
مەرىگەننى ئەزانغا ئوخشاتساڭ قانداق بولىدۇ؟
— يا ئەمدى دەيمىنا! — ھېسام قولىنى «ئەل» گە كۆتۈر.
دى. چاقچاقلارمۇ قايتا باشلاندى.
ھېسام بار شىرەدىكى چاقچاق يەنە ئۇ تەرەپتىكى ياشلارنى
جەلپ قىلدى بولغاي، مەرەشلەر ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى.
— ئەستا، يەنە مەرىگىلى تۇردى!
— پەرۋا قىلماڭلار، بىز چېچىلغانغا، مەرىمەي قالاتتىمۇ؟
— ھېسامكا، بىر كەلتۈرگىنە!
ئاخىرقى گەپ ھېسامغا تەسىر قىلدى، ئۇ ساقىيدىن بىر
رومكا ھاراق سورىۋېلىپ، قولىغا ئالدى ـ دە، بەكرەك مەرەش
ئاڭلىنىۋاتقان شىرەگە قاراپ ماڭدى. ھېسام ئۇ يەردە نېمىلەرنى
دېدى، ياش باللار نېمە دېدى، بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالمايـ.
ـمىز، ئىشقىلىپ، ھېسام بارغان شىرەدە دەسلەپ بىر ـ

ئىككى قېتىم مەرەپ كۈلۈش ئاڭلاندى. كېيىنچە تىمتاسلىق داۋام ئېتىپ، ئاخىرىدا ياش يىگىتلەرنىڭ تەبىئىي، مەردانە كۈلكىسى ياڭراشقا باشلىدى.

— ھېسامكام، دوختۇرمۇ نېمە؟ — دېدى كۈلۈپ، بۇرادەرلەردىن بىرى، — ئاۋۇ ياش بالىلارنىڭ ئاغرىق كۈلكىلىرىنى بىر دەمدىلا ساقايتىۋەتتىڭغۇ!

— ياش بالىلار ئەمەسمۇ، قۇلىقى يۇمشاق بولىدۇ. چوڭلار گەپ قىلسا ئاڭلايدۇ، — دېدى بىرەيلەن.

— ھېسامكام، تايىنلىق چاقچاق بىلەنلا جۆندىدى ئۇلارنى، — دېدى سەلىمجان، ئۇ باياتىن ھېسام بارغان شىرەدىكى ھالەتنى كۆزىتىپ ئولتۇرغانىدى.

— توغرا، ھېساملا ئەمەس، ھەممىمىز، بىرىمىز چاقچىقىمىز بىلەن، بىرىمىز شېئىرىمىز بىلەن، ھېكايە، ماقالىلىرىمىز بىلەن بۇ يۇقۇملۇق كېسەلنى داۋالىشىمىز لازىم، — دېدى پېشقەدەملەردىن بىرى. ئۇنىڭغۇچە ئۇنىڭ سۆزىنى ياشلار سورۇنىدىن يېنىپ كەلگەن ھېسامنىڭ چاقچىقى ئۈزۈپ قويدى:

— ئاغىنىلەر، ئەمدى كۈلگەن كۈلكىمىز بولدىمۇ؟

شۇ كۈنلەردە سەلىمجان ھېسام بىلەن بىللە سورۇنلارغا كۆپرەك باراتتى. ئۆچكىدەك مەرەپ كۈلۈش، نەچچە ئېغىز گەپ ياكى چاقچاق بىلەنلا ئۇنداق ئاسان تۈگەپ كەتمەيتتى. ئۇلارغا بۇنداق كۈلكىلەر پات ـ پاتلا كوچىلاردا، ئولتۇرۇشلاردا، مەھەللە دوقمۇشلىرىدا ئۇچراپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ھېسامنىڭ ئاغزىدىن بىر ـ بىرىدىن قىزىق گەپلەر چىقىپ كېتەتتى. سەلىمجان تولىراق شۇنىڭغا دىققەت قىلاتتى.

بىر قېتىم ئىككىسى «ستالىن» كوچىسىدا كېتىپ باراتتى، چوڭ بانكا تەرەپتىن لاباكۇ كىيىپ، چاچلىرىنى پاخپايتىپ ئۆستۈرگەن تۆت ـ بەش ياش بالا قەدەمدە بىر «ۋەيت، ۋەيت» دەپ كۈلۈشۈپ، ئۇلار تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى.

ھېسام سەلىمجانغا قاراپ «گەپ قىلماڭ» دېگەندەك ئىشارە قىلدى ـ دە، يول بويىدىكى دەرەختىن بىر تال شىۋىق سۇندۇ-

رۋۋېلىپ، قايرىلىپلا يىگىتلەرنىڭ كەينىگە چۈشتى — دە:
— چەگ، چەگ! — دەپ چىۋىقنى پۇلاڭلىتىپ تۇۋلىغىلى تۇردى.
يىگىتلەر بايا كۆلكە بىلەن بولۇپ، ھېسامنى بايقىماي ئۆتۈپ كېتىشكەندى. «چەگ، چەگ»نى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ھەيران قېلىشتى.
— ھېسامكامكەنغۇ!
— ھېسامكاۋۇي، نېمە قىلىۋاتىسەن!
— ئىچىۋالدىڭمۇ ـ يە؟
ھېسام ئەتەي ئۇلارنى كۆرمىگەندەك چىۋىقنى يەنە بىر نەچچە ئويناتتى ـ دە، كېيىن ھەيران قالغان قىياپەتكە كىردى:
— ھوي، سىلەرمىدىڭلار، مەن تېخى مەرگىنىڭلارنى ئاڭلا-پ قۇشخانىغا ھەيدەپ ماڭغان توپتىن ئايرىلىپ قالغان ئۆچكىلەر-مىكىن دەپتىمەن!
يىگىتلەر تەڭلا شەلپەردەك قىزىرىشىپ، بىر ـ بىرىگە قا-راشتى. كېيىن بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، ئىتتىك ـ ئىتتىك يۈرۈپ كېتىشتى. ھېسامنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان يامانده!
بىر قېتىم، بىر سورۇندا تولا كۈلىدىغان بىر يىگىت ھېچ-كىمگە گەپ بەرمىدى، بىر چاغدا ئۇ باشقىلارنى ياراتماي:
— ھەممىڭ بىر تىيىن، مانا ھېسامكام بىلەن تۇتۇشى-مەن، — دېدى، — ھېسامكا، قانداق؟
— ئەمسە باشلا ئۇكا، — دېدى ھېسام كۈلۈپ.
تولا كۈلىدىغان يىگىت تاغدىن، باغدىن بىر ھازا پاراڭ قىلدى. بىر چاغدا، گېپىگە ھېچكىم كۈلمىگەندىن كېيىن:
— ئاپام ئاخشام كالا ساغدىغۇ، ۋەيت! — دېدى ـ دە، ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى مەستلىكى كېلىپ، تىزلىرىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى، — گەپ قىلمامسەن ھېسامكا؟
ھېسام دەرھال گەپ قىلدى:
— سەن موزاي تۇتۇپ بېرىپسەنغۇ، ۋەيت!
سورۇندا قىيقاس چىقىپ كەتتى. تولا كۈلىدىغان يىگىت

كەينى ـ كەينىدىن ئىككى رومكا ئىچىپ، جايىدىلا ئۇخلاپ قالـ
دى.
— ھېسامكا، رەنجىمە، ئـاغىنىمىـز مەست بولۇپ قالـ
دى، — دېدى ئۇلتۇرۇشنىڭ ساقىيسى ئۇنىڭغا كەچۈرۈم سوراش
ھارىقى تەڭلەپ.
— كېرەك يوق، — دېدى ھېسام، — بىز سىلەردەك
ۋاقىتلاردا غۇلجىنىڭ مەھەللە ـ مەھەللىسىدە مەشرەپ قايناپت-
تى. مەشرەپ دېگەن ئوغۇل بالىغا ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان
مەكتەپ دېگىنە، ئەخمەتجان ئۇكا. سىلەرمۇ مەشرەپ باشلىۋالـ
ساڭلار بولىدۇ.
— چاتاق يوق، — دېدى ئەخمەتجان، — بىزمۇ شۇنى مەسـ
لىھەتلىشىپ يۈرگەن. بۈنىڭدىن كېيىن مەشرەپلىرىمىزگە چاـ
قىرساق كېلەرسەن، ھېسامكا؟
— كېلىمەن، — دېدى ھېسام، — ئەمما بىر شەرتىم بار؟
— نېمە شەرت، دېگىنە؟
— مەشرەپنى قوتاندا ئۆتكۈزمەيسىلەر!
سورۇندىكى يىگىتلەر چاۋاك چېلىپ، جاراڭلىق كۈلۈشتى.
ياشلاردىكى ئۆزلىرى بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن سەۋەنـ
لىكلەرگە ھېسامنىڭ ئۆتكۈر، يۈز ـ خاتىرىسىز چاقچاقلىق تەنـ
بىھلىرى ھەرقاچان تەييار. تۆۋەندە شۇ ھەقتە ئىككى مىسال
كەلتۈرىمىز:
△ ھېسامنىڭ مەھەللىسىدىكى بىر يىگىت بىر كۈنى ئۇنى
دوقمۇشتا كۆرۈپ:
— ھېسامكا، ئۆلگۈدەك ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، ئىككىمىز
بىرەر يەرگە بېرىپ كەلمەيمىزمۇ؟ — دېدى.
— نەگە بارغىڭ بار؟ — سورىدى ھېسام.
— ئۇقمايمەن، ئىشقىلىپ، بارمىغىلى ئۇزاق بولغان يەرگە
بارمايمىزمۇ؟
ھېسام يىگىتنىڭ چاڭگىلىشىپ كەتكەن چېچىغا ئىستىھزاـ
لىق بىر قاراپ قويدى ـ دە، دېدى:

— ئەمسە شۇ تاپتا ئۇدۇل ساتىراشخانىغا بارغىن!

△ قولى ئەگرى بىر ياش بالا بىر كۈنى ھېسامنى بازاردا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تۇتۇلغان بىر قول سائىتىنى تەڭلىدى ـ دە:

— ھېسامكا، سىز كۆپ ئىچىدە ئابرۇيلۇق ئادەم، بۇ سائەتنى سىزگە تۇتتۇم. ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بارغاندا مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىپ قويسىڭىز، — دېدى.

— ئىلتىپاتىڭغا رەھمەت، — دېدى ھېسام، — ياخشىسى، مۇشۇ سائەتنى ئىگىسىگە بېرىۋەتسەڭ، تۈزۈلۈپ كەتكىنىڭنى قوشۇپلا دەپ يۈرسەم.

يىگىت نومۇس قىلدى ئېهتىمال، قىزىرىپ يەرگە قارىدى.

نېمە؟ قىزىقكەن، يەنە بىر ـ ئىككىنى ئاڭلىساق دەمسىز؟ مەرھەمەت:

△ كەچلىك ئولتۇرۇشتا بىر يىگىت مەست بولۇۋېلىپ بىر نەچچە تەخسىنى سۇندۇردى، ئاندىن ئۈستەلدىكى تېرموسنى گومىدە چېقىۋەتتى. سورۇندىكى ئاغىنىلەر خاپا بولۇپ ھېلىقى يىگىتكە كايىدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ ئاغىنە، قاراڭ ھېسامكا، بۇ نېمىسى؟

ھېچنېمە بولمىغاندەك ھىجاراپ تۇرغان مەستكە قاراپ قويۇپ، ھېسام ئېيتتى:

— شۇنىمۇ بىلمىدىڭىزمۇ، بۇ دېگەن ئولتۇرۇشنىڭ پوجاڭزىسى.

△ بىر كىشى ھېسامدىن سورىدى:

— ھېسامدىن، قوشنىڭىزنىڭ بالىسى ھەجەب جىققىنا، نەچچىسى ئوغۇل، نەچچىسى قىز ئۇلارنىڭ؟

— ئۇقالمىدىم جۇمۇ، — دېدى ھېسام ماڭلىيىنى پۇرۇشتۇرۇپ، — ئەيتاۋۇر، قارىسام ھەممىسلا ئەينەك بىلەن تارغاق تالىشىپ يۈرىدىغۇ!

# 53. ھېسامنى تالىشىش

ھېسامنىڭ كېيىنكى يىللىرى تالاش ـ تارتىش ئىچىدە ئۆتىدىغان بولدى.

تالاش ـ تارتىش دېگىنىمىز، ھېسامنى ھەر خىل توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ ـ باراۋەتلەرگە، دوستلار يىغىلىشلىرىغا، كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە چاقىرىدىغانلار كۆپىيىپ، كۆپىنچە ھاللاردا كۈنىگە بىر نەچچە سورۇنغا تەكلىپ قىلىنغاچقا، خېرىدارى كۆپىيىپ كەتكەن ھېسامنىڭ قايسىبىر سورۇنغا بېرىشىنى ئۇقالماي، تەڭقىسلىقتا قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، شۇ چاغلاردا ھېسامنىڭ ئەل ئارىسىدا ئاتىقى چىقىپ، ئابرۇيىنىڭ ئۆسكەنلىكىدە ئەلۋەتتە. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، جەمئىيەت ئوڭشىلىپ، ئەنسىز يىللارنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ، ئىزىغا چۈشۈپ، تۇرمۇشتا مەمۇرچىلىق، ئازادىچىلىك باشلانغان، ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ كۆپەيگەن بولغاچقا، ئەل ئارىسىدىكى سازەندە، ناخشىچى، قىزىقچىلارنىڭ بىردىنلا بازىرى چىقىپ كەتكەنىدى. دەرۋەقە، ھېسام مانا مۇشۇنداق كەڭرى يىللاردا ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى ھەسسىلەپ جارى قىلدۇردى.

شۇ يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە قانداقلا بىر ئولتۇرۇش، مەشرەپ، باغ سەيلىسى، دەريا باراۋىتى بولمىسۇن كىتابىمىزدا تالاي ئېيتقىنىمىزدەك كىشىلەر ئالدى بىلەن ھېسامنى ئەسكە ئېلىشاتتى، ھەتتا بىر كىمنىڭ ئۆيىگە تۆت مېھمان كەلسىمۇ، ساھىبخانا ئالدى بىلەن ھېسامنى ئىزدەپ يۈگۈرەيتتى. ئۆيىگە، سورۇنىغا، تويىغا ھېسامنى ئەكەلگەن ئادەم، باشقىلارنىڭ ئالاھىدە نەزىرىگە سازاۋەر بولاتتى.

— ئاخشام ياقۇپجاننىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشتا بولۇۋىدۇق، ھې-
سام كەپتىكەن، غەپسە ئىچىلىپ كەتتى جۇمۇ!
— پاھ، پاھ، بىر پەيزى قىپسىلەردە. مېنى ھايت دەپ
قويمىدا ئۇ پىت ئۇچەي!
— ئۇشتۇمتۇتلا بوپقالدى ئەمەسمۇ، قىزىقچىلىقتىنلا دوگى-
لىنىپ قالدۇق. ھوي، راست شېرىپ، مېنى دېدى دېمە جۇمۇ!
ھېسامنىڭ خېرىدارلىرى غۇلجا شەھىرىنىڭ تۆت تۆگۈرۈ-
گىدىكى ناھىيە، يېزىلاردىن تارتىپ، نېرىسى موڭغۇلكۈرە، كۇ-
نەسلەردىنمۇ ئالايىتەن ئۇنى ئىزدەپ كېلەتتى.
— ھېسامكا، كېلەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنىسى بالامنىڭ
سۈننەت تويى، تالدىدا[1] چوڭ ئولتۇرۇش بېرىمەن. ئاغىنىلەرگە
ۋەدە قىلىۋەتتىم جۇمۇ، ھېسامكام ئۆزۈمنىڭ ئاكىسى، چىقماي
قويمايدۇ دەپ، چىقمىساڭ ئۆلتۈرىسەن مېنى! بىر كۈن ئاۋۋال
ئۆزۈم ماشىنا ئەپكېلىمەن جۇمۇ!
— ھەي قانداق بولاركىنتاڭ، جىرغىلاڭنىڭ باللىرى كې-
لەر شەنبە مەشرەپ دەۋاتاتتى، — ھېسام ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمى-
غان بۇ «ئىنىسى»غا قاراپ ئىككىلەندى.
— ئۇنداق دېمە ئاكا، توي تۈگىگەندە ئۆزۈم ئەكىرىپ قويە-
مەن. ساڭا بىر قازاق قويىنى ئاتاپ قويدۇم جۇمۇ!
— جىرغىلاڭدىكىلەرنىڭغۇ چاقچاقچىلىرى بار، — دەيتتى
ھېسام سەل بوشىشىپ.
ئىلگىرى شەھەر ئىچى مەھەللىسىدىكى «قىزىل بىنا»غا،
كېيىنچە ھېسابنىڭ تاشلەپكىدىكى بىنا ئۆيىگە كېلىدىغان ئادەم-
لەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى (ھازىرغۇ كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى-
غۇ، ھېسام ئۆيىگە ئۇچۇر قالدۇرىدىغان تېلېفون ئورنىتىۋالدى)

— ھېسامكام راستلا ئۆيدە يوقما؟
زېمىنخان ھېلىلا ئۇزاتقان بىر ئىزدەپ كەلگۈچىگە ئېيتقان

① تالدا ـ كۈنەس ناھىيىسىدىكى بىر يېزا.

www.uyghurkitap.com

گېپىنى، يېڭى بىرىگە تەكرارلايتتى:

— دېدىمغۇ، يوق دەپ، ئۇ كىشى ئەتىگەن چىقىپ كېتىدۇ، يېرىم كېچىدە كېلىدۇ، بەك ئالدىراش!

كەلگۈچى تېپىرلايتتى:

— ئاپلا، بۈگۈن كەچتە شىپاڭدا مەشرىپىمىز بار ئىدى — دە!

— تۈنۈگۈنلەردىن دەپ قويىماي، — زېمىنىخان ھېسداشلىق قىلاتتى، — ئىزدەپ يۈرگەنلەر جىق ئۇ ياقنى. يا كەچ پاتتا بىر كېلىپ باقامسىز؟

گاھىدا ھېسامنى ئۆيدە ياكى بازاردا، بىر دودىلا بىر نەچ-چەيلەن تالىشىپ قالاتتى.

— ھېسامكا، مەن ساڭا دەپ قويغىنى نىكەم ھە؟

— ھېسامكا، ئۆزۈڭ بولىدۇ دېگەچكە مەن مېھمانلارغا خە-ۋەر قىلىۋەتتىم جۇمۇ!

— بېرىپ ئىككى سائەت بولسىمۇ ئولتۇرۇپ بەر!

— ھېسامكا، زاكالات ئەپقويغانمىدىڭ يا! بوشاپ كەتتىڭا؟

ئىلى چاقچاق دىيارى، چاقچاقچىلارمۇ كۆپ. چوڭى روزى ئابدۇۋەلى، ساتتار قۇرۇقتىن تارتىپ، ياشلىرىنىڭ سانى يوق، بەزىلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئەستە تۇتۇپ بولالمايدۇ ئادەم. لېكىن شۇ چاقچاقچىلارمۇ ئۆزلىرىنى ئېيتقان سورۇنغا بېرىپ، جايلى-شىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن خۇددى سورۇندا بىر نېمە كەم-دەك ئۆپچۆرىسىگە، ئاندىن ساھىبخانىغا قارايتتى.

— ھېسامكام كېلەمدا؟

غۇلجىنىڭ ياش قىزىقچىلىرى ھېسامنىڭ سورۇنلارغا بېرى-شىنى ئالايىتەن بىر چاقچاق تېمىسى قىلىۋالغان.

— ھېسامكا، بازار چاپ - چاپ، ھە؟

— ۋاھ، ھېسامكاملار ئۇمىدا ھازىر!

— ھېسامكا، سىبنى پەنجىگە[1] ئايروپىلان ئەكەلمىسە پەنجىم-

---

① پەنجىم - غولجا ناھىيىسىنىڭ شەھەرگە يېقىن بىر يېزىسى.

گىمۇ چىقمايدۇ دەيدىغۇ ھازىر؟
— ھەي، ھەي، ھېسامكامنىڭ چىشىغا تەگمەڭلار جۇمۇ، سىيرىۋەتمىسۇن يەنە!
— سىيرىغۇدەك يېرىڭ بولسا سېيرىماماداۋاي، ئەبەيخان، خوتۇنىنىڭ يانچۇقۇڭنى تولا سىيرىپ، ئاچچىق ئۇچەيدەك قىپقو. يۇپتۇ سېنى!
باياتىن گەپ قىلماي ئولتۇرغان ھېسام ئاخىرقى پاچاقچىدىن باشلاپ، باياتىن ئۆزىگە ھۇجۇم قىلغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر باشتىن تەگكىلى تۇردى. قىزىقچىلار بىرلىشىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلاتتى، ھېسام بولسا ئۈچ - تۆت چاقچاقنى يۈگەپ بىراقلا سالاتتى. ياشلارنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىمۇ شۇ. ئۇلار ھېسامنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئەڭ ئۆتكۈر چاقچاق، ئوخشىتىش، تەئەددى ۋە قاپىيىلىك ئۇلانما، ئىبارىلەرنى سۇدەك قويۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.
— ھېسامكام، ئەمدى ئىچىلدىڭ!
— تازا خورۇچىغا كەلدى!
— يەنە بىر، يەنە بىر تېرىكتۈرە ئاۋاكرى!
— ئىككى رومكا كەم!
شۇنىڭ بىلەن ياش چاقچاقچىلاردىن بىرى ساقىيدىن ئىلتىماس قىلىپ ئىككى رومكا «بېلىق كۆزى» ھاراق سورىۋالاتتى - دە، ھېسامغا خۇشكەتتى تۇتاتتى.
— ھېسامكا، رەنجىمە جۇمۇ، بايىقىلار ھەممىسى چاقچاق. بىلىسەنغۇ، باللار ساڭا ئەركىلەيدۇ.
— چاتاق يوق ۋەلى، بىزمۇ شۇ چاقچاق دەپ كېلىمىزغۇ بۇ سورۇنغا! — ھېسام ھاراقتىن قايتمايتتى. تولا ھاللاردا ئىچكەنسېرى ئىچىلاتتى. ئەمما ھازىر ئۇنداق ئەمەس.
سەلدىن كېيىن ياشلارنىڭ ئوپچە ھۇجۇمى يەنە باشلىناتتى، ھېسامىمۇ يېڭىۋاشتىن جەڭگە ئاتلىناتتى. سورۇن ئەھلىگە كېرەكىمۇ شۇ ئىدى.
— كېلىشە، ھەممىڭ بىر بولۇپ كەل، روزى توخۇيىڭنىمۇ

ئالغاچ كەل!

— ھېسامكا، چىدىماسلىق قىلما، ئاغىنەڭنىڭ باياتىن گۆشىنى تازا يېدىڭ، ئەمدى ئۆزىنى ھۆرۈ - پۆرۈ دەۋاتسەڭنغۇ!

— مۇشۇ روزىمۇ قىزىقكەن، — دەيتتى ھېسام چاقچاقنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىپ. بۇ ئۇنىڭ چاقچاقچىلىقتىكى بىر سەنئىتى ئىدى، — بىر قېتىم ئولتۇرۇشتا ئۇ ماڭا دەيدۇ: «ھېسامكا، خېلى بولدى مېنى ئوخشاتمىغىنىڭغا. قېنى، ئاۋۇ تەخسىدىكى گۆشۈمدىن بىر چوكا ئېلىپ تۇرۇپ، بىر يېڭىياچە ئوخشىتىپ باقە!»

— توۋا دەيمەن، — دېدىم مەن، — قارا روزى، سەن ھېچكىم يېمىگەن نەرسىلەرنى يەيدىكەنسەن، سېنى ھەممە ئادەم يەيدىكەن...

ئاپلا، چاقچاقنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئەسلىي ماۋزۇدىن چەتنەپ كەتتۇقمۇ نېمە؟ ئاستا قايتىۋالايلى!

غۇلجىنىڭ چاقچاقچى يىگىتلىرى ھېسامنىڭ سورۇنلارغا بېرىشى ھەققىدە تېخى ۋەقەلىك يۇمۇرمۇ توقۇشۇۋالغان.

— ھېسامكام توك يوق بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ قاپتۇ، — دەپ گەپ باشلىدى بىر يىگىت، ئۇ كۈنى زېمىنىنخىندەم سەھراغا چىقىپ كېتىپ، ھېسامكام ماخمۇت بىلەن يالغۇزلا قاپتىكەن. شام يورۇقىدا زېرىككەن ماخمۇت:

— دادا، چۆچەك ئېيتىپ بېرە! — دەپ جېدەل قىپتۇ.

— بولىدۇ، دەپتۇ ھېسامكام ۋە چۆچەكنى باشلاپتۇ،

— ئەمىسە جىم ئاڭلا، ھە، بىر كۈنى بىر ئادەم ئۆيىدىن چىقىپ يىراق بىر يەرگە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ...

— ۋاي - ۋۇي، مېڭىۋېرەمدۇ؟ — دەپتۇ ماخمۇت زېرىكىپ.

— ھە، دېدىمغۇ يىراق يەرگە دەپ، يىراق بولغاندىن كېيىن مېڭىۋېرىدۇ - دە! شۇنداق قىلىپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ...

دەل شۇ چاغدا ئىشىك تاقىلداپتۇ. ماخمۇت بېرىپ ئىشىكنى ئاچسا، باغاق تۇتقان بىر يىگىت بوسۇغىدا تۇرغۇدەك.



www.uyghurkitap.com

— ھېسامكا، ئۆيۈڭنى ئىزدەپ ـ سوراپ ئاران تاپتىم، بۈگۈن كەچ بىر تۇغقىنىمىزنىڭكىدە توي ئولتۇرۇشى ئىدى. ھەممىسى ساڭا قاراپلا قالدى. مانا باغنىڭ.

ھېسامكام بىرنېمە دەي دېگۈچە ھېلىقى يىگىت باغاقنى ئېچىپ ئۇنىڭغا تەڭلەپتۇ. ھېسامكام شۇنداق قارىسا باغاقنىڭ قېتىدا يۈز سوملۇقتىن ئىككىسى تۇرغۇدەك.

— بۇ… بۇ تويغا بارمىساق بولمىغۇدەك، — دەپتۇ ھېسامكام ۋە چاپىنىنى كىيگىلى تۇرۇپتۇ.

— دادا، دادا، چۆچەكنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمىدىڭغۇ، — دەپتۇ ماخمۇت بوسۇغىدىن ئاتلىغان ھېسامغا ئېسىلىپ، — ھېلىقى ئادەم قانداق بوپتۇ.

— ھە، راستلا، — ھېسامكامنىڭ ئېسىگە چالا قالغان چۆچەك شۇ چاغدىلا كەپتۇ، — نەگە كەلگەندۇقا؟ ھە، ھېلىقى ئادەم مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ دېگەن يەرگە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن قارا ماخمۇت، ئۇ ئادەم مېڭىپ كېتىۋېتىپ پوكلا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. ماڭايلى ئۇكا، تويىنى چېلەك خاڭزىدا دېدىڭما؟

— ماڭە ۋاي ئەكرەم، ھېسامكام ماخمۇتنى يالغۇز تاشلاپ تويغا كېتىپتىمۇ؟

— ئېلىۋالغاندۇر تايىنلىق؟

ئەكرەم گەپ بېرەمدىغان.

— شۇ ئارىلىقتا زېمىنىخىنىدەم كېلىپ قاپتۇ.

— شامنىڭ يورۇقىدا قىلىدىغان ئولتۇرۇشمىكەن ئۇ؟

— تاشلەپكىدە بولمىغان بىلەن چېلەك خاڭزىدا توك بار ئۇ كۈنى، بىزنىڭ مەلىغۇ!

1985 ـ يىلى ھېسام بېيجىڭغا فولكلور يىغىنىغا باردى. ئۇ بېيجىڭدىكى كۈنلەردە ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۇنى تالىشىپ، ھە دېسە ماشىنا ئەكېلىشىپ، ھېسامنى ئۆي ـ ئۆيلىرىگە ئەپقاچقان پاراڭ.

— ھېسام كەپتۇ، ئولتۇرۇش قىلىۋالايلى، — دەپ ئون بەش يىل ئۆيىگە مېھمان چاقىرمىغانلارمۇ مېھمان چاقىرىپ كەتتى

بېيجىڭدا، — دەپ قىزىقچىلىق قىلغانىدى كېيىنچە ھېسام غۇلجىدا.

بېيجىڭدىكى يىغىن مەزگىلىدە تەتقىقاتچى ئابدۇشۇكۇر تۇردى بىر قېتىم ھېسامغا چاقچاق قىلدى:

— ھېساماكا، سەن ھە دېسە يوقاپ كېتىۋاتىسەن، ماۋۇ بېيجىڭ دېگەن يامان چوڭ شەھەر جۇمۇ. دىققەت قىل، قىزلار ئاپقېچىپ كەتمىسۇن يەنە!

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ، — دېدى ھېسام، — ئۆيدە خوتۇن تۇرمايۋاتسا، مۇشۇ چىرايىم بىلەن ئەپقاچىدىغان قىز نەدىكەن ماڭا! خاتىرجەم بولە ئابدۇشۇكۇر، بەشتە بىخەتەرمەن.

ھېسام شۇ يولى بېيجىڭدىن قايتىپ، ئۇرۇمچىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەر ھېسامنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال سورۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر يۈرۈش سەنئەت نومۇرلىرىغا كىرىشتۈرۈپ ھېسامنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتكە ئالدى.

— شۇ قېتىم سۈرەتكە ئېلىش تۈگىگەندىن كېيىن، — دەپ ھېكايە قىلىدۇ شائىر ئەخمەتجان قۇربان، — ھېساماكامنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەتتىم. ئۇ چاغلاردا ئۆيىمىز شىمگودا ئىدى. ھېساماكامنى ئۆيگە ئەكېلىپ، تازىلىقىنى ياخشىلاپ قىلىپ، «ئەمدى ئوبدان بىر نەچچە كۈن ئارام ئال ئاكا، ئۆزۈڭنىڭ ئۆيۈڭ بۇ» دەپ ئەتىسى خىزمەتكە كەتتۇق. قايتىپ كەلسەك ھېساماكام ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق، «ئاپلا، بۇ تونۇمايدىغان يەرلەردە نەدە يۈرىدىغاندۇر بۇ ھېساماكام؟» دەپ ئەنسىرەپ قورۇنى ئىككى ئايلاندىم. بىر چاغدا قارىسام، نېرىقى كورپۇستىكى بىر قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدىن ھەدەپ كۈلكە ئاۋازى چىقىۋاتامدۇ. كۆڭلۈم بىر نېمىنى تۇيۇپ، قوشنامنىڭ بوغۇۋالغان كىچىك قوراسىغا كىردىم. ئۇنىڭغۇچە قوشنام ئۆزى ئۆيدىن چىقىپ قالدى.

— ۋاي كېلىڭ ئۇكا، تېخى سىزنى ئىشتىن كەلگەن بولسا باشلاپ چىقاي دەپ ئۆيىڭىزگە مېڭىشىمتى، — دېدى قوشنام. نېمە ئىشتۇر بۇ دەپ ئۆيگە كىردىم. قارىسام قوشنامنىڭ ساراي

ئۆيگە شىمگودىكى سۆز تېگەر، بۆز تېگەرلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، ئاپتۇ، ئولتۇرۇش قىزىپ كەتكەن گەپ. تۆردە ئىككى ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ ھېكىمبەگدەك ھېسامكام ئولتۇرىدۇ!

سالامدىن كېيىن بىر نېمە دەي دەپ ھېسامكامغا قارىشىمغا، ئۇ مەندىن چاققان چىقتى.

— كېلىنگۆي ئەخمەتجان ئۇكا، ھە، سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ مەشەدىمۇ؟ — دېمەمدۇ كۆزىنى مىت قىلماي.

ئارتۇق گەپ قىلمايلا چاقچاققا تەگدىم، ھېسامكاممۇ بوش كەلمىدى. ئىككىمىز بىردەم تۇتۇشۇپ كەتتۇق. سورۇندىكىلەر كۈلۈۋاتىدۇ.

ئۇنىڭغۇچە تاماق كەلدى، بىر نەچچە رومكا ئىچكەنمۇ بولدۇم. سورۇن سەل پەسكويغا چۈشكەندىن كېيىن مەن بولغان ئىشلارنى كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەردىم.

— مەن تېخى ھېسامكام بىرەر كۈن ئارام ئالسا، ھەرقايسىڭلارنى ئۆيۈمگە چاقىرىپ، ئالدىڭلارغا بىرەر چىنە چاي قويۇپ، ھېسامكامنىڭ بىر پەيزىنى ئالغۇزاي دېگەنىدىم، — دېدىم ئاخىرىدا.

گېپىم شۇ بولدىيقۇ، سورۇندىكىلەر تۇشمۇ تۇشتىن چۇرقىرىشىپ كەتتى:

— بولدى ئۇكا، چوڭلارغا يول قويۇڭ!

— ھېسامكامنى بىزگە خۇدايىم ئەكېلىپلا بەردى دەڭا. مانا، ئولتۇرۇشىمىز بۈگۈندىن تارتىپ باشلىنىپ كەتتى.

— سىزگە ئۆچىرەت تېخى خېلى بار!

مەن «نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى» دېگەندەك ساھىبخانىغا قارىدىم.

— ھېسامكام زېرىكىپ تالاغا چىقىپتىكەن، پوككىدە ماڭا ئۇچراپ قالدى قاراڭ ئۇكا، شۇنىڭ بىلەن ئاغىنىلەرنى يىغدىم، بايا سىز كەلمەستە ھېسامكام تالاش - تارتىشتا قالدى. بۈگۈن بىزنىڭكىدە غورىگۈل بولسىمۇ ئولتۇردۇق. ئەتىدىن تارتىپ ئولتۇرۇش شىمگونى چۆرگىلەيدۇ، مانا!

www.uyghurkitap.com

قوشنام تۆش يانچۇقىدىن بىر تىزىملىكنى ئېلىپ ماڭا قارىدى:

— ئوقۇيمۇ؟

— بولدى، — دېدىم ۋە نۆۋىتىمدە مەن ھېسامكامغا قارىدىم، — ھېسامكا، ئەتىگەن ماڭا شىمگودا سەندىن بۆلەك بىرمۇ تونۇشۇم يوق، دەۋاتاتتىڭغۇ؟

— قىزىقكەنسەن ئەخمەتجان ئۇكا، تونۇشۇم يوق دېدىم، مېنى تونۇيدىغانلار يوق دېمىدىمدە!

ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ قالدىم.

— ھېسامكام خۇدايىم بەرگەن ئادەم، — دېدى سورۇندىكى بىر مۇئەللىم قوشنام، — ئۇ ھەممىمىزنىڭ دوستى، پۈتۈن ئۇيغۇرنىڭ تۇغقىنى!

نېمىدېگەن تەسىرلىك، جايىدا گەپ ھە؟ ئەزىز ئوقۇرمەن، سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟

مۇئەللىپ ئىشىنىدۇ، شۇنداق ئويلايسىز.

# 54. ھېسام ۋە تېيىپجان ئېلىيوف

تېيىپجان ئېلىيوف — ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مەلىكىلىك بايراقدارى، ئاتاقلىق شائىرى بولۇپلا قالماستىن، نۆۋەتتە يەنە ھازىر جاۋاب چاقچاقچى ئىدى. بۇنىڭغا كەمىنە مۇئەللىپ تۈزگەن «تېيىپجان ئېلىيوف چاقچاقلىرى» ناملىق كىتاب گۇۋاھ بولالايدۇ.

بىلىشىمىزچە، ھېسام بىلەن تېيىپجان ئېلىيوف ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا تونۇشقان. شۇ يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنى قايتا نەشر قىلىشنىڭ تەييارلىقى سۈپىتىدە، غۇلجا شەھىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن مېھمانلار ئارىسىدا تىيىپجان ئېلىيوپمۇ بار ئىدى.

غۇلجىلىق ئاپتورلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، گەپ ئارىسىدا تېيىپجان توساتتىن:

— راست، ھېسام بارمۇ، ھېسام؟ — دەپ سورىدى كۈلۈمسىرەپ. ئوزايىدىن ئۇنىڭ ھېسام بىلەن بىر چاقچاقلاشقۇسى باردەك قىلاتتى.

— ھېسامكام بار، بىز خەۋەر قىلىپ قويايلى سىزنى سوردى دەپ، — دېدى بىرەيلەن.

— ئۇ بۇرادەر بىلەن تېخى كۆرۈشمىدۇق، بىراق چاقچاقلىرى قۇلىقىمىزغا يەتتى، — دەپ قويدى تېيىپجان. گەپ شۇنچىلىك بولدى، سۆھبەت تېمىسى ئۆزگەردى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، دېگەندەك ھېسام يەنە بىر ـ ئىككى قەلەمكەش بىلەن بىرگە، يىغىن ئېچىلىۋاتقان جاي، 4 ـ دۆلەتلىك مېھمانخانىسىغا ئالدىرىماي دەسسەپ

كىرىپ كەلدى.

— تېيىپجان قەيەردە؟ — دەپ سوراپ ماڭدى ئۇ ئۇچرىغان-لاردىن. كىملەردۇر ئۇنى تېيىپجان ئېلىيوپىنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىردى. بۇ چۈشلۈك ئارام ۋاقتى ئىدى.

— مانا تېيىپجىنىكا، سىز سورىغان ھېسام دېگەن چاقچاقچى ئاكىمىز!

— ئىسمىنى دېمىگەن بولسىڭىزمۇ تونۇۋالاتتىمكەن، — تېيىپجان ھېسام بىلەن كونا تونۇشلاردەك كۆرۈشتى. بايا ئېيتقىنىمىزدەك چۈشلۈك ئارام ۋاقتى بولغاچقا، تېيىپجان ئۇخلاش كىيىمى بىلەنلا ئىدى. ھېسام ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا چاقچاق قىلدى:

— كىيىمىڭىز يارىشىپتۇ، شائىرلارغا تارقاتقانمۇ؟

تېيىپجان ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

— راستكەن، راست ھېسامكەن، ئەسلىي مالكەن!

ئىككىيلەن ئۆزئارا قايتا ئەھۋال سوراشتى. ھېسامنىڭ ئۈستۈۋېشى سەل ئاۋارە ئىدى. تېيىپجاننىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدە سەل خىيالچانلىق ئەكس ئەتتى. لېكىن ئۇ چىرايىغا دەررۇ كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ھېسامدىن سورىدى:

— ھېسام دەۋىرىمىزمۇ، ھېسامتاي دەيمىزمۇ؟ قارىسام ئۇ-رۇمچىدىكى ياش باللار ھېسام بىلەن بىز ئەل - ئاغىنە دەپلا يۈرىدىچۇ!

ھېسام جانلاندى.

— ھوي تېيىپجان، تاي دېسىڭىز ماۋۇ ئابلىزلار مىنىمىز دەپ، ئادەمنى ئاۋارە قىلىدۇ جۇمۇ!

ياتاقتا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. تېيىپجان يەنە سورىدى:

— ھە بوپتۇ، ھېسام، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسىز؟

— نېمە قىلاتتۇق دەيسىز تېيىپجان، شەھەر ئىچى مەھەللىسى بىلەن خەنزۇ بازىرىنىڭ ئارىلىقىنى چىڭداپ يۈردۇق. يېيىشىمىز ھاۋا، ئۆيۈن كاتتا!

تېيىپجان ھېسامنىڭ سۆز داۋامىدىكى ھەرىكەت، قىياپەتلى-

ـرىگە ئىنچىكىلەپ نەزەر سالماقتا ئىدى. ئىككىيلەن چاقچاق سوئال ـ جاۋابىدا تازا دەل تېپىشقانىدى.

— ياخشىكەن، — دېدى تېيىپجان بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۇن بىرىنچى نومۇرلۇق يالۇجى مەن دەڭ. بۇمۇ ئاسان ئىش ئەمەس، پاچىقىنىڭ كۈچى بار ئادەم قىلالايدۇ.

ھېسامنىڭ چىرايىغا ھەييار كۈلكە يۈگۈردى.

— ئاڭلىساق، سىزنىڭ پاچاقىنىزمۇ نوچى دەيدىغۇ، تېيىپجان؟

تېيىپجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلكە ئارىسىدا بېشىنى ئىرغىتتى.

— خەۋەر كېلىپ بوپتۇ ـ دە! مەخپىيەتلىك قالماپتۇ، ھە، پەتتارجان؟

— ئەمما بۇ گەپنى مەن دېمىدىم! — پەتتارجاننىڭ كۆزەينەك ئاستىدىكى كۆزلىرى چوڭىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ساددىلىقىدىن ياتاقتا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ، ھېسام بىلەن تېيىپجاننىڭ دوستلۇقى داۋاملىشىپ، زادىلا ئۈزۈلمەي كەلدى. «تېيىپجان» دېسە ھېسامنىڭ ئاۋازى زوق بىلەن تولۇق چىقاتتى. نۆۋەتتە تېيىپجانمۇ ھېسام ھەققىدە تولىمۇ ئىجابىي، ياخشى گەپلەرنى قىلاتتى. 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرى ئۇ غۇلجىغا كەلگىنىدە، سەلىمجاننىڭ ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاپ، رەتلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولغانىدى.

— ئىنتايىن ئوبدان ئىش قىپسىز، ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئۆزىمىز تولۇق يىغمىساق، باشقىلار قىلىشىپ بەرمەيدۇ، قانچىلىك توپلىدىڭىز؟

سەلىمجان ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە قىلغان ئىشلىرىنى بۇ كاتتا ھۆرمەت ئىگىسىگە قورۇنۇپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى.

سۆز روزى ئابدۇۋەلىنىڭ بىر چاغدا سەلىمجانغا دېگەن گېپى ۋە ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى توغرىسىدىكى باش قېتىنچىلىقىقا كەلگەندە، تېيىپجان ئېلىيوف كەسكىن ھالدا:

— توپلىغانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ھازىر ھېسامنىڭ نامىدا بولىۋەرسۇن. پۇرسەت بولسا شۇنداق چىقىۋەرسۇن. ھازىرقى ۋەزىيەتتە ماخمۇت، پۇرسەت غەنىيمەت. مۇھىمى ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى قويماي خامانغا يىغىش كېرەك. دېنىنى ئالدىرىماي ئايرىۋالىمىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا كېيىن غېزىنى غاز، ئۆردىكىنى ئۆردەك قىلىۋالمايمىزمۇ؟

ئاقساقالنىڭ شۇ گېپى سەلىمجاننىڭ جۇرئەتلىك ھالدا ھېسام چاقچاقلىرىنى مەتبەگە سۇنۇشقا، كىتاب قىلىپ، نەشرگە يوللىشىغا مەدەت بولغانىدى. ھازىر ئۇ غەنىيمەت زات يوق، لېكىن ئەمەلىيەت، تېيىپجاننىڭ شۇ سۆزلىرىنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىدى. يېقىندا «ئىشقىيار نامەت لەتىپىلىرى» مۇ «دۇردانە لەتىپىلەر» مەجمۇئەسى تەركىبىدە ئايرىم نەشر قىلىندى.

شۇ يولى، يەنى تېيىپجان ئېلىيوف سەلىمجانغا ھېسام چاقچاقلىرى توغرۇلۇق ئىجابىي مەسلىھەت بەرگەن مەزگىلدە، ھېسام بىلەن تېيىپجان نۇرغۇن سورۇنلاردا بىرگە بولدى. بۇ كەملەرگە كېلىپ ئۇلار ئىككىسىنىڭ بۇرادەرچىلىكى تېخىمۇ كونىرىغان، تالاي چاقچاقلارنى قىلىشىپ، تەڭ كۈلۈشۈپ ئۇلگۇرگەن ئىدى.

مەرھۇم تۇرسۇن زېرىدىننىڭ ئۆيىدىكى مېھماندارچىلىقتا، تېيىپجان ئولتۇرۇشقا سەل كېچىكىپ كەلگەن ھېسامغا چاقچاق ئارىلاش سوئال قويدى:

— ھېسام، ئاتلار ھېرىپ قالدىمۇ نېمە؟

ھېسام ئۆرە تۇرغان پېتى چاقچاقنى كەلتۈردى:

— ئات بولسا مەيلىدىغۇ تېيىپجان، تازا پىسىر كالىغا مىنىۋاپتىكەنمەن...

كۈلۈشمەك ئارىسىدا تېيىپجان:

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېدىم، — دېدى قايىللىق كۈلكىسى بىلەن، كېيىن يېنىدا ئولتۇرغان مەھەممەت توخسۇنوفقا قاراپ دېدى، — ئېتىمىز ئوتلۇقچۇ بىزنىڭ.

شۇ كۈنلەردە ھېسام غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى

تەشكىللىگەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىۋاتقان بولۇپ، بۇ ئۆمەك «شىنجاڭ ئامىمۋى مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ «ئاچا» ناملىق كومېدىيە-سىنى تەييارلاپ، غۇلجا شەھىرىدە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيە-لەردە ئوينىماقتا ئىدى. ھېسامنىڭ بۈگۈنكى كېچىكىشىمۇ شۇ-نىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ھېسام ئولتۇرۇپ، تاماق يەپ، بىرەر رومكىنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، تېيىپجان ئۇنىڭغا قارىدى:

— ھە، ھېسام، ئاڭلىسام سەنئەتچى بوپكېتىپتۇ دەيدۇ سې-نى؟

— شۇ، كونا ھۈنەرنى يەنە تېپىۋالدۇق دەڭا تېيىپجان، قىبرىغاندا.

— تېخى ياشقۇ سەن، نېمە دەيمىزا توخسۇنوف؟ بوز بالا دەيتتۇقما؟

— ئۆيلەنمىگەن شوخوزا، — نېرىدىن بىراۋ لوقما سالدى.

— ھە، ئۆيلەنمىگەن شاۋخوزى، — تېيىپجان بېشىنى لىڭ-شىتىپ كۈلدى. كېيىن:

— ھە، ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسىلەر ئۆمەكتە، ھې-سام؟ — دەپ سورىدى.

ھېسام ئىتتىكلا ۋە تەبىئىي سۈرەتتە جاۋاب قايتۇردى.

— شۇ، تېيىپجان، ئاچىڭىزنى ئويناۋاتىمىز!

ئالدى بىلەن تېيىپجان ئۆزى قىيقاس سېلىپ، تىزىغا ئۇ-رۇپ كۈلۈپ كەتتى. ئاجايىپ قاملىشىپ كەلگەن ئۇشتۇمتۇت چاقچاققا ئولتۇرۇشتىكىلەر تازىمۇ قاتتىق ۋە ئۇزاق كۈلۈشتى.

— ۋاي ھېسام، مەشەلىرىڭ نوچىدە! — تېيىپجان ئېلىيوف چىن ئىخلاس بىلەن كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كۆزلىرىنىڭ يېشىنى سۈرتكىنىچە خىتاب قىلدى، — يارايسەن!

بۇ چاقچاق ئەتىسىلا پۈتۈن غۇلجىغا، تېز ئارىدىلا ئۈرۈمچى ۋە باشقا جايلارغا تارالدى. رەھمەتلىك تېيىپجان ئېلىيوف تاكى ۋاپات بولغۇچە، سورۇنلاردا ھېسامنىڭ پارىڭى بولغان يەرلەردە

بۇ چاقچاقنى ئۆزى زوقلىنىپ تۇرۇپ، بايانى بىلەن قوشۇپ سۆزلەپ بېرىدىغان.

1980 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. ھېسام ئىلى ۋەكىللىرى تەركىبىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرى ۋەكىلى بولۇپ يىغىنغا كەلدى.

— مانا قارا ھېسام، ئاخىر چاقچاقلىرىڭنىڭ راھىتىنى كۆرۈپسەندە، ھېلىقى، سېنىڭ گەپلىرىڭنى يىغىپ، قاش ـ كىرپىك چىقىرىپ يۈرگەن بالىنى ئۇنتۇما جۇمۇ!

— ياقەي تېيىپجان، ئۇنتامدىغان، — دېدى ھېسام. تېيىپجان يەنە ھېسامغا قاراپ:

— قايتىپ بارغاندا شۇ بالىغا دەپ باقسىن، ئۈرۈمچىگە كەلگۈسى بارمىكىن. ھازىر ۋېلىيەندىمۇ ئىشلار ئىزىغا چۈشۈۋاتىدۇ، بۇ يەرگە شۇنداق ياش بالىلار كېرەك.

گېزى كەلگەندە قوشقاچ كېتەيلى، تېيىپجان ئېلىيوف تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە سەلىم جامالنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىش نىيىتىدە ۋە ھەرىكىتىدە بولغانىدى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ بىر قىسمى ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدىكى «تيەنشەن داسا»[①]دا ياتقانىدى. ئەتىگەندىن تارتىپ تاكى كەچكىچە بوش ۋاقىتلاردا، ھەتتا يېرىم كېچىگىچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ھېسام بار ياتاقنى ئاۋات قىلاتتى. ھەممەيلەن ھېسامنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدى.

ئارىلاپ تېيىپجان ئېلىيوف يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى بىلەن ھېسامنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كېلەتتى.

— ۋاھ جامائەت جەمكەندە! ھە، ھېسام قىزىق گەپلىرىڭنى بىزمۇ ئاڭلايلى، قېنى!

مېھمانلار جەنۇبلۇق بۇرادەرلەر ئالغاچ كەلگەن قاق، ياڭاق-

---

① تەڭرىتاغ مېھمانخانىسى.

لارنى زاكۇسكا قىلىپ، ئىلىلىق ۋەكىللەر ئالغاچ كەلگەن «ئىلى داچۇ» نى ئىچكەچ ھېسامنىڭ چاقچاقلىرىدىن ھۇزۇرلىناتتى.

— تېيىپچان، سىزمۇ پاراڭ قىلىڭا، ئاڭلاپ قالىلى، — دەيتتى ھېسام بۇنداق چاغلاردا گېپىنى توختىتىپ.

تېيىپچان كۇلۇمسىرەپ، كۆپچىلىككە قارايتتى.

— ھە، قېنى ھېسام، ئۆزلەردىن كېلىۋەرسۇنا، تۇرپانلىقلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا «تۇرغانلار تۇرۇپ تۇرسۇن، ماڭغانلارنى يەيلى»، قانداق دېدىم، ھە؟

بەزىدە، ھېسامنىڭ تەكلىپىگە تېيىپچان ياق دېيەلمەي كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلاتتى:

— دەيمىزما ئەمىسە؟

ۋەكىللەر تۆشمۇ تۆشتىن ئاۋاز قوشاتتى:

— ھە، تېيىپچىنىكا، سىزدىنمۇ كەلسۇن!

— ھېسامكام ھېرىپ قالدى.

— ئەمىسە ئىشىكنى ياپىدىغىنىڭدىنلا ئېيتايلىمۇ؟ — تېيىپچان ئېلىيوف ۋەزمىن پارىڭىنى باشلاشقا تەرەددۇتلىنەتتى، كىمدۇر بېرىپ ئىشىكنى يېپىپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا تېيىپچان ئېلىيوف رۇسلارنىڭ ئانىكدوتلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان، بىر - بىرىدىن ئۆتكۈر ۋە يېڭى لەتىپە، چاقچاقلارنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن سۆزلەپ، ھېسامنى ۋە باشقىلارنى قاقاقلاپ كۇلدۇرەتتى.

كەچلىكلىرى تولىراق، ۋەكىللەر ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە مېھماندارچىلىققا مېڭىشاتتى. ھېسام كۆپىنچە تېيىپچان باشلىغان يەرلەرگە باراتتى.

— ھېسامكا، بىز بىلەن بىر يەرگە بارسىڭىز قانداق، سامبخانا تاپىلاپ كېتىۋېدى، — دەيتتى بەزىلەر ھېسامنىڭ ئالدىنى توسۇپ.

ھېسام نائىلاج قىياپەتتە مۇرىسىنى ئېتىپ قويۇپ، چاقچاق قىلاتتى.

— خاپا بولمايسىلەر، تېيىپچانغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدىم.

— ھە، تېيىپجىنىكامىمۇ؟ ئەمىسە مەيلى! — تەكلىپ قىلغۇچىلار دەررۇ قايىل بولاتتى.

بىر كۈنى ھېسام يەنە شۇنداق بىر سورۇنغا تېيىپجان قاتارلىق بىر نەچچە چوڭلار بىلەن بىرگە ماڭدى. «تەڭرىتاغ مېھمانخانىسى» نىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ، ھەممەيلەن ماشىنىلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان توغرا يولدىن نېرىقى چەتكە بىردىن ـ ئىككىدىن بىر ئامالىلار بىلەن ئۆتۈشتى. كۆپچىلىك قارىۋېدى، ھېسام تېخىچە يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماشىنىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئاجايىپ قىزىق بىر ھەرىكەت بىلەن نېرى ـ بېرى يۈگۈرۈپ يۈرۈپتۇ.

— ھوي، ھېسامكام نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇر؟ — دېدى بۇرادەرلەردىن بىر ئەنسىرەپ.

ھېسامنىڭ ھەرىكىتىگە ئەنسىز قاراپ تۇرغان بولسىمۇ، تېيىپجاننىڭ ئاغزىدىن بىئىختىيار يۇمۇرلۇق جاۋاب چىقىپ كەتتى:

— ھېسام ئۇرۇمچىگە كېلىپ مېڭىشنى تۈزەۋاتىدۇ.

ھېسام ئاخىر يولدىن سالامەت ئۆتتى، بايىقى ئوخشىتىشنى چۆرىدەپ بىر پەس چاقچاقلار بولدى. ھېسامىمۇ بوش كەلمىدى.

— مەنغۇ خېلى چاققان ئۆتتۈم، تېيىپجان ئۆتكەن بولسا قاتناش ۋەقەسى چىقاتتى.

— تېيىپجىنىمكام سىزدىن بالدۇر ئۆتۈپ كەتتىغۇ ئەنە! — بايىقى ئەنسىرىگەن شائىر دەيدەيگە سالدى:

— شۇ، تېيىپجان يولنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ، قىستاڭچىلىق بوپكەتكەن گەپ، بولمىسا بۇنداق يوللاردىن يۈگۈرۈپ ئۆتىمىزبىز! — ھېسام گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئۇلار يول بويى پاراڭ، چاقچاق بىلەن ئالدىرىماي مېڭىشتى، بۈگۈنكى مېھماندارچىلىق دۆڭكۆۋرۈك تەرەپتە ئىدى. يولدا ئۇچرىغان تونۇشلار ئۇلار بىلەن ئۈزمەي سالاملىشاتتى. بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئۈچ يىگىت سالام بىلەن توسىدى:

— تېيىپجىنىكا، بۇ ئادەم كىممۇ؟ — يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىكى غۇلجىلىق بىرى گەرچە ھېسامنى تونۇسىمۇ، چاقچاق چىقىرىش

قەستىدە ئەتەي سورىدى:
— تونۇمامسىلەر؟ — دېدى تېيىپجان ئېلمىيوف، — بۇ كىشى ھېلىقى سىلەر چاقچاقلىرىنى دەپ يۈرگەن ھېسام شۇ، ئەمەسمۇ! ھېلىقى يىگىت ھەييارلىق قىلدى.
— نېمە دەيدىغانسىز تېيىپجىنىكا، ھېسام، ھېسام دېسە قانداقراق ئادەمكىن دېسەك، يەردە تىك تۇرالمايدىغان ئادەمكەنغۇ بۇ!
— يەردە تىك تۇرالمىغان بىلەن، بىر تىيىننىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ بۇ! — دېدى تېيىپجان تەخىرسىزلا.
يىگىتلەر كۈلە ـ كۈلە، ھېسام بىلەن بۆلەكتىن ئامانلىشىپ، بىر مۇنچە چاقچاقلىشىپ، يولىغا راۋان بولدى.
ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ، تېيىپجان غۇلجىغا يەنە بىر كەلگەندە سەلىم جامال ئۇنىڭ بىلەن بىر سورۇندا كۆرۈشۈپ قالدى.
— ھېسام بارمۇ، يۈرەمدۇ؟ — دەپ سورىدى تېيىپجان سالاملاشقاندىن كېيىنلا.
— بار، — دېدى سەلىمجان.
— تېيىپجان مېنى چاقچاقتا چوقۇۋالدى دەپ بەردىمۇ، ھەي، دېمەيدۇ ئۇ ھە؟ — تېيىپجان راھەتلىنىپ كۈلدى.
— شۇدە، دېمەيدۇ، — سەلىمجان قىزىقىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى.
— ئۇنى بۇدا كۆرگەندە، — دېدى تېيىپجان قىزىقچىلىق بىلەن، — ھېلىقى بىر يىلى ئۇرۇمچىگە بارغاندا «تىك تۇرىدۇ» دېگەن چاقچاقنى ئاڭلىغانمىدىڭ ھېسامكا؟ — دەپ قويۇڭ، نېمە دەيدىكىن؟
بىر نەچچە كۈندىن كېيىن سەلىمجان ھېسامنى شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپ قالدى.
— تېيىپجاننى كەپتۇ دەيدىغۇ؟ — سورىدى ھېسام دەررۇلا، — كۆرۈشتىڭىزمۇ؟
سەلىمجان باشقا گەپ قىلمايلا ھېسامنىڭ كۆزىگە كۈلۈپ

قارىدى ۋە:

— ئىنك تۇرىدۇ! — دېدى.

— تېيىپجان دەپ بېرىپتۇ - دە، — ھېسام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — شۇ قېتىم تېيىپجان مېنى بىر بابلىۋالدى جۇمۇك، چاقچاققا يامان ئادەم ئۇ!

ئالدىنقى بابىمىزدا سۆزلەپ ئۆتكەن، ھېسام بېيجىڭ سەپە-رىدىن يېنىپ ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە تېيىپجان يەنە ھېسام بىلەن نەچچە كۈنلەر ھەمراھ بولدى، ئۇنى ئولتۇرۇش، توي - تۆكۈنلەرگە بىرگە ئېلىپ باردى، تەڭ چاق-چاقلاشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك قىممەتلىك خاتىرە بولۇپ قالدى. ھېسام بۇنى ھەرگىز ئەستىن چىقارغىنى يوق!

شۇ قېتىم تېيىپجان ھېسامنى ئالايىتەن ھۆكۈمەت ھېسابىدا ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ھېسام بۇ ياتاقتا خېلى كۈنلەر تۇرۇپ قالدى. تېيىپجان دائىم دېگۈدەك ياتاققا كېلىپ، ھېسام-نىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئۇنى تازىلىق، ۋاقتىدا غىزالىنىش ۋە سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىش دېگەندەك تەرەپلەردە دىققەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايتتى. يەنە كې-لىپ تېيىپجان بۇ گەپلەرنى چاقچاق تەلەپپۇزىدا، ماھىرلىق بە-لەن قىلاتتى، ئۇ ھەرقاچان خەقنىڭ كۆڭلىگە، غورۇرىغا تېگىپ قالىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

— ھېسام، — دېگەنىدى ئۇ شۇ دورەم بىر قېتىم، — دىققەت قىل ھە، ماۋۇ ياتاقنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرى ئۆزى مېڭىپ تالاغا چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن!

ھېسام تېيىپجاننىڭ تەئەددىسىنى دەرھال چۈشەندى ۋە ئۇ-نىڭ دېگىنىدەك قىلدى.

— تېيىپجان ئېسىل ئادەم ئىدى، — دەيدۇ ھېسام ھازىرمۇ، شائىرنىڭ گېپى چىقسىلا، — ئۇنىڭدەك ئادەملەر ئاسانلىقچە چىقمايدۇ جۇمۇ، رەھمەتلىك، تېخى تالاي ياشايدىغان ئادەم ئى-دى!

# 55. سەپەر كۆلكىلىرى

مىلادىيە 1984 ـ يىل، باھار، توققۇزتارا ناھىيىسى.

غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى بۇ يەردە ئويۇن قويۇۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. توققۇزتارالىق ئۇيغۇرلار غۇلجىدىن ھېسام قۇربان، داۋۇتجان ناسىر قاتارلىق تونۇلغان كىشىلەرنىڭ مول مەزمۇنلۇق ناخشا ـ ئۇسۇل، لەپەر، كۇلدۇرگە، شۇنداقلا تېيىپجان ئىلىيوپنىڭ «ئا- چا» ناملىق كومېدىيىسىنى ئېلىپ چىققانلىقىنى بىر ـ بىرىدىن ئاڭلىشىپ، ھەر كۈنى ناھىيىلىك كىنوخانا تەرەپكە ئاقماقتا ئى- دى. بۇ ھال مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقىنى تولىمۇ خۇرسەن قىلىۋەتتى. ئۆمەك توققۇزتارادىكى ئويۇننى يەنە ئىككى مەيدان ئۇزارتىشنى قارار قىلدى.

سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار بارغان يەردە مېھماندارچىلىق قايىنايدۇ. سەنئەتخۇمار توق- قۇزتارالىقلار بۇ قېتىممۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھېسام، داۋۇتجان، مەۋلان ئەلى قاتارلىق سەنئەتچىلەرنى بەس ـ بەستە ئۆيلىرىگە مېھمانغا چاقىرىشماقتا ئىدى. بارىدىغان يەرلەر رەتكە تىزىلىپ، كۈندۈزلىرى بىر ـ ئىككى يەرگە، كەچتە مۇھىمراق يەرلەرگە بېرىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆمەك سەنئەت يېتەك- چىسى مەۋلان ئورۇنلاشتۇراتتى.

— ھېسامكا، ھەي! — دەيتتى داۋۇتجان ياتاقتا، — ھېلىقى، ئابلىزنىڭكىگە قانداق قىلىمىز؟ قاچان بارىسىلەر دەپ ئىككى كەلدى. بارمىساق سەت بولىدۇ جۇمۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ داۋۇتجان، — دەيتتى ھېسام موخور- كىسىنى چېچىپ يۆگەۋېتىپ، — مەۋلان ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. قانداق دېدىم مەۋلان؟

ئىسكىرىپكىسىنى ئاللىقانداق بىر ئاھاڭغا غىڭشىلدىتىپ ئولتۇرغان مەۋلان، ئەسلىي ئادىتى بويىچە سۆزىدىن ئاۋۋال بېشىنى چايقاپ.

— يائاللا، ھەممە ئىشقىلا مەن بارمۇ، ھېسامكا؟ — دەپ كۇلۇپ قويانتى.

مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئۆمەكنى ئۆزى باشلاپ چىققان بولۇپ، بىرمۇنچە قاتتىق تۇزۇملەرنى بېكىتمۇەتكەنىدى، بۇلارنىڭ بىرى ئاخشىمى ئويۇندىن كېيىن مېھماندارچىلىققا بارماسلىق ئىدى.

— ھەي مەۋلان، قانداق قىلىمىز، ماۋۇ ئابلىز ئويۇن باشلانماستا مەشەدە ساقلاپ تۇرغان، — دېدى ھېسام گىرىمىنى چۇشۇرۇۋاتقان مەۋلان ئەلگە.

داۋۇتجانمۇ ياندىشىپ كەلدى.

— مېھمانلارنىمۇ چاقىرىپ بوپتۇ، شۇ تاپتا ئۆيدىكەن.

مەۋلان خىيال قىلىپ تۇرۇپ كەتتى.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ئۇ ئاخىر، — ھېسامكا، سەن داۋۇتجاننى ئېلىپ ئابلىز بىلەن كېتىمۇەر. مەن ئالماس بىلەن ئارقاڭلاردىن بارىمەن.

ئولتۇرۇش يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى. ھېسام ئىلگىرى - كېيىن ئېچىلدى، داۋۇتجانمۇ ناخشىسىنى ھەقدارىغا يەتكۈزدى. مەۋلان ئالدىرايتتى:

— بولدى قىلايلى ھەي، بىزنىڭ باشلىق شۇ تاپتا ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويۇپ، ئۇخلىماي ياتىدۇ، دېمىسىمۇ تۇزۇم بار ئەمەسمۇ!

— باشلاپلا كەلمەي!

— ئۇنىمايدۇ.

— «ھەي - ھەي ھېسام، ئۇيقۇ ياخشى بولمىسا، خىزمەتمۇ ياخشى بولمايدۇ»، — ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا ھېسام شىتىلدىلىك قىلماقتا ئىدى.

ئۇلار تاڭ ئاتار مەھەلىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانى-

سىنىڭ قاراڭغۇ زالىدا پۈتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ياتاقلىرىغا مېڭىشتى. دېگەندەك، بېرنۇبېرنىشتىكى ئىشكى ئوچۇق ياتاقتىن ئەتەي يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ھېسام ياتاققا كىرگەندىن كېيىن يەنە شىتىللىكىنى باشلىدى.

— مەۋلان، مەن بىر قوشاق توقۇدۇم، — دېدى ئۇ چاپىنىنى يېشىۋېتىپ.

— قېنى ئوقۇ! — داۋۇتجان بىلەن مەۋلان تەڭلا قىزىقتى.

ھېسام ئوقىدى:

باشلىقنىڭ كۆزى دەيدۇ،
بىز بارغۇچە ئۇخلايدۇ.
باشقا كەلگەن دەردلەرنى،
مەۋلان ئۆزى ئوڭشايدۇ.

— ئۇخلىماپتىغۇ ئەنە، — دېدى مەۋلان، — يۆتەلگىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ئۇنىئالغۇغا ئېلىپ قويغان يۆتەل ئۇ، — ھېسام گەپ بەرمەيتتى، — چىقىپ قاراپ باقە، ھازىرمۇ قويۇقلۇق.

ھېسام بار يەردە كۈلكە بار. ئۇيۇن قويۇش سەپىرىدە چوڭ - كىچىك، قىز - ئوغۇل ھەممىسىنىڭ ئەملى ھېسامنى گەپكە سېلىش، ئۇنىڭ تېرىككەندە، ئالدىرىغاندا، ئىچى پۇشقاندا دەۋېتىپ قالىدىغان قىزىق ئوخشاتما، كەلتۈرمىلىرىنى ئاڭلاش بىلەن بولاتتى.

شۇ قېتىمقى ئايلانما سەپەردە ئۆمەك غۇلجا ناھىيىسىدىكى ئارائۆستەڭ يېزىسىغا بېرىپ ئويۇن قويدى. چۈشلۈك چاينى ئارتىسلار بۆلۈنۈپ، ئۆي - ئۆيلەرگە كېلىپ ئىچمەكچى بولغاندى. ھېسام تۆت ئۇسسۇلچى قىزنى باشلاپ، بىر تونۇشىنىڭكىگە ماڭدى.

ئۇلار ئازراقلا مېڭىۋىدى، تازىمۇ شوداي، ئالدىغا سەل ئېگىلگەن، ھېسام قۇراملىق دېھقان چاپچىپ مېڭىپ ئۇدۇلدىنلا چىقىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

— ۋاھ، خوي ئۇچقاشتىڭ ھېسام، ھە، مېنى تونۇدىڭمۇ؟
ھېسام ئۆز ۋاقتىدىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، دەررۇ جاۋاب ياندۇردى.

— تونۇدۇم، ھە، نەگە ماڭدىڭ؟

— سېنى ئىزدەپ بولمامدۇ. ئاڭلىسام ئارتىسلار ئۆي ـ ئۆيلەردە چاي ئىچكۈدەك دېدى. بىزنىڭ ھويغا① ھېسامنى تاق مەشەگە ئەكېلمەن، چېيىڭنى ئىتىۋەر دەپ قويۇپ، ئىدارە ماخو- غا مېڭىشىمدى.

— سېنىڭكىگە كېيىنرەك بارايلى، ئەتىگەن ئاۋۇ مۇناجىدىن قاسساپقا، ئۆيۈڭگە بارىمەن دەپ قويۇپتىكەنمەن.

— نېمە دەيدۇي مۇنۇ! — شودايىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، — ۋاھ، مۇناج قاسساپ بۆرەك قورۇپ بېرەمدا، ئۇ پىخسىق. ماڭە مايائقا ھېسام، بولمىسا، ۋاتىمەن ھە!

— ھەي ھەي، كىچىك قىزلار بار جۇمۇ مەيەردە!

— ۋاتسام ـ ۋاتىۋېرىمەن! — شوداي پەرۋاسىز، گېپىنى تەكرارلىدى، — ماڭساڭ! ، ھە، قىزلار، سىلەرمۇ!

ھېسام ئاخىر كۈلۈۋەتتى.

— جۇرۇڭلار، — دېدى قىزلارغا، — قوللىرىنىڭ ئۈزۈن- لىقىنى كۆردۇڭلارمۇ؟ ۋاتمىسۇن يەنە بۇ قارا تارانچى.

يېزا كىشىلىرى ھەرخىل سۆز ـ ھەرىكەتلەر بىلەن ھېسامغا ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەيتتى. سەۋەب ئېنىق، ئۇلار ھەم- مىسىلا ھېسامنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېقىنى، تۇغقىنىدىن چارە دەپ بىلىدۇ.

سەكسىنىنچى يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ھېسام غۇلجا شەھىرىدىكى ئالمىشىپ تۇرىدىغان، ھۆددىگەرلەر تەشكىللىگەن ۋاقىتلىق سەنئەت ئۆمەكلىرىگە تەكلىپ بويىچە قاتنىشىپ، جەنۇ- بىي شىنجاڭغا كۆپ قېتىم ئويۇن قويۇپ باردى. جەنۇب خەلقى ھېسامنىڭ چاقچاقلىرى بىلەن ئاللىبۇرۇن كىتاب، ئۈنئالغۇ لېن-

---

① ئايالىنى دېمەكچى.

تىسى، كېيىنرەك VCD پلاستىنكىلىرى ئارقىلىق تونۇش بول-
غاچقا، زامانىمىزنىڭ هايات نەسرىدىن ئەپەندىسى دەپ تەسۋىرلە-
نىۋاتقان ھېسام قۇربانىنىڭ ئۆزىنى، ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈش
ئۈچۈن نە - نەلەردىن كەلدى، تىياتىرخانا، يازلىق كىنوخانىلار-
نى تولدۇرۇۋەتتى.

بىر قېتىم، قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە بىر ناھىيىدە ئويۇن قويغاندا، ھېسامنى ئورىۋالغان ئالىمان ئوتتۇرىسىدىن بىر دېھقان قىستىلىپ يۇرۇپ ئالدىغا ئۆتتى.

— ئۆزلىرى ھېسام چاقچاق بولامىلا؟ — دەپ سورىدى ئۇ ھېسامغا سەل ئەيمىنىپ قاراپ.

— ھەئە، مەن شۇ ھېسام، — دېدى ھېسام كۈلۈمسىرەپ.

دېھقان يەنە شۇ ئەيمىنىشى بىلەن قولىنى ئۇزىتىپ ھېسام-نىڭ كاستۇمىنىڭ پېشىنى، كېيىن ئۇنىڭ گالستۇكىنى تۇتۇپ باقتى.

— ھەقىقىي مال، ساختىسى يوق! — ھېسام شۇئان قىزىق-چىلىق قىلىپ ۋارقىرىدى — ئاله، ھېساملىرىڭ ئەرزان!

ئالىمان گۇرۇلدەپ كۈلدى. توپ ئىچىدىن ئۆتۈنۈش، خىتاب-لار ئاڭلاندى:

— دەپ بەرسىلە ھېسامدىن، گەپ دەپ بەرسىلە!

— چاقچاق سۆزلەپ بەرسىلە!

— ئاڭلايلى، بىر...

ھېسام يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ چاقچاق قىلدى:

— بىلەت ساتمايلا ئويۇننى باشلاۋېرەمدۇق؟

— ئىككى چاقچاق دەپ بېرە ھېسامكا، گاڭگاۋ[1]بوپقالار!

— ئۆمەك مەسئۇلى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلدى.

ھېسام سەل كەينىگە داجىپ، ئېگىزرەك يەرگە چىقتىمدە، گالستۇكىنى بىر ئوڭشىۋېتىپ (تېخىمۇ مايماق قىلىۋەتتى)، گېلىنى قىردى.

---

① ئېلان دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com

— بىر كۈنى··· ، ـ دەپ گېپىنى باشلىدى.

بىر قېتىم ھېيتكار ئالدىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېسام ئانار سېتىۋاتقان بىر باققالنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— كەلسىلە ھېسام غوجام، ئانار يېسىلە! — باققال ئىھتى- رام بىلەن ئېگىلىپ، بىر قولىنى مەيدىسىگە قويغىنىچە، ئانار پارچىسىنى ئالقىنىنى پەتنۇس قىلىپ ئۇزارتتى.

— ئانارنى قانداق ساتتۇق ئۇستام؟ — دەپ سورىدى ھېسام تەسەللايىلا.

— ئۆزلىرى يىراقتىن كەلگەن مېھمان ئەمەسما ھېسام، — دېدى باققال دەررۇ، — خەققە سەككىز كويدىن ساتقان، سىلىگە ئالتە كويدىن بېرىمىز، بىر··· بەش كىلو تارتايما؟

— ئاچچىق ئانارمۇ بۇ، تاتلىقمۇ؟ — دەپ يەنە تەسەللايى سورىدى ھېسام.

— ئىئى، يەپ باقسىلا دېدىمغۇ مانا، تاتلىق ئانار، ئاچچىق بولسا پۇل ئالمايمەن مانا!

— ئەمىسە ئاچچىق ئاناردىنلا بەش كىلو تارتىڭا، — دېدى ھېسام، باققال تورۇپلا قالدى.

— ئىئى···

ھېسام ئايلىنىپ قوغۇن تىلىپ سېتىۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئال- دىغا كېلىپ قالدى. ساپسېرىق، مەي باغلاپ پىشقان قوغۇننى كۆرۈپ، ئۇ چاڭقىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— كەلسىلە مېھمان، بىر تىلىم تىلايما؟ — قوغۇنچى تەۋاز- زۇ قىلدى.

— تىلسىلا، — دېدى ھېسام، ئورۇندۇققا جايلىشىپ.

— ياپىشىرەم، مانا مېھمانغا گىردىدەك قوغۇن! — قوغۇنچى ۋارقىراپ تۇرۇپ ئىنچىكە بىر تىلىم قوغۇن تىلدى. ھېسام قوغۇننى قولىغا ئېلىۋىدى، بايراقتەك ھىلپىرلەپ، يىلاڭ- دەك تولغىنىپ توختىمىدى.

قوغۇن ھەقىقەتەن تاتلىق ئىدى، ھېسام مەززە قىلدى، شىرنىسىنى ئالقانلىرىغا سۈۋىدى، بىراق تەشنالىقى قانمىدى.

— يەنە بىرنى تىلايما؟ — سورىدى قوغۇنچى.
— ياق، بولدى، — دېدى ھېسام ۋە تۆش يانچۇقىغا قول ئۇزاتتى.
— ئەستا، — قوغۇنچى خىجالەت بولغاندەك گەدىنىنى سىلىدى، — ئۆزلىرىدەك ئەزىز مېھماندىن پۇل ئالمىساقمۇ بولاتتى!
— ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، قانچە؟
— ئۇچلام كوي، — دېدى قوغۇنچى مۇنداقلا. ھېسام ھەيران قالدى:
— بايا مەن كېلىۋاتقاندا «شەكەرى پەلەك قوغۇن، بىر كوي» دەپ توۋلاۋاتاتتىڭىزغۇ؟
— ئا... ! — قوغنچى تاڭلىيىنى قاقتى، — سىلىدەك ئەزىز مېھمانغا بىر كويلۇق قوغۇننى تىلىپ تەڭلىگىلى بولامدا؟ - ئالايىتەن تىلىمىز دەيمەن!
ھېسام بىر نېمە دېمەكچى بولدىيۇ، يالتايدى. پۇلنى ئۇزارتىقاچ، بۆلەك گەپ قىلدى:
— مېھماننى مۇنداق سىيلايدىغان بولسىڭىز، مېھمانلىقىمىدىن يالتايدىم!
ئۆمەك تەشكىللىگۈچىلەر نەگىلا بارسا ھېسامنى كوزىر قىلىپ، ئىشلىرىنى ئاسانىراق، ئەرزانىراق پۈتتۈرۈشكە ئادەتلەنگەنىدى، ھەقىقەتەنمۇ بۇ جەھەتتە ھېسامنىڭ يۈزى ھەقىقەتەن چوڭ ئىدى. كاتتىسى ۋالىي، ئاددىيسى يېزا، كەنت باشلىقلىرىغىچە ھېسامنى كۆرۈشى بىلەن خۇش مۇئامىلە، قىزغىن كەيپىياتتا ئۆمەككە نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى يارىتىپ بېرەتتى.
— ھېسامكام كېپقاپتۇ ئەمەسمۇ!
ئۆمەكتىكىلەر خالىي قالغاندا، كۆپرەك ياتاقلاردا، ھېسام گايىدا ماختىنىپمۇ قوياتتى.
— ھەي ئۆمەرجان، مېنى دەپ بىلتىڭ بولاڭ - تالاڭ بوپكەتتى جۇمۇ!
— ماختانما ھېسامكا — ياشلار ئۇنىڭ ئەتەي چىشىغا تېگەتتى.

www.uyghurkitap.com

تى.

— ماختانما، ماختانما! — ھېسام بەزىدە راستىلا تېرىكەتتى، — ئۆمەرجاننىڭ يېڭى ناخشىسىمۇ ئۇ؟

بىراق بەزىدە مۇنداق ئوڭايلىق ۋە ئېتىبار بولمايدىغان چاغلارمۇ بولۇپ قالاتتى. بىر قېتىم توقسۇننىڭ يولىدا ئۆمەك ئولتۇرغان ئاپتوبۇسنى قاتناش ساقچىلىرى توسۇۋالدى ۋە رەسمىيەت تولۇق ئەمەسكەن، دەپ پىراۋنى تارتىۋالدى. يەنە تېخى ئىككى چىراغ ئىشلىمەيدىكەن دەپ بىر مۇنچە جەرىمانە قويدى. شوپۇر، ئۆمەك باشلىقى شۇنچە يالۋۇرسىمۇ، قاتناش ساقچىسى زادىلا ئېرىمىدى.

بىر چاغدا ئۆمەك تەشكىللىگۈچىنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى. ئۇ ئىتتىككىلا ئاپتوبۇستا چىقتى.

— ھېسامكا، قېنى سەن، چۈشە! ئاۋۇ ئاداشقا بىر چاقچاق قىلە، سېنى كۆرسە يۇمشايدۇ!

— بىز كىم! — ھېسام گەۋدىسىنى بىر كۆتۈرۈپ قىزىقچىلىق قىلدى. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، قويۇق كۈلگىنىچە بايىقى قاتناش ساقچىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ياخشىمۇ سىز ئۇكا، — دېدى ھېسام ئىشەنچلىك ھالدا،

— بىز كېلىپ قالغان...

— ئۆتەۋوي، سەن ئارىلاشما، — پرىنسىپچان ساقچى ھېسامنى ئېتىبارسىزلا بىر چەتكە ئىتتەردى.

ھەپسىلىسى پىر بولغان ھېسام نېرى ئۆتۈپ غودۇڭشىدى:

— تازا بىر تېلېۋىزور كۆرمىگەن ئاداشلارمۇ نېمە، بۇ؟

ھېسام سەلدىن كېيىن ھېچنېمە كۆرمىگەندەك ئاپتوبۇستا چىقىۋېدى، باياتىن ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان ئارتىسلار تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشتى:

— ھېسام، سەن كىم؟

— يا ئەمدى دەيمىنا، — ھېسام تىزلىرىنى سەل ئېگىپ، ئىككى قولىنى «ئەل»گە كۆتەردى. كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى،

— تۇرپان، توقسۇننىڭ ساقچىلىرىغا تېلېۋىزور كۆرسەتمەيدىغان

ئوخشايدۇ!

ئاپتوبۇسدىكىلەر پاراقىدە كۈلۈشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوڭايسىزلىق ئۇنتۇلغان بولدى.

ئارتىسلار چۈشكەن ئاپتوبۇس — دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە كۆچمە سەھنە. بۇ يەردە ئەڭ كۈلكىلىك نومۇرلار، سەھنە تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلمىگەن، نەق مەيداندا ئىجاد قىلىنغان نومۇرلار ئوينىلىدۇ. يەنە بىر ياقتىن ئېيتقاندا ئاپتوبۇس — ماھارەت ئۆستۈرۈش، پىششىقلاش مەيدانى. ھېساملار ئولتۇرغان ئاپتوبۇسمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەسىدى.

ھېسام بۈگۈن قەشقەردىن خوتەنگە قاراپ سوزۇلغان ئۇزاق مۇساپىلىك تاشيولدا قارىۋاي مەھەللىلىك قىزىقچى ئاۋاكرى بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇپلا، يېڭىدىن بىر نومۇر پۈتتۈردى. ئەتراپتىكىلەر كوللېكتىپ رېژىسسور بولۇپ بۇ ئىككىسىنىڭ يېڭى نومۇرىنى كۆرمەكتە ۋە پات-پات تۈزىتىش بەرمەكتە ئىدى. ئارىلاپلا كۈلكە سادالىرى كۆتۈرۈلۈپ ئىككىيلەننىڭ رەپتىسىنى بۆلۈۋېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېسام ئارتىس بالىلارغا جىلە بولاتتى.

— ھەي، ھەي، ھازىرلا ھەممە كۈلكىنى كۈلۈۋېلىشسەڭ، ئاخشاملىقتا سەھنىدە نېمىنى كۈلۈشىسەن؟ ئاۋاكرى چاقچاقنى ئۆز ئالدىغا تارتتى:

— ھېسامكا جۇرە، ئاپتوبۇسنىڭ ئۆگزىسىدە رەپىتىس قىلايلى.

— چىقساققۇ بولاتتى ئاۋاكرى، — دېدى ھېسام، — بىراق ئاپتوبۇسنىڭ ئۆگزىسىدە سېنى باغلاپ قويىدىغان يەر يوقتە!

— سەن چۈلۈۋۈرۈمدىن تۇتۇپ تۇرمامسەن.

— چۈلۈۋۈرۈڭدىن مەن تۇتۇپ تۇرسام، تىرلاغ-لاغ دەپ بېرىدىغانغا شەمشى چىقامدا؟

قەشقەر-خوتەن تاشيولىدا ئىلى چاقچاقلىرى، ھېسامنىڭ ئاۋازى، قوۋناق كۈلكە سادالىرى ياڭرىماقتا ئىدى.

ھېسام بار يەردە كۈلكە بار. ئارتىسلار ئويۇن قويۇش سەپە-

رىدە، يول ـ يولىكەي توختىغان ھەر بىر بېكەتتە ھېسامنىڭ بىر يېڭى گېپى، بىر قىزىقچىلىقى، سەرگۈزەشتىسى قېپقالاتتى.

بىر يىلى، يەنە شۇنداق تەشكىللەنگەن ئۆمەك غۇلجا شەھەرىدىن تارتىپ يول بويى ئويۇن قويۇپ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق جەنۇبقا، ئاساسلىق سەپىرىگە ئاتلاندى. داۋانچىڭ بازىرىغا كەلگەندە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بوپقالدى، ئۆمەك تەشكىللىگۈچى:

— ھەممىڭلار تارقىلىپ ئۆز پۇلۇڭلارغا تاماقلىنىڭلار، قايتىپ كەلگەندە نېمە يېگىنىڭلارنى مەلۇم قىلىپ، پۇلنى ئالىسىلەر، — دېدى.

— باشقىلار قاتارىدا ھېساممۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ، داۋانچىڭنىڭ بازىرىنى بىر كېزىپ كەلدى.

— ھېسامكا، سىز نېمە يېدىڭىز؟ — ئۆمەك تەشكىللىگۈچى ئاپتوبۇس قوزغالغاندا بىر ـ بىرلەپ سوراپ تۇرۇپ ئارتىسلارغا پۇل تارقىتىۋېتىپ، نۆۋىتى كەلگەندە ھېسامدىن سورىدى.

— قېتىق ئىچتىم، — دېدى ھېسام ئويلانمايلا.

— كەچۈرىسىز ھېسامكا، — دېدى ئۆمەك تەشكىللىگۈچى ئەتەي، ـ قېتىق تاماق ھېسابلانمايدۇ، ئۇ دېگەن سوغۇق ئىچىملىك. سىزگە تاماق پۇلى بېرىلمەيدۇ.

— توختاپ تۇرە ئۇكاۋىي، — دېدى ھېسام دەررۇ ئۆڭۈپ، — مەن دېگەن قېتىقنى نان بىلەن ئىچتىم ئەمەسمۇ.

قايىللىق كۈلكە سادالىرى ئىچىدە ئۆمەك تەشكىللىگۈچى ئۆزىمۇ كۈلگەچ، ھېسامغا باشقىلاردىن بىر سوم ئارتۇق قىلىپ تاماق پۇلى بەردى.

— مانا ھېسامكا، قېتىقنىڭ پۇلىنىمۇ بېرىۋېتەي!

— خېلى بولىدىغان نېمە جۇمۇ سەن ئابلىمىت، — دېدى ھېسام پۇلنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — ھە، مانا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىكەنسەنغۇ!

شۇ سەپەر يەنە بىر توختالغۇدا ھېسام بىر نەچچە ئارتىس بالا بىلەن بىرگە يول ئۈستىدىكى پاكىزىرەك بىر ئاشخانىغا كىرىپ، لەڭمەن بۇيرۇتتى. كاسسىر شىرەمۇ ـ شىرە ئارىلاپ،

ئاۋۋال پۇلنى ئېلىپ بىلەت كېسىپ بېرەتتى.
— ھېسامكا ماۋۇ نېمىدۇر؟ — ھېسام بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلاردىن داپچى يىگىت قولىدىكى ھۆل بولۇپ كەتكەن لەغمەن بىلتىگە چاپلىشىپ قالغان كىچىككىنە ئاق قەغەزنى كۆرسەتتى.
ھېسام ھېلىقى ئاق قەغەزگە مۇنداقلا قاراپ قويدى ـ دە:
— بۇنى سەل تۇرۇپ ئىشلىتىسەن تۇرسۇن، بۇ دېگەن مەنتەڭ بېلىتى، — دېدى.
خەيرىيەت، ئۇلار لەڭمەننى يەپ بولۇپ نەچچە قېتىم «مەنتەڭ» دەپ ۋارقىرىغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئېتىبار قىلمىدى. ئىلمان چاينى ئۇلارنىڭ ئىچكۇسى كەلمىدى. بىر چاغدا ھېسام بىلەت كېسىپ يۈرگەن قىزنى چاقىردى.
— سىڭلىم، سىزدىن بىر گەپنى سورىساق بولامدۇ؟
— ھەئە، سوراڭ، — دېدى قىز.
— خاپا بولۇپ قالمايدىغانسىز، ھە؟
— ياقەي، دەڭا قېنى؟
— مۇشۇ ئاشخانىدا مەنتەڭ ـ پەنتەڭ تېپىلارمۇ؟
ھېسامنىڭ يېنىدىكىلەر پۇرقۇپ كۈلۈۋېتىشتى. بىلەتچى قىز كۈلۈش ـ كۈلمەسلىكىنى بىلمەي، تۇرۇپلا قالدى.
— قىزىق ئادەمكىنا، ئاشخانا دېگەندە مەنتەڭ بولمامتىكى! ھەي مامۇت گاس، ماۋۇ مېھمانلارغا ئىككى كىلو مەنتەڭ. چاپسان بول، لەقۋا!
ھايال ئۆتمەي ھېسامىلارنىڭ ئالدىغا تولا قايناپ قۇيۇلۇپ، قارىداپ كەتكەن مەنتەڭ كەلدى.
ھېسامنىڭ سەپەردە قىلغان قىزىقچىلىقلىرى، يېڭىدىن ـ يېڭى چاقچاقلىرى تولا. بىز بۇ يەردە پەقەت ئۇنىڭ شۇنداق سەپەرلەردىن بىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قىلغان بىر چاقچىقىنى سۆزلەپ، مەزكۇر بابىمىزغا توچكا قويىمىز.
يىراق ئويۇن قويۇش سەپىرىدىن قايتقان ھېسام بوينىكې-

---

① بوينى كېسىك ـ جاي ئىسمى.

سىكتە[1] ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالغانىدى. يۈكى سەل ئېغىر بول-
غاچقا، ئۇ بىر هارۋىكەش بىلەن سۆزلەشتى.

— نەگە ئاپىرىمىز ھېسامكا، شەھەر ئىچىگىما؟

— ياقە، كۆچۈۋالدۇقتۇ، تاشلەپكىگە.

— بولىدۇ.

— نەچچىگە ئاپىرىسەن؟ يېقىنلىغۇ، ئەنە!

— ئۆزىڭىزدىن پۇل ئالىمەن، — دېدى هارۋىكەش، — ئىككى
سوملا بېرىڭ، تونۇشلۇقىمىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ يۈك ـ تاقىڭىز-
دىن پۇل ئالمايمەن، قانداق؟

— تولا ياخشى بولدى، — دېدى ھېسام شۇ ھامان، — ئەمىسە
ئۇكا، يۈكۈمنى ئېلىپ ماڭىۋەر، ئۆزۈم پىيادە كېتىۋېرەي.

# 56 . چاقچاق ۋارىسلىرى

يەتمىش نەچچە يىللىق ھايات سەپىرىدە ھېسام قۇربان بىر ئاددىي ئادەمدىن ئۆزىگە خاس يېڭىلىق ياراتقان، ئاۋام سۆيگەن چاقچاق ئۇستىسىغا، داڭقى ھەريانغا تارالغان «زامانىمىزدىكى ھايات نەسرىدىن ئەپەندى» گە ئايلاندى. مەزكۇر ئۆزۈن قىسىمىدىن ئۇنىڭ رەڭگارەڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى، چاقچاقچىلىق يوللىرىنى بىلگەن ھەر بىر ئوقۇرمەن، ھېسامنىڭ چاقچاقچىلىق ماھارىتىنىڭ ئىستىقبالىغا، ئۇنىڭ چاقچاق ۋارىسلىرىغا دىققەت قىلماي، كۆڭۈل بۆلمەي قالمايدۇ. قىسسىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى بابى دەل ئەنە شۇ مۇھىم مەسىلىگە بېغىشلانغاندۇر.

ھېسامنىڭ چاقچاق ۋارىسلىرى ھەققىدە توختىلىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر پەرزەنتى، ئوغلى ماخمۇت ھېسام تىلغا ئېلىنىشى لازىم.

ھېسام ئۆز ئۆمرىدە ئۈچ قېتىم ئۆيلەندى. ئۇنىڭ تۇنجى ئايالى سائادەتتىن تۇغۇلغان، ھازىرقى، ئۈچىنچى ئايالى زېمىنىخان ئۆز پەرزەنتىدىن چارە كۆرۈپ تەربىيىلەپ، قاتارغا قوشقان ماخمۇتنىڭ ۋۇجۇدىغا تالانتلىق چاقچاقچى ئاتىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز ئىزناسىنى ئورناتقان. ھېسام بىلەن زامانداش كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇنىڭغا قايىل.

ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش ئۆتۈش كېرەككى، ھېسام سىتىخىيىلىك ھالدا پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈش سىياسىتىگە ئەمەل قىلغان، يالغۇز پەرزەنت كۆرگەن ئاتا، بۇ توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ چاقچاقلىرىدىمۇ تالاي توختالغان.

بىر كىشى ھېسامغا دېدى:

— ھېسامىدىن، بالىنى ئاز تېپىشنىڭ پايدا - زىيىنى ھەققىدە سىزدىن سوئال سورىماقچىدىم.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى

— سوراڭ، — دېدى ھېسام. ھېلىقى كىشى سوراشقا باشلىدى.

— بالا بولسا بىر؟

— ئوينايسىز بىر - بىر.

— بالا بولسا ئۈچ؟

— كېتىدۇ كۆپ كۈچ.

— بالا بولسا بەش؟

— كۈنىڭىز بولار تەس.

— بالا بولسا يەتتە؟

— قانات - قۇيرۇقىڭىز كالتە.

— بالا بولسا سەككىز؟

— غەم - غۇسسىڭىز چەكسىز...

ھېلىقى كىشى قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. ھېسامنىڭ بۇنداق چاقچاقلىرىدىكى پېرسوناژ بەزىدە ئۇنىڭ ئوغلى ماخمۇت.

— بىر كۈنى ماخمۇت مەندىن سورىدى، — دەپ چاقچىقىنى ھېكايىلىك باشلايدۇ ھېسام، — دادا، پىلانلىق پەرزەنت كۆرۈشنىڭ پايدىسى بىلەن زىيىنىنى سۆزلەپ بەرگىنە!

— بولىدۇ بالام، — دېدىم مەن، — پىلانلىق پەرزەنت كۆرسە بالا ساڭا ئوخشاش چىرايلىق بولىدۇ، پىلانسىز پەرزەنت كۆرسە بالا ماڭا ئوخشاش سەت بولىدۇ.

گەرچە بۇ بىر چاقچاق بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ھەقىقەت ئۇچقۇنداپ تۇرىدۇ. ماخمۇت ھېسام ھەم چىرايلىق، ھەم ئەقىللىق بالا. ئۇنىڭ ھازىر جاۋابلىقىغا كىشىلەر قايىل. نۆۋەتتە ماخمۇتنىڭمۇ جەمئىيەتتە ئۆزىگە خاس تىڭشارمەنلىرى بار.

ماخمۇتنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرى دەل ھېسامنىڭ جەمئىيەتتىكى چاقچاقچىلىق ئورنى تىكلىنىۋاتقان چاغلارغا توغرا كەلدى. چاقچاقچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سورۇنلاردا بولاتتى. ھالبۇكى ماخمۇتنى بېقىش، تەربىيىلەش شۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئۆزىگە قالغانىدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھېسامنىڭ چاقچاقچىلىقتىكى ئۇستازلىرىدىن بىرى، مەرھۇم سەنئەتكار زوردۇن شې-

ۋەنىڭ ئايالى ماخمۇتنى بىر نەچچە يىل ئۆز تەربىيىسىگە ئالدى.

ھېسام ئالدى بىلەن ئوغلىنى ئوقۇتۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئاتا - ئانىسىدىكى ئارتۇقچىلىق، ئەۋزەللىكلەرنى ئۆز جىسمىغا جۇغلىغان كىچىككىنە ماخمۇت مۇشتۇمدەك چېغىدىن تارتىپلا جانلىق، ئىنكاسى تېز، تىلى چۈچۈك بالا بولدى. ئۇنىڭ «پىكىدەك تۇرۇپ» قىلغان گەپلىرىگە تەربىيىچى ئانىسى كۈندە نەچچە قېتىم ياقىسىنى تۇتۇپ قالاتتى.

— توۋا قىلدىم، بۇ بالا ھېسامنى كىيىپلا چىقامدۇ، نېمە؟

— بەجايىكى چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەكلا، ھە؟

— ئادراسمان بارمۇ، ئىسرىق سېلىۋېتەي، مۇنۇ بالا نېمىلەرنى دەيدىغاندۇي...

ماخمۇت سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ھېسامنىڭ يېنىدا تۇردى. بۇ مەزگىللەردە ھېسام ئۇنى يېتىلەپ سورۇنلارغا ئېلىپ باراتتى. ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسى، كۆز قاراشلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى.

— ھەي، ھېسام بالىنى سورۇنغا ئەگەشتۈرمىسە بولاتتى، بالىنى بۇزۇۋالارمىكىن دەيمىنا!

— ئۇغۇ شۇنداقراق، بىراق ھېسامغىمۇ ئامال يوقتە. كىچىككىنە بالىنى ئۆيدە يالغۇز تاشلاپ قويسا تېخى!

— بۇ بالا دادىسىغا ئەگىشىپ يۈرۈپ، ھېسامنىڭ ئۇدۇمىنى ئالامدۇ تېخى، نەدىن بىلىسىلەر؟

ئاخىرقى گەپنى قىلغۇچىلار بىر ھېسابتا توغرا بايقاشقانىدى. ماخمۇت تۆت - بەش ياش ۋاقىتلىرىدىلا تەڭتۇشلىرىدىن پەرقلىق ھالدا زېرەكلىكىنى نامايان قىلدى.

— ھەي، سەن كىمنىڭ بالىسى؟

— ھېسام چاقچاقچىنىڭ.

— سەنمۇ چوڭ بولغاندا چاقچاقچى بولامسىنە! ؟

— دادامنى ئېلىۋېتىمەن، تازا!

«تازا» دېگەن قوشۇمچىسى سەبىينىڭ چۈچۈك ئاۋازى دېيىشمىسە، قالغان گەپلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىن تارتىپ ماخمۇت ئۆزىنىڭ زېرەكلىكىنى يەنىمۇ نامايان قىلىشقا باشلىدى. ئەجەبلىنەرلىك يېرى ئۇ شۇنچىلىك شوخ بولغىنىغا قارىماي، دەرستە ئىنتايىن ياخشى ئىدى. دەرس سۆزلەۋاتقان مۇئەللىم ئۇنىڭ تىنىم تاپماسلىقىدىن قاقشايتتى. بىراق ئۇنى «جازالاش» ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، دەرسنىڭ كەلگەن يېرىدىن سوئال سورىسا، ماخمۇت تىنماي، دەل جاۋاب بېرەتتى.

— بۇ بالا بىزنىڭ بېشىمىزنى قاتۇرۇۋەتتى، — دېگەنىدى ئۇنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى، — قاتتىق تۇتايلى دېسەك، دەرستە ئۆتكۈر، تۇتمايلى دېسەك سىنىپ تەرتىپىنى بۇزغان.

ماخمۇت ئوقۇيدىغان سىنىپ ئاۋات سىنىپ ئىدى. تەنەپپۇس ئارىلىقلىرىدا باشقا سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ ياققا يۈگۈرۈيتتى:

— جۈرۈڭلار ھەي، ماخمۇتنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز.

— ھەي كىچىك ھېسام، ئاخشام داداڭ بىلەن نەگە باردىڭ؟ بىزگە چاقچاق سۆزلەپ بېرە!

— ئاخشام دادام بىلەن تونۇرچى مەلىسىگە بىر ئولتۇرۇشقا بارغانتىم، — دەپ چاڭىلداپ سۆزلەيتتى ماخمۇت، — يامان كەچ قايتتۇق.

— بالدۇر كېتىمىز، ئەتە مەكتەپكە بارىمەن دېسەڭ بولمامدۇ داداڭغا؟

— نەچچە قېتىم دېدىم، مەستلەر قويۇپ بەرمىسە...

— ھە، شۇنىڭ بىلەن؟

— شۇنىڭ بىلەن يېرىم كېچىدە تۆت كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتساق، ئىككى ئادەم بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا بىرنېمىنى ئېكەكدەۋاتىدۇ.

— نېمىنى؟

— كالۋا، قۇلۇپنى بولمامدۇ، مەن دادامدىن «دادا، ئاۋۇ ئادەملەر نېمە قىلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىدىم.

— ھە، داداڭ نېمە دېدى؟

— دادام، «تىچتۇر بالام، ئۇلار ئىسكىرىپكا چېلىۋاتىدۇ»
دېدى. مەن يەنە «ئەمىسە نېمىشقا ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى چىق-
مايدۇ» دەپ سورىغانىدىم...

ماخمۇت ئەتەي تىنچ تۇرۇۋالدى. تاقەتسىزلەنگەن باللار تۇشمۇ - تۇشتىن چۇرقىراشتى:

— ھە، داداڭ نېمە دېدى؟

— گەپ قىلە ھەي ھېسام!

— دادامما؟ — چىرايلىق كۆزلىرىنى شىتىلىلىك قىلىپ ئويناتتى ماخمۇت، — ئاۋازى ئەتە ساقچىخانىغا بارغاندا چىقىدۇ، دېدى...

— ھا- ھا - ھا—... نۇرغۇن چاخىلداق كۆلكىلەر قوشۇلۇپ، سىنىپتا ئەكس سادا ياڭراتتى.

بىر كۈنى سەلىم جامال كوچىدا ھېسامنى ماخمۇت بىلەن بىرگە ئۇچراتتى. تېتىك، شوخ ماخمۇت ھە دەپ دادىسىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ سەكرەيتتى.

— مانا قارا ماخمۇت، بۇ مەن ساڭا گېپىنى تولا قىلىپ بەرگەن سەلىمجان ئاكاڭ، مېنىڭ چاقچاقلىرىمنى يازغان.

ماخمۇت دەرھال سەلىمجاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا سەپسالدى.

— دادامنىڭ چاقچاق كىتابىدىكى چاقچاقلارنىڭ جىقىنى ئۆزىڭىز توقىغانغۇ دەيمەن؟

سەلىمجان ماخمۇتنىڭ زېرەكلىكىگە ھەيران قالدى.

— قانداق دەيسەن؟

— «ھېسام چاقچاقلىرى»نى ئۆيدە ئوقۇپ بەرسەم، دادام دائىملا «بۇ چاقچاقنى مەن نەدە دېگەنتىم؟» دەپ مەندىن سورايدۇ. بۇ دادامچۇ، دائىم بىر يەرگە بارسا دېگەن چاقچاقلىرىنى يەنە دەۋېرىدۇ.

كىچىك ماخمۇت توساتتىن جىددىي قىياپەت ئېلىپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن «بىر كۈنى...» دېۋىدى، ھېسامىنىڭ ئاۋازىغا قۇتمۇ - قۇت ئوخشىدى. سەلىمجان ئىختىيارسىز، تەئەججۇپتە

كۆلۈۋەتتى. ئارقىدىنلا ماخمۇت يەنە بوغۇق ئاۋازى بىلەن دادىسىـ
نى دوراپ «كەلگۈسىدە قۇياشقا چىقىمىز، قۇياشقا!» دېيىشىدى،
ھېسام ئۆزىمۇ كۆلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە، ئۆزۈڭ توقۇغان چاقچاقتىن بىرەرنى دەپ باقە، — دېدى سەلىمجان زوقلىنىپ، — دەمدا، ھېسامكا؟

— ۋاي، دەيدۇ، يامان بۇ! — ھېسام پەخىرلەنگەندەك ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىدى، — قېنى دەپبەرمەمسەن؟

— بىر كۈنى، — ماخمۇت گېپىنى شۇندىداق دەپ باشلىدى ـ دە، تۇرۇپلا كۆلۈۋەتتى. يادىغا ئۆزىنىڭ دادىسىنى دورىغىنى كەلسە كېرەك. ئاندىن ئۇ گېپىنى ئۆز ئاۋازى بويىچە داۋام ئەتتى، — بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ مەن كىچىك چېغىمدىن تارتىپ بىللە ئويناپدىغان بالىسى شوخلۇق قىلىپ، بەش تىيىنلىق تۆمۈر پۇلنى يۇتۇۋېتىپ قالدى. قارىسام ئاغىنەمنىڭ ئاپىسى:

— ۋاي قانداق قىلارمەن، ۋاي بالام بىر نېمە بوپقالارمۇ؟ — دەپ يىغلىغىلى تۇردى.

— يىغلىماڭ ئايشەمخىنىدە، — دېدىم مەن ئاغىنەمنىڭ ئاپىسىغا، — ئەركىنگە ھېچنېمە بولمايدۇ.

— راستىمۇ، بالام ماخمۇت؟ — دەپ ئايشەمخان چوڭ ئاپام يىغىسىدىن توختاپ، ماڭا قارىدى.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدىم مەن، — ئاتلىسام دادامىلارنىڭ ئىدارىسىنىڭ كاسسىرى ھۆكۈمەتنىڭ مىڭ سوم پۇلىنى يۇتۇۋېلىپ، ھازىرغىچە ھېچنېمە بولماپتۇ.

ماخمۇتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا زوقى كېلەتتى. بىر قېتىم ھېسام ئۇنى يەنە بىر سورۇنغا بىرگە ئېلىپ باردى. ئۇ كۈنى ھېسام نېمىشقىدۇر ئاسانلا مەست بولۇپ قالدى. گېپى كەلگەندە شۇنى دېگەچ كېتەيلى، ھېسامنىڭ ئۆمۈر بويى ئىچكەن ھارىقىنىڭ ھېسابىنى چىقىرىپ كۆرۈش توغرا كەلسە، ھەرقانداق ئادەم ھەيران قېلىشى مۇمكىن. ھېسام ھەركۈنى ئىچكەننىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ ئادەتتە تاماقى ئىنتايىن ئاز، پەقەت تاماكىلا (تولا ھاللاردا موخوركا) ئۇنىڭ دائىملىق

زاكۇسكىسى. بۇنداق ئادەتلەنمەك ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى كۇنى ھېسام بالدۇرلا مەست بولۇپ قالدى. كىچىككىنە ماخمۇت دادىسىنى سورۇننىڭ چېتىگە، دالدىراق يەرگە يانتۇزۇپ، يېنىدا ئولتۇردى. ئولتۇرۇش داۋاملاشقانسېرى سورۇندىكىلەر چاقچاقنىڭ جېدىلىنى قىلغىلى تۇردى.

— ئەستا، ماۋۇ ھېسامكام تۇزۇك تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ بەرمەي ئۇخلىۋالدا!

— بۇنىڭغىمۇ قول قويىمىساق بولمايدۇ جۇمۇ ھەي باللار، — دېدى ناخشىچى ساتتار داۋۇت، — بۇنچىلىك ياشقا كەلگەندە بىزلەر هاراق تۇرماق خېلى - خېلى نەرسىلەردىن قېلىپ كېتىمىز!

— ئۇغۇ شۇنداق، ھېسامكام چىڭ ئادەم جۇمۇ!

— ھەي ماخمۇت، داداڭنى ئويغىتە!

— دادامنى ئويغىتىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دېدى كىچىككىنە ماخمۇت، — چاقچاق قىلىپ بېرەر شۇ؟

— شۇدە! — دېدى ساھىبخانا، — ئالايتەن ئەكەلگەنگە چۈشلۇق...

— دادام ئۇخلاۋەرسۇن، — ماخمۇت جەڭگە ئاتلانغاندەك ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، كىيىملىرىنى تارتىپ تۇزىدى، — دادامنىڭ ئورنىدا مەن سىلەرگە چاقچاق سۆزلەپ بەرسەم قانداق؟

سورۇننى غاۋۇر - غۇۋۇر قاپلىدى.

— سەنما؟ — دېدى ساھىبخانا ئىشەنمىگەندەك، — ما بالىنى قارا!

— لەتىپە كەلتۇرەمسەن، سۇۋارى كەلتۇرەمسەن؟ — بىرەيلەن بىلەرمەنلىك بىلەن سورىدى.

كىچىككىنە ماخمۇت دىك ئېتىپ دادىسى بايا ئولتۇرغان يەرگە، تۆرگە ئۆتتى - دە، ئەپلىككىنە تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— ئالدىرىما ھۇسەنكا، — دېدى ئاندىن ئاخىرقى سوئالنى سورىغۇچىغا قاراپ ئۇ، — چاقچاق، لەتىپىمۇ سۆزلەيمەن، سۇۋارىمۇ كەلتۇرىمەن، ھەرقايسىڭنىڭ ئاغزىنى سۇۋاركىلاۋېتىمەن!

سورۇندا تەئەججۇپلۇك كۈلكىلەر، قايىللىق خىتابلار ياڭرى-دى. ئۇن ئىككى ياشلىق بالىنىڭ بۇ دىدىللىكى، جۈرئىتىگە ھەممەيلەن ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى.

— قېنى پو ئاتماي، بىر - ئىككى لەتىپە سۆزلەپ باقە باشتا، — دېدى ساتتار داۋۇت جىددىي ھالدا، — ئاتىسى ئاتمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى، دەپ، داداڭ سەنچىلىك ۋاقتىدا بىر سورۇندا مۇنداق سۆزلىمىگەن بولغىيدى!

— ھازىرقى بالىلار يامان! — ساھىبخانا ئېخىچىلا ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاۋاز قاتتى.

— ھەي ساتتاركا، ھەجەپمۇ قوڭغۇزنى، توڭغۇزنى دەپ كەتتىڭىز، — ماخمۇت مۇشتۇمدەك بەستى بىلەن ھەر سۆزلىگەندە بىر ئۆرەدەپ، چاقچاقنى باشلىدى، — ئۆزۈڭچە دۇتارىڭنى مىل-تىقىقا ئوخشىتىپ، دادامنى توڭغۇزدەك ئاتتىڭمۇ يە؟

— مانى قارا! — ساتتار داۋۇت ئەتراپىغا قارىدى، — دادىسىدىن باشلىدا بۇ!

— ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدىن باشلاپ بەرمىسەم، ئەمدى مىلتى-قىڭنى قوڭغۇزغا قارىتىدىغاندەك قىلمىسەن!

— يەنىچۇ؟

— يەنىما؟ — ماخمۇت كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى، — ئەمدى سىنىڭ سىرىقىڭنى چېلىپ، رىشالە ئېتىمىز دېگىنە، ساتتاركا!

شۇنداق قىلىپ ماخمۇت ھېسام دادىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇ-رۇپ، سورۇندىكى ھەر بىر ئادەمنى رەڭگى، تۇسى، ئالاھىدىلى-كى بويىچە شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن ئوخشىتىپ چىقىشقا باشلى-دى. ئۇنىڭ ئىنكاسى تولىمۇ تېز، گېپى چاقماقتەك، قىلىقى سەبىي ۋە ئوماق ئىدى. سورۇن ئەھلى قايىللىق كۈلكىلىرى ئارىسىدا بىر - بىرىگە ئۇنى ماختىشىپ، چىن كۆڭۈللىرىدىن شادلانماقتا ئىدى. بۇ كۈنى ماخمۇت ھەقىقەتەن دادىسىنىڭ بوش-لۇقىنى تولدۇردى ۋە نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ مايسا ھالىتىدىكى تالان-تىنى نامايان قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ماخمۇتنىڭ ئۆز ئالدىغا بارىدىغان، چاقىرىلىدىغان سورۇنلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. بۇ ھەم ناھايىتى ياخشى، ھەم ياخشى ئەمەس ئەھۋال ئىدى. ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ماخمۇتنىڭ جەمئىيەتكە، سورۇنلارغا بەكمۇ بالدۇر ئىشتىراك قىلىشى ئۇنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىگە، ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرەيتتى.

بىر قېتىم سەلىمجان بىر ئىش بىلەن ھېسامنىڭ تاشلەپكىدىكى بىنا ئۆيىگە باردى. ئۆيدە ھېسام، زېمىنخان، ماخمۇت ھەممىسى تەل ئىدى. بۇ ماخمۇتنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققان ۋاقىتلىرى بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇ «كۆۋرۈك» ، «شادىمان بالىلار» قاتارلىق تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە رول ئالغان، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە قىلغان چاقچاق، سۆزلىگەن يۇمۇرلىرى شەخسلەر چىقارغان ئارىلاشما ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىغا كىرگۈزۈلگەنىدى.

ماخمۇت سەلىمجاننى كۆرۈپ ئۇنىڭغا دەرھال چاقچاق قىلدى:

— يەنە دادامنىڭ چاقچاقلىرىنى يازغىلى كەلدىڭىزمۇ؟ ، دادامنىڭ چاقچاقلىرى تۈگەپ قالدى، ئەمدى مېنىڭ چاقچاقلىرىمنى يېزىڭ!

سەلىمجاننىڭ بۆلەك بىر گەپ قىلغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن تۇرۇپلا باشقا پاراڭ قىلدى:

— سەن ساۋاتلىق، بىلىملىك بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭنىڭ چاقچىقىڭنى ئۆزۈڭ يازارسەن!

ماخمۇت كۈلدى.

— يالغان دەپ قويدۇم، چوڭ بولغاندا دادامنىڭ چاقچاقلىرىنىمۇ ئۆزۈم يازىمەن.

بىر چەتتە گەپكە قۇلاق سېلىپ جىممىدە ئولتۇرغان زېمىنخان ھەدە ئېغىز ئاچتى:

— بۇ بالىدا ھەر گەپ!

— سەن يەنە نېمىنى يازىسەن، سەلىمجان ئاكاڭ نەچچە كىتاب چىقىرىپ بولدى، — ھېسامۇ ئوڭايسىزلانغاندەك پاراڭغا

www.uyghurkitap.com

قوشۇلۇپ قويدى.

— ماخمۇت ئۇكام، — دېدى سەلىمجان ماخمۇتنىڭ چېچىنى تۇرقىغا زوقلىنىپ، — سېنىڭ هازىرقى ۋەزىپەڭ ياخشى ئوقۇش جۇمۇ. چاقچاقمۇ، يېزىشمۇ سەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

— هە، گەپ قىلىپ قويىڭا بۇنىڭغا مۇشۇنداق. ئۆيدە زادىلا تۇرماس بولدى، — دېدى زېمىنىخان خۇشال بولۇپ.

— هەي زېمىنىخان ئاپا، ئۇ يەر - بۇ يەرگە بارغىنىم بىلەن «قۇرۇق كەلمەيسەندە باست!» هە! — ماخمۇت هەييارلىق قىلىپ ئاپىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

— هە، بۇنىڭغا يەنە بىر گەپنى دەپ قويىڭا، بۇ سەھنىلەرگە چىقىپمۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى دورايدىكەن، دادىسىنى دورىسا قانداق بولىدۇ؟ — دېدى هېسام شۇ ئارىلىقتا.

زېرەك ماخمۇت دەرھاللا چاقچاق بىلەن گەپنى يۆيۈۋەتتى.

— ئاۋازىڭنى دورىماي، چاقچاقچىلىقىڭنى دورىسامغۇ بولار؟

كىچىككىنە ماخمۇت ئەنە شۇنداق قىلىپ دادىسىنىڭ چاقچاق ئۇدۇمىنى ئالغانىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغما زېرەكلىكىنى تېخىمۇ نامايان قىلدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىنى ئۇ ۋىلايەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا بېرىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشتى. هېسام ۋە زېمىنىخاننى خۇشال قىلىپ بېيجىڭغا ئوقۇشقا باردى ۋە ئوقۇشىنى ياخشى تاماملاپ، شۇ يەردە خىزمەتتە قېپقالدى.

بىز ماخمۇت هېسامنىڭ كېلەچىكىدىن تولىمۇ ئۈمىدۋار. تىلەكىمىز، ئۇ ئۆز خىزمىتىدە مول ئۇتۇقلار قازىنىپلا قالماي، كەلگۈسىدە يەنە ئاتىسى هېسام قۇربانىنىڭ چاقچاق شەجەرىسىنى ئۆز قولى بىلەن يازغاي!

## 57. يەنە شۇ خۇسۇستا

غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭمەھەللە باغ شىپاڭى.
بۈگۈن بۇ يەرگە غۇلجىدىكى قىزىقچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلغان. ساھىبخانا — چەت ئەلدە ئۇزۇن يىل تىجارەت قىلىپ روناق تاپقان، ئەمما يۇرتىنى، ئېلىنىڭ ئاجايىپ تاتلىق چاقچاقلىرى ۋە ناخشا - سازلىرىنى سېغىنغان ياش ھاجىم دۆڭمەھەللە شىپاڭىغا مول نېمەتلىك داستىخان راسلاپ، ھېسام، روزى ئابدۇۋەلى قاتارلىق چوڭ - كىچىك چاقچاقچى، سازەندىلەرنى جەم قىلغان، ھەتتا ماشىنا چىقىرىپ جىلىيۈزىنىڭ چاقچاقچىلىرىنىمۇ ئەكەلدۈرگەنىدى.
غۇلجا ئولتۇرۇشلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئولتۇرۇش باشلانماستىنلا، مېھمانلار تەلتۆكۈس يىغىلغۇچە چاقچاق باشلىنىپ كەتتى. بىر - ئىككىلەپ كېلىۋاتقان مېھمانلار كېلە - كەلمەيلا چاقچاققا قوشۇلۇپ كېتەتتى. سورۇندىكىلەر كېلىۋاتقانلارنى يىراقتىنلا چاقچاق بىلەن كۈتۈۋالاتتى.
— بولۇس كېلىۋاتىدۇ، بولۇس، پاراخوت ئاشخانىسىغا پىتىر مانتىنى رەگەتكە بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىمەن دېگىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟
— ئاشخانىسىغا ئاماق يېگىلى كىرگەنلەرنى ئەخمەق قىلىپ، مانتىنىڭ ئۈستىگە سەپكەن قارىمۇشنى بۇ نېمە دېسە، تورۇستىن توپا چۈشتىمىكىن دېگىنىچۇ؟
— يەنە سەمرىپ كېتىپتا ئۇ؟
— سەمرىمەي، چاقچاقنى ھار ئالمىسا!
ئۇنىڭغۇچە بولۇس بىر قولىدا قولىقىنى تۇتقان ھالدا، سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ يېتىپ كېلەتتى.
— يائاللا، گېپىمنى تازا قىلىشىۋالدىڭلارغۇ دەيمەن. يول

بويى قۇلىقىم قىزىپ...

— ھەي بولۇس، ئاۋاكرىغا قاراپ قۇلىقىڭنى تۇتقىنىڭ نېمىسى؟ — دەي ـ دەيچىلەر ئىشقا كىرىشەتتى.

— شۇنى دەيمىنا، شۇنچە ئۇزۇن قۇلىقى تۇرۇپ ئاۋاكرى تۇتمايدۇ.

— قولى قىسقا ـ دە، يەتمەيدۇ، — ئۆي باشقۇرۇش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، بىر سورۇنى ئاغزىغا قارىتىدىغان ئابدۇكېرىم چاقچاققا ئارىلىشىۋېدى، باياتىن تىنچ ئولتۇرغان ئاۋاكرىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— ئا... شەلىكلەرنىڭ پارىكىغا پىلىچپىلىكلەر[1] ئارىلاشمىسۇنا!

ئابدۇكېرىمنىڭ چىرايىغا قىلىنىۋاتقان چاقچاق كۆلكە قوزغىدى. ئابدۇكېرىممۇ بوش كەلمىدى.

— ئۆزۈڭ تولا بارىدىغان يەرنى ئۇنتۇمايسەن ـ دە، ئاۋاكرى! ھە گەپ قىلە!

ئاۋاكرى جايىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئىككىسىنىڭ ئېلىشىشى باشلاندى.

— گەپ قىلە، ئۆچكە تېرىسىدىن چاپان كىيىۋېلىپ دۇمبىسىگە «ئادىداس» دەپ يېزىۋالىدىغان ئەخمەق!

— ھە، گەپ قىلە قوم شىبەرنىڭ خالتىسىدىن كوسار كىيىۋېلىپ، يانپىشىغا «تاتلىق» دەپ يېزىۋالغان ئەخمەق!

— گەپ قىلە، تۆت تاز بىلەن بىر ئىشخانىغا كىرىۋېلىپ، «شىركەت ئاچتىم» دەۋالىدىغان ئەخمەق!

— گەپ قىلە، تاقىسى شاراقشىپ كەتسە، پۇتۇمغا توپلەي كىيىۋالدىم دەيدىغان ئەخمەق!

— گەپ قىلمامسەن، لازىنى كۆپ يەۋېلىپ، ئوبۇرنىغا چىچاڭشىپ كىرىپ كېتىدىغان ئەخمەق!

— سەنمۇ گەپ قىلمامسەن، تېزەكنى پۇرىۋېلىپ، نەشە

---

① پىلىچى ـ غۇلجا شەھىرى ئەتراپىدىكى خالق.

چەكتىم دەپ ۋارقىرايدىغان ئەخمەق!

قىيقاس كۆلكىلەر ئارىسىدا كىمدۇر بىرى:

— ئاغىنىلەر، ھېسامكام كېلىۋاتىدۇ، — دەپ قالدى. شىپاڭدا، چوغدەك گىلەملەردە راھەتلىنىپ ئولتۇرۇشقان ئۇلپەتلەرنىڭ نەزىرى ئەمدى ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا ئىبراھىم جاھانكەزدى بىلەن كېلىۋاتقان ھېسامغا يۆتكەلدى.

— ھېسامكامنى نېمانداق كېچىكىپ كەتتىكىن دېسەم، ئىبراھىمكام كوچىمۇكوچا سۆرەپ يۈرۈپتۇ ـ دە!

— خۇرجۇنى قېنى ئەمىسە، خۇرجۇنى؟

— ھەي ئەخمەق، قايسى زامانلاردا يۈرسەن، ھازىر قاتتىق نان ئالمايدۇ، ئۇيۇن نەق!

كۆلكىلەر ئارىسىدا ھېسام بىلەن ئىبراھىم شىپاڭغا چىقتى. سالام ـ سەھەتلەر چاقچاق ـ كۆلكىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى.

— ھەي ھېسامكا، ۋاق قالدىڭغۇ؟

«ئالدىن كۆرەر» لەرنىڭ باياتىنقى قىيقاسلىرىغا خوپ ھالدا، ھېسام دەررۇ ئىبراھىمغا قارىدى:

— ماۋۇ ئىبراھىم ھويلىمۇ ھويلا توختاپ!

— ئەمىسە سەنمۇ زىيان تارتماپسەن!

— دېمىدىمىمۇ، شۇنداق دەيدۇ دەپ...

— ھەي ئىبراھىمكا، گەپ قىلە!

ئىبراھىم جاھانكەزدى كۆلۈمسىرەپ چاقچاقىقا ئۇن قاتتى.

— مەنغۇ ئۇدۇللا كەلدىم. مۇشۇ ھېسامكام ئۆزى، يولۇققانلا ئادەمدىن موخوركا سوراپ...

— ھەي، ھازىر ھەممىلا ئادەم بايۋەچچە بوپكېتىپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ھېسام جاۋابەن، — ساپلا شاڭيەن چېكىدىكەن دېسە بۇ خەق، يا ئادەمنىڭ ئاغزىغا تېتىمىغان. ھە، ئىبراھىم، سوراپ چەككەن ياخشى بولىدۇ دېگىنە!

ئىبراھىم بىر نەرسە دەي دەپ ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىۋىدى، ئانىڭغۇچە ساھىبخانا مېھمانلارنى سورۇنغا جوراپ قالدى.

— قېنى مېھمانلار، ئورۇن ئالايلى، قولغا سۇ ئالىمىز!

ھېسامكا، ئىبراھىمكا، قېنى!

بۈگۈنكى سورۇن ئالدىنئالا پەرەز قىلىنغاندەك تولىمۇ قىد-زىپ كەتتى. چاقچاقنىڭ ھەممە تۈر، جىمى شەكىللىرى ئوتتۇرى-غا چىقتى. ناخشا، سازمۇ ئۆز رېتىدە كالون ـ كالونىسى بىلەن تاماملىنىپ تۇردى. مول تائاملار، مېغىپ تۇرۇۋاتقان ھاراق نۆۋەتتى ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىياتىنى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈر-مەكتە ئىدى. ساھىبخانا ھاجىم تىلىكىگە يەتكەندەك ئېچىلىپ، خۇشاللىقتا چۆمۈپ، مېھمانلارنىڭ، ناخشا ـ سازنىڭ، چاقچاقنىڭ پەيزىنى، تەپتىنى ئالماقتا ئىدى.

سورۇن قىزىپ، ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ يەنە بىر قېتىم ئىزد-غا، پەسكويىغا چۈشكەندە بىر ياش چاقچاقچى ئورنىدىن تۇردى:

— ھۆرمەتلىك ئاكىلار، ئاغىنىلەر، مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار ئىدى، دېسەم رۇخسەتمۇ؟

— «مېنىڭدە بىر پىكىر ياتىدۇ» دېگەندەكما؟ ھە، قېنى، سۆزلە ئۇكا!

— دەيدىغىنىم باشقا گەپ ئەمەس، بۈگۈن ھاجىم ئاغىنى-مىزنىڭ ياخشى كۆڭلى بىلەن بۇ يەرگە جەم بوپتىمىز، ھەممە-مىزنىڭ ئۇستازى ھېسامكام، مانا تۆردە ئولتۇرۇپتۇ، قارىسام جىلىيۈزلىك چاقچاقچى بۇرادەرلەرمۇ، ئارىلىقنى يىراق كۆر-مەي، توققۇزتارادىن تۇداخۇن غۇنچە بويمۇ كېپقاپتۇ، ماۋۇ تېلې-ۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى مۇخبىر ئاغىنىمىز ئادىل باياتىن قۇلى-قىمغا بىر گەپنى پىچىرلاۋاتىدۇ. باياتىن ھەر خىل، ھەر شەكىل-دىكى چاقچاقلىرىمىزنى سىنئالغۇغا ياخشى ئېلىۋاپتۇ. ئەمدى ھەر بىرىمىز بىردىن چاقچاقچى بولغاندىكىن، ھېسامكامغا بولغان ھۆرمىتىمىزنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، نۆۋەت بويىچە بىردىن ياكى ئىككىدىن لەتىپە، يۇمۇر سۆزلىسەك، شەرت شۇلەتىپە، يۇمۇرد-مىزغا ھېسامكام قاتناشقان بولسا، يەنى ھېسامكامنىڭ ئىسمى بولسا دەيمەن. ئادىل ئاداش، مۇشۇنداق بولسا دېگەنتىكما؟

— ھەببەلى! — دېدى ئادىل سىنئالغۇ ئاپپاراتىنى مۈرىسىگە ئىلىككىدە قوندۇرۇپ، — قالتىس ياخشى خاتىرە بولاتتى. كېيىنچە

كۆپچىلىككە بىردىن لېنتىغا كۆچۈرۈپ بېرىمەن.
— ھېسامكام دەيدۇ ئۇكا، لېنتىغا پۇل ئالامدىكىن دەپ،
— سورۇندىن بىر چاقچاق ياڭرىدى.
— ھېسامكامدىن ئالمايمىز!
ئۇنىڭغۇچە تۇشمۇتۇشتىن ئىنكاسلار كۆتۈرۈلدى:
— بولمىدىغان گەپكە بۇ!
— ئەمىسە دېدۇقما؟
— توختا ھوي، بىر باشتىن كېلىدۇ!
— «ئۆزۈم ئورۇندايمەن» دېمەمسەن.
— خەپشۇك!
شۇنداق قىلىپ بىرىگە - بىرى ياندىشىپ، بىرىگە - بىرى يارىشىپ، بىرىنى - بىرى تولۇقلىشىپ ئۇلتۇرغان ئىلى ۋادىسىنىڭ چاقچاق ۋارىسلىرى نۆۋەتلىشىپ، بىر - بىرلەپ يېڭى تەكلىپنى ئادا قىلغىلى باشلىدى.
ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن بۇ رەڭگارەڭ لەتىپە، چاقچاقلاردىن ھوزۇرلانغىنىڭىز بارغۇ دەيمەن؟ قېنى، بىزمۇ بىر باشتىن كېلەيلى!
△ بىر ئولتۇرۇشتا ھېسامكام بىلەن چاقچاق قىلىشقۇم كېلىپ قالدى. ھېسامكام بويۇمنى كىچىك كۆردىمۇ يە ھالىمغا باقماي ئۆزىگە شىلتىڭ ئاتقىنىمغا سەل رەنجىدىمۇ، ئىشقىلىپ، مېنىڭ گەپلىرىمگە تازا ئېتىبار قىلمىدى. مەن بۇنىڭدىن رەللە بولۇپ، ھېسامكامغا:
— ھېسامكا، گەپ قىلمايسەنغۇ، قىلە چاقچىقىڭنى، بىر قاققا - بىر قاق! — دېدىم.
ھېسامكام نېمە دەيدۇ دېمەمسىلەر؟
— ھەي تۇداخۇن ئۇكا، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرماي بىر قاققا يېرىم قاق دېگىنە!
(توققۇزتارالىق تۇداخۇن)

△ بىر كۈنى ھېسامكام ئىككىمىز، ئۇرۇمچىلىك مېھمانلار

بىلەن جەم بولۇپ قالدۇق.

سۆز نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە بىر ـ ئىككى يۇمۇر سۆزلىۋې- دىم، مېھمانلاردىن بىرى:

— ئۇكام مۇساجان، ئۆي نەدە؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— كېپەكيۈزىدە.

— ھەي ئۇكا، شۇنچىلىك تالانتىڭىز تۇرۇپ، كېپەكيۈزىدە تۇرۇپ قالغىنىڭىز نېمىسى؟

— كېپەكيۈزى دېگەن تۇغۇلغان يېرىم، شەھەردىن ئانچە يىراق ئەمەس، ۋېلسىپىتتا مىنسەك بەش مىنۇتتىلا ئۆزىمىزنى غۇلجىنىڭ كىندىكىدە كۆرىمىز، — دەڭا!

كېپەكيۈزى بىلەن شەھەرنىڭ ئارىلىقى ئۆزىگە مەلۇم بولغان ھېسامكام بۇنى ئاڭلاپ، دەررۇ گەپكە ئارىلاشتى:

— مۇساجان ئۇكا، گېپىڭگە قارىغاندا كېپەكيۈزىنىڭ ۋېلە- سىپىتلىرى ئېرىق ئاتلايدىكەن ـ دە!

(كېپەكيۈزلىك مۇساجان ئەخمەت)

△ بىر مەزگىل ھېسامكاملار بىلەن قوشنا ئولتۇرغاندا، ھېسامكامنى بىر رەنجىتىپ قويدۇم. بىر كۈنى ئۇ كۆمۈر ئەكې- لىۋالايلى دەپ بىزنىڭ لالاچەينى[1]سورىۋېدى، نېمىنى ئويلىدىم، تۇڭلا تېگىپ:

— ھارۋىنىڭ يېلى يوق، كامىر تۆشۈك، — دېدىم. ھېسام- كام لام دېمەي چىقىپ كەتتى.

بىر قېتىم ھېسامكامنىڭ گەمىدىكى تۇغقانلىرى ئېشەك ھار- ۋىلىق كېلىپ، ئۇنىڭكىدە بەش ـ تۆت كۈن تۇرۇپ قالدى. بىر ھاجەت بىلەن ئۇنىڭكىگە كىردىم.

— ھېسامكا، تۇگمەنگە ئۇگۇت ئاپىراي دېگەنتىم، ھارۋا ئۆزۈمدە بار، ئېشەكنى بېرىپ تۇرغىنا!

ھېسامكام لاپپىدە كۆزۈمگە قارىدى ـ دە:

— ئېشەكنىڭ يېلى يوق، ئاشقازىنى تۆشۈك، — دېدى.

---

① لالاچەي ـ رەزىنكە چاقلىق قول ھارۋا.

مەنمۇ لام دېمەي چىقىپ كەتتىم.

(قارىۋاي مەھەللىلىك ئاۋاكرى)

△ بىر كۈنى دوللار بازىرىدا ئالدىراش كېلىۋاتسام، ھېسامەكام بىنا ئۈيىدىن چۈشۈپ كەلدى- دە، مېنى كۆرۈپ:

— نەگە ماڭدىڭ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— دەريا بويىغا، ئولتۇرۇشقا.

— خەقنىڭ تامىقىنى بىكارغا يەۋەرمەي، — دېدى ئۇ، — بىزلەرنىمۇ مېھمان قىلىپ قوي.

مەن ئۇنى دوللار بازىرىنىڭ بېقىنىدىكى تۇرغاننىڭ ئاشپۇزۇلىغا ئېلىپ كىردىم. ھېسامكام گەپ قىلماي ئولتۇردى. مەن بىر قىزنىقچىلىقنى ئويلاپ ئۈچ سامسا ئالدىم - دە، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ھېسامكام بىر سامسىغا، بىر ماڭا قاراپ كېتىپ:

— سەن سامسا يېمەيسەنغۇ ھە؟ — دەيدۇ.

ھېسامكام بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان بالىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ بىرنى يەپ بولغۇچە، مەن كاپۇر - كۇپۇرلا ئىككى تال سامسىنى يەۋالدىم - دە، خوجايىنغا بىر يېرىم سوم پۇلنى بېرىپ، ھېسامەكامدىن بۇرۇن چىقىپ كەتتىم. ھېسامكام ئارقامدىن تىللاپ قالدى.

— بۇرۇنلاردا سەھرادىن مەڭگەن - سامان كىرىدىغان، ھازىر نەدە مۇشۇنداق گۇيلار كىرىپ، ئادەمنىڭ ئەتىۋارىنى قويىمىدى.

(مەمەيۇزىلىك ھىبى)

△ بىر كۈنى ۋەلىكام داۋۇت بىلەن ھېسامكام ئۈچىمىز قورغاستىكى بىر سۈننەت تويغا چىقىپ قالدۇق. ھېسامكامنى كەپتۇ دەپ ھەممىسى يىغىلدى. توينىڭ ئولتۇرۇشى ھويلىدىكى بارالڭ تېگىدە بولدى. قورغاسلىق چاقچاقچىلارنى بوش چاغلىغىلى بولمايتتى.

ھېسامكام ئىككىمىز بىر بولۇۋېلىپ، ئۇلارنى راسا كەلتۈردۇق. ئۆرۈم دېگەن چۈشۈپ تۇردى. بىر چاغدا ۋەلىكام قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:

— ھىبى، ھېسامكام چاقچاق قىلغاچ تۇرسۇن، سەن ئاۋۇ پۇللارنى يىغىشتۇرۇپ قوي، سەت تۇرىدىكەن، — دېدى.

مەن پۇللارنى پۇرلەپلا يانچۇقۇمغا سالدىم. ھېسامكامنىڭ ئاغزى چاقچاقتا، كۆزى مېنىڭدە. مەن ئەدەپكە چىققان بولۇپ تالادا پۇللارنى سانىسام نەق 750 سوم چۇشۇپتۇ. ھېسامكامنىڭ تازا بىر چىشىغا تەگكۈم كەلدى ـ دە، بىر تاكسىنى 50 سومغا كىرا قىلىپ، كېچىلەپ شەھەرگە يېنىپ كىردىم. ھېسامكام كېچىچە ۋەلىكامنىڭ يوتقىنىنى تاتىلاپ ئۇخلاتماپتۇ.

— ۋەلى ئۇكا، بىر قىسما بولۇۋاتىمەن، — دېگۈدەك ئۇ.

— نېمە بولدۇڭ؟

— يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ؟

— قويساڭ، ھىبى داۋالاشقا ئۈستىدى. چاقىرغىنا، بۈگۈن نەدە قوندىكىن.

(يۇقىرىقىغا ئوخشاش)

△ بىر قىسىم ئايالالار باركى، كىيىنىش، يۈرۈش ـ تۇ-رۇشقا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. كامىل دېگەن چاقچاقچى ئاغىنىمىزنىڭ ئايالى شۇنداق. مىسالەن، نان يېقىپ قالسا ئۇس-تىگە بىر يېڭى يوق ئەسكى چاپان، پۇتىغا بوتەي دېگەندەك نەرسە-لەرنى كىيىۋالىدۇ.

بىر يىلى ھېسامكام جىلىيۇزىگە چىقىپ، شۇ مەلىدە ھەپتە تۇرۇپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئايال يەنە نان يېقىپ قالدى. تونۇر بېشى دەرۋازىغا ئۇدۇل ئىدى. كامىل ئىشىك ئالدىغا چى-قىپ:

ئىشقى ئوتىنىڭ ئالدىدا،
دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق.

دېگەن ناخشىغا غىڭشىپ ئولتۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇدۇل دەرۋازىدىن چىققان ھېسامكام ئۇنىڭ يېنىدىلا پەيدا بولۇپ قالدى.

— ھە كامىل ئۇكا، — دېدى ھېسامكام كامىلغا ئۇنىڭ تونۇر بېشىدىكى ئايالىنى شەرەتلەپ، — ئېيتىۋاتقان ناخشاڭ ئاشۇ ئايا-

لىڭغا راۋا كېلەرمۇ؟
(جىلمىيۇزلىك سالى ساۋۇت)
△ بىزنىڭ ئابدۇل دەپ تۇگمەنچى تۇغقىنىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پات ـ پات جۇمە نامىزىغا بىرگە بېرىپ قالىمەن. ئىمامئاخۇنۇم مەسىلە مەرۇپ قىلسىلا ئۇمىچىلداپ يىغلايدۇ ـ دە.
بىر قېتىم سورۇندا شۇ توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالدى. ھېسامكاممۇ شۇ يەردە بار ئىدى. مەن ئابدۇلكامغا چاقچاق قىلـ ـدىم.
— نېمە بولدۇڭ ئابدۇلكا، ھەي، ئىمامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىـ ـساڭلا ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالمايدىغان بولدۇڭغۇ؟
— قانداق قىلىسەن ئۇكام لەتى، باغرىمىز يۇمشاق ئادەم. ئۇ دۇنيانىڭ گېپى چىقسا يىغلاپ سالىدىكەنمىز.
يەنە بىر نېمە دەي دەپ تۇراتتىم. ئۇنىڭغۇچە ھېسامكام گەپكە ئېغىز ئاچتى:
— ھەي لەتى، بۇ تۇغقىنىڭ بۆلەك نىمىگە يىغلايدۇ.
— نېمىگە يىغلايدۇ؟ — قىزىقتىم مەن.
ھېسام دېدى:
— ھازىر ھەممە يەردە توك تۇگمەن بولۇپ كەتتى، بۇ ئاداش سۇ تۇگمىنىگە ئۇگۇت كەلمەي، شۇنىڭغا يىغلاۋاتقان پاراڭ.
(جىلمىيۇزلىك لەتى ئىمىن)
△ بىر كۈنى ھېسامكامدىن سورىدىم:
— ھېسامكا، بىرگە بىرنى قوشسا نەچچە بولىدۇ؟
ھېسامكام كۆزۈمگە قارىدى.
— مېنى ئەخمەق قىلىۋاتامسەن ياكى ئۆزۈڭ دۆتمۇ؟
— سىزنىمۇ ئەخمەق قىلمىدىم، ئۆزۈممۇ دۆت ئەمەس، — دېدىم مەن.
ھېسامكام گەپ قىلمىدى. نەچچە كۈندىن كېيىن بىر يەردە كۆرۈپ قېلىپ چاقىردى.
— ھەي ئەكرەم، ھېلىقى سوئالىڭغا جاۋاب تاپتىم. بىرگە

بىرنى قوشسا ئۈچ بولىدۇ.

— نېمىشقا ھېسامىكا، — دېدىم، — بىر مىسال كۆرسىتىڭىا؟

— جاۋابىنى مەن دەپ بەردىم، — دېدى ھېسامىكام، — مىسالىنى داداڭ بىلەن ئاپاڭدىن سورا.

(غۇلجىلىق ئەكرەم سېتىۋالدى)

△ بۈگۈن - ئەتىلىكى قالغان بىر تىجارەتچى بىر قېتىم پىكاپىغا ھېسامىكامنى ئولتۇرغۇزۇپ، بىر جىنازا نامىزىغا بېرىپتۇ. يەرلىكتىن قايتقانلىرىدا تىجارەتچى ھېسامىكامغا:

— ھېسامىكا، يەرلىك (گۆر دېمەكچى) بەك پۇل بوپكېتىۋاتىدۇ. جۇرسىلە، گۆركارغا يولۇقۇپ، نەدىن - نەگىچە، بىر ئۇققاچ كېتەيلى، — دەپتۇ.

گۆركارنى تاپقاندىن كېيىن تىجارەتچى سوراپتۇ:

— يەرلىكنى نەچچىگە كولايدىلا؟

— ئىككى يۈز ئەللىك كوي.

— نېمانچە قىممەت؟

— بولۇۋاتقان باھا مۇشۇ.

شۇ كەمگىچە شۈك تۇرغان ھېسامىكام تىجارەتچىگە بولۇشۇپ، گۆركارغا دەپتۇ:

— بۇ بۇرادىرىمىز پۇتىنى يىغىپراق ياتسۇن، يۈز ئەللىك كويلۇقىنى كولاپ بېرەمدىلا؟

(بايكۆللۈك ئەبەيخان ئەمەت)

△ ھېسامىكام ئادەم ئويلىمىغان گەپلەرنى قىلىدۇ. بىر كۈنى ئىككىمىز بازاردا بىرگە كېتىۋاتاتتۇق، قارىسام بىر مەست مەن تونۇيدىغان بىر ھاجىمنى ئۇرۇۋېتىپتۇ.

ئاچچىقىم نەدىن كەلدى.

— كىمنى ئۇرۇۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟

— توكتىن چىققان ھاجىمنى.

— ھەرقانچە بولسا ھاجىمنى ئۇرغىنىڭ نېمىسى؟

مەست يەنە بىر نېمە دەپ ماڭا گۆلىيەي دېۋىدى، ھېسامىكام گەپكە ئارىلىشىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئۇكا، تاھارەت ئېلىپ ئۇرغانسەن؟
مەست بىردەم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كېيىن كېتىپ قالدى.

(غۇلجىلىق بولۇس نىزامىدىن)

△ بىر ئادەم يېقىن بۇرادىرىدىن بەش مىڭ سوم قەرز ئېلىپ، تىنىۋاپتۇ. قەرز ئىگىسى ئۇنداق دېسىمۇ «تىل خېتىڭ بارمۇ؟» دەيدىكەن، مۇنداق سۆيلىسىمۇ «ھۆججىتىڭنى چىقار» دەيدىكەن. پۇل ئىگىسى ئاچچىقىدا:
— خەپ، خۇدايىمغا قويدۇم، تاڭلا قىيامەتتە كېكىرتىكىڭـنى سىقىپ تۇرۇپ ئالىمسام، — دېيىشىگە شۇ يەردە تۇرغان ھېسامكام ئالدىراپ:
— ئۇكا ھوي، ئۇنداق ئالدىرىماي ئالىدىغان بولسىڭىز، ماڭىمۇ بەش مىڭ سوم بېرىپ تۇرىڭا! — دەپتۇ.
(جىلىيۈزىلىك كامىل غوجا ئەخمەت)

△ «يېڭى يول» كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا دوغاپ ئىچىپ ئولتۇرسام، ھېسامكام نەدىندۇر پەيدا بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا بىر چىنە دوغاپ بۇيرۇتتىم.
— ۋاھ، دوغاپ دېگەننى مۇشۇنداق تومۇزدا ئىچىدىغان نىـمىدە، يۈرەكلەرنى ياشارتىپ — … ھېسامكام دوغاپنى ماختاپ تۇـرۇپ ئىچىشكە باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا ئىككى چىنە دوغاپنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتىم.
پاراڭ بىلەن بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئەتەي:
— يەنە ئۇسساۋاتىدا ئادەم. ھېسامكا، نۆۋەت ساڭا كەلدىغۇ دەيمەن، — دېدىم.
ھېسامكام ئورنىدىن لىككىدە تۇردى:
— ۋاھ، دوغاپ دېگەننى مۇشۇنداق تومۇزدا ئىچسىزە، ئىـچىڭ دېگەننى سورۇپ…
(غۇلجا شەھىرىدىن ئەخمەتجان يۈسۈپ)
… سەھىپە ئېتىبارى بىلەن ياش چاقچاقچىلىرىمىزنىڭ گەپـ

ـلىرىنى مۇشۇ يەردە توختىتىمىز.

2001 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان قۇربان ھېيتلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كېچىلىكىدە ھېسام قۇربان باشلىق غۇلجىلىق 11 چاقچاقچى شۇ قېتىملىق كېچىلىكنىڭ بىر گۈلى سۈپىتىدە سەھنىدە پەيدا بولدى. ھېسامدىن باشقا چاقچاقچىلارنىڭ مەھەللىۋى سورۇنلاردىن ھالقىپ، تۇنجى قېتىم (ئايرىملىرىدىن باشقىلىرى) ئۆلكە دەرىجىلىك سەھنىلەردە ئاشكارا پەيدا بولۇشى ئىدى. ئۇلار تېلېۋىزوردا كۆرۈنگەن ھامان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى مىليونلىغان كۆرەرمەن ئىلگىرى ناملىرىنى كۆپ ئاڭلىغان لېكىن ئۆزلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ چاقچاق ماھىرلىرىنى، ئىلى چاقچاقچىلىقىنىڭ ۋارىسلىرىنى زور ئالقىش ۋە چاۋاكلار بىلەن قارشى ئالدى. ئۇلارنىڭ بىر قانچە مىنۇتلا داۋام قىلغان قىسقا، ئۆتكۈر مەنىلىك لەتىپە، چاقچاقلىرىنىڭ گېپى، يۇرتىمىز بويلاپ تالاي كۆڭۈلەرگىچە تەرىپلىنىپ تۇردى.

# 58. قۇتلۇق كۈن

مىلادىيە 2000 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

شىنجاڭ تارىخىدا مەرىپەت ئوچىقى ھېسابلىنىدىغان بوستان شەھەر غۇلجىدا بۇ كۈنى ئەستە قالغۇدەك بىر كۆڭۈللۈك پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى. ئاپتونوم رايون، ئىلى ئوبلاستى ۋە غۇلجا شەھىرىدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرى، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، ئاخباراتچىلار بىر يەرگە جەم «بولۇپ ھېسام چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ۋە «چاقچاق بەزمىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

بۈگۈن ھېسامنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك كۈن ئىدى. ئۇ ياسانغان، چىرايى نۇرلانغان ھالدا كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈلكىدىن ئاغزى يېپىلماي تۇراتتى. بۈگۈن ئۇ ھەقىقىي ئۆز كۈلكىسىنى كۈلمەكتە، ئۆزى ئۈچۈن كۈلمەكتە ئىدى. مېھمانلار، يىغىن ئەھلى تۇشمۇتۇشتىن ئۇنىڭغا چاقچاقلار قىلىپ، تۇرۇپ ئادەمنى قاقاقلاپ كۈلدۈرىدىغان، تۇرۇپ ئادەمنى ئويغا چۆمدۈرىدىغان ئاجايىپ تىرەن يۇمۇرلىرى، ئۆتكۈر چاقچاقلىرى بىلەن كىشىلەرگە مەنىۋى زوق بېغىشلاپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپ كېلىۋاتقان بۇ غەنىيمەت ئادەمنى كۈلدۈرمەكتە، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولماقتا ئىدى.

— ھېسامكا، بۈگۈن چاقچاقنىڭ تويى بولدى ـ دە، ھە؟ — جىلمىيۇزىدىن ئالايىتەن تويغا كەلگەن بىر چاقچاقچى كىشىلەر توپى ئارىسىدىكى ھېسامغا ياندىشىپ، چاقچاق قىلدى.

— ھوي سالى، چىللاقلىرىغىچە تۇرۇپ قالارسەن، جىلمىيۇزى دېگەن يىراق يەر ئەمەسمۇ، — دېدى ھېسام جاۋابەن. ئەتىگەندىلا يىغىن زالى ئالدىدا كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا دەۋرەپ

ئۇلاشتى. ئايغى چاقىقان مۇخبىرلار چاقماق تېزلىكىدە فوتو ۋە
سىنئالغۇ ئەستىلىكلىرىنى قالدۇرۇشماقتا ئىدى.

— ھېلىمۇ يەتتىسىگىچە تۇرۇپ بەر دېمىدىڭ، — دېدى جىد-
لىيۇزىلىك يەنە بىر چاقچاقچى لەتى، — ئۇنداق دەيدىغان بولساڭ
بۇ سالى دىككىدە چىقىپ خوتۇن، باللىرىنى ئەكېلىدۇ جۇمۇ،
ھېسامكا!

— ھەي ھېسامكا، — چاقچاقچى ياندىشتى غۇلجا شەھەرلىك
چاقچاقچى يىگىتلەردىن بىرى، — بىزنىڭ تۆت دۇكان مەھەللە-
مىز ئەتىگەندىلا تەۋرەپ كېتىپتۇ. ھەممىلا ئادەم بۈگۈن ھېسا-
مىنىڭ تويىكەن دەيدۇ، يەنە ئۆيلەندىڭما؟

— چاقچاقچى ئۆيلەندى - دە، ھېسامكام. قارىمىدىڭمۇ ئاۋۇ
تامدىكى شېئىرغا، «چاقچاق تويى» دەپ يېزىپ قويۇپتىغۇ؟

— چاقچاق دېگەن زېمىنىڭدىمما؟

— شۇنىڭغا قارىغاندا چاقچاق دېگەن يېشى توختىغانراق،
قارىقۇمچاق ئايالكەن - دە! ...

ھېسامىنىڭ قۇتلۇق كۆڭلىدىكى يىغىن ئۆزىگە يارىشا ئەنە شۇن-
داق چاقچاق ئەۋجىلىرىدە ئېچىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر
داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت، ئاپتو-
نوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئەسقەت كەرىمباي،
ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىرلار يىغىنغا
تەبرىك خەت ۋە تەبرىك تېلېگراممىلىرى ئەۋەتتى.

ھېسام ئۆزىنىڭ يەتمىش ياشقا تولغان بۇ ئەھمىيەتلىك كۈنى-
دە تولىمۇ ھاياجانلانغانىدى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئۇنىڭ كۆز-
لىرىدە ياش ئەگىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى. رەئىس سەھنىسىگە
تەكلىپ قىلىنغىنىدا ئۇنىڭ ئاياغلىرى تېخىمۇ ئۆز ئەركىگە بوي
سۇنمىدى، سۆزگە تەكلىپ قىلىنغىنىدا ئاغزى خېلىغىچە گەپكە
كەلمىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
مىجىت ناسىر ئۇرۇمچىدىن ئالايىتەن كېلىپ، ئۇشبۇ ئالاھىدە

www.uyghurkitap.com

مەرىكىگە قاتناشتى ۋە «چىن ئىنسانغا تەبرىكلەر بولسۇن» سەر-لەۋھەلىك ئۆزۈن، تەسىرلىك ماقالىسىنى ئوقۇدى.
ھېسام رەئىس سەھنىسىدە ئالقىشلارغا، گۈللەرگە چۆمكە-لىنىپ ئولتۇراتتى. يىغىن زالىدا ئۇنىڭغا ھاياجان ئىلكىدە سەپسې-لىنىپ ئولتۇرغان سەلىم جامالنىڭ قۇلىقىدا «زىما ··· تاڭگا!» دېگەن سەبىيانە ئاۋاز ياڭرىغاندەك بولدى.
ئىلى ئوبلاستى، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى ھېسامغا بېغىشلانغان تەبرىكلەرنى ئوقۇدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت-چىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ھېسامغا تون كىيگۈزدى.
خەلق ئۆز ئوغلى ھېسامنى چىرايلىق ياساپ قويىدى، ئۇنى تۆرگە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى، ئۇنىڭغا ھەدىيىلەر سۇن-دى، چۈنكى ھېسام خەلققە ئۆمۈر بويى چاقچاق قىلىپ بەرگەن ئىدى.
بۇ شۇنچىلىك ئاددىيمۇ؟ ئۇنداقتا چاقچاق دېگەن نېمە؟
△ چاقچاق — ئۇلۇغ كۈچ. ھېچقانداق نەرسە كىشىلەرنى بىئازار كۈلكىدەك يېقىنلاشتۇرالمايدۇ.
(ل. ن. تولستوي)
△ چاقچاق — ھاياتلىق دېڭىزىدىكى قۇتۇلدۇرۇش كېمى-سى.
(ۋ. رائابى)
△ كۈلكە — مىسالى ئاپتاپ. ئۇ ئىنسان چېھرىدىن قىش قەھرىنى سۈرۈپ تاشلايدۇ.
(ۋ. گىيۇگۇ)
△ چاقچاق — چوڭقۇر تۇيغۇلارنىڭ دەل جاۋابلىقىدۇر.
(ف. م. دوستويېۋسكى)
△ ئۆزىمىز بەختلىك دەپ ھېس قىلغان چاغلارنى كۈتۈپ تۇرماي، خۇشال كۈلگىنىمىز ياخشى. ئەپسۇسكى، كۈلۈشكە ئۈلگۈرەلمەي ئۆلۈپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن.
(ج. لابىريويېر)
△ كۈلكە — ئاجىزلارنى قورقىتىپ، ھاياتنىڭ كامالەتكە

يېتىشكە قارشى چىققۇچى ھەمدە ئۆمرىنى ياشاپ بولغان ۋە خارابقا ئايلانسىمۇ ئامال قىلىپ جان ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنغۇچى ئۆتمۈشنىڭ بارلىق ساقىندىلىرىغا قارشى ئەڭ قۇدرەتلىك قورال-لارنىڭ بىرىدۇر.

(ئا. ئى. گېرتسن)

ھېسام ئاۋامغا ئەنە شۇنداق خىسلەتلىك كۈلكىنى بېغىشلاپ ئۆتكەن ئىنسان ئىدى.

پېشقەدەم شائىر ئىمىن تۇرسۇن مەرىكىنىڭ مېھمىنى سۈپە-تىدە مۇنبەرگە چىقىپ، مۇنۇ مىسرالارنى ئوقۇدى:

ھەممە دەيدۇ باي ـ ھېسامدۇر، تىلى ـ دۇنيا، دەپنە،
تىلدا ھاتەم قەرزدارمىش ھېسام روھى زەردار ئىكەن.

ھېسام ياشار ئۇيغۇر بىلەن، بەزمە، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ،
قايدا بولسا ھېسام شۇنداق ئەل كۈلۈپ ئوينار ئىكەن.

قايىندى تا ئەلمىساقتىن قاش سۈيى قايماي ئېقىپ،
ئاققۇچە ھېسام بىلەن مەڭگۈ يەنە قايتار ئىكەن...

شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن مۇنبەرگە چىقىپ يىغىن ئەھ-لى ۋە كۆللى ئاۋامنىڭ ھېسام قۇربانغا بولغان زوقى، باھاسىنى مۇنداق شېئىرى سەترلەر بىلەن ئىپادىلىدى:

تۇنۇگۈنكى يۇمۇرلۇق يىگىت،
كىرىپ قاپسەن بۈگۈن يەتمىشكە.
جاۋاب بېرىپ كەلگىنىڭ تۆھپە،
چاقچاق بىلەن جىمى كەچمىشكە.

ئاسان ئەمەس سەندەك ياشىماق،
پەرۋا قىلماي بارچە كەچمىشكە.
تەزكىرىسى سۆزدە چېچەننىڭ،
سۆزلەنمىسۇن بۈگۈن نېمىشكە؟!

شادلىقى يوق يۈز يىل ئۆمۈرنىڭ،
بىر كۈلكىدەك ھۇزۇرى يوقتۇر.
بىر كۈلكىدەك ھۇزۇرى يوقنىڭ،
بىزگە قىلچە زۆرۈرى يوقتۇر.

سەن شۇلارنى بىلگەندەك گويا،
ياشاپ كەلدىڭ كۈلۈپ - قاقاقلاپ.
گەپ - سۆزۈڭگە تەشنالار ھەر كۈن،
تۇرۇپ كەلدى دوقمۇشتا ساقلاپ.

سەن بار يەردە قوغلاندى قايغۇ،
كۈلكە بىلەن ئۇنتۇلدى ئالەم.
كۈلكە ھەقلىق، چۈنكى دۇنياغا -
كۈلۈش ئۈچۈن كەلگەندۇر ئادەم.
.......................................
سىنىڭ روھىڭ — ئىلىنىڭ روھى،
خەلقىمىزنىڭ بىر بايلىقى سەن.
ئۆز - ئۆزۈڭنى يۇرمە كەمسىتىپ،
چىرايلىقنىڭ چىرايلىقى سەن.

بۇ قەلب سۆزلىرىدىن ھېسام ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، قەدىر - قىممىتىنى بۈگۈن قايتا بىر تولۇق ھېس قىلدى، چۈشەندى، كۆڭلى دولقۇنلىدى.

تەتقىقاتچىلار، كەسىپ ئەھلىلىرى ۋە ھېسامنىڭ ئىزىدىن ماڭغۇچىلار ھېسام ۋە ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ھەققىدىكى تەتقىقات، ئىزدىنىش ماقالىلىرىنى، مۇلاھىزە، تەسىراتلىرىنى ئوقۇپ بۇ-گۈنكى يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

نۆۋەت سەلىم جامالغا كەلگەندە يىغىن ئەھلىنىڭ كۆزى، دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭ «ھېسام چاقچاقلىرى» تەرەققىياتىدىكى مۇھىم تۆھپىسى، ئەجرىنى بىلەتـ

تى، كۆڭۈل ئاشيانىدا ساقلايتتى.

سەلىمجان يىغىن مۇنبىرىگە چىقىپ، كۆپچىلىككە، تۆردە ئولتۇرغان ھېسام قۇربانغا قارىدى ـ دە، ۋۇجۇدى ئاجايىپ لەرزىلىك بىر ھېسسىيات كۈچىدە چايقالدى. كاللىسىدا «بۇ كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى!» دېگەن سادا ياڭرىدى.

ئۇ دولقۇنلۇق كەيپىيات ئىلكىدە «ھېسام چاقچاقلىرى ۋە مەن» سەرلەۋھىلىك سۆزىنى ئوقۇدى:

△ ئويلاپ باقسام ھېسام چاقچاقلىرىغا ئەجىر قىلىشۋاتقىنىمغا ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپ قاپتۇ. ھازىرغىچە 800 دىن ئارتۇق ھېسام چاقچىقىنى توپلاپ، رەتلەپتىمەن. 1982 ـ يىلىدىن 1995 ـ يىلىغىچە «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق بەش كىتابىم ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىندى. 1998 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئالدىنقى تۆت كىتابقا مەن يېڭىدىن تەييارلىغان ئالتىنچى كىتابنى قوشۇپ، ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتىمدىن تامچە بولمىش، «ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق يىرىك ئىلمىي ماقالامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھېسام چاقچاقلىرى» ناملىق بىر قەدەر مۇكەممەل توپلامنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. مۇشۇ كىتابلار ئاساسىدا تەرجىمە قىلىنغان تۆت خەنزۇچە كىتابمۇ شۇ يىللاردا يورۇق كۆردى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق ۋە باشقا مىللەت تىللىرىدىكى گېزىت ـ ژۇرنال، مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىنغان، رادىئو، تېلېۋىزورلاردا ئاڭلىتىلغان، كۆرسىتىلگەن، ئۈنئالغۇ لېنتىسى، VCD پلاستىنكىسى قىلىپ ئىشلەنگەن «ھېسام چاقچاقلىرى» بولسا ساناقسىز. بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق ئىچكىرى ئۆلكە، شەھەرلەردە، چەت ئەللەردە «ھېسام چاقچاقلىرى» ھەرخىل تىل، يېزىقلاردا نەشر قىلىپ، تونۇشتۇرۇلدى. بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا مەخسۇس ھېسامشۇناس تەتقىقاتچىلارمۇ بارلىققا كەلدى. «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى» گە ھېسام چاقچاقلىرى مەخسۇس تەركىب سۈپىتىدە كىرگۈزۈلدى. مەملىكىتىمىز ۋە خەلقئارادا ھېسام قۇربان «زامانىمىزنىڭ ھايات نەسرىدىن

ئەپەندىسى» دېگەن كاتتا تاجنى كىيدى. مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە باشلامچى بولۇپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلايمەن.

△ «ھېسام چاقچاقلىرى» قازسا تۈگىمەيدىغان بىر ئالتۇن كان. ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرىنىڭ يىلتىزى بىزنىڭ ئۇلۇغ خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدا. سۆيۈملۈك ھېسام ئاكىمىز رىۋايەت ۋە يېرىم رىۋايەت تۈسىنى ئالغان شەخس ئەمەس. بەلكى ھەقىقىي، رېئال شەخس. مانا بۈگۈن ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەلىكىلىك مېھنىتى، تۆھپىسى بىلەن ئۇلۇغلىنىپ، ھەممىمىزنى ئۆزىگە قارىتىپ ئولتۇرۇپتۇ ۋە بىز بۈگۈن ئۇنىڭ قىزىقارلىق ھاياتىغا، مەنىلىك ئەمگىكىگە مۇناسىپ كاتتا باھا بەرمەكتىمىز. ھېسام چاقچاقلىرى ئۆز كۈچ - قۇدرىتى، خىسلىتى بىلەن خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ يۈكسىلىشىگە جانلىق تۆھپە قوشماقتا. ھېسام ئاكىمىزنىڭ ئالتۇن بويى ئامان بولغاي، چاقچاقلىرى بىزنىڭ قەدىردان ئىلى دەريايىمىزنىڭ شاۋقۇنلۇق سۈيىدەك مەڭگۈ ئۈزۈلمىگەي. ئۇنىڭ شانى، داڭقى ئانا تېغىمىز خانتەڭرىگە ئوخشاش ھەمىشە بۈيۈك بولغاي.

△ كەمىنە مۇشۇ ئاددىي ۋە قىسقا ماقالەمنى يازاي دەپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە، بىر مۇھاكىمە سورۇنىدا، قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق قىزىقچىسى، سەنئەتكار مۇتەللىپ ئاكا ماڭا «ئاباينى دۇنياغا تونۇتقان مۇختار ئەۋىزوۋ بولسا، ھېسامنى تونۇتقان سىز بولدىڭىز» دەپ كۆڭۈل ئىزھارىنى بىلدۈردى. بۇ سۆز خەلقىنىڭ ئاۋازى سۈپىتىدە قەلب گۈلزارىمغا قونۇپ، مېنىڭ بۇ يولدا ئىشلىگەن ئوتتۇز نەچچە يىللىق ئەمگىكىمنىڭ مۇكاپاتى بولدى.①

سەلىم جامالنىڭ تەسىرلىك نۇتقىنى گۈلدۈراس ئالقىشلار

① «ئىلى گېزىتى» 2000 - يىلى 25 - ئاۋغۇست سانىغا قارالسۇن

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇپ تۇردى. ئۇ سۆزلەۋاتقان پەيتتە، تۆۋەندە ئولتۇرغانلار ئارىسىدىكى بىر ئاقۋاش شائىر، پىشقەدەم مۇھەررىر، «ھېسام چاقچاقلىرى» نىڭ تۇنجى بېسىلمىسىنى تەھرىرلىگەن مۆمىن سەيرى ھاياجانلانغان ھالدا يېنىدىكىلەرگە «راست ئەمەسمۇ، ھېسام چاقچاقلىرىنى بىزنىڭ (ئىلى گېزىتى) گە دەسلەپ ئەكەلگىنىدە سەلىم تېخى كىچىككىنە بالا ئىدى. ھازىر قىران ئەر يەتتى، ھېسام توغرۇلۇق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. بۇ ئۇلۇغ خىزمەت، خالىس پىداكارلىق بولماي نېمە؟» دېدى.

سەلىم جامالنىڭ ھېسام ۋە ھېسام چاقچاقلىرى ئۈستىدىكى ئۇزۇن يىللىق جاپالىق، ئىجادىي ئەمگىكىگە شۇ كۈنى سۆزگە چىققان رەھبەرلەر، ئىلمىي ماقالا ئوقۇغۇچىلار، ئىختىيارىي سۆزگە چىققۇچىلار، بولۇپمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى راھىلە داۋۇت يۇقىرى باھا بەردى[1]. تېمىدىن چەتلىمەسلىك ئۈچۈن بىز بۇ ھەقتە ئۇزۇن توختالمايمىز.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن گۈزەل غۇلجا شەھىرىنىڭ مەشرەپباي كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا جايلاشقان «ئالمىزار» رېستورانىدا «چاقچاق بەزمىسى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىلى دىياردىن يېتىشىپ چىققان ھېسام قۇربان ۋەكىللىكىدىكى بىر توپ چاقچاقچىلار پاساھەتلىك ھەزىل ـ چاقچاقلىرى، ھازىر جاۋاب، «بىر سەن، بىر مەن» سۆز ئېلىشىشلىرى بىلەن كىشىلەر قەلبىنى كۆچلۈك ھاياجانغا سالدى. شائىرلار بەس ـ بەس بىلەن شېئىر ئوقۇپ، ئەدىبلەر سۆزگە چىقىپ، ئارتىسلار ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، ھېسام چاقچاقلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ھېسامنىڭ 70 ياشلىق تويىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى. ئىلى دىيارى بەئەينى چاقچاق ئۆۋسى، سەنئەت

---

[1] راھىلە داۋۇت ـ «ھېسام چاقچاقلىرىنى توپلاش، رەتلەشتىكى بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا». («ئىلى دەرياسى» 2000 ـ يىل 5 ـ سان.)

بولىقىغىلا ئوخشاپ قالدى.

يىللار ئۆتەر، كۆپ نەرسىلەر ئۇنتۇلار، لېكىن ھېسام ۋە ئۇنىڭ ئەلپەرۋەر چاقچاقلىرىغا بېغىشلانغان شۇ قۇتلۇق مۇراسىم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يادىدا، ئەۋلادلار قەلبىدە ئۇنتۇلماي ياشاپ قېلىۋېرىدۇ.

مۇئەللىپ قىسسىگە شۇنىڭ ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىۋاتىدۇ.

ھەممىمىزگە ياخشىلىق ئاتا بولغاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاخىرقى سۆز

سەلىم جامال ئۆمرىدە نۇرغۇن چۈشلەرنى كۆردى.

چۈش دېگەن ھامان چۈش، ھەرگىز رېئاللىق ئەمەس، بىراق ھايات شۇنداق ئاجايىپ تاسادىپىيلىقلارغا بايكى، چۈش بەزىدە ئىنسانغا ئۆتكەن كەچمىشلەرنى قايتا نامايان قىلىدۇ، بەزىدە ئالدىن بېشارەتمۇ بېرىدۇ.

سەلىم جامال پات ـ پاتلا ئۆزىدە بىر چۈشنى تەكرار كۆرگەندەك ياكى گوياكى بېشىدىن ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى ئەينى بويىچە چۈشىدە كۆرگەندەك تۇيغۇنى ھېس قىلاتتى. ھەر قېتىم ئۇ مۇشۇنداق چۈشىدىن ئويغىنىپ، گادىرماش خىياللارغا چۆمگىنىدە «مەنلا شۇنداقمۇ ياكى باشقىلاردىمۇ مۇشۇنداق سەزگۈ بولامدىغاندۇر؟» دەپ ئېغەك تۇتۇپ ئويلاپ كېتەتتى. ئۇ ياۋروپادا مەخسۇسلا چۈشنى يازىدىغان بىر يازغۇچىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى بىر كونا گېزىتتىن ئوقۇغانىدى. لېكىن، ئۇ ھەرگىز ئۆزىنىڭ چۈشلىرىنى يېزىپ بېقىشنى ئويلىمىدى.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا سەلىمجان بىر چۈش كۆردى. بۇ چۈشنىڭ ئاجايىپلىقى شۇ يەردىكى، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى، سوپۇلاقنىڭ تۈگمىنىدە سوغ كېچىپ ئىشلەپ يۈرگىنىدە، لېئونىد سولوۋيوۋنىڭ دانىشمەن نەسرىدىن ئەپەندى ھەققىدىكى رومانىغا بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتكىنىدە ئۇ دەل مۇشۇ چۈشنى كۆرگەنىدى. راست، ئۇيقۇغا كېتىش ئالدىدا ئۇ دېرىزە تەكچىسىدە ئېچىلغىنى ئاشۇ قېلىن كىتابقا تىرىلگىنىچە تالاغا، قاپقاراڭغۇ ئاسماندىكى ساناقسىز يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇزاق ئولتۇرغان.

ئوتتۇز نەچچە يىلدىن كېيىن سەلىم جامال بۇ چۈشنى قايتا كۆردى. بۇ قېتىم ئۇ بالىلىقتىكى ھېلىقى زەي، خىرە يورۇق

ئۆيدە ئەمەس، قەۋەتلىك بىنا ئۆيدە، ئالدىدا نەسرىدىن ئەپەندى
ھەققىدىكى ھېلىقى يېشىل مۇقاۋىلىق كىتابمۇ يوق ئىدى. ئۇ
ئادىتى بويىچە يېزىق ئۆيىدە، ئۈستەل چىرىغى ئالدىدا يېرىم
كېچىگىچە يازدى. چارچىغانلىقىنى تەكرار ھېس قىلغاندىن كې-
يىن ئۇخلاشقا تەرەددۇت قىلدى. ئۇ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ
قالغىنىنى ئۇقمىدى، كۆرگەن چۈشلىرىنى زىر - زەۋىرىگىچە
بىلىپ، سېزىپ ياتتى. چۈشلەر تىنىمسىز، قالايمىقان ئىدى،
بىر چاغدا چۈش نۆۋىتى ھېلىقى تەكرار چۈشكە كەلگەنىدى،
قانداق بولدى، سەلىم جامال ئىككى قولىنى قاناتتەك كېرىپ،
ئاسمانغا ئۇچۇپلا چىقىپ كەتتى. ھەش - پەش دېگۈچە ئۇ قۇمدەك
يۇلتۇزلار ئوتتۇرىسىدا ئاقىرىپ، مانا مەن دەپلا پەرقلىنىپ تۇر-
غان سامانيولىغا كىرىپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ «قاناتلىرى»
يوقاپ، مىڭ بىر كېچە رىۋايەتلىرىدىكىدەك ئۇچار گىلەمگە ئول-
تۇرۇپ قالدى. گىلەم سامانيولىدا ھىلپىرلەپ، دولقۇن چىقى-
رىپ تازىمۇ ئىتتىك ئۇچاتتى. ئۇيان - بۇ يېنىغا قاراپ ھەم
تەئەججۈپ، ھەم ئەنسىزلىكتە ئولتۇرغان سەلىمجان بىردىنلا بۇ
يەرنى ئىلى دەرياسى بويىدىكى، شاخلىرى يۇلتۇزدەك سانجاق
- سانجاق ئالمىلارغا پۈركەنگەن، ئالمىزار باغلىرى زىچ تاشكۆۋ-
رۈك مەھەللىسىكەن دەپ قىياس قىلدى. ئۇچار گىلەم بىر ھىل-
پىرلەپلا تاشكۆۋرۈكتىكى بىر ئازادە، يورۇق كوچىغا، ھېلىقى
«چاقچاقچىلار كوچىسى»غا كىرىپ قالدى...

ئەسلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز ئەمدى سەلىمجاننىڭ چاقچاقچىلار
كوچىسىدا نېمىلەرنى، كىملەرنى كۆرگەنلىكىنى قىياس قىلىپ
بولدى. نەسرىدىن ئەپەندى، سەلەي چاقىقان، موللا زەيدىنلارنىڭ
بىرى ئىشىكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، بىرى راۋابىنى چېلىشتىن
توختاپ، يەنە بىرى قوڭغۇراقلىق مەپىسىنى توختىتىپ، كەينى-
لىرىگە قايرىلىشىپ كىمنى ئۆزلىرىگە يېتىشىۋېلىشقا، تېزرەك
مېڭىشقا ئۈندەپ تۇۋلىشىۋاتقانلىقلىرىنىمۇ سېزىۋېلىشتى. دەل
چېچەن كىتابخانلىرىمىز شۇ خىيال، سەزگۈدە تۇرۇشقان چېغىدا
سەلىمجانمۇ سامادا بىر نەرسىگە ھەيران بولۇپ زەن سالدى.

ئۇنىڭ ئاستىدىكى چۇچىلىرى شامالدا ھىلپىرلەپ تۇرغان ئۇچار گىلەم بىردىنلا يوغان، خۇددى شۇ گىلەمچىلىك بىر كىتابقا، مۇقاۋىسىغا «ھېسام چاقچاقلىرى» دەپ نېئون چىراقلىق نەقىش بىلەن خەت يېزىلغان توم كىتابقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

ھايال ئۆتمەي سەلىم جامال بۇنىڭدىنمۇ كارامەت، غەلىتى بىر چۈشنى كۆردى. ئۇ بىر مۆجىزە بىلەن بىردىنلا ئۆزىنى ئۆزى كۆردى. يەنى «ھېسام چاقچاقلىرى» كىتابىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان كىشىنى (ئۆزىنى!) ئۆزىنىڭ كۆزى، سەزگۈسى بىلەن ئېنىق كۆردى. ئۇ چەكسىز ھەيرانلىقتا ئۆزىگە - ئۆزى ئۇزاققىچە سەپسېلىپ تۇرۇۋېدى، كىتاب ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇچۇۋاتقان ئادەم بىردىنلا ئۆزىدىن ھېسام قۇربانغا ئۆزگىرىپ قالدى. ستېرېئولۇق بىر كۆرۈنۈش شۇ تەقلىدتە تەكرار بىر نەچچە قېتىم ئۆزگىرىپ، ئالمىشىپ تۇردى.

سەلىم جامال ئۆندەرىگەندەك ئويغىنىپ كەتتى. تۈن كېچىدە ئۇ يەنە يېزىق ئۈستىگە يېنىپ چىقتى. بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئايلانما ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە ھېلىلا كۆرگەن چۈشى ھەققىدە خىيالغا چۆكتى...

بۇ ئۇزۇن قىسسىمىز ئاياغلىشىش ئالدىدا مۇئەللىپ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە يەنە بىر نەچچە گەپلەرنى ئېيتىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆرىدۇ.

مۇئەللىپ بىر ۋەدە بىلەن ھېسام قۇربان ھەققىدىكى بۇ سەرگۈزەشتىنامىگە قەلەم ئالغىنىدا كۆڭلى تەشۋىشلەردىن خالا بولالمىغانىدى. چۈنكى، تۇرمۇشتا سۆزنى قىلماق ئاسان، ئىشنى قىلماق، دېگەننى ئەمەلگە ئاشۇرماق تەس. لېكىن، ئۇ قولىغا ئالغان قەلىمىنى ئىشقا كىرىشتۈرگىنىدە، ئۆزىمۇ سەزمەستىن قايناق ھېسسىياتلار، بايانلار، ئەسلىمىلەر، دېتاللار قاينىمىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇ كىتابنى يېزىۋاتقىنىدا ئۆزىنىڭ ھېسام ھەققىدە شۇنچىۋالا كۆپ نەرسە بىلىدىغانلىقىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. شەكسىزكى، بۇ ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيىتىنىڭ ئىنئامى ئىدى.

ھېسام قۇربان ھەققىدە كۆپ سۆزلەر ئېيتىلدى. نۇرغۇن ئىشلار، ۋەقەلەر، سەرگۈزەشتىلەر بايان قىلىندى. ئوقۇرمەنلەر مۇئەللىپ بىلەن بىرگە ئەللىك توققۇز ۋادىنى كېزىپ، ئەللىك توققۇز سورۇندا يەكتىمىز ئولتۇرۇپ، ھېسام قۇرباننىڭ رەڭگارەڭ چاقچاقلىرىدىن، تىل سەنئىتى، سۆز پاساھىتىدىن ھۇزۇرلاندى، كۈلدى. بۇ يالغان دۇنيانىڭ غەم، مۇشەققەتلىرىنى بىر پەسكە بولسىمۇ ئۇنتۇدى، مۇئەللىپنىڭ بۆلەك ئارمىنى يوق.

بۇ يەردە ئەمدى ئوقۇرمەنلەرگە ئېيتىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش بار. يەنى ئۇ بولسىمۇ مۇئەللىپ بىلەن سەلىم جامالنىڭ مۇناسىۋىتى.

ھېسام رېئال ۋە ھېلىمۇ ھايات شەخس بولغانلىقتىن، مۇشۇ قىسسىنى تاقەت قىلىپ ئوقۇغان ۋە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئوقۇيالمىغان كىشىلەرگە مەلۇمكى، ھېسام چاقچاقلىرى ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن بىر ئۆمۈر شۇغۇللانغۇچىنىڭ ئىسمى قىسسىدىكى تولا چۇش كۆرىدىغان سەلىم جامال ئەمەس، بەلكى مەزكۇر قىسسىنىڭ ئاپتورى ئورنىدا ئىسمى يېزىلغان كىشىدۇر. نۇرغۇن پەملىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بۇ نۇقتىنى خېلىدىن بېرى سېزىپ، ئويلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مۇئەللىپكە ئايان. بۇ يەردە كۆپچىلىككە ئېيتماقچى بولغان گېپىمىز شۇكى، قىسسە ئاپتورى ماخمۇت مۇھەممەت بىلەن قىسسە قەھرىمانلىرىدىن بىرى بولمىش سەلىم جامال ئىككىسى بىر ئادەم، ئىككىسى بىرلا گەپ!

خوش، ئۇنداقتا مۇئەللىپ نېمە ئۈچۈن بۇ ئۇزۇن قىسسە داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئىشلەتمەي، سەلىم جامال دېگەن بۇ ئويدۇرما ئىسمىنى ئىشلەتتى؟

بىرىنچىدىن، مۇئەللىپ ئەللىك توققۇز باب داۋامىدا كىتابقا ئۆز ئىسمىنىڭ قەدەمدە بىر يېزىلىۋېرىشىدىن ھەزەر ئەيلىدى.

ئىككىنچىدىن، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ كالتە پەمىگە كۆرە ئۈچىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىشنى بىرىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىشتىن ئەپلىكرەك، پاساھەتلىكرەك ۋە ياخشىراق بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

يەنە بىر سەۋەب بار، مۇئەللىپ بۇنى كۆپچىلىكتىن مەڭگۈ سىر ساقلاشنى خالايدۇ، كەچۈرگەيسىلەر.

كەمىنە بىر ئۇچۇق - يورۇق، ھېسسىياتچان يازغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمگە ئاخىرقى پەيتلەرگىچە قەلبىمدىكى چىن سۆزلىرىمنى ئېيتىپ كەلدىم. خوشلىشىش پەيتىدە كۆڭۈلدىكى سۆزلەر ھامىنى تۈگىمىگەندەك، تۈگىمەيدىغاندەك بىلىنىدۇ. ھېسام قۇربان ھەققىدىكى بۇ خالىس، ساۋابلىق قىسسەمنى ئاخىرلاشتۇرۇش پەيتلىرىدە مەنمۇ شۇنداق بىر ھالنى باشتىن كەچۈرمەكتىمەن. دەل شۇ مىنۇتتا يادىمغا قايسىدۇر بىر شەرق مۇتەپەككۇرىنىڭ پاساھەتلىك بىر جۈملە سۆزى، شېئىرىي ئىبارىسى كەلدى:

كۆزۈم كۆرگەننى دېدىم، قەلبىم بۇيرۇغاننى يازدىم.

ھېسام قۇربانغا كەلسەك، ئۇ ھازىرمۇ گۈزەل غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات تاشلەپكە بازىرىغا جايلاشقان بىنادىكى ئۆيىدە تىنچ - ئامان، خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ. بارلىق چىن ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۇمۇ بەزىدە زېمىنىخان بىلەن ئانچە - مۇنچە غىزىلدىشىپ قويىدۇ. يىراق شەھەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ئوغلى ماخمۇتتىن تېلېفون كېلىپ قالارمىكىن دەپ تېلېفونغا پات - پات تەلمۈرۈپ قاراپ قويىدۇ. بىراق ھېلىدىن - ھېلىغا جىرىڭلىغان تېلېفونلارنىڭ كۆپچىلىكى ھېلىمۇ ئۇنى سورۇنلارغا تەكلىپ قىلىغان، ئۇنىڭ چاقچاقلىرىدىن ئېستېتىك زوق ئېلىشنى يەنىلا جان - دىلى بىلەن خالاپ تۇرغان كىشىلەردىن، ياشلاردىن، مۇيىسسىپىتلاردىن، تىجارەتچىلەردىن، يېڭى بايلاردىن، ئاددىي ئادەملەردىن... كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ. ھېسام ئۈچۈن ھەر ئەتىگەنلىكى يەنە يېڭى كۈن، يېڭى تۇرمۇش، يېڭى مەشغۇلات باشلىنىدۇ. ھەر ئەتىگەنلىكى، ئۇ ئالدىرىماي، ئادەتتىكىدەك ئۆيىدىن چىقىدۇ. بىنا ئالدىدىكى تاش پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ، يانچۇقىنى ئۇزاق قېقىشتۇرۇپ موخوركا ئالىدۇ، موخوركىسىنى چېچىپ تۇرۇپ بىر ھازاغىچە، يۆگەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىگە سەھەر ئۆيىدىن چىققان تىجارەتچىلەر، دۇكىنىنى ئەمدىلا ئېچىپ، ئىشىك ئالدىغا



www.uyghurkitap.com

سۇ سېپىپ، ئاۋايلاپ سۇپۇرۇۋاتقان دۇكاندارلار، باغلىرى قىرچىلىپ كەتكەن ئاددىي سومكىلارنى كۆتۈرۈۋالغان دوللارچىلار، ئۆتكۈنچىلەر... ئولىشىدۇ. كىمدۇر ئۇنىڭ ئەمدىلا يۆگەپ بولغان موخوركىسىغا چاقماق يېقىپ بېرىدۇ، كىمدۇر ئەتىگەندە يۇرەككە داۋا دەپ ئۇنىڭغا بىر تال يوغان، قىزىرىپ پىشقان شاپتۇل ئۇزىتىدۇ. ھېسام شاپتۇلنى ئېلىپ، ھاياتىدا ئىنتايىن كۆپ نەرسىلەرنى سېلىشۋەتكەن يانچۇقىغا سېلىپ، زېمىنىخانىغا ساقلاپ قويىدۇ. ياش بالىلار ھېسامغا چاقچاق قىلىپ، ئوچۇق تومۇردىلا ئۇنىڭ يېڭى گەپلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ئاڭلىماقچى بولىدۇ. شۇ ئەسنادا يولدىن ھەرقانچە ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرمۇ قەدىمىنى بىر مىنۇتقا ئاستىلىتىپ، غەنىيمەت ھېسام بىلەن بىر سالاملىشىپ ئۆتمەسلىكنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەيدۇ. كۆپىنچە كۈنلەردە ھېسامغا ئىشىكى ئالدىدىلا بۈگۈنلۈك بىرەر سورۇن، چۈشلۈك يا كەچلىك زىياپەت چىقىدۇ.

ئۆز ئۆيى ئالدىدا شۇ تەرىقىدە بىرەر - يېرىم سائەتنى ئۆتكۈزگەن ھېسام ئالدىرىماي قەدەم ئېلىپ، ھەر كۈنى بارىدىغان يېرىگە، ھەر قېتىم بارسا يېپيېڭىچە تۇيۇلىدىغان «خەنزۇ بازىرى»غا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ گەۋدىسى ئەمدىلىكتە سەل مۈكچەيگەن، قەدەمىنىمۇ خېلى تەستە ئالىدۇ، بىراق چىرايىدا يىتمەس بىر قىزىللىق، كۆزلىرىدە بىر چاقناقلىق ھېلىمۇ بار. تاشلەپكە بىلەن «خەنزۇ بازىرى»نىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن يول ئەمەس، ئىلدام قەدەمگە بەش مىنۇتلۇقلا يول. لېكىن، ھېسام ئۇ يەرگە مەڭگۈ بىر سائەتسىز يېتىپ بارالمايدۇ. سەۋەبى، يولدا تولا توختاپ، تولا سالاملىشىپ، بىرلىرىگە چاقچاق قىلىپ، بىرلىرىگە ۋەدە بېرىپ، يەنە بىرلىرىدىن يېقىندا پېنسىيە پۇلى ئۆسىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ، شۇ ئارىلىقتا ئۇ، بۇ تۇتقان تاماكىدىن ئۈچ - تۆتنى چېكىۋېتىپ، ئاران مەنزىلىگە يېتىدۇ. بازارغا يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ خېرىدارى بىردىنلا كۆپىيىپ كېتىدۇ. تاۋۇز تىلىپ ساتقۇچى، دوغاپچى، كاۋاپچى، باققال، موخوركىچى... ھەممىسى ئۇنى يانلىرىغا چاقى-

ردۇ. چۈنكى ئۇلار بىلىدۇ، كىمنىڭ دۇكىنى، تەنرىسى يېنىدا ھېسام ئولتۇرسا، شۇنىڭ يېنىغا ئادەم جىق ئولىشىدۇ، سودىسى قىزىيدۇ.

ھەر كۈنى چۈش ۋە تولىراق كەچ پەيتلىرىدە ھېسامنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفون ئۈزۈلمەي جىرىڭلايدۇ. زېمىننىخان بىرلا خىل جاۋابنى بېرىۋېرىدۇ!

پىكاپلار ھېسامنىڭ ئۆيى ئالدىدىن خەنزۇ بازىرىغا تېز چاپىدۇ. كىشىلەر ئۇنى قەدىم قايناق بازارنىڭ قەيىرىدىندۇر، مىڭ ھەشەمەدە تاپىدۇ. ھېسامنى بىرەر رېستورانغا، ئالمىلىق باغقا، دەريا بويىغا، سەھراغا… ئېلىپ كېتىدۇ!

دوستۇم، مۇبادا سىزمۇ ھېسام بىلەن كۆرۈشمەكچى، ئۇنىڭ بىلەن بىر پارچە يالداما سۈرەتكە چۈشمەكچى، بىرەر سورۇن تۈزۈپ، ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئوتى سۇسلىمىغان چاقچاقلىرىنى ئاڭلىماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى، ئەتىگەندە تاشلەپكە بازىرىغا بېرىڭ. ئۇ يەردە ئۈچ قەرنە ئۆمرىنى چاقچاق سەپىرىدە ئۆتكۈزگەن، يۈزىدىكى يول - يول قورۇقلارغا ھاياتنىڭ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئىرماش - چىرماش يېزىقلىرى پۈتۈلگەن ھېسام قۇربانىنى تاپالايسىز.

سىز ئۇنىڭغا:

— ماخمۇت مۇھەممەتتىن سالام، — دېيىشنى ئۇنتۇماڭ!

2003 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ئۈرۈمچى - شامالباغ

[General Information]
书名=伊萨木传奇故事　维吾尔文
SS号=40210103